گۈلباھار سىدىق ئابباس



# زامانە ئاخىرىنىڭ ئاياللىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ



ISBN 7-228-09285-6
9 787228 092857 >

ISBN 7-228-09285-6
（民文）定价：19.00元

گۈلباھار سىدىق ئاباس

# زامانە ئاخىرىنىڭ ئاياللىرى

(ئەدەبىي توپلام)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

最后时刻的妇女/古丽巴哈·斯迪克著．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2005
ISBN 7—228—09285—6

Ⅰ．最… Ⅱ．古… Ⅲ．①短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) ②中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ．I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 005936 号

责任编辑：买买提吐尔地·米尔孜艾合买提
责任校对：热娜古丽·阿布力米提
封面设计：艾克拜尔·萨里
插　　图：帕尔哈提·卡迪尔

最后时刻的妇女(维吾尔文)
古丽巴哈·斯迪克·阿巴斯　著

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码:830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米　32 开本　12.625 印张　6 插页
2005 年 1 月第 1 版　2005 年 1 月第 1 次印刷
印数:1 — 3060

ISBN 7—228—09285—6　定价：19.00 元

مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۇل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ
قىستۇرما رەسىملەرنى سىزغۇچى: پەرھات قادىر

# زامان ئاخىرىنىڭ ئاياللىرى

ئاپتورى: گۈلباھار سىدىق ئابباس

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خۇڭتۇ باسما چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32 ؛
باسما تاۋىقى: 12.875 ؛ قىستۇرما بېت: 6
2005 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 3060 — 1
ISBN7—228—09285—6
باھاسى: 19.00 يۈەن





گۈلباھار سىدىق ئابباس

# مۇھەررىردىن

گۇلباھار سىدىق 1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى مايتاغدا تۇغۇلغان. 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ «مايتاغ نېفىت ـ خىمىيە كېزىتى» ئىدارىسىگە تەقسىم قىلىنغان.

ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 13 يىلدىن بېرى مۇخبىرلىق ھەم ئەدەبىي تەھرىرلىك قىلغاندىن سىرت جەمئىيەتتە ئۆزى دۇچ كەلگەن نامۇۋاپىق ئىش ـ ھەرىكەت، چەكتىن ئاشقان ناچار ئادەتلەرنى قامچىلايدىغان ماقالىلەرنى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىپ بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان.

ئۇ 1990 ـ يىلى «ماي بۇلاق» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان «يۈرەك ساداسى» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ «يۈرەكتە قالغان ئارمان»، «پىغانلىق ناخشا»، «ئايەمدىكى سېغىنىش» قاتارلىق پوۋېست، ھېكايىلىرى «تارىم»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان.

ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە بۈگۈنكى دەۋر ئاياللىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنى، نىكاھ، مۇھەببەت جەھەتتە دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن بۇ ئاپتورنىڭ تۇنجى توپلىمى بولۇپ، بۇ كىتابقا گۇلباھار سىدىقنىڭ بىر قىسىم پوۋېستلىرى، ھېكايىلىرى، نەسرلىرى ۋە ئەدەبىي خاتىرىلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلار

ئايەمدىكى سېغىنىش ........................................ 1
كۆيۈۋاتقان شام ........................................ 123
خاتىرە بېتىگە سىڭگەن تامچىلار ........................ 157
چۈش لەززىتى ........................................ 176
مەكتەپتىكى مۇھەببەت ................................ 263
ھەسرەتلىك پىچىرلاشلار ............................ 353
خام تاۋاق ........................................ 373

## پوۋېستلار

«زامان ئاخىرىنىڭ ئاياللىرى ............................ 14
يۈرەكتە قالغان ئارمانلار ................................ 184
يىغانلىق ناخشا ........................................ 287

## نەسرلەر

مايتاغدا كاككۇك سايرىدى........................... 330
ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ سۆي ................................ 361

قەلبىمدىكى ئابىدە ........................................ 382
ئانام ئېيتقان ناخشا ........................................ 386
جەننەت — ئانىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا ........................ 389


## ئەدەبىي خاتىرىلەر

بىزدىكى «يامان بولىدۇ»لار ........................................ 7
جاۋابسىز خەتلەر ........................................ 106
كىيىۋالغىنىڭىز توي كۆڭلىكىمۇ، ئىچ كۆڭلەكمۇ؟ ... 143
نەزىرلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن ...... 148
دوسكا ئالدىدا ئۆتكەن 30 يىل ........................ 172
تۇنجى ۋە ئاخىرقى دىدارلىشىش ........................ 179
ئانا تىل ئىككىنچى ۋەتەن ........................ 257
رېستوراندىكى كۈلكە ۋە ھەسرەت ........................ 278
بىز قاچان چوڭ بولىمىز ........................ 283
روھىمىز كۈلۈپ تۇرسۇن ........................ 335
كۆڭلۈمدىكى سۆزلەر ........................ 342
ئايەمدىكى ئىزگۈ خىياللار ........................ 348
ئۆزى گۈلدەك قىزلارنىڭ سۆزى ........................ 364
ئۇ نېمىسىنى يوقىتىپ قويدى ........................ 394

# ئايەمدىكى سېغىنىش

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ۋە خىزمەت ئالدىراشلىقى بىلەن خېلىدىن بېرى كۆرۈشەلمەي يۈرگەن دوستلىرىم بۈگۈن ھېيت پەتىسى قىلىپ ئۆيۈمگە يىغىلدى، ئايەم شادلىقىغا شادلىق قوشۇلۇپ دىلىم سۆيۈندى. قولۇمدىن كېلىشىچە داستىخان راسلىدىم.

دوستۇم رازىيە مەن بۇرۇن ئىسمى زاتىنىمۇ ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان، غەلىتىرەك ياسىنىۋالغان ئوتتۇز ياشلاردىكى بىر چوكاننى باشلىغاچ كەپتۇ. ئۇ چوكان بىلەنمۇ مەڭزىمىزنى يېقىشىپ سالاملاشتۇق، چاي تارتىلغاندىن كېيىن مېھمانلار ھېيتلىق تاتلىق - تۈرۈملەرگە ئېغىز تېگىشتى. بىر چاغدا قارىسام ھېلىقى چوكاننىڭ ھالى باشقىچە. دەمدەك چەكتۈرۈۋالغان قاشلىرىنى سۈزۈپ، قان رەڭگىدە بويىۋالغان لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ داستىخانغا قىيپاش بولۇۋاپتۇ.

ئوڭايسىزلانغان رازىيە ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى:

— ئالە ئاداش، ھېيتلىق مەزەلەردىن ئالغاچ ئولتۇر.

— تولا زورلىمىغىنا! - دېدى ئۇ چوكان قاپاقلىرىنى تېخىمۇ سۈزۈپ، — بىز قاچانغىچە مۇشۇ ساڭزا دېگەن بىر نېمىنى ئاخۇنۇمنىڭ سەللىسىدەك ئۈستى - ئۈستىگە يۆگەپ ئوتتۇرىغا پوتەيدەك تىكلىۋېلىپ خۇددى ئات قوناق يېگەندەك كۆرسىتىپ يەپ يۈرەرمىز؟ چەت ئەللىكلەر بۇنداق كۈنلەردە تورت، كالباسالارنى يالتىراپ تۇرغان ۋېلكىلارغا چىرايلىق سانجىپ ئاغزىنى بىزدەك ماچىلداتماي شۇنداق سىپايىلىك بىلەن ئىچىپ يېيىشىدىكەن، ۋىسكى، براندىلارنى گۈزەل گاللىرىدىن سۈزۈپ ئىچىشىدىكەن.

ھەجەب زېرىكتىم بۇ يەردىن. ۋەيگو دېگەن نېمانچە ياخشىدۇ. ھازىر مېنى ئېلىپ ماڭمىدىغان بىر بوۋاي بولسىمۇ داۋاي دەپلا ماڭاتتىم. ئىسىت! مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟ قۇدۇقتىكى پاقىدەك ياشاپ!

— ئاداش، ئالجىپ قالمىغانسەن، — دېدى رازىيە ئەلەمدىن قىزىرىپ، — ۋەيگو، پەيگو دېگەنلىرىڭ نېمە ئۇ؟

— پەيگو ئەمەس، ۋەيگو، ئۇ دېگەن چەت ئەل دېگەن گەپ، چەت ئەل! شۇنىمۇ بىلمىسەڭ بىچارە، - ئۇ چوكان شۇنداق دېدى - دە، قاچانلاردىمۇ ئاغزىغا سىڭىۋالغان سېغىزنى خۇددى ھارۋىكەش قامچا سوققاندەك قاسىلداتقىلى تۇردى.

ھەممىمىز بىر ھازا جىم بولۇشۇپ كەتتۇق، كەيپىمىزنى بۇزغان ھېلىقى چوكانغا يەر ئاستىدىن قارىدىم، ئۇ بىر - بىردىن يوقىرى ئاۋازدا ھەدەپ ئاغزىنى قاسىلدىتىۋاتاتتى.

— ھېيت پەتىسىگە كېلىپ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەندەك ئولتۇرامدۇق، — دېدى يەنە رازىيە چىدىماي، — ئۇزۇن بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، سېغىنىشتۇق. بىردەم ھال - مۇڭ قىلىشىپ ئونتۇرايلى. قېنى ساباھەت، ساھىبخان بولغاندىكىن گەپنى ئاۋۋال ئۆزۈڭ باشلا!

— ماقۇل، — دېدىم مەنمۇ بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ پىيالىلەرگە چاي لىقلىغاچ، — بىزغۇ ھەپتە، ئايدا بىر كۆرۈشسەكمۇ يەنىلا بىر ۋەتەندە، بىر شەھەردە ياشايمىز. لېكىن، كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان دوستىمىز چىمەنگۈل بىزدىن، ۋەتەندىن ئايرىلىپ چەت ئەلدە ياشاۋاتىدۇ. شۇ دوستىمىزدىن تۈنۈگۈن بىر پارچە خەت كەلدى. خېتىدە ھەممىمىزگە يىغلاپ تۇرۇپ سالام ئېيتىپتۇ، ئۇ خەتنى ئوقۇۋېتىپ مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلدى.

— جېنىم ئاداش، ئاۋۋال شۇ خەتنى ئوقۇپ بەر! — دېدى شەمسىيە يۈزلىرى لاۋۇلداپ يانغان ھالدا.

— ماقۇل، — دېدىم - دە، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«ئەسسالام، دوستۇم ساباھەت، ئايىمىڭگە مۇبارەك بولسۇن!

شۇ تاپتا سەن ۋەتەندە، ئانا تۇپراقتا، ئايەم شادلىقىغا چۆمۈپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ بۇرادەرلەر بىلەن جەم بولغانسەن؟

جېنىم دوستۇم، مانا مەن ئۆزۈمنىڭ كاتتا داچىسىدا ياسىداق سارىيىدا، نەپىس كەشتىلىك ئاپئاق داستىخانلار سېلىنغان ئۈستەلدىكى فرانسىيىنىڭ خرۇستاللىرىغا ھەرخىل مۇراببا، تورت، قىزا، سېرىق مايلاردىن تارتىپ ئېسىل ۋىسكىلارغىچە تىزىۋېتىلگەن نازۇ نېمەتلەر ئالدىدا ئېرىمنىڭ پۇزۇر ياسانغان دوستلىرىنىڭ ئېسىلزادە خانىملىرى بىلەن خرۇستال رومكىلارنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇشۇپ ھېيتنى تەبرىكلەۋاتقان بولسامۇ قەۋەت ـ قەۋەت ساڭزا، پوشكال، ياغلىق توقاچ، ياڭاق، بادام، ئالما، ئانار تىزىلغان يۇرتىمىزنىڭ ھېيتلىق داستىخىنى بۇرنۇمغا پۇراپ كەتتى، خۇددى ئانامنىڭ ھىدىدەك پۇراپ كەتتى. ئايەم كۈنلىرى ئېگىز پەشتاقلاردا ياڭرايدىغان ناغرا ـ سۇنايلارغا تەگكەش بولۇپ، ساماغا چۈشىدىغان ئوت يۈرەك ئۇيغۇرلىرىمنى ھىجران ئازابىدا لەختە ـ لەختە قانغا تولغان يۈرىكىمدە سېغىندىم. سېكىلەك چاچلىرىنى تال ـ تال ئۆرۈۋېلىپ ھېيتقا ئاتاپ تىكتۈرگەن يارىشىملىق ئەتلەس كۆڭلەكلىرىنى كىيىشىپ كوچىغا چىقىدىغان پەردازسىز تەبىئىي گۈزەل قىزلارنى، رەڭمۇرەڭ بويالغان تۇخۇملىرىنى چىشلىرىغا ئۇرۇشۇپ «تۇتە ھە، بۇدا سەن تۇت!»، دېيىشىپ تۇخۇم چېكىشىدىغان مەردانە سەھرا يىگىتلىرىنى سېغىندىم.

مانا، ئالدىمدا فرانسىيىنىڭ ئاتاشقا ئادەمنىڭ تىلى كەلمەيدىغان ھەرخىل نازۇ نېمەتلىرى تۇرۇپتۇ. لېكىن، تۇرپان يازىنىڭ يالقۇنتاغ قۇياشىغا قاقلىنىپ پىشىدىغان ئۈزۈم قوغۇنلىرى كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى. پۈتۈن بەدىنىمدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر پۇراپ تۇرغان شۇنچە ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ۋۇجۇدىدىن توپا ۋە تەرنىڭ ھىدى كېلىدىغان ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى سېغىنىپ، ئۆزۈن چۆلدە يالغۇز قالغاندەك غېرىبسىنىپ قېلىۋاتىمەن؛ خۇددى پادىلار

ئارىسىدا قالغان پادىچى ماللىرىنى ئوتلاقتا قويۇپ بېرىپ ئۆزى ئوڭدىسىغا يېتىپ يالغۇز خىيال سۈرگەندەك، مەنمۇ ئۆيۈمگە تىلى باشقا نۇرغۇن مېھمانلارنى چاقىرىپ قويۇپ، ئۆزۈم يالغۇز بالكونۇمغا چىقىۋېلىپ كۆزلىرىمنى يىراقلارغا ئاشۇ ۋەتەن تەرەپكە تىكىپ سىلەرنى ئەسلەۋاتىمەن.

كىچىك چاغلىرىمدا ئايەم كۆڭلىرى ئاپام كۆز يېشى قىلسا «خۇش بولماي نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ» دەپ چۈشەنمەيتتىم. ئەمدى ئويلىسام ئادەم چوڭ بولغانسېرى يۇرتىنى، ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى سېغىنىپ مۇڭداشقۇسى كېلىدىكەن. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ كۈلۈشكۈسى، يىغلاشقۇسى كېلىدىكەن، سەن بىلەمسەن؟ مەن ئېسىل ماشىنامنى ئازادە يوللاردا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ئۆيىمىز بىلەن ئېتىزلىق ئارىسىدا ئېشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ قىزىلچا توشۇغان چاغلىرىمنى سېغىنىمەن. ئېرىم باللىرىم بىلەن دېڭىز ساھىللىرىغا سۇ ئۈزگىلى بارغاندا يېزىمىزدىكى بىز دائىم سۇغا چۈمۈلىدىغان ئۆستەڭنى سېغىنىمەن. ھەتتا ئاشۇ ئۆستەڭدىكى كونا تۇگمەن، مەھەللىمىزدىكى راملىرى قىيىپ قالغان قاراڭغۇ جۇۋازخانىمۇ ھەر كۈنى ئېسىمدە.

دوستۇم ساباھەت، بىلەمسەن؟ مېنىڭ باشقىلار گۈزەل دەپ تەرىپلەيدىغان بۇ فرانسىيىدە ئەڭ سېغىنىدىغىنىم ئانا تىلىم، مۇقام مۇزىكىلىرىدەك ئاھاڭدار، ھەسەن ـ ھۈسەندەك گۈزەل ئانا تىلىم!

ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم، قاچانلارنىدۇر كېلىدىغان ئەجىلىمدىنمۇ بەكرەك ئەنسىرەيدىغىنىم باللىرىمنىڭ ئۆز تىلىنى بىلمەي چوڭ بولۇپ قېلىشى. شۇڭا ئۆيدە باللىرىمغا دائىم ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەيمەن. سىرتقى شارائىتنىڭ تۈپەيلى باللىرىم بەزى سۆزلىرىمنى چۈشەنمەي قالىدۇ، بەزىدە كۆڭلۈم ئۈچۈن ئۇ يەرنىڭ يەرلىك تىلىغا ئۆز تىلىمىزنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدۇ. ئۇ چاغدا شۇنچىلىك ئازابلىنىمەنكى، باغرىمنى يېرىپ چىققان بۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىم ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەي يالغۇز خانەمدە يۇم ـ

يۇم يىغلايمەن.

بۇ يەردە ماڭا ئۆز تىلىمنى ئاڭلاش ئىمكانىيىتى بەك ئاز بولغاچقىمۇ تىلىمىزدىكى چىرايلىق گەپ - سۆزلەرنىلا ئەمەس، يۇرتىمىزدىكى كوچىغا چىقىۋېلىپ بىر - بىرى بىلەن تىللىشىدىغان جاۋىلداق خوتۇنلارنىڭ سەت گەپلىرىنىمۇ شۇنچىلىك سېغىندىم. بىلەمسەن ساباھەت؟ يۇرتىمىزدىكى يېرىم كېچىدە ئولتۇرۇشتىن قايتىپ كوچىدا بولۇشىغا ناخشا توۋلاپ ماڭىدىغان مەست يىگىتلەرنىڭ ناخشىلىرىنى فرانسىيىنىڭ ھەرقانداق ئوپېرالىرىغا تەڭ قىلمايمەن. ئەگەر مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرنىڭ كوچىلىرىدا مېنى بىرەرسى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا تىللاپ قويسىمۇ ھەرقايسىڭلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندەك بولماسمىدىم؟

ساباھەت! مەن بۇ يەردە قارىماققا سېنىڭ قىياس قىلغىنىڭدىنمۇ ياخشى تۇرمۇشتا، راھەتتە ياشاۋاتقىنىم بىلەن قەلبىم سېغىنىشنىڭ ئىستەكلىرى بىلەن چاك - چاك بولغان بىر بىچارە ۋەتەنسىز روھى گادايمەن.

ساباھەت، مەن چەت ئەلگە توي قىلىپ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا سەن ماڭا ھەۋەس قىلغان بولساڭ، مانا ئەمدى مەن ساڭا، سەندەك ئانا ۋەتەن تۇپرىقىغا دەسسەپ تۇرۇپ ياشاۋاتقانلارغا ھەۋەس قىلىۋاتىمەن. دوستۇم، ئاللا نېسىپ قىلسا قۇربان ھېيتقىچە بالىلىرىم بىلەن ۋەتەنگە ئاتا - ئانامنى، يۇرتۇمنى، دوست - بۇرادەرلىرىمنى كۆرگىلى، ئانا تۇپراقنىڭ ئالقان توپىلىرىنى يۈزۈمگە ئۇپىنىڭ ئورنىدا سۈرتكىلى بارماقچىمەن. ئايەملىك سالىمىمنى ئايىم ئەھلىنىڭ ھەممىسىگە يەتكۈزۈپ قوي.

يىراقتىكى ۋەتەنسىز مۇساپىر دوستۇڭ چىمەنگۈلدىن.»

خەتنى كۆڭلۈم بۇزۇلغان ھالدا ئوقۇپ ئۈستەلدىكى مېھمانلىرىمغا قارىسام ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كېتىپتۇ. گەرچە ھەممىمىز يىغلاۋاتقان بولساقمۇ، بەختىيار كۆزلەردە كۈلكە پارلايتتى. بۇرۇنقىلارنىڭ «كىشىنىڭ يۇرتىدا

سۇلتان بولغىچە، ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول» دېگەن ھېكمەتنىڭ تېگىگە مانا ئەمدى يەتكەندەك بولدۇم. ياش يۇقى كۆزلىرىمدە ئاددىي خانەمگە سەپسالدىم. بۇرۇن شۇقەدەر ئاددىي چاغلايدىغان ئۆيۈم بۈگۈن شۇنچىلىك چىرايلىق ۋە باھار گۈللىرىدەك خۇش پۇراق، ئۆيۈمدىكى ھەر نەرسە ماڭا باشقىچە جىلۋە بىلەن كۈلۈپ قاراۋاتاتتى. دوستلىرىم بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە قەدىردان. ھېلىقى «ۋەيگوپەرەس» چوكان نېمىشقىدۇر تېخىچىلا كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۇرتۈۋاتاتتى. . .



# بىزدىكى «يامان بولىدۇ»لار

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا، سول قولۇمنىڭ تىرنىقىنى ئۆزۈم ئېلىپ ئوڭ قولۇمنىڭ تىرنىقىنى ئالالمىغاچقا دادام ئېلىپ قوياتتى. دادام تىرنىقىمنى ئېلىپ قويۇۋاتقاندا ئاپام دادامغا قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ:

— كەچتە تىرناق ئالسا «يامان بولىدۇ» ، ئەتە كۈندۈزدە ئېلىپ قويۇڭ، — دەيتتى.

دادام بولسا ئاپامغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— ئوقۇمىغان ئايال دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ ـ دە، كەچتە تىرناق ئالسا نېمىشقا يامان بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىز ياشىغان چاغلاردا توك بولمىغاچقا كەچتە تىرناق ئالسا قولنى كېسىۋېتىدۇ دەپ «كەچتە تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ» دېگەن. هازىر توك بار بولغاچقا كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى چوڭ ئەمەس، تىرناقنى ئۆستۈرمەي ۋاقتىدا ئېلىپ تازىلىقىغا رىئايە قىلىش ئىسلام دىنىدا ياخشى ئىش. ئادەم ئاڭلىمىغان گەپكە قارىغۇلارچە چوقۇنماي، ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ ئەمەل قىلىش كېرەك، — دەيتتى سالماقلىق بىلەن.

ئاپام دادامنىڭ قايىل قىلارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، قارشى گەپ ياندۇرمىغان بىلەن خاپىچان چىرايىدىن، تۈرۈلگەن قوشۇمىلىرىنىڭ يانمىغانلىقىدىن ئاپامنىڭ ئۆز قارىشىدىن تەۋرەنمەيدىغانلىقىنى بىلەتتۇق.

ئۇيلىسام بىزنىڭ ئائىلىدە ئانامنىڭ «يامان بولىدۇ»لىرىغا بېرىلگەن دادامنىڭ قايىل قىلارلىق ئىزاهاتلىرى تەڭ

سۆزلەنگەچكىمۇ، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش ۋە جەمئىيەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ، مەن ئاڭلىغان نۇرغۇن «يامان بولىدۇ» لارنىڭ بەلگىلىك ئاساسى بارلارغا رىئايە قىلسام، بەزىبىر ئاساسى يوق «يامان بولىدۇ» لارنى شۇ يەردىلا رەت قىلىۋېتىپ، سۆھبەتداشلىرىمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتىم.

يېقىندا بىر دوستىمىزنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىگە قارىشىپ بېرىش جەريانىدا، بىزدىكى بۇ ئاساسسىز «يامان بولىدۇ» لارنىڭ ئۆلۈمنى ئۇزىتىش، نەزىر - چىراغقا بېرىش ئادەتلىرىمىزگە ماڭدامدا بىر پۇتلاشقىدەك دەرىجىدە سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

— قۇرئان ئوقۇغانلارغا ئۆيدە تاماق ئېتەيلى.

— بولمايدۇ، ئۆلۈم چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئەتسە «يامان بولىدۇ».

— ئۇدۇل قوشنىسىنىڭ ئۆيىدە يىراقتىن كەلگەن هازىدارلارغا ناشتىلىق تەييارلاۋاتىدۇ، باشقا قوشنىلار خەنزۇ تۇرسا، تاماقنى مەرھۇمنىڭ ئۆيىدە ئەتمەي نەدە ئېتىمىز؟ مېنىڭچە ئۇ «يامان بولىدۇ» نىڭ مەرھۇم بىلەن مۇناسىۋىتى يوق بولۇشى مۇمكىن.

— ئىشقىلىپ مەن بىلمىدىم، ھېلى چوڭلار رەنجىپ كەتسە مەن ئىگە ئەمەس.

يۇقىرىقىدەك ئاساسى يوق «يامان بولىدۇ» لارنى تالاش - تارتىش قىلىپمۇ نۇرغۇن ئىشلار ئاقسىدى. يەنە كېلىپ بۇنىڭغا مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋاتسىز چوڭلارلا ئەمەس، ئوقۇغان زىيالىي ياشلىرىمىزنىڭمۇ جېنىنىڭ بېرىچە كۈچەپ چوقۇنۇۋاتقانلىقى مېنى تېخىمۇ ئويغا سالىدۇ. قەدىمكىلەردىن قالغان «ھۆپۈپنى يۇڭدىماي يەپ، ھەسەلنىڭ قىلىنى ئىلغاپتۇ» دېگەندەك ئەخمىقانە بىر قاراشلار، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە سىڭىپ كىرىپ نۇقسان يەتكۈزۈپ قويۇۋاتقانلىقىدەك كۆڭۈلسىز رېئاللىق

مېنى كەڭ ئوقۇرمەنلىرىم بىلەن بىزدىكى «يامان بولىدۇ» لار ئۈستىدە بىر ئورتاقلىشىپ بېقىشقا ئۈندىدى. مەن قولۇمغا قەلەپ ئېلىشتىن ئاۋۋال رايونىمىزدىكى كىشىلەر ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، دىن ۋە قۇرئان كەرىمدىن بەلگىلىك بىلىمى بار خاسىيەتخان ھاجىمدىن ئۆزۈمگە قاراڭغۇ بولغان «يامان بولىدۇ» لارنىڭ مەقسىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۆيىگە بېرىپ ھاجىمغا ئىزدەپ كېلىش مەقسىتىمنى ئېيتتىم. ھاجىم ناھايىتى كىچىك پېئىللىق بىلەن:

— سىزنىڭ سوراپ كەلگەن سوئاللىرىڭىز بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇھىم بىر مەزمۇن. مەنمۇ ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلارغا قاتنىشىش جەريانىدا نۇرغۇن قاملاشمىغان، ئاساسى يوق «يامان بولىدۇ» لارنى ئاڭلايمەن، بەزىلىرىگە شۇ يەردىلا ئىزاھات بەردىم، بەزىلىرىگە ئىزاھات بېرىپ بولالمىدىم. قېنى سىز سوراڭ، مەنمۇ بىلگىنىمچە ئىزاھات بېرەي، — دېدى.

— ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلاردا سۆيۈقئاشنى تاق چوكىدا ئىچمىسە «يامان بولىدۇ»، ھەتتا ئۆلۈممۇ جۈپ بولۇپ قالىدۇ، دېگەننىڭ ئاساسى بارمۇ؟

— يوق، ئۆلۈملەردە بىر چوكىدا تاماق يېيىش شۇ ئۆلۈم بولغان ئۆينىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بولىدۇ. بەزى ئۆلۈملەردە ئادەم جىق، چوكا يېتىشمەي قالغان ئەھۋاللاردا تاق چوكىدا يېسە بولىدۇ. چوكىنىڭ تاق - جۈپلۈكى بىلەن ئۆلۈمنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، ئۆلۈم جۈپ كېلەمدۇ، تاق كېلەمدۇ ئۇنى ئاللاھ بىلىدۇ.

— ئۆلۈم چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئەتسە، 40 كۈنگىچە لەغمەن ئەتسە، بىر يىلغىچە ھېيت - ئايەملەردە ساڭزا سالسا «يامان بولىدۇ» دېگەنلەرنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

— يوق، ئۆلۈم چىققان ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە تاماق ئەتسە يامان

بولىدىغان ئىش يوق، بۇ پەقەت هازىدارلارنىڭ كۆڭلى بىئارام چاغدا قازان بېشىغا چىقسا قولى ئىشقا بارمايدۇ دېگەن مەقسەتتە، قوشنىلار، دوستلار تاۋاق راسلاپ كىرىش ئادىتى شەكىللىنىپ قالغان. لەغمەن تاماقلار ئىچىدە بىرقەدەر قول تۇتىدىغان تاماق، يېڭى ئۆلۈم بولغان كۈنلەردە هازىدارلار لەغمەن ئېتەلمەيدۇ، ھەرگىزمۇ 40 كۈنگىچە لەغمەن ئەتمەسلىك كېرەك دېگەن گەپ يوق. ساڭزىمۇ كۆپىنچە ھېيت - ئايەملەردە سېلىنىدىغان يېمەكلىك، هازىدار ئادەمنىڭ ھېيتقىمۇ تەييارلىق قىلىشتا قولى ئىشقا بارمايدۇ. شۇڭا يېقىنلىرى ھېيتلىق ھال سورىغاچ ئۆيلىرىدە ساڭزا سېلىپ ئەكىرىپ بېرىدۇ. بەزى ئائىلىلەردە كىچىك بالىلار بار، ھېيتتا ساڭزا سېلىنمىسا بالىلارغا نىسبەتەن ھېيت بولمىغاندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. شۇڭا هازىدارلارمۇ ئۆيلىرىدە ساڭزا سالسا بولىۋېرىدۇ.

— هاجىم، بىرنەچچە ئۆلۈمدە ياشلارنىڭ ئارىسىدا ئانىسى ياكى دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنلەر بىر يىلغىچە ياكى 40 كۈنگىچە ئاق ياغلىق ئارتىپ قارىلىق تۇتىمەن دەيدىكەن، چوقۇم ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەتتە بولسا «يامان بولىدۇ»، ئۆلۈپ كەتكەن مەرھۇملار ئۇ دۇنيادا قان - يىرىڭنىڭ ئىچىدە ياتىدىكەن، دېگەن گەپ ئۈستىدە كۆپ تالاش - تارتىشلار بولدى. شۇڭا نۇرغۇن ياشلار ئاق ياغلىقنىڭ ئورنىغا قارا ياغلىق چەككەنلىكلىرىنى ئېيتىشتى. بۇنىڭ ئاساسى بارمۇ؟

— ئاق ياغلىق ئۇ پەقەت هازىدارلىق بەلگە، ئۇنى چىگكەنلەر يولدىشىنىڭ يېنىغا بارسا بولمايدۇ دېگەن گەپمۇ خاتا. قارىلىقنى ئەڭ ئاۋۋال دىلىڭىزدا تۇتىشىڭىز كېرەك. بېشىڭىزغا ئاق ياغلىقنى ئارتىۋېلىپ، رېستوران، توي - تۆكۈنلەردە ياكى كۈلكە - چاقچاقلار ئارىسىدا يۈرسىڭىز ئۆلۈمنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ. ياشلارنىڭ توي - تۆكۈنلىرى كۆپ، قارىلىقنى يولىدا تۇتالمايدۇ دەپ، ئاق ياغلىقنى ئارتماڭلار دېيىمىز، ھەرگىزمۇ باشقا شەرتلەر

يوق.

— چوڭلار ئارىسىدا ئۆلۈم پەتىسىدىن يېنىپ، بىرەر مۇھىم ئىش بىلەن بىرىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالسا، ئۆي ئىگىسى ئىسسىق ئۆلۈمدىن يېنىپ مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپتۇ، دەپ رەنجىشىدىغان ئەھۋاللار بار ئىكەن، بۇنىڭمۇ ئاساسى بارمۇ؟

— بۇ ئەھۋال بىز دېمەتلىكلەردە خېلى ئېغىر، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق ئىش. ئۆلۈم باشقا ئۆيدە بولسا، پەتىسىنى قىلىپ كىرگەن ئادەم بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق، بۇنداق ئىشلار ئۈچۈن رەنجىشىش بەك نادانلىق.

— بىزنىڭ ھازىرقى ياشلىرىمىز ھەققىدە «يامان بولدۇ» دېگەن ئىشلارغا دىققەت قىلمايدۇ. ئەدىكى تۇتۇرۇقسىز پەتىۋالارغا «يامان بولدۇ» دەپ چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىز ھۆكۈمەتكە دىنىي ئىشلار يىغىنىغا قاتناشقىلى بارغاندا، چوڭ قارىملار ماڭا ياش قىز - چوكانلىرىمىزنىڭ كىيىنىشى توغرىسىدا ناھايىتى رەنجىپ سۆزلىدى:


— ئاياللار، قىزلار ئارىسىدا ئۆلۈملەرگە يالاڭۋاش، يەڭلىرى قىسقا، ئېتەكلىرى يوتىسىنى ياپالمايدىغان كىيىملەر بىلەن بېرىپ، شۇنچە كۆپ جامائەتنىڭ ئالدىدىن ھېيىقماي ئۆتىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلاردىكى شەرم - ھايا قېنى؟ سىلەر ئاياللارغا، قىزلىرىمىزغا ھەرقانداق يىغىلىشلاردا مۇشۇ ئىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىڭلار، تەربىيىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق ئۆلۈملەرگە بارغانلارنى ئۆلۈملەردىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىڭلار، مۇشۇنداق قىلمىغىچە ئۇلار تۈزەلمەيدۇ، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن نۇرغۇن ئۆلۈملەردە ياشلارغا مۇشۇ توغرىسىدا نۇرغۇن تەۋسىيەلەرنى قىلدىم، ھەتتا بەزى ياشلارنى رەنجىتىپمۇ قويدۇم. بەزىلەر «ۋەزىيەت شۇنداق تۇرسا، بىزدە نېمە ئامال؟» دەيدىكەن. ئۆلۈمگە يېڭى بار ئۇزۇن قارىلىق كىيىم كىيىپ بېرىش بىلەن ۋەزىيەتنىڭ ئالاقىسى نېمە؟ ھەرەڭ - سەرەڭ

يۇرمەي رەتلىك، ئەدەپلىك يۇرگەننى تەشكىل تەنقىدلەمتى؟ بىزدە «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دېگەن سۆز بار. سىز توغرا يولدا مېڭىپ، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرسىڭىز سىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس دىنىي ئېتىقادى ھەم ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرى بولىدۇ. بىزنىڭ بەزى ياشلىرىمىز ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ۋەيران قىلىۋېتىپ بارىدۇ. بەزى چوكانلار ئۆلۈملەردە مېنى كۆرسە قاچىدىغان، قىسقا يەڭ كىيىم كىيگەن بولسا ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار مېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمدىن ئەمەس باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىشى، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ئاسرىشى، ئۆلۈمنى، ھازىدارنى ھۆرمەتلىشى كېرەك. ئۆلۈم پەتىسىگە بارغانلار چوقۇم شۇ ھازىدارغا ماسلىشالىغىدەك كىيىنىپ بېرىشى كېرەك. ئۇنداق قىسقا، ھەرەڭ - سەرەڭ كىيىم، ئالا - يېشىل بويىۋالغان چىرايلىرى بىلەن ئۆلۈمگە بارسا، ئۆلۈمگە بولغان ھۆرمەتسىزلىك ھەم ھازىدارغا بولغان بىئەدەپلىك، باشقىلارنىڭ يىغىسىغا كۈلۈۋاتقاندەك مەنە چىقىدۇ. شۇڭا ئۇنداق ئۆلۈمگە بارغاندىن بارمىغىنى تۈزۈك. يۇرتلاردا ئاياللارنىڭ ئۆلۈمگە بارسا كىيىپ بارىدىغان ھازىدارلىق كىيىملىرى، ئاق ياغلىقلىرى بار. بىزنىڭ ياشلىرىمىزمۇ قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىشكە قۇربىتى يېتىدۇ، ئەمما ئۆلۈمگە ئاتاپ بىر قۇر ھازا كىيىمى كىيىپ قويۇشقا يېتىشىپ بولالمايۋاتىدۇ. ئۆلۈم دېگەن ھەممە ئادەمنىڭ بېشىدا بار. ئۆلۈملەردە يوق قائىدىلەرنى ئىجاد قىلماي، ھەقىقىي يامان بولىدىغان ئىشلارغا دىققەت قىلغىنىمىز، ئاتا - بوۋىلىرىمىز بىزگىچە ئېلىپ كەلگەن ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى كېيىنكىلەرگە ساپ ھەم ساغلام يەتكۈزگىنىمىز دۇرۇس.

مەن خاسىيەتخان ھاجىمنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ ئويلاپ قالدىم. بىزدە يەنە نۇرغۇن تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە،

بەلگىلىك ئاساسقا ئىگە، ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان «يامان بولىدۇ» لىرىمىزنى ئېسىمگە ئالدىم. «نانغا دەسسىۋالسا يامان بولىدۇ»، مانا بۇ ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش بىلەن بىرگە ئەمگەكنى قەدىرلەشتەك ئېسىل خىسلىتىمىزنى نامايان قىلسا، «داسقانغا قول ئېيتسا يامان بولىدۇ»، بۇنىڭدا ئەدەپ - ئەخلاقنى تەۋسىيە قىلىنىۋاتىدۇ. «چوڭلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتسە يامان بولىدۇ»، بۇنىڭدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەشتەك ئېسىل پەزىلىتىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىنىۋاتىدۇ. بىزدە يەنە نۇرغۇن «يامان بولىدۇ» لىرىمىز بار بولۇپ، بۇ بىزنى توغرا يولغا باشلاپ، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى باشقا مىللەت ھەم باشقا قوۋملارغا تېخىمۇ گۈزەل ھەم جۇلالىق نامايان قىلىپ بېرەلەيدۇ. بىز ئەنە شۇ ئېسىل دۇردانىلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىزدىكى «يامان بولىدۇ» لارنى توغرا قوبۇل قىلايلى.



# «زامان ئاخىرى»نىڭ ئاياللىرى

باش - ئاخىرى يوق خىياللار بىلەن تەستە كۆزۈم ئۇيقۇغا ئىلىنىپتىكەن، تۇيۇقسىز جاراڭلىغان ئاۋازدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئۇدۇل قوشنامنىڭ ئۆيىدىن ئەنسىز ۋارقىراش - جارقىراشلار، ئەرنىڭمۇ، ئاياللىڭمۇ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. سائىتىمگە قارىسام سائەت ئىككى بوپتۇ. بىچارە چوكاننىڭ ئېرى يەنە مەست كېلىپ زوتاڭزىلىق قىلىۋېتىپتۇ - دە، ئۇرۇش تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ، چىنە - قاچىلار چېقىلىشقا باشلىدى. ئېرىمنىڭمۇ ئۇيقۇسى بۇزۇلدى بولغاي، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇستەل چىرىغىنى ياندۇرۇپ سائىتىگە قارىدى ۋە:

— تېخى كېچە ئىكەنغۇ؟ نېمە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بۇ — دېدى.

— قوشنىمىز يەنە مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، بەك سوقۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ، چىقىپ باقامسىز - يە؟ — دېدىم ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا.

— ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەم بارمۇ، كېچىدە هاراق ئىچىپ، جېدەل چىقارغان ئادەمنىڭ جېدىلىنى ئايرىپ، قولىقىڭىزنى چىڭ يوپۇرۇپ ئۇخلىڭا، - دېدى - دە، قايتىدىن ئۇيقۇغا كەتتى.

— ئىككىمىزنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇ ئەمەسمۇ؟ سىز چىڭراق ئورنىنىپ يېتىڭ، شامال تېگىپ قالمىسۇن، مەن چىقىپ باقاي، — دېدىمدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇستۇمگە يېپىنچامنى يېپىنىپ سىرتقا ماڭدىم. ئۇلارنىڭ يا ئەر يا ئاياللىنىڭ بىرەرسى ئۆزىگە هاي بېرەي دېمەيتتى. بۇ بىنا ئۆيلەرنىڭ تېمى بەك نېپىز بولغاچقىمۇ، ئۇلارنىڭ تىللاشقان ئاۋازلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

— ھە، ئۇرە بۈگۈن يېگەن تاياقلىرىمغا مەن رازى. . .

— مەن چاقاي، بۈگۈن پوخادىن چىققۇچە ئۇرۇشايلى.

ئايال قوشنام چاڭىلداپ سۆزلەۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ جېدىلى بېسىقىدىغاندەك ئەمەس، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ ئېرى مەست بولۇۋالسا سارائىنىڭ ئۆزى، قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن ئۇرىدۇ، بىچارە چوكان ئەجەب چىدامىلىقكەن، بۇنداق ئەرگە نىسبەتەن ئېتىزلىقتا تېرىۋالغان مۇھەببەت بولسىمۇ تۈگەر. . . مەن ئاخىر ئۇلارنىڭ قىيا ئېچىقلىق ئىشىكىنى ئېچىپ كىردىم. كىرىپلا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمدا بۇ ئۆيدە دائىملىق ئۇرۇشلاردا بولىدىغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەكسىچە بىر كۆرۈنۈش مېنى دەمالىققا گاڭگىرىتىپ قويدى. ئايال قوشنام ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى ئەينەك جازىدىكى قىممەت باھالىق خىرۇستاللىرىنى ئېلىپ يەرگە ئېتىۋاتاتتى. ئېرى ئۇنى توسۇپ بولالماي ئاۋارە بولۇۋاتاتتى.

— سانىيە نېمە قىلىق بۇ؟ — دېدىم ئۈنلۈك ۋارقىراپ ئۇلار تەڭلا ماڭا قارىدى. ئايال قوشنامنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، مەڭزىلىرى قىزىرىپ چىرايلىقلىشىپ قالغان بولۇپ، يەرنى ئارانلا دەسسەپ تۇرۇشىدىن قىيامىغا يەتكەن مەستلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەر قوشنامغا قاراپ تاسلا قالدىم كۈلۈۋەتكىلى، ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈزلىرى، بويۇنلىرى، تېرىلىرى تاتىلاشتىن سويۇلۇپ، قىزىل گۆشلىرى كۆرۈنۈپ، كۆڭلىكىنىڭ ياقىلىرى يىرتىلغان ھالەتتە تامدەك تاتىرىپ تۇراتتى. قىستاپ كەلگەن كۈلكەمنى تەستە بېسىۋېلىپ سانىيەنىڭ قولىدىكى خىرۇستالنى ئېلىۋالدىم ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ سافاغا ئولتۇرغۇزدۇم.

ئەر قوشنام مېنى كۆرگەندىن كېيىن، سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ماڭا قاراپ:

— قارىمامسىز، مۇشۇ چاغقىچە تالادا يۈرگىنى ئازدەك يەنە ھاراق ئېچىپ، غەرق مەست كەپتۇ. ھاراقنى نەدە، كىم بىلەن

ئىچىتىڭ دېسەم، بىشەملىك قىلىپ قىلغان ئەسكىلىكىنى ئۆزىڭىز كۆردىڭىز!

— ھە، قانداق چىدىمايۋاتامسەن؟ سەن ئىچكەن ھاراقنى مەن ئىچسەم نېمە بوپتۇ؟ — سانىيە سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ بەخىراامان ھالدا شۇنداق دېدى.

— نەدە، كىم بىلەن ئىچتىڭ! — دېدى ئېرى قايتا جانلىنىپ.

— بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ سەنمۇ ئون يىلدىن بۇيان بىرەر قېتىم ماڭا نەدە، كىم بىلەن ھاراق ئىچكىنىڭنى دەپ باققانمۇ؟ — ئۇ غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن ئېرىگە شۇنداق بىر قادالغاندىن كېيىن، ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراپ خۇمارلاشقان، كۆزلىرىنى ئاران ئېچىپ قوللىرىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قارالڭ جېنىم قوشنام، سىز مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ھەدىسىدەكلا مۇشۇ ئۆيدە تارتىۋاتقان ھەممە خورلۇقلىرىمنىڭ گۇۋاھچىسىغۇ؟ مەن سىزگە دېمەي كىمگە دەيتتىم؟ بۈگۈن ئاسىيەنىڭ ئۆيىگە بىر نەچچە دوستلار يىغىلىپ قاپتىكەنمىز دەردلىرىمىزنى تۆكۈشۈپ ئولتۇرۇپ، بىر ئىچىپ باققىمىز كەلدى. باشتا «ۋېيلۇڭ» نى ئىچتۇق، قارىسام ئۇ ئانچە تۇتمىدى، بىر دوستىمىز «براندى» دېگەن بەك ياخشى دەپ شۇنى ئېلىپ كىردى. ھاراق دېگەن ئەجەب ياخشى نەرسىكەن، ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن خۇددى قىز چاغلىرىمىزغا قايتىپ قالغاندەك، ئۆزىمىزنى بەختىيار سېزىپ خۇشال بولۇپ، ناخشا ئېيتىپ، ھارغىچە ئۇسسۇل ئويناپتۇق. ئەرگە تېگىپ كۆلمىگەن كۆڭلۈم ھاراق ئىچىپ كۆلۈپتۇ. . . توۋا ئەرگە تېگىپ تاپىقىنى يەپ، تىلىنى ئاڭلىغىچە ھاراق ئىچىپ كۆڭلۈمنى خۇشال قىلسامچۇ؟ ئىسىت. . . ئىسىت ياشلىقىم ئىسىت ئون يىللىق ئۆمرۈم ھۇ. . . ھۇ. . . ھۇ. . .

— مەن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ:

— سىڭلىم، سىز پەزىلەتلىك ئېسىل ئايال، بۇنداق ئىشلار سىزگە ياراشمايدۇ، بەلكىم قىلغىنىڭىز ئۈچۈن، ئەتە تازا پۇشايمان قىلارسىز، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز، ئەر كىشى بىلەن تەڭلىشەلمەيمىز، بولدى ئەمدى ئارام ئېلىڭ ـ دېدىم ئۇنى پەسكويىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن.

— سىز بىر ئوقۇغان ئايال تۇرۇپ تېخىچە پەزىلەتلىك ئايال، ئەخلاقلىق قىز دېگەن كىتابىي گەپلەرگە ئىشىنىپ يۈرەمسىز؟ — ئۇنىڭ خۇمارلىق كۆزلىرى ماڭا مىقتەك قادالدى.

مەن دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

— جېنىم قوشنام هازىر «قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل» دېگەن سۆزنىڭ بۈگۈنكى جاھاندارچىلىقنىڭ دەستىكى ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىز؟ سىز دېگەن ئەخلاقلىق، ۋىجدانلىق ئاياللار ئائىلىدە ئەرنىڭ تاپىقىنى، ئىدارىدە ئەر باشلىقنىڭ تەنقىدىنى ئاڭلايمىز، سورۇنلاردا ئىش كۆرمىگەن مەتۇلار قاتارىدا، بىر بۇلۇڭدا ئەرلىرىمىزنىڭ سەتەڭ خېنىملار بىلەن ئوينىغان تانسىسىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ يۈرىكىمىزنى زېدە قىلىمىز. كۆرۈۋاتقانسىز، بۇ سورۇنلاردا باشلىقلارنىڭ نەزىرىدىكى ھەرقانداق ئويۇنلارنى قولدىن بەرمەي، يامان نامىلارغا قالغان، ئاغزىغا كەلگەننى ئايىماي سۆزلەيدىغان تەتى ـ پەتىلەر، هازىر تاپقىنىنى ئۇچىسىغا كىيىپ، ئىش كۆرگەن ئايال، جېنى بار ئايال، ئېسىلزادە خېنىم، تۆتىنىڭ ئالدى سانىلىپ تۆرنىڭ كاللىسىدا ئولتۇرۇپ، جاھاننى سوراۋاتىدۇ. ئۆيىدە ئەرلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ تاتلىق ئايال، ئىدارە باشلىقىنىڭ خۇشامىتىنى قىلىپ ئىقتىدارلىق ئايال بولۇۋاتىدۇ. مەنمۇ بۈگۈندىن باشلاپ ئاشۇنداق ئەقىللىق ئاياللار قوشۇنىغا قاتناشتىم، كۆڭلۈم نېمىدىن خۇش بولسا شۇنى قىلىمەن، ئۇ كەچ ئۇندا كىرسە، مەن ئۇن بىردە كىرىمەن، ئۇ ئاقنى ئىچسە، مەن قىزىلنى ئىچىمەن، ئۇ ئۇرسا مەن تاتىلايمەن، چىدىسا ئۆيى تۇتسۇن، چىدىمىسا ئاجراشسۇن، ئەنە ئىشىك، قىزىم بىلەن

گۈلدەك ياشايمەن. توۋا مەن نەچچە ۋاقىتتىن بۇ رۇدۇپاينى پېشانەمگە پۈتۈۋەتكەندەك ۋاپادار، پەزىلەتلىك ئايال، مېھرىبان ئانا بولۇش ئۈچۈنلا، ئون يىل قۇربان بېرىپتىمەن، سىز دەڭا ئون يىل دېگەن ئاز ۋاقىتمۇ؟ بىز ئاياللار قۇربان بېرىشكىلا يارالغانمۇ؟ سۆنىمۇ سىڭگەن يەرگە سېپىش كېرەكقۇ؟ بۇ ئەر بولغان بىلەن ئەركەكمىدى؟ ئىسىت ئون يىللىق ئۆمرۈم، گۈزەل ياشلىقىم، ھۇ... ھۇ... ئۇ ئۆزىنى يەردىكى گىلەم ئۈستىگە ئېتىپلا ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى ۋە يىغلاۋېتىپ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئادەتتە ئېغىر ـ بېسىق، كەم سۆز بۇ قوشنامنىڭ مەست ھالەتتە بۇنداق ياراشمىغان قىلىقلارنى قىلىشلىرى كۆزۈمگە سىغمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاراق پۇراپ تۇرغان نېپىز لەۋلىرى ئارىسىدىن چىقىۋاتقان سۆزلىرى مېنىڭ ئاياللىق قەلبىمنى تىترەتتى. كېچە بىر چاغقىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدىم.

بۈگۈن دۈشەنبە ئەتىگەن مەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مېنى ئىشقا ئاپىرىپ ئەكىلىۋاتقان يولدا ئۆز خىياللىرىم بىلەن مۇڭدىشىپ ئىشقا كېتىۋاتىمەن. ئادەتتە ئىشقا بېرىش ئۈچۈن كوچا ئاپتوبۇسىدا ئولتۇرسام قۇلايلىق. بىراق ۋاقتىم قىستاپ قالمىسىلا پىيادە مېڭىپ، يېقىن سىردىشىم بولغان خىياللىرىم بىلەن مۇڭدىشىپ مېڭىشنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنداق چاغلاردا مەن ئادەم جىق چوڭ كوچىلاردا كېتىۋېتىپمۇ شۇ كوچىدا ھەتتا پۈتۈن بىر شەھەردە ئۆزۈم يالغۇز كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. ھەتتا بەزىدە خىياللىرىمدىن ئايرىلغۇم كەلمەي، ئالدىمدىكى يوللارنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنراق بولۇشىنى تىلەيمەن. بۈگۈنمۇ ئاخشامقى قوشنامنىڭ مەست بولۇۋېلىپ دېگەن سۆزلىرىنى خىيالىم بىلەن مۇلاھىزە قىلىپ كېتىۋاتاتتىم. «چاقچاقمۇ يېرىم ھەقىقەت» دېگەندەك ئادەم مەست بولغاندا راست سۆزلەيدۇ، بەزى ئاياللىرىمىزنىڭ يولدىن چىقىپ كېتىشىگە كۆپ ھاللاردا ئەرلەر سەۋەبچى بولىدۇ. قوشنام

سانىيەمۇ ئېرىگە ئىنتائەتمەن ناھايىتى ھايالىق چوكان ئىدى. ئەنە قاراڭ ھاراق ئىچىپتىكەن مۇشۇكتىن يولۋاسقا ئايلىنىپ قاپتۇ. بىر ھېسابتا ئۇنىڭ ئېرىدەك ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئەرلەرنى شۇنداق ئەدەپلەپ قويغانمۇ تۈزۈك ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئەپتىنى كۆرمەمدىغان سۇغا چۈشكەن مۇشۇككىلا ئوخشاپ قاپتۇ... خىياللىرىم تۈگىمەي تۇرۇپلا ئېگىز بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم. مەن بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ، لىفتتا 15 ـ قەۋەتكە چىقىپ ئىشخانامغا كىرىپ كومپيۇتېرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپمۇ بىر ھازاغىچە خىياللىرىم بىلەن خوشلىشىپ بولالمايۋاتاتتىم.

— سىزنىڭ تېلېفونىڭىز.

— سۇنۇلغان تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم؟ — دېدىم تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپ.

— ۋەي، بارمۇ سەن؟ — قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلىغان ئاۋاز مېڭەمنى زىڭىلدىتىۋەتتى. قانداق قائىدە ئۇقمايدىغاندۇ. مۇسۇلماننىڭ سالىمىنى قىلىسىمۇ، يەنە ۋەي دەپ سەت جارقىراپ، ئىچىمدە غۇدۇراپ تۇرسام، قارشى تەرەپ يەنە ۋارقىرىدى.

— ھەي، مەن خالىدە ئاۋازىمنى تونۇمىدىڭمۇ؟

— ھە، نېمانچە ئەنسىز ۋاقىرايسەن!

— ئاداش مەن سېختا، زاۋۇتنىڭ ئاۋازى بەك كۈچلۈك بولغاچقا ئاۋازىم ئاڭلانماي قالمىسۇن دەپ، بۈگۈن كەچتە مېھراينىڭ باغاق چېيى ئىدى، «يېڭى ئەسىر رېستورانى»دا ساۋاقداش قىزلارنىڭ ھەممىسىنى چاقىرغان، سىلەرنىڭ قىزلارغا سەن دەپ قويغان بولساڭ بوپتىكەن، كەچتە ئىشتىن چۈشۈپلا بېرىڭلار.

— بولىدۇ، مەن باشقىلارغا يەتكۈزۈپ قوياي.

— بولىدۇ كەچتە كۆرۈشەيلى.

— خوش.

تېلېفون تورۇپكىسىنى قويۇۋېتىپ بۇ ھەپتىلىك تونجى «ھاشار» نىڭ ۋاقتىنى يېقىن ئارىلىشىدىغان «بىزنىڭ قىزلار» غا ئۇقتۇرۇۋېتىش ئۈچۈن تېلېفون تورۇپكىسىنى قايتىدىن قولۇمغا ئالدىم.

ھەممىمىز ئىشتىن چۈشۈپ دېيىشىۋالغان بېكەتتە ئۇچرىشىپ «يېڭى ئەسىر رېستورانى» غا كەلدۇق. مېھراي ئۇچىسىغا قىممەت باھالىق كىيىم كىيىپ، پەردازخانىدا گىرىم قىلدۇرغان بولۇپ كۆزلىرىگە چاپلىغان يالغان كىرپىكلەر بىلەن ماگىزىندىكى قونچاقىلا ئوخشاپ قاپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان زۇگتۇك، ۋەزىر، كاسىرلىرىمۇ ئالاھىدە ياسىنىشىۋالغانىدى.

— چايدا بۇنچە ياسىنىشىۋاپتۇ. تويدا قانداق قىلار؟

— ئاداش ھازىر چايلاردا پەردازخانىلاردا گىرىم قىلدۇرۇپ «ئېسىل» كىيىم كىيىپ، تويدا دوختۇرخانىلاردا ھۆسن ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرۇپ، كىيىمنى ئارىيەتكە ئېلىپ كىيدىغان بوپتۇ، — دېدى ئىچىمىزدىكى ھەييار دوستىمىز زېھناي.

— ھۆسن ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى قىلسا بىر ھەپتىدە ساقىيامدىكەن؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى نېمە مودا بولسا، شۇنى دورايدىغان ساددا بىچارە زىۋەر.

— ساقايسا قىلامتىڭ؟ — سورىدى يەنە بىرسى.

— ئەمدى ئاداش بىر نېمە دەپ بولمايدۇ، «غورا غورىنى كۆرۈپ ئالا بوپتۇ» دېگەندەك، بۇ قېتىم مېھراي قىلسا، بىزلەرگە كەلگىچە ئۇ ئىشلارمۇ ئومۇملىشىپ كەتسە قىلماي ئامال قانچە؟ . . .

بىز شۇنداق تالاش - تارتىش، مەززىسى يوق قىزىق گەپلەر بىلەن بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇستەللەرگە قورۇمىلار كېلىشكە باشلىدى. سوغۇق - ئىسسىق بولۇپ ئون خىل قورۇما ۋە ئون

نەچچە قاتلىما، ھور نان ئارتۇقچە نېزىقاشسىزلا يېيىلىپ بولدى. بۇگۈن بۇ قىرىق نەچچە ئۇستەللىــك رېستوراندا باغاق چاي، قوشنىلار چېيى، خرۇستال چاي، «گىــرىم چاي»، يۇرتلۇقلار چېيى، ساۋاقداشلار چېيى دېگەندەك، چايلار بىلەن ئوتتوز نەچچە ئۇستەل ئايال مېھمانلار بىلەن تولغان بولۇپ، ئاۋۇ چەتتىكى بىر ئۇستەلدە يەتتە ـ سەككىز ئەر مېھماندىن بىرلا ئۇستەل مېھمان ئولتۇراتتى. قىرىق ئاياللار شۇنداق كەڭ ـ كۇشادە ۋارقىرىشىپ كۈلكىلەر بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئەرلەر خۇددى ئاياللاردىن ھېيىققاندەك جىمجىت گەپ قىلىشىمۇ باشلىرىنى يېقىن قىلىشىپ قۇلاقلىرىغا پىچىرلىشىۋاتقاندەك، مەن شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم.

— ھەي ئاۋۇ ئەرلەرگە نېمە باركەن بۇ رېستوراندا، — دېدى بىرسى.

— شۇ ئەمەسمۇ ئۆيىدە باللىرىنى باقماي، خوتۇن كىشىنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغىنىنى. . .

— ھەقاچان چىرايلىق چوكانلارنىڭ ئويۇنلىرىنــى كۆرۈپ كۆزىنىڭ پېتىنى ئۆلتۇرگىلى كەلگەن بويتاقلاردۇر تايىنلىق. . . ۋەيت . . . ، — چوكانلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

— ماۋۇ ئــىچــىــمــىــزدىــكــى تــول چــوكانلارغا تونۇشتۇرۇپ قويامدۇق ـ يە؟

— ھەي ھازىرقى ئەرلەرچۇ ئايال ئالماقچى بولسا، بۇرۇنقىدەك ياخشى ئايالمىكەن، نېمە بولۇپ تۇل قاپتىكەن دەپ سورىماي، نېمە خىزمىتى بار؟ نەچچە مائاش ئالىدۇ؟ بانكىدا قانچىلىك پۇلى بار دەپ سورايدىغان تۇرسا، ئەرگە تېگىپ نېمە قىلىدۇ، ھۆكۈمەت بېرىۋاتقان مائاشىمىز دېگەن ئەر!

— شۇ ئەمەسمۇ، بۇنداق چۆگەي ئەرلەردىن شۇ مائاشىمىز ياخشى، ۋەيت! ! ...

يېنىمىزدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان بىر ئۇستەللىك داڭدار چوكانلار چەينەككە دەملىۋالغان چايلىرىنىڭ كۈچى بىلەن بەس ـ

بەستە شاخخوغا چۈشكەنىدى.

رېستوراندىن ئۆزاپ چىقىپ «بىزنىڭ قىزلار» دىن ئۆيلىرى يىراقلىرى ئاپتوبۇس بىلەن كېتىشتى. قالغان نەچچىمىز ھاۋا بەك ياخشىكەن، يېگەن تاماقلىرىمىزنى سىڭدۈرگەچ بىردەم پاراڭلىشىپ ماڭايلى، دېيىشىپ ئاستا مېڭىشتۇق.

— ھەي سائەت تېخى سەككىز مۇ بولماپتۇ، مۇشۇنداق بالدۇر ئۆيگە بېرىۋېلىپ نېمە قىلارمىز؟ بىر يەردە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشساق بوپتىكەن — دېدى ئايشەم ئۆز ئۆيى تەرەپكە ئايرىلىپ، ماڭىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە بىزگە قاراپ ئايرىلغۇسى كەلمەي.

— ئەجەب كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، چۈشتە ئېرىم بىلەن سوقۇشۇپ قالغانتىم، مېنىڭمۇ ئۆيگە بالدۇر قايتقۇم يوق، بولسا شۇنداق قىلايلى — دېدى، گۈلنازمۇ دەرھاللا ئايشەمنىڭ تەكلىپىنى قۇۋۋەتلەپ.

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرايلى، — دېدى مەرۋانە. ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئېرىڭچۇ؟ دېگەن مەنىدە قاراشتۇق.

— ئۆيدە ئۇ يوق، يولغا چىقىپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرايلى، — دېدى مەرۋان.

بىز مەرۋاننىڭ چىرايلىق بېزەلگەن ئازادە مېھمانخانىسىدا ئۆزىمىزنى تاشلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇزاق، ئۇزاق كۆرۈشمىگەن دوستلاردەك پاراڭغا چۈشتۇق.

ئۈستەلگە قىزىرىپ پىشقان نان بىلەن ئىككى خىل قورۇما قورۇپ كىرگەن مەرۋان چاي قۇيۇۋېتىپ:

— خانىملار، ئادەم ئالدايدىغان تاتلىق - پاتلىقلارنى تىزمىدىم. بۈگۈن ھەممىمىزنىڭ ئىچىمىز توشۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا مۇشۇ ئاچچىق - چۈچۈك قورۇمىلارنى زاكوسكا قىلىپ...

ئۇ بىزگە قاراپ ھەييارلىق بىلەن ھىجايدى...

— ۋاي ئاداش، ئادەمنى بەكلا چۈشىنىسەن جۇمۇ؟

— قۇيە، مەن بۈگۈن راسا بىر مەست بولۇپ باقايچۇ؟ — دېدى ئايشەم.

— مېنىڭمۇ پىغانىم ئۆرلەپ قاپتىكەن، ئىچسەك ئىچتۇق! — گۈلنازمۇ شۇنداق دېگەچ مۇرىسىدىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان چاچلىرىنى يۆگەپ چاپلا قىستى.

— سەنچۇ چولپان؟

— سىلەرنىڭ دەردىڭلارنى ئاڭلاشقا ئادەم كېرەك ئەمەسما؟ مەن ئاڭلاي — دېدىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

— سەن بىزنىڭ دەردىمىزنى ئاڭلاي دەيسەنۇ، بىراق ئۆزۈڭ نەچچە ھەسسە دەردمەن كۆرۈنىسەن! — دېدى مەرۋان.

— بۇنىڭ نېمە دەردى بولار؟ ئۇرۇپ سوقمۇالغاندەك ياۋاش ھەم ھوقۇقدار ئېرى تۇرسا، نەگە باردىڭ، نەدە تۇردۇڭ دېمىسە، ئېرىنى تىزگىنەكتەك باشقۇرالىسا...

— ۋاي دوستەكلەر، شۇ تىزگىنەكتەك باشقۇرىدىغان ئەرنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بار.

— قۇيە، ھارىقىڭنى ئاۋۋال ئىچىۋېلىپ، ئاندىن سۆزلىشەيلى.

مەرۋان ئانار رەڭگىدىكى قىپقىزىل سۇيۇقلۇقنى خرۇستال رومكىلارغا قۇيۇشقا باشلىدى.

— بىرىنچى رومكىنى نېمە ئۈچۈن ئىچىمىز؟

— ھەممىمىزنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

— خوشە! خرۇستال رومكىلارنىڭ بىر - بىرىگە تەگكەندىكى جىرىڭلىغان ئاۋازى ناھايىتى سۈزۈك ئاڭلاندى.

— ئاداشلار، سىلەر بىلمەيسىلەر مەن ئەرگە تەگمىگەن خوتۇن ئالغان، تالانىڭمۇ ئۆيىنىڭمۇ ئىشىغا ئۆزۈم چاپىمەن، ئۇ قاچانلا قارىساڭلا مەست يۈرگەن، يەنە تېخى گەپ يوغان... بۇ ھاراقكەشتىن خويمۇ تويدۇم. نېمانچە شور پېشانىدىمەن؟! ھەممە گەپنى سىلەرگە دەپ بولالمايمەن... ئايشەم قولىدىكى رومكىسىنى

ئويناپ ئولتۇرۇپ قاپناپلا كەتتى.

— ئاداش، سەن يەنە شۈكۈر دېگىن، سېنىڭ ئېرىڭگە هاراق ئىچىشمۇ، يەنە دەتتىكام دەپ ئاتمايدىغۇ؟ مېنىڭ ئېرىم بىر قېتىمدىلا قىرىق مىڭنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئۈچ يىل بولدى، مائاش قەغىزى خەقتە، قەرزگە ئىشلەۋاتىدۇ. مەن بىر مائاشىم بىلەن ئۇنى ئىككى بالامغا قوشۇپ بېقىۋاتىمەن، — دېدى زېھنىيمۇ خىيالغا پاتقان هالدا. ئۇ هاراق ئىچسە شۇنداق ئېغىر - بېسىق بولۇپ كېتەتتى.

— سىلەرنىڭ دەردىڭلار، مېنىڭ دەردىمگە ياماقمۇ بولالمىغۇدەك «دېسەم گەپ بولىدۇ، دېمىسەم دەرد»، قويە ئاداش هارىقىڭنى... گۈلناز كۆلكىگىمۇ، يىغىغىمۇ ئوخشىمايدىغان بىر قىياپەتتە قۇرۇق رومكىسىنى مەرۋانغا تەڭلىدى.

— سەن بولدى قىلامسەنكى گۈلناز، چىرايىڭغا بەكلا چىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى مەرۋان گۈلنازنىڭ رومكىسىغا قىزىل سۇيۇقلۇقنى قۇيغاچ.

— مېنىڭ ناخشا ئېيتقۇم كېلىۋاتىدۇ، مەرۋان دۇتىرىڭنى ئاچىقە! — دېدى گۈلناز مەرۋانغا قاراپ.

— مانا ئەمدى سورۇنىمىز قىزىيدىغان بولدى. چاله ئاداش، ماڭا سېنىڭ ناخشاڭدىن باشقىسى كېرەك ئەمەس، — دېدىم مەرۋاننىڭ ئېسقلىق دۇتىرىنى ئۆزۈم گۈلنازغا سۇنغاچ.

گۈلناز قولۇمدىن دۇتارنى ئېلىپ، بىردەم تىرىڭشىتىپ تەڭشىۋالغاندىن كېيىن، ئاپئاق لەغمەن جىزىسىدەك نازۇك بارماقلىرىنى دۇتارنىڭ تارىسىغا ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ بارماقلىرى دۇتارنىڭ تارىسىغا ئەمەس مېنىڭ يۈرەك تارلىرىمغا تەگكەندەك، يۈرەكلىرىم يېنىك تىترەشكە، ئارقىدىن ئېسەدەشكە باشلىدى. مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ ئېسەدەشلىرىنى مۇڭلۇق دۇتارنىڭ ئېغىر دەردلىك ساداسى، گۈلنازنىڭ يىغلىغاندەك ئېيتىۋاتقان مۇڭلۇق نىداسى بېسىۋالدى.

هاراق ئىچىدۇ دەيدۇ،
تاماكا چېكىدۇ دەيدۇ.
ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ،
دەرد كەلگەننى بىلمەيدۇ.

باغ ئارىلاپ شامال كەلدى،
تاغ ئارىلاپ بوران كەلدى.
ئاچ ئانا ئىشىكىڭنى،
دەردى بار قىزىڭ كەلدى.

شۇئان رەھمەتلىك ئانام ئېسىمگە كەلدى. ئاتا ـ ئانا دېگەن ئادەمگە مەقسەتسىز كۆيۈنىدىكەن، ئاتا ـ ئانىدىن كېيىن ھەرقانچە ئۇرۇق ـ توغقانلىرىڭ بولسىمۇ، ئاتا ـ ئاناڭغا ئەركىلىگەندەك ئەركىلىيەلمەيدىكەنسەن، شۇ تاپتا ئانام بولغان بولسا ئاشۇ دوزاخ ئۆيگە، ھېلىقى ئون يىل بىر قازاندا قايناتسىمۇ قېنىمىز قوشۇلمايدىغان ئاۋۇ ئەر بار ئۆيگە بارماي، ئۇدۇل ئانامنىڭ يېنىغا كېتىپ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ بىر يىغلىۋالغان بولسام. . . مەن دۇتار بىلەن ناخشا ئاڭلىساملا بالىلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە ئالىمەن. ھەيرانمەن، شۇ بالىلىق چاغلىرىمدا ئاپام ئېلىپ بارغان تويلاردا دۇتار ئاڭلىسامۇ يىغلىغۇم كېلەتتى. ئۆزۈمچە مىسكىنلىشىپ كېتەتتىم. مانا ئەمدى يېشىم چوڭىيىپ دەرد ـ ئەلەملەرنى يەتكىچە تارتىۋاتقان ھازىرمۇ دۇتارنى ئاڭلىسام خۇددى دەردى ئىچىگە پاتمىغان ئادەم ئاۋازىنى چىقىرىپ ھازا ئېچىپ يىغلىۋالغاندەك، باشتا پىغانلىرىم ئۆرلەپ ئاخىرىدا يېنىكلىشىپ قالىمەن.

دۇتارنىڭ شىپپىدە توختىشى بىلەن مېنىڭ خىياللىرىممۇ ئۈزۈلدى. مەن گۇلنازغا قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار ئاللىقاچان يۈزلىرىنى بويلاپ تامچىلاۋاتاتتى. دۇتارنى

قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ مەرۋانغا سۆزلەۋاتاتتى.
— سەن بىلمەيسەن مەرۋان، مېنىڭ يۈرىكىم مۇشۇ رومكىدىكى ھارىقتىنمۇ قان - زەردابقا تولدى... مەن بەك چىدامسىز ئايال جۇمۇ... بىلمەيسىلەر، مەن باتۇر ئايال... سىلەر بىلمەيسىلەر... بىراق ماڭا دېمەيسىلەر... بۇ سىلەرنىڭ دوستلۇقىڭلارمۇ ياكى... بىلمىدىم...
— گۈلنار قولىغا رومكىنى ئېلىپ ھاراقنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن يۈزلىرىنى توسىۋېلىپ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.
— گۈلنار سەن مەست بولۇپ قالدىڭ، بىردەم يېتىۋالامسەن؟
— ياق، مەن ھازىر ھەقىقىي ئادەم بولدۇم. سىلەرگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرىكىمنى يەپ كېتىۋاتقان دەردلىرىمنى نومۇسنى قايرىپ قويۇپ تۆرۈپ دېيەلىدىم... سىلەرچۇ؟ سىلەر ئادەم ئەمەس، دوستۇمۇ ئەمەس، تاماشالىرىمنى كۆرۈۋېتىپسىلەر! مېنى قانداق قىلارىكىن دەپ سۈكۈت قىلىشتىڭ! ئۇ ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى مېنىڭ يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتى. كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياش يۈزلىرىمنى يۇيۇشقا باشلىدى. مەنلا ئەمەس، ئۇلارمۇ ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى.
— سەن بىزنى ئازابلانمىدى دەۋاتامسەن، ئاداش؟ بىز سەندىن بۇرۇنلا بۇ ئىشنى بىلگەندە ئازابلانغان، بىراق راستىنىلا ساڭا دېيىشكە پېتىنالمىدۇق ھەم فۇرقەتتىن تۇزۇلۇپ كېتەر، دەپ قورقتۇق.
— سەن ئېرىڭگە خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىدىغان تۇرساڭ، ساڭا قانداقمۇ ئۇ گەپنى دېيەلەيمىز!؟ جېنىم ئاداش، ئايشەم شۇنداق دەپ گۈلنارنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارغا قاراپ ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ تۇيۇقسىز ئاخشامقى قوشنامنىڭ قىلىقلىرى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. دەرھاللا مەرۋاننىڭ قۇيۇۋاتقان بوتۇلكىسىغا قارىدىم.

— ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ؟
— قۇيۇۋاتقىنىڭ نېمە؟
— ۋېيلوك... ئاران ئون بىر گرادۇسلۇق... مەرۋان ئاستا قۇلىقىمغا پىچىرلىدى:
— ئۇنىڭدىن كۈچلۈكرەكىنى ئىچكۈك بارمىدى يا؟
— خۇدايا توۋا دېگىن...
— مەن ئۇلارغا بوزەك بولماي، ئۈچ ئالاي دەيمەن. چولپان سەن ماڭا بىر پارچە ئەرز يېزىپ بەرگىن - گۇلنازنىڭ مەستلىك ھەم يىغىدىن قىزىرىپ خۇمارلىشىپ كەتكەن قاپقارا كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى كۆك كۆزلىرىگە قارىدىم.
— گۇلناز سەن فۇرقەتتىن ئاجراشماقچىمۇ؟
— ياق!
— ئەمىسە نېمىشقا ئەرز يازىسەن؟!
— مەن ئۇلارنى خەلقىئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلماقچى... ئاندىن ئۇ خوتۇندىن فۇرقەتنى تارتىۋالماقچى.
— فۇرقەتتىن مېھرىڭنى ئۈزەلمەيدىغان، ئائىلەڭنى ساقلاپ قالىدىغان يېرىڭ بولسا، ئۇلارنى ئەرز قىلما! قۇلىقىڭنى گاس كۆزۈڭنى قارىغۇ قىلىپ، ئەڭ ۋاپادارلىقىڭ، ئەپۇچانلىقىڭ بىلەن تۇرمۇشۇڭنى داۋاملاشتۇرۇۋەر، شۇنداق قىلساڭ فىرقەت ھامان سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ كېلىدۇ.
— غۇرۇرۇمنى مۇشۇنچىلىك دەپسەندە قىلغىنىمۇ يېتەر... مەن ئۇنداق گۆش باش ئەمەس.
— ئېرىمنى باشقا بىر خوتۇن يەنە كېلىپ ئۈزىدىن ئون ياش چوڭ خوتۇن تارتىۋالماقچى دەپ سوتلاردا ئەرز قىلىپ يۈرۈش ساڭا نومۇس ئەمەسمۇ؟... غۇرۇرۇڭ كۆتۈرەمدۇ؟ مېنىڭچە ئېرىڭنىڭ مۇشۇ يولغا مېڭىشىدا سېنىڭمۇ سەۋەنلىكىڭ بار، — دېدىم مەن.
— چولپان سەن دوستۇم ئەمەسكەنسەن، خەپ سېنىڭ ئېرىڭنىڭ بۇزۇلمىغىنىنى كۆرەرمەن، — دېدى گۇلناز قوللىرىنى

پېشانەمگە نوقۇپ تۇرۇپ.
— گۈلناز سەن مەست بولۇپ قالدىڭ، سەن ئەتىگەنچە ياخشىراق ئويلان، چولپاننىڭ گېپىنىڭ ئاساسى باردەك تۇرىدۇ، — مەرۋان رومكىغا هاراق قۇيۇۋېتىپ شۇنداق دېدى.
— مەرۋان، سەن مېنىڭ ئالدىمدا ئاز سۆزلە، مەنمۇ ساڭا ئوخشاش كۆڭلۈمنى تالادا خوش قىلىپ يۈرسەم ياخشى بولامتى؟! مەن سەندىن نەپرەتلىنىمەن، سەن ئەڭ خەتەرلىك خوتۇن بولۇپ كەتتىڭ...
— شۇنداق، سىلەر مەندىن نەپرەتلەنسەڭلا بولىدۇ. چۈنكى مەن ئۆيدە ئېرى، تالادا ئاشنىسى بار خوتۇن! بىراق نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالدىم؟ قايسىڭ بىلىسەن؟ سېنىڭغۇ ئېرىڭ ئۆزىدىن ئون ياش چوڭ پۇلى بار سودىگەر خوتۇن بىلەن تېپىشىۋاپتۇ، بۇنى ئاڭلىغىنىڭغا سارالڭ بولاي دەپسەن، مېنىڭ ئېرىم بەش يىلنىڭ ئالدىدا بىر خەنزۇ قىزدىن بالا تېپىپ قويۇپ، ئۇ خەنزۇ قىزغا ئون مىڭ يۈەن تۆلەپ، بالىسىنى ئالغۇزۇپ ئېرىمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمنى بىلىشەمتىڭ؟! نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالدىم؟ ئاشۇ بىر تال قىزىمنىڭ كەلگۈسى بەختى... ئون يىللىق ئائىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش... قېرىپ قالغان ئاتا ـ ئانىمىزنى ئاياش... جەمئىيەتتە سۆز ـ چۆچەك قىلىشتىن نومۇس قىلىپ... بىراق، بۇ ئېتىقادى يوق ئەردىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىدى، بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتتۇق. كۆرۈنۈشتە بىز ناهايىتى ئىناق، ئەمەلىيەتتە بىز ياخشى ئۆتۈۋاتقان قوشنىلار...
مەرۋان ناهايىتى هوزۇرلىنىپ سۆزلەۋاتقاندەك بىخارامان ئولتۇراتتى.
— مېنىڭ ئېرىم هاراق ئىچسىمۇ يەنە ياخشىكەن جۇمۇ، شۈكۈر قىلاي، — ئايشەم شۇنداق دەپ هەممىمىزگە تەكشى قارىۋالدى.
— ئاداش مېنىڭ ئېرىممۇ قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ

يىراق تالادا ئادىمى يوق، شۈكۈر دەي جۈمۈ؟ — دېدى زېھنايىمۇ سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ.

— مەنمۇ دىلشاتتىن بەزىدە تەسىرلىنىپ قالىمەن. كېچىلىرى مەھەللىگە مەست كېلىپ، ئۆيگە تېلېفون قىلسام پەسكە چۈشۈپ مېنى يۆلەپ تۆتىنچى قەۋەتكە ئەپچىقىدۇ. قۇسسام قۇسۇقلىرىمغا قاچا تۇتىدۇ، كېچىلىرى ئۇسساپ كەتتىم، دەپ تووۇلىسام ناۋات سېلىپ تەييارلاپ قويغان سوغۇق چايلارنى ئەپكېلىپ ئىچكۈزىدۇ.

مىرۋانمۇ ناھايىتى مەمنۇنلۇق تۇيغۇسىدا ماختىنىۋاتاتتى. سائىتىمگە قارىسام ئون بىر دىن ئېشىپتۇ.

— ئاداشلار ئۆزىمىزنى ئاقلاپ ئېرىمىزنى ماختاپمۇ بولدۇق، ئەمدى ئىچىمىزمۇ بوشىغاندۇ قايتامدۇق؟! ـ دېدىم ئۇلارغا.

ئايدىڭ كېچە، ئاپئاق قارغا دەسسەپ ئۆيۈمگە كېتىۋاتىمەن.

خىيالىمدا ئۇنىڭغا: «سەن بىر چاغدا، سەن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيۋاتىسەن، ئەتراپىڭدا پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن نەچچە يىگىتنى يۇغۇرساڭمۇ، مەندەك سۈباتتىن بىرسى چىقمايدۇ. دېگەندە سېنى تولا پو ئاتمىغىنا دېگىنىم ئېسىڭدىمۇ؟ بۈگۈن مېنىڭ ساڭا شۇنداق پو ئاتقۇم كېلىۋاتىدۇ. بۈگۈنكى سورۇندىكى بۇ چوكانلارنى يۇغۇرسىمۇ مەندەك چولپاننىڭ يېرىمىمۇ چىقمىغۇدەك. . . مۇھەببەت ـ نەپرەت، ئېتىقاد مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغان ئادەملەر شۇنداق بولامدۇ ـ يا؟» مەن خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىۋاتىمەن، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، ئۆيگە قايتقۇم يوق. ھەيرانمەن، نەچچە سائەتتىن بېرى ئەرلىرى ئۈستىدىن يىغلاپ شىكايەت قىلغان دوستلىرىم ئۆيىگە، ئەرلىرىنىڭ يېنىغا ئالدىراش تاكسى توسۇپ كېتىشتى. ئەمما ئۇلارنىڭ دەردىنى تىڭشاپ ئولتۇرغان خاتىرجەم ئائىلەم، لاياقەتلىك ئېرىم بولغان مەن دوستلىرىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۇزۇنغا سوزۇلغان سېمونت يولدا يالغۇز كېتىۋېتىپ، ئۆيۈمنىڭ مەن ماڭغانسېرى يىراقلاپ كېتىشىنى تىلەۋاتىمەن. ئىشىككە ئاچقۇچۇمنى سېلىپ ئېچىپ ئۆيگە

كىرگىنىمدە، ئىشىكتىن كىرگەندىلا، ئۇدۇل كۆرۈنىدىغان خورۇم ساپادا ئۇ ئولتۇرىدىغان يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈۋېتىپتۇ.

— بىر يەردە تازا ئىچىشكەن ئوخشىمامسىلەر؟

مەن ئۇدۇلۇمدىكى ساپادا پوشكال خېمىرىدەك ساقىپ ياتقان مۇرادقا لەپپىدە قارىدىم. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ماڭا ئىپادىسىز تىكىلىپ تۇراتتى.

— ئاچچىقىڭىز كەلدىمۇ؟

— ياقەي، سوراپ قويدۇم، ھازىر ئىچىشنى بىلمىگەن ئاياللار ياشاشنى بىلمىگەنلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ يېقىمسىز ئاھاڭدا سۆزلىگەن لاۋزا گەپلىرى كەيپىمنى ئۇچۇردى.

— سىزمۇ شۇنداق قارامسىز؟

— ئەلۋەتتە، سىز خەلقئارالىق ئاڭغا ئىگە مەندەك ئېرىڭىزنىڭ بولغىنىدىن پەخىرلەنسىڭىز بولىدۇ.

مەن ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە بىر ھازا تۇرۇپ كەتتىم.

— قانداق، مەن پەخىرلىنىشىڭىزگە ئەرزىمىدىكەنمەن؟

ئۇنىڭ قايتىلاپ سورىغان سوئاللىرىدىن خۇددى جۇڭگىيـــــى دورىسى ئىچكەندەك سەسكىنىپ كەتتىم.

— سىلەردەك ئەرلەرنىڭ قولىغا قالغان بىز ئاياللارنىـــــڭ كېلەچىكى قانداق بولار؟ — دېدىم ئەلەم بىلەن.

— بىزدەك ئەرلەرنىڭ قولىدا ئۆزىڭىز ئاســـــيادا تۇرۇپ، ياۋروپالىقتەك ياشاۋاتقانسىز؟! — دېدى ئۇ ساپادىن لىككىدە تۇرۇپ مەغرۇرانە قىياپەتتە.

— بىردەم كۆزۈمگە كۆرۈنمىسىڭىز بوپتىكەن؟ — دەۋەتتىم ئاخىرى ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالاشقۇم كەلمەي.

— بولىدۇ، مەن كۆزىڭىزدىن بىردەم يوقىلاي. ئەمما ھېلىلا يەنە ئۆز پۇتىڭىز بىلەن يېنىمغا كىرىسىز... ئۇ شۇنداق دېگەچ ساپما كەشنى شىپىلداتقىنىچە ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن دېگەن ئاخىرقى سۆزلىرى مېنىڭ جاراھەتلىك قەلبىمنى تۇز سۇيى قۇيغاندەك ئېچىشتۇردى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. بالكونغا چىقىپ ئوچۇق دېرىزىلەردىن ئاسمانغا قارىدىم. ئاي ماڭا مۇلايىم جىلمىيىپ قاراپ تۇراتتى. يۇلتۇزلار بولسا ئاينىڭ ئەتراپىدا خۇددى غەمسىز بالىلاردەك چىمىرلىشىپ تۇراتتى. شۇئان ئېسىمگە بىر ناخشا كەلدى.

كىچىكىمدىن يۇلتۇزۇمنى ئىزدەيتتىم،
ھەر ئاخشىمى تەلمۈرۈپ مەن ئاسمانغا.
تاپالمىدىم، تۇغۇلا دەيمەن بەختىمنى،
مېنىڭ بەختىم نېمە قىلسۇن ئاسماندا.

تۇيۇقسىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىپ قالدى. كېچە سائەت ئون بولۇشى بىلەن ياتاقلارنىڭ توكى بىردەك ئۆچۈرۈلەتتى. ئۇيقۇمىز قاچقان كۈنلىرى بىز كارىۋاتلىرىمىزدا ئولتۇرۇپ يېتىۋېلىپ، ناخشا ئېيتىشاتتۇق. ناخشىنى زۇمرەت بىلەن چىمەنگۈل ياخشى ئېيتاتتى. بىز ئۇلارغا ئەگىشەتتۇق. شۇ تاپتا ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى، سۆيۈملۈك ياتاقنى ھەم دوستلىرىمنى شۇنداق سېغىندىمكى...

— بۈگۈن ئۇيقۇڭىز كەلمىگۈدەك بىرەر ئىش بولغانمىدى؟ — ئۇنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى خىياللىرىمنى بۆلىۋەتتى. كەينىمگە قايرىلىپ قارىماستىنلا، ئۇيقۇم كەلسە نەچچە ئۆي بىكار تۇرمامدۇ، غەم قىلماي ئۇخلاۋېرىڭ! — دېدىم قوپاللا...

— سىرتتا بىرەرسى باردەكلا كۆزىڭىزنى سىرتتىن ئۈزەلمەي قاپسىزغۇ؟

— سۈكۈت قىلدىم.

— ھەرقاچان بۈگۈن دوستلىرىڭىز بىلەن جەم بولۇپ، ئىچىشكەچ كونا يىگىتلىرىڭلارنىڭ گېپىنى قىلىشقانسىلەر؟ شۇڭا

كونا ئۇتلار تۇتىشىپ ئۆچۈرەلمەيۋاتامسىزكىن دەيمىنا؟!

ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زەھەردەك ئاچچىق سۆزلىرى يۈرىكىمگە يېڭىنىدەك سانجىلىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ كەتتى. شۇ تاپتا مەن ئۇنىڭ ئورۇنسىز سېسىق گەپ قىلىشىنىڭ ئورنىغا سىرتتىن يۈزلىرىمنى قىزارتىپ كېچىدە لەلەڭشىپ كىرگەن چېغىمدىلا: «ئايال كىشى تۇرۇپ، يېرىم كېچىگىچە نەگە باردىڭ؟ ھاراق ئىچكىچە ئېشەكنىڭ سۈيدۈكىنى ئىچسەڭ بولمامدۇ؟ ـ دەپ تەستىكىمگە نەچچىنى ئۇرغان بولسىمۇ، يېنىكلەپ قالغان ھەم ئۇنىڭ ئەركەكلىكىدىن مەمنۇن بولغان، يىغلاپ تۇرۇپ گۇناھىمنى تونىغان بولار ئىدىم. ئەمما، ئۇنىڭدا ئۇنچىلىك ئاڭ، ئۇنچىلىك ئېتىقاد نېمە قىلسۇن؟ مەن قەلبىمدىكى بارلىق غەزىپىمنى كۆزلىرىمگە يىغىپ، ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ:

— شۇنداق قەلبىمدىكى ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتىدۇ، ئەركەك بولسىڭىز ئۇ ئوتنى ئۆزىڭىز ئۆچۈرمەمسىز؟ — دېدىم.

ئۇنىڭ چىرايلىرى قارىداپ، كۆزلىرىدىن ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ بىر ئۇچقۇن چاقنىدى. مەن ئۇنىڭ ئادەمنى بىزار قىلىدىغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، رەھمەتلىك ئانامنىڭ «قىز بالا دېگەن ئەر كىشىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىمايدىغان، گەپ ياندۇرمايدىغان، بولمىسا يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە ئالدىم. ئىچىمدىلا ئاللاھقا: «ئېھ! قۇدرىتى ئۇلۇغ، ئادەمنى، ئالەمنى ياراتقان ئاللاھ، ئالدىمدىكى مۇنۇ بەندەڭنى ئەرلا قىلىپ ياراتماي، ئەركەك قىلغان بولساڭچۇ؟ ئۇنىڭغا ۋىجدان، ئېتىقاد، ئەقىل، مۇھەببەت ھەم نەپرەت دېگەندەك ئوغۇل بالا ئۈچۈن مۇھىم نەرسىلەرنى تولۇق بەرگەن بولساڭ، مەنمۇ ھۆرمىتىم بىلەن لاپپىدە بىر قاراپ، يەرگە قارىۋالماسمىدىم؟ ئۇنىڭغا بۇنچە تىكىلىپ قاراشقا قۇربىم يېتەمتى؟! مەيلىم بولامتى؟!...» دەپ نىدا قىلدىم.

ھاياتنىڭ ئۆزگەرمەس رىتىمى بويىچە، بۇگۈن شۇنچە روھسىز

ئورنۇمدىن تۇرغان بولسامۇ، تېزراق بۇ «دوزاخ»تىن چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدىم. نەچچە يىلدىن بۇيان بولۇپمۇ مۇشۇ نەچچە ئايدىن بۇيان پۈتۈن ئەقلىم بىلەن ئويلاۋاتقان تەقدىرىمگە بۈگۈن بىر كىچە كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ، ئۆز تەقدىرىم ئۈستىدىن ئەڭ ئاخىرقى قارارىمنى چىقىرىپ، مۇراتتىن ئاجرىشىش ئەرزىمنى سوتقا تاپشۇردۇم، ئەركىنلىك نېمە دېگەن ياخشى - ھە؟ قىز چاغلىرىمدا باشقىلارنىڭ ئۆيىنى «دوزاخ»قا ئوخشاتسا ھەيران قاپتىكەنمەن. توۋا كۆڭۈلسىز تۇرمۇش دېگەن، ھەقىقەتەن قېنىڭنى چىقارماي جېنىڭنى ئالىدىغان، قاڭسىق، ئازابلىق، «دوزاخ» كەن ئەمەسمۇ؟ شۇنداق خىياللار بىلەن كېتىۋاتسام يانفونۇم سايرىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، چولپان تىنچلىقمۇ سەن، مەن خەدىچە.

— خۇداغا شۈكۈر، ئاداش ئۆزۈڭچۇ؟ بالىلىرىڭ تىنچلىقمۇ؟

— تىنچلىق ئاداش، مەن ساڭا بىر گەپ قىلىمەن، قورقۇپ كەتمىگىن جۇمۇ؟

— ئادەمنى ئەنسىرەتمەي، تېزراق دېگىنە نېمە بولدى؟

— چىمەن كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى، سەن بۈگۈندىن قالماي، بولسا ھازىرلا يولغا چىقمىساڭ بولمايدۇ.

— شۇنچە جىددىيمۇ؟

— شۇنداق ئاداش، ئەھۋالى ئېغىر، ئۇ سېنى نەچچە قېتىم سورىدى، بەلكىم ئۇنى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈڭ بولۇپ قالامدىكىن؟

بېشىمدىن بىر چېلەك سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم.

— نېمە دەيسەن، مەن ھازىر ئىشخانامغا بېرىپ رۇخسەت سوراپ ماڭاي.

يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدا مەن ئولتۇرغان ئاپتوبۇس

ئۇچقاندەك كېتىپ باردۇ. شوپۇرنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىگىلا ئورنىتىلغان تېلېۋىزوردا كۆكۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان گۇمبا ـ گۇمبالىق مۇشتلىشىدىغان فىلىم قويۇلۇۋاتىدۇ. مەن كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ چىمەن توغرىسىدا ئويلاۋاتىمەن.

— سىزمۇ مۇشۇ سىنىپتىمۇ؟

مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ يېقىملىق ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. تەبىئىي بۇدۇرە بولسا كېرەك، ئىككى تال ئۆرۈۋالغان چاچلىرى تولغىشىپ دولىسىغا چۈشۈپ تۇرغان، بېشىغا هال رەڭ گاز ياغلىق چېگىپ، ئۇچىسىغا تەنتەربىيە كىيىمى كىيىپ، مەيدىسىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى دېگەن ئىمزىنى تاقىۋالغان، غۇنچە بوي چىرايلىق بولغاندىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىز ماڭا تاتلىق تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى.

— هەئە، مەنمۇ مۇشۇ سىنىپتا.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟ نەلىك؟

— مەن مايتاغلىق، ئىسمىم چولپان.

— مەن خوتەن شەهەر ئىچىدىن، ئىسمىم چىمەنگۇل.

— مەن سىزنىڭ تەلەپپۇزىڭىزدىنلا خوتەنلىك ئىكەنلىكىڭىزنى بىلگەنتىم.

— مەن سىزنى ئۇرۇمچىلىكمىكىن دەپ قاپتىمەن.

بىز ئالىي مەكتەپنىڭ بوسۇغىسىدىلا شۇنداق تونۇشقان ئىدۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر زېهنى، تىرىشچانلىقى هەم خۇش ئاۋاز، چىقىشقاقلىقى بىلەن سىنىپتىلا ئەمەس، فاكۇلتېتلاردىمۇ تېزلا تونۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ دۇتار چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا ئوغۇللارنىلا ئەمەس بىز قىزلارنىمۇ نادامەت چەكتۈرۈپ قوياتتى.

— يائاللا چىمەنگۇل، ئوغۇل بالا بولغان بولسام چوقۇم سېنى ئالاتتىم! — دەپ چاقچاق قىلاتتى خەدىچە.

— خەپ چىمەن مەن سېنى ئىنىمغا ئېلىپ بېرىپ كېلىن

قىلىۋالمايدىغان بولسام، — دەيتتىم مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەۋسىم كېلىپ. . .

— ئاداش ئىنىڭ كىچىك تۇرسا مەيلىما! مايتاغلىقنىڭغۇ پۇلى جىق كەتسەم كەتتىم! - دەيتتى ئۇمۇ چاقچاق قىلىپ.

— ۋاي خۇدا، چولپان، «چىرايلىقتا ۋاپا يوق» دەپ ئاڭلىمىغانمۇ؟ بۇ خوتەنلىكنى قويۇپ، ئىنىڭغا مېنى ئېلىپ بېرە، غۇلجىنىڭ قىزلىرى ئىشچان، ۋاپادار كېلىدۇ، - دەيتتى رەھىمە چاقچاق قىلىپ.

— ھەي سىلەر ئاڭلىمىغانمۇ «سەتنىڭ قىلىقى سەت» دەپ، ئاجايىپ ۋاپادار ئايال بولىمەن جۇمۇ؟ . . . رەھىمە بىلەن چىمەننىڭ چاقچاقلىرى ئاخىرى كارۋاتتا يومداقلىشىپ، بىر - بىرىنى قىچىقلاشلارغا ئۆزگىرىپ كېتەتتى.

ئالىي مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغىچە، ئەتراپىدا پەرۋانە بولغان نۇرغۇن يىگىتلەرنى رەت قىلغان چىمەن ئاخىرى قوشنا سىنىپىمىزدىكى تۇرپانلىق يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالدى.

— قىز بالا دېگەن «ئۇقتا توختامسەن پوقتا؟ دېسە پوقتا» دېگەن شۇدە، شۇنچە ياخشى باللارنى رەت قىلسا بىرەر دۆلەتنىڭ شاھزادىسىگە تېگەمدىكىن دەپتىكەنمەن بۇنى، ھېلىقى تۇرپانلىق بىلەن يۈرۈۋاپتۇ، مۇنۇ بەغەرەز، — دەپ غۇدۇرىدى رەھىمە بىر كۈنى سىرتتىن كىرىپلا.

— كىمنى دەيسەن؟ دېدىم رەھىمەگە قاراپ.

— مۇنۇ سېنىڭ كېلىن ئاغىچاڭ، رەھىمە مېنىڭ ئاستىمدىكى چىمەننىڭ كارۋىتىنى شەرەتلىدى.

— قايسى تۇرپانلىق بىلەن؟ — سورىدى خەدىچە قىزىقىپ.

— ۋاي قايسى بولاتتى. سادىغاڭ كېتەيلەر، ئاخبارات سىنىپىدىكى ھېلىقى بۇرۇتلۇق خۇشتار دېگەن شالۋاقچۇ؟ !

«قىز بالىنىڭ ئەرگە تەگكىسى كەلسە، كۆزى كۆرمەپتۇ»

دەپ، چىمەن بىزنىڭ ھەر خىل ئۇسۇلدا خۇشتارنىڭ ئۆزگە لايىق ئەمەسلىكىنى دېگىنىمىز بىلەن ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ، مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆكۈپلا كەتتى. ئاخىر ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، خۇشتار بىلەن تۇرپانغا بۆلۈنۈپ كەتكەنىدى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بەش يىلدىن كېيىن مەن خىزمەت بىلەن تۇرپانغا بارغىنىمدا ئۇنى ئىزدىدىم. شۇ چاغدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى تۆت ياشقا كىرىپتۇ، چىرايلىرى ناھايىتى سۇلغۇن، مېنى كۆرۈپلا بويىنۇمغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېلىقى كۈلكىلەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن ياش توختىماي ئاقاتتى. ئۇ كۈنلەردە، مەنمۇ ئاپام تۈگەپ كېتىپ دادام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، توي قىلىپ بولۇپ دەردىمنى ئۆزۈم بىلىدىغان مەزگىللىرىم بولغاچقا، تازا يىغلىغۇ بولۇپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ ئۇششۇك تەگكەن گۈلدەك ۋاقىتسىز سولاشقان چىرايىدىكى سۇلغۇنلۇقتا قاراپلا يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنىڭغا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمىدىم، ئەمدى نېمە دېسەممۇ ئورنىغا كەلمەيتتى.

مەن بارغان كۈنىمۇ خۇشتار ئۆيگە بىر كېچە كىرمىدى.

— كېچىلىرى مۇشۇنداق ئۆيگە كىرمىسە قانداق بولىدۇ؟ كۆرۈشكەن بولسام، بىر گەپ قىلىپ قوياركەنمەن — دېدىم ئۇنىڭغا.

— ئاداش ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرىغا كۆنۈپ كەتتىم، ھېچقىسى يوق! — دېدى ماڭا سۇس تەبەسسۇم بىلەن.

— قىزلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەرگە تەگسە شۇنداق چىدامىلىق بولامدۇ - يا؟ دېدىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— بەلكىم، دېگىنىڭ ئورۇنلۇقتۇر، ئەمما مەنمۇ قانچىلىك چىدارمەنكى، مېنىڭچە سەن توغرا قىلىپسەن، «ياخشى كۆرگەننىڭ قولى بولغۇچە، ياخشى كۆرمىگەننىڭ گۈلى بول» دەپتىكەن، ئۇ تۇرمۇشلارغىمۇ كۆنۈپ كېتىسەن، — دېدى.

— كۆنۈپ كەتكەن بولسام ياخشى بولاتتى، — دېدىم ئېغىر ئۇھ تارتىپ.
— نەچچە كۈنىنىڭ ئالدىدا رەھىمە تېلېفون قىلىپتىكەن، ئۇ . . . ئۇ . . .
— چىمەن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەستىن ماڭا مەنىلىك قارىدى.
— رەھىمە سۇبات بىلەن توي قىلىدىغان بوپتۇ؟! — دېدىم چىمەنگە قاراپ.
— سەن ئاخىر ئاڭلاپسەندە؟! — چىمەن ھودۇققىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
— مەن ئۆزۈم سۇباتقا رەھىمە بىلەن توي قىلىشنى تەۋسىيە قىلىپ خەت يازغانىدىم.
— نېمىشقا؟
— رەھىمە ماڭاخەت يېزىپتۇ، ئۇ ناھايىتى سەمىمىيلىك بىلەن كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەپتۇ. مەن ئۇنىڭ سۇباتنى ياقتۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمما، بۇنچىۋالا ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىگە تەڭلا خەت يېزىۋەتتىم.
— مەن ئامال بولسا ئۇنىڭ تويىغا بېرىشقا تىرىشىمەن، سەنمۇ بارالامسەن؟ — چىمەن ماڭا سىنچى كۆزلىرىنى تىكتى.
— سەن نېمانچە نادان چىمەن؟ سۇبات ئىككىمىز شارائىت تۇپەيلى ئامالسىز ئايرىلدۇق. مەن رەھىمەگە سۇباتنىڭ جىسمىنى بەردىم. ئۇنىڭ روھىنى بېرىش مېنىڭ ياكى سۇباتنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەسكەن، بىزنىڭ جىسمىمىز گەرچە باشقا ئادەملەرگە تەۋە بولۇپ كەتسىمۇ روھىمىزنى ھېچكىم ئايرىيالمىغىدەك، بۇ ئاللاھ سالغان ئوتنى بەندىنىڭ ئۆچۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ. ئىش شۇنداق تۇرسا، ئۇنىڭ تويىغا

بارالارمەنمۇ؟ بولسا، ئۇنىڭ تويىنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى بىلمەي قالسام دەيمەن. ھەي چىمەن ساڭا ھەرقانچە دېسەممۇ چۈشەنمەيسەن، چۈنكى سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭدىن ئايرىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىدىڭ، — دېدىم مەن.

— چولپان، مەن شۇنداق بىر كۈننىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقىمەن، — ئۇنىڭ شۇ گەپنى دېگەندىكى ئاۋازى ناھايىتى زەئىپ ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمىدىم. چىمەن ئىككىنچى بالىسىنى تۇغۇپ، ئالتە ئايلىق بولغاندا، خۇشتار بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، خۇشتار كېيىن ئىدارىسىدىكى بىر قىزغا ئۆيلەنگەنلىكىنى، چىمەننىڭ ئاخىرى ئىككى بالىسى بىلەن يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىشنى ئويلىدىم، ئەمما نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدىم. تېلېفون قىلاي دېدىم، ئەمما تېلېفوندا ئۇنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاشتىن قورقتۇم. بۇلتۇر تېلېۋىزوردا چىمەننىڭ بالىسىنىڭ يېتۇپ كەتكەنلىك ئېلانىنى ئاڭلاپ خەدىچەگە تېلېفون قىلغاندا چىمەن بالىسىنى ئىزدەپ ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپتىكەن.

خەدىچە مېنى بىرىنچى دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدا ساقلىماقچى ئىدى. بىز شۇ يەردە كۆرۈشتۇق.

— چولپان، ئاۋۋال ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەۋالغىن، — دېدى خەدىچە.

— ياق، ئاۋۋال چىمەننى كۆرۈپ چىقاي، ئاندىن. . .

— يۈر، ئاۋۋال تاماق يەۋالايلى، بولمىسا ھېلى تاماق يېيەلمەيسەن.

مەن خەدىچەنىڭ جىددىي تەلەپپۇزىنى رەت قىلالماي ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىر ئاشپۇزۇلغا كىردۇق.

— ئاداش مەن ھېچنېمىنى بىلەلمىدىم، چىمەن زادى نېمە

كېسەل بولۇپتۇ؟ — دەپ سورىدىم جىددىيلىشىپ.

— ئۇنىڭ ئوغلى دىليارنى ئىزدەپ ئىچكىرىگە كەتكەنلىكىدىن خەۋىرىڭ بارتىغۇ ئاداش، ئۇ بېرىپ بالىسىنى ئىزدەش جەريانىدا، ئاپارغان پۇللىرىنى بالاڭنى تېپىپ بېرىمىز دېگەنلەرگە بېرىپ تاپالماي ئالدىنىپ، تۈگىتىپ ئامالسىز بىر ئاشخانىدا ئىشلەپتۇ. كېيىن بىر ئاق ساتىدىغان گۇرۇھنىڭ كانتۇۋشى چىمەنگە كۆزى چۈشۈپ: «ماڭا تەگسىڭىز ئوغلىڭىزنى تېپىپ بېرىمەن» دەپتۇ، بىچارە دوستىمىز بالىسى ئۈچۈن ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن ئەرگە تېگىپتۇ. ئارىلىقتا يەنە ئىككى ئاي ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئېرى مال يۆتكىگىلى چىقىپ كەتكەندە ئوغلىنى ئىزدەپ ھېلىقى ئۆزى بىر مەزگىل ئىشلىگەن ئاشخانىغا بېرىپتۇ. ئۇ تاماق ئۈستىلىدە ئالدىغا كەلگەن تاماقنى يېمەي، ئوغلىنىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئولتۇرغاندائۇن ئىككى ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا چىمەندىن:

— ھەدە سىز دىليانىڭ ئاپىسىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، جېنىم بالام، سەن دىليارنى تونۇمسەن، نەدە كۆردۈڭ؟ — دەپتۇ چىمەن جىددىيلىشىپ.

— ئۇنى خەمىت لوبەن بىر ئاينىڭ ئالدىدا بېيجىڭدىكى مەمەت لاۋبەنگە سېتىۋەتتى، سىز بېيجىڭغا بارسىڭىز دىليارنى تاپالايسىز دەپتۇ.

— جېنىم بالام، سەنچۇ؟ سەن كىمنىڭ بالىسى، سېنىڭمۇ ئاناڭ ماڭا ئوخشاش سەرسان بولۇپ يۈرگەندۇ، يۈر سەن مەن بىلەن دىليارنى تېپىپ بىرگە كېتەيلى، — دەپتۇ چىمەن يىغلاپ.

— ھەدە، مېنىڭ ئۆيۈم غۇلجىدا، مېنىمۇ خەمىت دېگەن ئەبلەخ هازىرقى مەريەم دېگەن لاۋبەنگە سېتىۋەتكەن. بېيجىڭغا بېرىش ئۈچۈن جىق پۇل كېتىدۇ. سىز تەييارلىنىپ مۇشۇ ئاشخانىغا كېلىڭ، مەن پۇرسەت تېپىپ سىز بىلەن بىرگە قاچاي. . .

— يارى! . . .

شۇ ئەسنادا بىر سەت سېمىز خوتۇن ھېلىقى بالىنىڭ قولىقىدىن سوزغىنىچە چىمەننىڭ يېنىدىن ئېلىپ كىتىپتۇ. چىمەن يىغلىغان پېتى ئۆيىگە قايتىپ ئوغلىنى تېپىپ بېرىمەن دەپ ئۆزىنى خوتۇن قىلىۋالغان ھېلىقى خەمىت دېگەن ئەبلەخكە قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ.

— سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى نېمىشقا بېيجىڭغا ئاپىرىپ سېتىۋەتتىڭ؟

— مەن سېنى تونۇماستا سېتىۋېتىپتىكەنمەن، مەن نۇرغۇن پۇل خەجلىدىم بالاڭنى چوقۇم ئەكىلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ ھېلىقى خەمىت دېگەن ئەبلەخ، چىمەن ئۆزىنىڭ يۈرەك پارىسىنى ئېلىپ قېچىپ، سېتىۋەتكەن ئەبلەخكە ئىككى ئايچە خوتۇن بولغىنى ئۈچۈن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپتۇ، ئورنىغا كەلمەيدىغان پۇشايماننى يەپ ئولتۇرماي، ھەرىكەت قىلىش كېرەك بولغاچقا چىمەن ھېلىقى ئەبلەخنىڭ يەنە جىددىي ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيدە بار پۇلنى ئېلىپ ھېلىقى ئاشخانىغا بېرىپ يارى دېگەن بالىنى ساقلاپتۇ. شۇ كۈنى چۈشلۈك تاماقتا ھېلىقى سېمىز خوتۇن بىر توپ بالىلارنى يەنە ئاشخانىغا ئېلىپ كەپتۇ. چىمەن يارى بىلەن كۆز ئىشارىسى قىلىشىۋېلىپ پۇرسەت تېپىپ قېچىپتۇ. پويىز ئىستانسىسىغا بېرىپ بېيجىڭغا بارىدىغان كەچلىك پويىزغا چىقىپ بېيجىڭغا كېلىۋاپتۇ. ئۇ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشى، ھەر يىلى ئاتكرىتكا ئەۋەتىدىغان مەتتۇرسۇن ئېسىگە باردۇ؟

— ھە، چىمەنگە ئاشىق ھېلىقى يۇرتلۇقمۇ؟ بىر قىشلىق تەتىلدە كەلگەنتىغۇ؟

— شۇ، ھازىر بېيجىڭدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ بىر نەشرىياتتا قالغانىكەن، ئۇ شۇ مەتتۇرسۇننى ئىزدەپتۇ. مەتتۇرسۇن بېيجىڭدىكى ساقچىلار ئارقىلىق يارىنىڭ يىپ ئۇچى بىلەن دىلىيارنى

ئىشلىتىۋاتقان مەمەت دېگەننىڭ ئۇۋۇۋسىنى تېپىپتۇ. چىمەن مەتتۇرسۇن بىلەن يول ئېغىزىدا باللارنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. ساقچىلارنىڭ يالىشى بىلەن بەش ئالتە بالا ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپتۇ.



— ئەنە، مەتتۇرسۇن، مېنىڭ يۈرەك باغرىم. قارا بەك ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، كىيىملىرى نېمانچە ئەسكىرىپ كەتكەندۇ؟ — دىليار...

— چىمەنگۈل ئۆزىڭىزنى تۇتىۋېلىڭ، ئوغلىڭىزنى ئەمدى ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. توختاڭ قىزىل چىراغ يانسۇن...
مەتتۇرسۇن ھاياجانلىنىۋاتقان چىمەننى تۇتۇپ تۇرغانىكەن.
— ئەمدى بولدى قىزىل چىراغ ياندى.
— دىليار!
دىليار تۇيۇقسىز ئاپىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چىمەن تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپتۇ.
— ئانا...
دەل شۇ چاغدا، قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا، بىر قارا پىكاپ ئۆچقاندەك چىقىپ دىليارنى سوقۇپ كېتىپ قاپتۇ ـ جېنىم بالام دىليار...
— ئانا مەن سىزنى بەكلا سېغىندىم...
دىليار شۇنداق دەپلا چىمەننىڭ قۇچىقىدا قانغا مىلەنگەن ھالدا جان ئۈزۈپتۇ. مەتتۇرسۇن ھەم ساقچىلار دىليارنىڭ بۇنداق ئۆلۈپ كېتىشىگە ئىشەنمەي، دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ.
— ماشىنىنى تۇتۇپتىمۇ؟ ـ كەينى بۆلدۇم جىددىيلىشىپ.
— ھېلىقى خەمىت دېگەن ئەبلەخنىڭ قەستى ئىكەن، شۇ كۈنىلا ئۆلارنىمۇ قولغا ئاپتۇ.
— دوختۇرلار بالىنىڭ جىگىرى ئېزىلىپ كېتىپتۇ، بالا ئاللىقاچان كېتىپ قاپتۇ. دېگەندىن كېيىن دوختۇرخانىغا كەلگىچە سەل ئۈمىد بىلەن تۇرغان چىمەن مەتتۇرسۇننىڭ دىليارنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپلا «دىليار سەن ئۆلگۈچە مەن ئۆلەي» دەپلا گۈپپلا يەرگە يىقىلىپتۇ، چىمەن شۇ ياتقىنىچە نەچچە كۈن ھوشسىز يېتىپتۇ. مەتتۇرسۇننىڭ ئايالى چىمەنگە قاراپتۇ. مەتتۇرسۇن ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن ئۇقۇشۇپ دىليارنىڭ مېيىتىنى

شىنجاڭغا ئېلىپ كېتىشىنىڭ يولىنى مېڭىپتۇ. چىمەننىڭ ھوشسىز ياتقىنىدا دوختۇرلار تەكشۈرۈش جەريانىدا ئاشقازان راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىغا كېلىپ، راكنىڭ ھەتتا ئۇچەيلەرگىمۇ تاراپ بولغانلىقى ئېنىقلىنىپتۇ. مەتتۇرسۇن بىلەن ئىككى ساقچى چىمەننى دىليارنىڭ مېيىتى بىلەن بىللە بىرگە ئېلىپ كەپتۇ. مەتتۇرسۇن بېيجىڭدا يولغا چىقىشتىن بۇرۇنلا بىزگە تېلېفون قىلىپتىكەن، بىز ئۇرۇمچىدىكى ساۋاقداشلار، يېقىن ئوقۇتقۇچىلار چىمەننىڭ يۇرتلۇقلىرى ئايرودرومغا چىمەننىڭ ئالدىغا چىقتۇق.

— خۇشتار دېگەن ئىپلاسقا خەۋەر قىلدىڭلارمۇ؟ — سورىدىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— ۋاي ئاداش «ئاپەت كەلسە تەڭ كەپتۇ» دەپ ئۇ ئايالى بىلەن جەنۇبقا ساياھەتكە كېتىۋېتىپ، يولدا قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ، تۈگەپ كەتكىلى تېخى بىر ئايمۇ بولماپتۇ.

— نېمە دەيسەن، ھەي، كېلىشمەسلىكلەر شۇنداقمۇ تەڭ كەلگەن بارمۇ؟ چىمەن ئايروپىلاندىن قانداق چۈشتى؟

— ئۇنىڭ ئايروپىلاندىن چۈشكەندىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايلىرى سارغايغان، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بىر بىچارە ئايال مەتتۇرسۇنغا يۆلىنىپ ھازا ئېچىپ چۈشۈۋاتامدۇ... راست گەپنى قىلسام مەتتۇرسۇننى كۆرمىسەم چىمەننى تونۇمايتىمكەن...

— جىگىرىم بالام، تىرىكى كېتىپ، ئۆلۈكى كەلگەن بالام... ئانىسىنى سېغىنىپ كەتكەن بالام!... خەدىچە، مەن تۈگەشتىم دەپ ئۇزىنى ماڭا ئاتتى... - خەدىچە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. بىز بىر ھازا ئۇنسىز يىغلاشتۇق.

— ئۇ خۇشتارنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى بىلدىمۇ؟

— بىلدۇرمەيلى دېسەك ئامال بولمىدى، دىليارنى يەرلىككە قويۇشنىڭ ئالدىدا چىمەن: «خۇشتارغا خەۋەر قىلايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن چىمەننىڭ مەكتىپىنىڭ باشلىقى چىمەنگە ھەممە

ئىشلارنى دېدى. چىمەن گەپ ـ سۆز قىلماستىن بىرەر سائەتكىچە يالغۇز ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئۈنسىز ياش تۆكتى. مەن ئۇنىڭ روھى جەھەتتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ يېنىغا كىرىپ ئۇنى مۇرىسىدىن تۇتۇپ سىلكىپ:

— چىمەن، يىغلىغۇڭ بولسا ئاۋازىڭنى چىقىرىپ يىغلاۋەرگىن، چۈنكى ئۇ سىنىڭ تۇنجى سۆيگەن يىگىتىڭ، قىز تەگكەن ئېرىڭ، دىليار بىلەن دىلنىگارنىڭ دادىسى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدىم.

ئۇ بىر ھازادىن كېيىن باغرىمغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئاداش ئۇ نېمانچە ۋاپاسىز، دىليارغۇ كەتتى، دىلنىگارنى بولسىمۇ باقامدىكىن دېسەم مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋاپتۇ، قىزىمنى قانداق قىلارمەن ئاداش، قارا يېتىم بولۇپ قالارمۇ ئاداش. . . ـ دەپ ھازا ئاچتى.

— دىليارنى ئۇرۇمچىدە يەرلىككە قويدۇڭلارمۇ؟

— ھەئە، چىمەن بالىسىنى، تۇرپانغا ئەكىتەي دېگەنىدى. بىز خۇشتارمۇ بولمىسا، يا تۇرپان چىمەننىڭ يۇرتى بولمىسا، ئىسسىقتا بالىنى تېزراق قويۇۋەتمىسەك بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن مېيىتنى بىزنىڭ ئۆيدىن چىقاردۇق. بالىنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن چىمەننىڭ مەكتەپ باشلىقى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇشقا بىر خىزمەتدىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، داۋالىنىش راسخوتىنى ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— چىمەن ئۆزى كېسىلىنى بىلمەمدىكەن؟

— بىلىدىكەن، بۇلتۇر كېسىلىنى بىلىپ داۋالانغۇچە ئوغلى يىتۇپ كېتىپتۇ، ئۇ بالىنىڭ دەردىدە كېسىلىنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. بۇ كۆتۈرگۈسىز خاپىلىقلار ئارقىسىدا راك ئاشقازاندىن ئۈچەيلەرگىچە تاراپ بولۇپتۇ. . .

— ئۇنىڭ قىزىچۇ؟

— ئۇنى خۇشتارنىڭ نەۋرە ھەدىسىگە قاراشقا بېرىپ كېتىپتىكەن. تۇنۇگۈن ئۇ چوكانمۇ بالىنى ئېلىپ كەلدى يېنىدا

بار.

— ئەتىگەندىن بېرى سېنى نەچچە قېتىم سورىدى... ساڭا دەيدىغان گېپى باردەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇنى كۆرگەندە ئۆزۈڭنى بەك تۇتمۇال، يىغلىما — خەدىچە ماڭا شۇنداق دەۋاتقان بىلەن ئۆزى بۇ سۆزلەرنى دېگۇچە يىغلاۋاتاتتى. ئىچىم ئاچچىق، كۆزلىرىمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئالدىمدىكى، سوۋۇپ قالغان سۈيۇقئاشقا تامچىلاۋاتتى.

چىمەن گۈلنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بىر دەستە ئەتىرگۈل ئېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئەگەر كېسەلخانىغا خەدىچە ئۆزى باشلاپ كىرمىگەن بولسا، مەن چىمەننى تونۇيالماي قالاركەنمەن. ياتاقتا قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال بىلەن ئىككى ياشلاردىكى قىزچاق چىمەننىڭ يېنىدا ئويناپ تۇرۇپتۇ. كارىۋاتتا بىر تېرە بىر ئۇستىخان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، تاتىراڭغۇ چىراي چىمەن كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ يېتىپتۇ. قولۇمدىكى گۈلنى خەدىچەگە تۇتقۇزۇپ، چىمەننىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا ئاستا كېلىپ، مەڭزىمنى ئۇنىڭ مەڭزىگە ياقتىم - يۇ، ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم، ئۇنىڭمۇ كۆز - ياشلىرى توختاۋسىز ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئورۇقلاپ قوشۇقتەك بولۇپ قالغان يۈزلىرىنى سىلىدىم، پېشانىسىگە چۈشۈپ قالغان بۇدۇر چاچلىرىنى قولۇم بىلەن تارىدىم. كۆزلىرىمدىكى ياشلار ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تامچىلاۋاتاتتى. يىغلىماسلىققا شۇنداق تىرىشقان بولساممۇ، بەرداشلىق بېرەلمىدىم، ئاخىر، چىمەننىڭ يۈزلىرىگە يۈزۈمنى يېقىپ تۇرۇپ:

— دەردلىرىڭنى تارتىشىپ بېرەلمىدىمغۇ، دوستۇم، يىقىلغاندا يۆلەلمىدىمغۇ دوستۇم، بىز شۇنداق شور پېشانىمۇ دوستۇم! ... دېگىنىمچە ئېسەدەپ يىغلىغاندىن كېيىن ئۆزۈمنى سەل بېسىۋالالىدىم.

— چىمەنلەر قاقاسلىققا ئايلاندى، دوستۇم، يۈرەك پارەم تۇپراققا ئايلاندى، دوستۇم، مەن بالىسىغا قارىيالمىغان ئەسكى ئانا،

كۆز ئالدىمدىلا بالامنى ماشىنا بېسىۋەتتى...!
يۈرەكلىرىم تۇگىدى... چىدىمىدىم، يۈرەكلىرىم لەختە بولۇپ كەتتى... ئۇنىڭ ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتكەن بولۇپ ناھايىتى زەئىپ ئىدى. يىغىدىن كېيىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ بىر پەس ئارام ئالغاندىن كېيىن كۆزلىرىنى لەپپىدە ئېچىپ ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىيالمىدىم. قارىسام لا يەنە ياش تۆكەتتىم. ئۇنىڭ ئورۇقلاپ كەتكەن قوللىرىنى ئالىقانلىرىمغا ئېلىپ سىلىدىم. ئۇ بېشىنى ئاستا خەدىچە تەرەپكە بۇرىدى ھەم بوش ئاۋازدا:
— خەدىچە، سەن سائادەت ئايلام بىلەن بالىنى ئاشخانىغا ئەپچىقىپ قويۇپ كىرە... تېزراق كىرگىن — دېدى.
مەن شۇندىلا ئۇنىڭ قىزىغا قارىدىم. بۇدۇر چاچ، يۇمىلاق يۈز، ئاق سۈزۈك، بوتا كۆز كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان... ياللا چىمەننىڭ تېرىسىنى چاپلاپ قويغاندەكلا تاتلىق بىر قىز... يۈزلىرى شالتاق، كىيىملىرى كىرلىشىپ قالغان قىزچاقنىڭ، ھەممە يېرىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. قىزچاقتا قاراپ يۈرىكىم ۋىژژىدە ئېچىشتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ مەڭزىگە يېنىك سۆيدۇم.
— جېنىم قىزىم، ئاپىڭىز بىلەن بولۇپ كېتىپ، سىزگە قارىماپتىمەن — دېدىم يىغلاپ.
— ئەكەل بالىنى، سەن چىمەن بىلەن بىردەم مۇڭدىشىپ تۇرغىن، مەن بۇلارنى ئاشخانىغا ئەپچىقىپ قويۇپلا كىرەي، — دېدى خەدىچە دىلنىگارنى قولۇمدىن ئېلىپ.
— چولپان، مېنى يۆلىگىنە، بىردەم ئولتۇرۇپ سەن بىلەن مۇڭدىشاي، — دېدى چىمەن ماڭا ئورۇق قوللىرىنى سوزۇپ، مەن ئۇنى يۆلىمەكچى بولۇپ، قولتۇقىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈردۇم، تۇۋا، ئۇ پاختىدەك يەڭگىل ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا ماموق ياستۇقنى يۆلەپ قويدۇم.

— چولپان، سەن بالىلىق بولمىغىنىڭ بىلەن، بالىغا ئامراقتۇ؟ ئۇ تۇيۇقسىز شۇنداق سوراپ قالدى ھەم مېنىڭ كۆزۈمگە ئاجايىپ بىر تەڭقىسلىق بىلەن قارىدى. شۇ دەمدە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە بىر خىل ئۈمىد ھەم ئۆتۈنۈش جىلۋىلەندى.

— شۇنداق، بەلكىم مەن بالىغا بەك ئامراقلىقىمدىن بالىلىق بولالمايۋاتامدىمەنكى... خۇددى «ئاشىق بولماق جۇدا بولارسىز، ئۆچلۈك قىلماق گىرىپتار بولارسىز» دېگەندەك، مەن بالىغا ئامراقلىقىمدىن كىچىككىمدە مەھەللىمىزدىكى كىچىك بالىلارنى قولۇمدىن چۈشۈرمەي بېقىپ بېرەتتىم. نېمە ئۈچۈنكى مەن نېمىگە ئامراق بولسام شۇ نەرسىلىرىمدىن مەھرۇم بولۇپ، نېمىگە ئۆچ بولسام شۇ نەرسىلەر ماڭا ماڭدامدا پۇتلىشىپ قوغلىشىپلا يۈرۈيدىغۇ... تۇنجى بالام بولسىمۇ، ھازىر تۆت ياشقا كىرەتتى. — دېدىم ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ.

ئۇ يەنە بىردەم جىممىپ كەتتى.

— چىمەن ئەجەب بۇنداق سوئال سوراپ قالدىڭغۇ؟ — دېدىم.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى سۆزىنى دېيەلمەيۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇ بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋەتكەندىن كېيىن، ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تۇرۇپ:

— چولپان، مەن ساقىيالمايدىغان ئوخشايمەن!... مېنىڭ يېتىملىكىم قىزىمغا مىراس قالىدىغان بولدى. مېنىڭمۇ بۇ دۇنياغا تارتىشقۇدەك يېرىم قالمىدى. پەقەت ئاشۇ قىزىمغا بەكلا قىيالمايۋاتىمەن. ئەمما ئاللاھدىن كەلسە ئامال يوقكەن، ماڭا ئەزرائىلدىن ئاللىقاچان خەۋەر كېلىپ بولدى. شۇڭا، مەن مۇشۇ قىزىمنى ئاۋۋال ئاللاھقا، ئاندىن قالسا ساڭا تاپشۇرسام، خاتىرجەم بولاتتىم. ئەمما، سەن نېمە دەيسەن، ئۇنى بىلمەيمەن. — چىمەن قوللىرىمنى چىڭ قىسىپ مېنىڭ كۆزلىرىمگە ئىلتىجا بىلەن قارىدى. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماستىن ئۇنىڭ قۇچىقىغا بېشىمنى قويۇپ يىغلىۋەتتىم.

— سەن ياشايسەن، جېنىم ئاداش، مەن سېنى قىزىڭ بىلەن

بىللە قوشۇپ، بىر مەزگىل باقاي، ياخشى بولۇپ كېتىسەن، قىزىڭنى ئۆزۈڭ بېقىپ قاتارغا قوشىسەن. . .
ئۇ جانسىز قوللىرى بىلەن چاچلىرىمنى سىلاپ تۇرۇپ:
— ساڭا خەدىچە دېمىدىمۇ؟ مېنىڭ ۋاقتىم ئاز قالدى، سەن كۆڭلۈمنى ياسىما، ئەمدى ئۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلايلى. ماڭا قارا، سەن يىغلىماي ماڭا راست گېپىڭنى دېگىن، مەن قىزىمنى بالدۇرراق بىرسىگە تاپشۇرۇۋالمىسام، ئۆلگۈرەلمەي كۆزۈم ئوچۇق كېتىمدۇ، — دېدى.
مەن ئۇنىڭ بۇ ئازابلىق مۇڭلىرىغا نېمە دەرمەن. . . مەن بەك ئاجىز ئىكەنمەن. ئۆلۈم ئالدىدىكى دوستۇم شۇنداق باتۇرلۇق بىلەن سۆزلەۋاتسا. . .
— چولپان، سەن بۇنداق يىغلىساڭ، قانداق بولىدۇ، غەيرەتلىك بولۇپ چىمەنگە تەسەللى بەرگىن، — خەدىچەنىڭ يىغا ئارىلاش ئاۋازى مېنى يىغىدىن توختاتتى.
— چولپان، چىمەننىڭ بۇ تەكلىپىنى ئويدانراق ئويلاپ جاۋاب بەرگىن، يولدىشىڭ بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن قارار چىقارساڭمۇ بولىدۇ، ئەمما دىلنىگارغا سەنلا ئانا بولالىساڭ چىمەنلا ئەمەس، بىز ھەممىمىز خاتىرجەم بولاتتۇق، — دېدى خەدىچە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ رەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر ئۆتۈنۈش بار ئىدى.
— ئاداش، دىلنىگارنىڭ ئىككىنچى تەقدىرى، خۇشتارنىڭ ھېلى سەن كۆرگەن نەۋرە ئاچىسىغا بېرىش، ئۇ ئايلىمىزنىڭمۇ ئۈچ قىزى بار دېگىنىمە؟ — چىمەننىڭ بۇ سۆزلەرنى دېگەن ئاھاڭىدىن قىزىنى ئۇ ھەدىسىگە قالدۇرغۇسى يوقلۇقى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.
مەن ھالسىز ياتقان دوستۇمنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھاياتنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى سۇس پىلدىرلاپ، يۈرەكلىرىمگە جۇدالىقتىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى. شۇ تاپتا ھايات بىلەن خوشلىشىۋاتقان بىر بەختسىز دوستۇم، ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىنى مەندىن كۈتۈۋاتاتتى. مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە

بۇ بىچارىگە «ئويلىنىپ باقاي» ، «مەسلىھەتلىشەي» دېگەندەك مۇجمەل جاۋابتىن كۆرە، ئۇنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنىڭ ھەققى ھۆرمىتى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىشەنچىسى بەدىلى ئۈچۈنلا، ۋىجدانىم، ئادىمىيلىقىم، ھەم ئوتتەك يۈرىكىم بار بىر ئايال بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن كەسكىن، جاۋاب بېرىشىمنى بۇيرۇدى.

— چىمەن، بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇشى ئاللاھنىڭ ئانا ۋە مىللەتتىن ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكىنىڭ ھەم ئۇلارغا بولغان قىزغىن سۆيگۈسىنىڭ يارقىن بەلگىسى. بالا يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ۋەتەن، مىللەتنىڭ ئاتا - ئانىلار قولىدىكى ئامانىتى، ئاللاھ خۇشتار ئىككىڭلارنىڭ قولىدىكى بۇ ئامانەتنى بىردىنلا ماڭا نېسىپ قىلسا، سەن قولۇڭدىكى بۇ بىباھا ئامانەتنى، ئۆز قولۇڭ بىلەن ماڭا تاپشۇرماقچى بولۇۋاتساڭ، مەن بۇ گۈزەل، سۆيۈملۈك ھەم قىممەتلىك ئامانىتىڭنى، تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان چەكسىز شاپائىتى، سېنىڭدىن ماڭا قالغان تەۋەررۈك دەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن. ئاللاھ نېسىپ قىلسا مەن قىزىڭنى «قاناتلىققا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇققا چوقتۇرماي قاتارغا قوشۇشقا ۋەدە بېرەي، — مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرىنى يەنە ئالىقىنىمغا ئالدىم.

ئۇنىڭ چىرايى خۇددى تاش ھەيكەللەرنىڭكىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. نۇرسىز كۆزلىرىدە رازىمەنلىك ئارىلاش سۇس تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، ئۇ ناھايىتى زورۇقۇپ تۇرۇپ:

— مەن ساڭا ئىشىنەتتىم، چۈنكى سېنىڭ باغرىڭ يۇمشاق، سەن بەك مېھرىبان... مەن شۇڭا ئاخىرقى ئۈمىدىمنى ساڭا باغلىغان... ساڭا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن...

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانچە پەسلەپ كەتتى.

— چىمەن، گەپ قىلماي ئارام ئال... — دېدىم ئۇنىڭ بارغانچە ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتقىنىدىن تەشۋىشلىنىپ.

— مەن ئەمدى خاتىرجەم. . . مېنى تۈز ياتقۇزۇپ قويۇڭلار. . . بەك چارچاپ كەتتىم — ئۇ شىۋىرلاپ سۆزلەۋېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

خەدىچە ئىككىمىز چىمەنگە قاراپ قېتىپ ئولتۇراتتۇق. ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ دىلشات بىلەن سۇبات مېۋە - چېۋە كۆتۈرۈپ كىردى. مەن داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم. كۆزلىرىمگە ئىشەنمىگەندەك، بىر هازا خىيالىي بىر تۇيغۇنىڭ ئالدىشى بولسا كېرەك، دېگەن ئويدا بولغاندەك، خەدىچەنىڭ يولدىشى، هەم ساۋاقدىشىم دىلشاتقىمۇ سالام قىلماي، داڭقېتىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن.

— چولپان سەن قاچان كەلدىڭ؟ — دىلشاتنىڭ بوش ئاۋازدا سورىغان سوئالىدىن كېيىن، ئۆزۈمگە كېلىپ بوشقىنا:

— ئىككى سائەتتەك بولدى، — دېدىم.

— سۇباتتىن ئەهۋال سورىمايسەنغۇ؟ — دىلشاتنىڭ قەستەن چىشىمغا تېگمۋاتقىنىغا خەدىچەنىڭ ئاچچىقى كەلدى بولغاي:

— هېلى تالاغا چىققاندا سورىۋاله، — دېدى تېرىككەن ئاهاڭ بىلەن.

— چولپان يۈرە، بىزنى خۇشتارنىڭ هەدىسى ئىزدەپ قالمىسۇن چىقىپ باقايلى، چىمەن بىردەم ئۇخلىسۇن ماۋۇ يىگىتلەر بولغاندىكىن، — دېدى.

خەدىچەنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ئالەمچە خۇش بولۇپ كەتتىم، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئالدىراپ سىرتقا ماڭدىم.

— هېلى سۇباتنىڭ كەلگەنلىكىنى دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن ئاداش بۇ تۇيۇقسىز بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەردىن ئېلىشىپ قالايلا دېدىم. چىمەنگە ئىچكىرىدە ئۇچرىغان هېلىقى يارى دېگەن بالا سۇباتنىڭ هەدىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن، هەدىسى بالىسىنىڭ دەردىدە ئاغرىپ قاپتۇ، شۇڭا سۇبات يېزىنىسى بىلەن بىرگە كەپتۇ، ئۇ بۇ ئەهۋالنى بىلگەندىن كېيىن يېزىنىسىنى بالىسى بىلەن يولغا

سىلىقۋېتىپ، تۈنۈگۈندىن بىز بىللە، — دېدى خەدىچە چۈشەندۈرۈپ.

— خەدىچە، ئاۋۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرايلى، بېشىم قېيىۋاتىدۇ، — دېدىم خەدىچەنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ.

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمچە شۇنداق بىر يىغا كەلدىكى، ئۆزۈمنى تۇتالماستىن، ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇپ يىغلاپ كەتتىم. خەدىچە مېنىڭ يىغلىۋېتىشىمنى ئالدىن بىلگەندەك، چاچلىرىمنى سىلاپ ئولتۇردى. شۇ تاپتا ماڭا ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىسى قالمىغاندەك، ھەممە خۇشاللىقلار، ئارمانلار چىمەن بىلەن تەڭ تۈگىگەندەك تۇيۇلدى. توۋا، شۇنچە باتۇر، شۇنچە خۇش ئاۋاز، مەرد، ۋاپادار، ناھايىتى تاتلىق شېئىرلارنى يازغان چىمەن بىردەمدە، ئۇ دۇنيانىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپتۇ دېسە... ئارىلىقتا قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىلمىدىم، تىزلىرىمغا تەگكەن كىچىككىنە قولنىڭ غىدىقلىشىدىن ئالىقانلىرىمنى يۈزۈمدىن ئاجراتتىم. ئالدىمدا، بۇدۇر چاچلىق دىلنىگار ماڭا قاراپ غەمسىز كۈلۈپ تۇراتتى.

— ئاپاش... — دىلنىگارنىڭ بۇ چاقىرىشى بىلەن تەڭ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم زىلزىلىگە كەلدى، سۇسىز، قۇرۇپ قالاي دېگەن قەلبىمگە، شىپالىق يامغۇر ياغقاندەك، چەكسىز مۇھەببەتكە تولۇپ، ئازابلىق ياشلار تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرىمدە ئۈمىدنىڭ شولىسى ئۇچقۇندىدى.

— خەدىچە، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇ مېنى ئاپا دەۋاتىدۇ...

— كېلىڭ، قىزىم، مەن سىزنىڭ ئاپىڭىز... بىز بۈگۈندىن باشلاپ بىر - بىرىمىزگە يار - يۆلەك بولىمىز، قەلبىمىزدىكى مۇھەببەتسىز قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزلىرىمىزغا ئانا - بالىلىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ مۇھەببەتنىڭ ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئۈندۈرىمىز، پورەك - پورەك گۈللەرنى ئېچىلدۇرىمىز... مېنىڭ

قاقشال بولۇپ كەتكەن قەلبىم سىز بالامنىڭ مۇھەببىتىدىن سۇ ئىچىدۇ. . . مەن سىزگە ئەڭ لاياقەتلىك ئانا ھەم ئاتا بولۇشقا تىرىشىمەن. يۈرەكلىرىم شۇنداق شىۋىرلايتتى، قوللىرىم تىترەيتتى، بەختسىز دوستۇمنىڭ يالدامىسى، تەگرىنىڭ ئىلتىپاتى بولغان دىلنىگارنى كۆتۈرۈپ، باغرىمغا مەھكەم باستىم. قىزچاقمۇ مەندىن قىلچە يېتىرقىماستىنلا يوينۇمغا ئېسىلىپ مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

— چولپان، بۈگۈن سەن ئاجايىپ بىر ئالىيجانابلىق ھەم بەك باتۇرلۇق بىلەن چىمەنىنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىڭ، يولدىشىڭ نېمە دەر؟ تۇرمۇشۇڭغا تەسىر يېتەرمۇ؟ بولسىغۇ بۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلىغىنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمى كېلىپ، ساڭا يەنە بىر بالا بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى خەدىچە تەشۋىشلىك ئاھاڭدا.

— خەدىچە، سەن بۇ ئەندىشىلىرىڭنى دېمىگەن بولساڭ، مەنمۇ ھازىرقى روھىي ھالىتىمنى ساڭا دەپ سېنىڭ كۆڭلۈڭنى غەش قىلماقچى ئەمەس ئىدىم. ئاداش مەن كۆپ تىرىشتىم، ئاياللارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ۋاپادارلىقىم بىلەن ياخشى ئايال بولۇشقا تىرىشتىم. ئەمما قاملاشتۇرالمىدىم. جېنىم خەدىچە، مەن مۇشۇ يەتتە يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمدىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مۇھەببەت ئەسلى يۈكسەكلىك، قۇدرەتلىك، يېقىملىق ۋە يارقىن پەزىلەتلەرنىڭ ئىجادچىسى ئىكەن. مۇھەببەتسىز ئائىلە قۇم ئۈستىگە سېلىنغان ئۆيدەك ئۆمرى قىسقا بولىدىكەن.

— نېمە دېمەكچى سەن؟

— ئاجرىشىمەن.

— ئۇ ئاخىرقى قارارىڭمۇ؟

— شۇنداق، ئاداش يەتتە يىلدىن بېرى قەلبىمنى ئۆرتەۋاتقان قاقشىق ئازابلىرىمنى، ساختا كۈلكىلىرىم، سۇكۇتلىرىم بىلەن يوشۇردۇم. ئاددىيسى ئۆزۈمنى روھىم بىلەن جىسمىم، ۋىجدان بىلەن ئەخلاق يەنە سۆبات بىلەن مۇرات ئوتتۇرىسىدا تەڭ قىسلىقتا

يۈرۈپ بەك چارچاپ كەتتىم. يۈرەكلىرىم مۇھەببەتسىز تۇرمۇشتا تىتىلىپ كېتىۋاتسىمۇ، مەن ئابرۇيي قوغلىشىپ، ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانىدا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، يالغان كۈلۈپ ياشىدىم. ئويلىسام، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئون يىلدىن بۇيان مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ئاز ئويلاپتىمەن. ئاپامنىڭ تويۇقسىز ئۆلۈمى مېنىڭ تەقدىرىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. دادامنىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ پالەچ بولۇپ يېتىپ قېلىشى، تېخى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان سىڭلىم، تەڭلا يىگىت بولۇپ قالغان ئىككى ئىنىمنىڭ كېيىنكى ئىشلىرى مېنىڭ زىممەمگە چۈشتى. ئانامنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدىكى «قىزىم سەن ئەمدى ئۇكىلىرىڭغا مېنىڭ ئورنۇمدا ئانا بول» دېگەن ۋەسىيىتى مېنى ئۆزۈمنى ئۇنتۇشقا، سۆباتنىڭ ئانىسىنىڭ قارشىلىقلىرىغا بويۇن ئېگىشكە، رەھىمەنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن يازغان خەتلىرىگە مەردلەرچە جاۋاب يېزىپ سۆباتنى يېتىم قالدۇرۇپ، گۈزەل ئارمانلار چىن ئەقىدە بىلەن تۆت يىللىق مۇھەببىتىمىزنى ھالقىلىق پەيتتە ئۆز قولۇم، ئۆز مەيلىم بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. يۈرىكىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئاجايىپ ئىشتىياقىم بىلەن سۆيگەن ھەم سۆيۈلگەن يىگىتىمنى، رەھىمەگە يىغلاپ تۇرۇپ ئۆتۈنۈپ بەردىم. ئاز كۈندىن كېيىن دادامۇ ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئۇكىلىرىمغا ھەم ئانا ھەم ئاتا بولۇش ئۈچۈن مېنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ ئەرگە تەگدىم. مەن ناھايىتى نادان ئىكەنمەن. مەن چوڭلارنىڭ «نىكاھ ئىسسىقلىق بېرىدۇ» دېگەن سۆزىگە ئىشىنىپ قاپتىمەن. ئۇ ئوقۇمىغان، ھەم مۇھەببەتلىشىپ باقمىغان، ئەر بولسىلا ھېساب قىلىدىغان ئاياللارغا قارىتا ئېيتىلغان سۆز بولسا كېرەك. مەن تويدىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمدا ئورنىغا كەلمەيدىغان چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلگىنىمدە، جاھان قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتتى. ئەمما، مەن يەنە لېۋىمنى چىشلەپ تەقدىرىمگە تەن بېرىپ، ۋاپادار ئايال ھەم ياخشى كېلىن

بولۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتىم. ئەمما، مۇرات مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقالمىدى. قېرىشقاندەك، ھەر بىر قەدىمىدە مېنى ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭدىن ھەر قېتىم كۆڭلۈم ئاغرىغاندا سۆباتنى ئېسىمگە ئالدىم. بۇ يىل 5 ـ ئايدا سىڭلىمنىڭ تويىنى قىلىپ زىممەمدىكى يۈكلەرمۇ ئورۇندىلىپ بولدى. ئەگەر مۇشۇ جەرياندا مۇرات ماڭا ھەمدەمدە بولۇپ، ئىنىلىرىمغا ئاتامنىڭ ئورنىدا مۇئامىلە قىلغان بولسا ئىدى، مەنمۇ يۈرىكى گۆش ئادەم بولغاندىكىن، ئۇنىڭغا ۋىجدانىم بىلەن مۇئامىلە قىلار ئىدىم. بىز ئاياللار «ئۆشكە يېغى» تۇرساق، بىر ئۆمۈر مۇراتنىڭ ۋاپادارلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە رازى ئىدىم. ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئۇنداق قىلغۇچىلىكى يوق، شەخسىيەتچى، ئابرۇيپەرەس، كۆڭلى قارا ئەبلەخ چىقتى. ئۇ ئەركەك بولسا مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى ئۆزى ئىگىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ھەر قەدەمدە شۇنچە يىراقتىكى سۆباتنى تىلغا ئېلىپ، قەلبىمدىكى جاراھىتىمنى قاناتتى. بارغانسېرى نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتتى. مەن قانداقمۇ ئۆز نەزىرىمدىن چۈشۈپ كەتكەن ئۆزۈم كۆزگە ئىلمايدىغان ئەركە ئايال بولالايمەن؟ مەن ئادەتتىكى يەپ ئىچىپ، كىيىشنىلا ئويلايدىغان ساپاسى تۆۋەن ئاياللاردىن بولمىسام، قەلبىمدە ئوتتەك ئارمانلىرىم، كەلگۈسۈمگە بولغان نۇرغۇن ئۈمىدلىرىم قەلبىمدە يېلىنجاۋاتقان بىر ئوقۇمۇشلۇق ئايال تۇرۇپ، ماڭا يول باشلايدىغان يەرلەردە ماڭا ئىتائەت قىلىدىغان، مېنى ھۆرمەتلەيدىغان چاغلاردا ماڭا ئازار بېرىدىغان ئۇنداق ئەركە قانداقمۇ ئايال بولارمەن؟ بۇ ئۆزۈمنى دەپسەندە قىلغىنىم، ئۆز قىممىتىمنى يەرگە ئۇرغىنىم ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ باشقىلار تەلپۈنىدىغان، دوستلىرىم ھەۋەس قىلىدىغان ھوقۇقى ئۈچۈن، يۇقىرى مائاشى، ئاجايىپ بېزەلگەن داچىسى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قىمار ئوينىمايدىغان، نېشە چەكمەيدىغان، مېنى ئۇرمايدىغان، ئاشنا ئوينىمايدىغان ئېسىل پەزىلەتلىرى ئۈچۈن، جىمجىت ئائىلەم

بىر - بىرىمىزنى سىز دەپ ھۆرمەتلەشمىدىغان، مېنىڭ نەدە تۇرۇشۇمنى نېمە قىلىشىمنى باشقۇرمايدىغان، «كەيفاڭ» مىجەزلىرى ئۈچۈن، لېۋىمنى چىشلەپ باشلىق ئېرى بار ئېسىل سۈپەت ئاياللار قاتارىدىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، نومۇسسىزلارچە ئۆزۈمنى ئالداپ ئۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن ئەرنىڭ قوينىدا يېتىپ، روھى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك خورلىنىپ يۈرەمدىمەن؟! ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنىڭ قارشىلىقى، يۈز - ئابرۇيىنى دەپ سۈكۈت قىلىپ يۈرەمدىمەن؟ ئويلىسام ھەممە ئادەمنىڭ چىرىغى ئۆزىگە يانىدىكەن، قازىنى ئۆز ئۆيىدە قايناي دىكەن. مېنىڭچە ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەم بىلەن بىر ئۆيدە ياشاشمۇ ئەخلاقسىزلىق!...

— دېگەنلىرىڭ ھەق، ئاداش. «كېچە قانچە ئۇزۇن بولسا، چۈشمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ» دېگەن گەپ بار، بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئىكەنسەن، تېزراق بىر تەرەپ بولۇپ كەت، بۈگۈن چىمەنگە قاراپ ھاياتنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ھەم چەكلىكلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئادەم ئاۋۋال ئۆزىنى ئۆزى سۆيۈشى، ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلىشى كېرەككەن، شۇندىلا باشقىلارمۇ سېنى سۆيىدىكەن ھەم قەدىرىڭگە يېتىدىكەن. نەچچە يىلدىن بېرى سەن كۆپ پۇچىلاندىڭ، قېرىنداشلىرىڭ ئۈچۈن ياشىدىڭ، ئەمدى ھەممىسىنىڭ چىرىغى ئۆزىگە يورىيدۇ. سېنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئازابلىرىڭغا ھېچكىم ئورتاقلىشىپ بېرەلمەيدۇ. كېيىنچە سېنى ئۇرۇمچىگە ئەكىلىۋالارمىز، — دېدى خەدىچە ماڭا تەسەللى بېرىپ.

— ئاداش كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بەخت تۇرمۇشتىكى خاتىرجەم ئائىلىسىگە، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكىلا قارىتىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ھەتتا ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنلەرنى ئاساسەن «بەختسىز» بولۇپ قالدى دەپ ئاتاۋاتىدۇ. مېنىڭچە بۇ تۇرمۇشتىكى مەغلۇبىيەت، ھەرگىزمۇ بەختسىزلىك ئەمەس، مانا مەن ھازىرقى ئەرنىڭ قولىدىكى ھالىمدىن ئاجرىشىپ كەتسەم يالغۇز

ياشاشنى ئۆزۈم ئۈچۈن بەخت دەپ قارايمەن. مېنىڭچە بەخت دېگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى خۇش بولغان، كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئىشلارنى قىلىپ ئۆزىگە خۇشاللىق تېپىش. نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان مەن كۆڭۈلسىز تۇرمۇشىمدىن قۇتۇلسام، خىيالىمدا سۇبات بىلەن رېئاللىقىمدا قەلبىمىم ماڭا ھەمراھ بولىدۇ دەپ ئويلايتتىم. چۈنكى مەن يالغۇز ئەمەس قەلبىمدە ئۆزۈم تاللاپ، چۈشىنىپ سۆيگەن ئادىمىم بار. مېنىڭچە ئەڭ چوڭ ئازاب، كۆڭلىدە چىن كۆڭلىدىن سۆيگەن ئادىمى بولماسلىق، ئۆزىنىمۇ سۆيدۈرەلمەسلىك، تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن ماڭا يەنە بىر مەسئۇلىيەت ئارتىلدى. ئاياللار ئۈچۈن ئانا بولۇشمۇ كىچىك بەخت ئەمەس، مەن ئويلايمەن مەن تۇغۇلۇشتىنلا شۇنداق شور پېشانىمۇ؟ باشقىلار ھېچقانداق قۇربان بەرمەيلا ئېرىشىدىغان نېسىۋىلەرگە مەن ناھايىتى تەستە، كۆپ ئەجىرلەردىن كېيىن ئېرىشىمەن. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىمۇ بىرىنچى قېتىملىق نەتىجەمنى باشقىلارغا ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، مېنىڭ نەتىجەمگە باشقا بىرسى ئالىي مەكتەپكە كىرىپ، مەن مايتاغ تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق قايتا ئوقۇپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچى بولۇپ قالغان ئىدىم. شۇ چاغلاردا خىزمەتكە ئورۇنلىشىشمۇ ناھايىتى ئاسان ئىدى. شۇڭا، مېنىڭ قايتا ئىمتىھان بېرىدىغىنىمنى ئاڭلاپ مېنى «نېمانچە ئەخمەق» دەپ كۈلۈشكەنلەرمۇ بولغان. ئەمما، مەن چوقۇم ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇم كېرەك دەپ ئالدىمغا قاراپ كېتىۋەرگەن ئىدىم. ئاخىرى ئاللاھ مېنىڭ ئەقىدەمدىن تەسىرلەندىمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۇم، ھەتتا ئۆزۈم سۆيىدىغان ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇدۇم. مۇھەببەت تارىخىمدىمۇ ماڭا شۇنداق ياخشى ئەقىللىق يىگىتلەر ئۇچراشتى. ئەمما ھامان ئۇلارنى مەندىنمۇ بەك سۆيىدىغان پىداكار قىز پەيدا بولۇپ قالدى. سۇباتنى مەن شۇنداق ئىشلاردىن مۇستەسنا دەپ يۈرسەم، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزدا ئازراق ئوڭۇشسىزلىق بولۇشىغىلا، مېنىڭ بەش يىل

بىر سىنىپتا ئوقۇپ، بىر ياتاقتا بىر ناننى تالىشىپ يېگەن، رەھىمە بىر يۇرتلۇق بولغىنى ئۈچۈنلا، سۆباتنى بەختلىك قىلالايدىغانلىقىنى ئۈنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر جاپادىمۇ ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. تەقدىر دېگەن سەن قىچىپمۇ قۇتۇلالمايدىغان رېئاللىق ئىكەن. ئانا بولۇشقا كەلسەك، مەن بەش - ئالتە ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ئاش - نان يېيەلمەي سېزىك تارتىپ، ئاچچىق تولغاقلارنى يەپمۇ ئېرىشەلمىگەن بالىغا، جان - جىگەر دوستۇمنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرى نەتىجىسىدىن كېيىن مۇنۇ سۆيۈملۈك پەرىشتەمگە ئانا بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتىم. مانا بۇ مەن ئۈچۈن تەستە قولغا كەلگەن بەخت! مەن ئەمدى مۇشۇ بەختىمگە شۈكرى قىلىپ مېھرىبان ھەم مەسئۇلىيەتچان ئانا بولۇشقا تىرىشىمەن، — دېدىم قۇچىغۇمدىكى دىلىنىگارغا مېھرىم بىلەن تەلپۈنۈپ قاراپ.

— چولپان مېنى بەك تەسىرلەندۈردۈڭ، مەن سېنى ئون يىلنىڭ ئالدىدىكى، ئوقۇغۇچى چاغلىرىمىزدىكى ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، كۆڭلى ناھايىتى نازۇك چولپان دەپلا يۈرۈپتىمەن. «بەختسىزلىك ئەڭ چوڭ ئالىي مەكتەپ» دېگەنگە ئىشەندىم. سېنى بۇ ئون يىل ئالاھىدە تاۋلاپتۇ. سەن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا باشقا بىر ئايالنىڭ (دوستۇڭ بولسىمۇ) باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىنى باغرىڭغا قىزىم دەپ چىڭ باسالىغىنىڭنىڭ ئۆزىلا سېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭنى چوقۇم خۇشال ھەم بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىڭنى چۈشەندۈردى. چۈنكى كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، مېھرىبان ئادەم ئۆزىگە كەلگەن خۇشاللىقنىمۇ، ئازابلارنىمۇ قوبۇل قىلالايدۇ، شۈكرى قانائەتچان كېلىدۇ — دېدى خەدىچە كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ.

— مېنى سەندەك چۈشىنىدىغان يەنە بىرسى يوق، — دېدىم. مەنمۇ كۆزلىرىمدىكى ياشلىرىمنى سۈرتكەچ.

— ياق، خاتالاشتىڭ، سېنى يەنىلا سۆبات

بەك چۈشىنىدىكەن — دېدى خەدىچە سەل تىترىگەن ئاۋازدا.

— نېمە دېمەكچى سەن؟

— ئاخشام چىمەننىڭ قىزىنى ساڭا بەرگۈسى بارلىقىنى بىلىپ بىز ھەممىمىز ئارىسالدى بولدۇق. سېنى ئۇنىماي قالارمۇ دەپ ئەنسىرىدۇق. ئەمما سۇبات شۇ يەردىلا چىمەنگە «چىمەن سەن بەك توغرا ئويلاپسەن، ئۇ شۇنداق كەڭ قورساق، شۇنداق مېھرىبانكى، چولپاننىڭ ھېلىغۇ بالىسى يوقكەن، بالىسى بولغان ھالەتتىمۇ، سېنىڭ قىزىڭنى يەنە ئۆز قىزىدەك باغرىغا باسىدۇ» دېگەنىدى.

خەدىچەنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شۇ دەقىقىدە ئىسسىق بىر ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تارىدى. يۈرىكىم ئېيتقۇسىز بىر بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدى. ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسە ماڭا شۇنچە گۈزەل، شۇنچە سۆيۈملۈك كۆرۈندى. ئىچىمدە مېنى شۇ دەرىجىدە چۈشەنگەن سۇباتىم بىلەن بىر ئۆمۈر خىيالىمدا روھىمىز بىلەن بىرگە ياشاشنى قەسەم قىلدىم.

دوختۇرنىڭ «كېسەلنى ئەمدى ئەپچىقىپ كېتىپ ئاخىرەتلىك تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈڭلار» دېگەن سۆزىدىن كېيىن چىمەننى خەدىچەنىڭ ئۆيىگە ئەپچىقىۋالدۇق. ئۇرۇمچىدىكى ئون نەچچە ساۋاقداشنىڭ ھەممىسى خەدىچەنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئوغۇللار سىرتتىكى ئىشلارنىڭ تەييارلىقىغا چۈشتى. بىز قىزلار تەييارلىقنى نېمىدىن باشلاشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ، خەدىچە بىرەر چوڭراق قوشنىسىدىن سوراي دەپ تۇراتتى. ئىشىك چېكىلىپ، خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا، بىز بەش يىل بىر سىنىپتا ئوقۇپ، بىر ياتاقتا ياتقان جانجىگەر دوستىمىز زۇمرەت يىغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى. بىز ئۇنىسىز يىغلىشىپ دىدارلاشتۇق. ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئوقۇپ، شۇ يەردە خىزمەت قىلىۋاتاتتى.

— سېنى ئاللاھ يەتكۈزدىغۇ بىزگە، قاچان كەلگەن

ئىدىڭ، — دېدى خەدىچە يىغلاپ تۇرۇپ.

— بايىلا ئايروپىلاندىن چۈشتۈم، ئاپام تېلېفوندا چىمەننىڭ ئەھۋالىنى دېگەندى، قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىدىم، تەقدىرگە تەن بەرگۈم كەلمىگەندەك، شۇ كۈنىلا ماشىناقچى بولغانىدىم، بىراق ئۇ كۈنى ئايروپىلان بولمىغاچقا، بىر كېچە كۆزۈم ئۇچۇق تاڭ ئاتقۇزدۇم...

— سېنى كېلىپ قالدىمىكىن دەپ چوڭ ئۆيۈڭگە تېلېفون قىلسام، سەن كەلمەپسەن، شۇڭا ئاپاڭغا بىرەر قۇر ئەھۋالنى دەپ قويغانىدىم، ئۆزۈمىمۇ ساڭا تېلېفون قىلارمەن دەپ ئويلىغان ئەمما بۇ ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن تۇيۇقسىز ئىشلار بىلەن ھودۇقۇپلا قالدىم، — دېدى خەدىچە.

— ئاپامغا دەپ بولسىمۇ ياخشى قىپسەن، بولمىسا سىلەردىن رەنجىپ قالاتتىم. بۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بار ئىش ئەمەسمۇ؟

— باللىرىڭىزمۇ ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ مەردانمۇ كەلدىمۇ؟ — بىز تەرەپ - تەرەپتىن سوئال سورايتتۇق.

— كەلدى باللارمۇ تەتىل بولغان، ئېلىپلا كەلدۇق. مەن ئاۋۋال چىمەننى كۆرۈپ چىقايمۇ؟ زۇمرەت چىمەننىڭ يېنىغا كىرگەندە، چىمەن كۆزلىرىنى غۇۋا ئېچىپ ياتاتتى.

— چىمەن، قانداقراق تۇرىسەن؟ قارا مەن سېنى سېغىنىپ كەلدىم، — دېدى زۇمرەتمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا چىمەننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

— رەھمەت ئاداش، ئازراقلا كېچىككەن بولساڭ مېنىمۇ كۆرەلمەيتتىڭ؟ رەھمەت، سەن دىليار بىلەن تېلېفوندا سۆزلەشكەن بىلەن كۆزۈڭ بىلەن كۆرمىگەنتىڭ، ئۇ بەك ئەقىللىق، بەك چىرايلىق خۇددى دادىسىدەكلا چىرايلىق چوڭ بولغانىدى... مەن چىدىماي قالدىم... چىمەننىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلار كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدىن ساقىپ قۇلاقلىرىغا قۇيۇلۇۋاتاتتى.

— چىمەن، مەن ساڭا ئەرەب خەلىپىلىكىدە بولغان بىر ئىشنى

سۆزلەپ بېرەي ئاڭلىغۇڭ بارمۇ؟ — دېدى زۇمرەت چىمەننىڭ چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— مېنى يۆلەڭلار، مەن سېنى بەك سېغىنغانىتىم، گەپلىرىڭنى بەك ئاڭلىغۇم بار، ھېلىقى ئۈچ يۈز يىگىرمە تۆتىنچى ياتاقتىكى چاغلىرىمىزنى بەك ئەسلەيمەن. قېنى سۆزلە پاراڭلىرىڭلارنى ئاڭلىۋالاي! . . .

— زۇمرەت، چىمەن سېنى كۆرۈپ خېلىلا جانلىنىپ قالدى. قېنى پاراڭ سېلىپ بەرگىنە؟ — دېدىم مەنمۇ ئاخشامنىڭياقى خىرە كۆزىنى ئېچىپ ھېچنېمە خۇشياقمىغاندەك ياتقان چىمەننىڭ چىرايلىرىدىكى سۇس تەبەسسۇمنى كۆرۈپ.

— مەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىگە بارغان بىرىنچى يىلىم مېنىڭ بىر قوشنامغا شۇنداق قوش مۇسىبەت كەلدى. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر قىز بىر ئوغلى بولۇپ قىزىنى سۇرىيەگە ياتلىق قىلغانىكەن. مەن قوشنا بولۇپ بارغاندا شۇ قىزى تۇغۇتلۇق ئىكەندۇق. قىزىنىڭ قىرىقى توشۇپ سۇرىيەگە يولغا سېلىپ قويماقچى بولۇپ ئوغلى ھەدىسىنى، بوۋاقنى ماشىنىسىدا ئايروپورتقا ئېلىپ كېتىۋېتىپ، ماشىنا ھادىسىسىدە بىراقلا قازا قىپتۇ. مەكتەپتىن كەلسەم قوشنىلار شۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. مەن قوشنامنى كۆرگىچە قوشنامنى قانداق ھالەتتە كۆرۈشۈمنى تەسەۋۋۇر قىلالماستىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كىرسەم، قوشنام ئۈنسىز ياش تۆكۈپ، كىرگەن پەتىچىلەرنىڭ تەسەللىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇ. قوشنامنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغا قاراپ، ئىچىمدە ۋارقىراپ بىر يىغلىۋەتسىچۇ؟ دەپ كەتتىم، ئەمما قوشنام كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارغىمۇ خىجالەت بولۇۋاتقاندەك لىچىكىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ «ئەلھۇكمۇ لىللا، ئاللاھ ئۆزى بېرىپ، ئۆزى ئەكەتتى، شۈكۈر بالىلىرىمنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى بەرسۇن» دېدى.

ئۆيگە قايتىپ چىققاندىن كېيىنمۇ بۇ ئىش ماڭا بەك تەسىر

قىلدى. مېنىڭ شۇ چاغدىكى خىيالىمدا بولسا ئۇ ئانا ئاللا ـ كاللا دەپ قوشاق قېتىپ، هازا ئېچىپ نەچچە هوشىدىن كېتىشى كېرەك ئىدى. ئەتىسى مەكتەپكە بارغاندا پارتىداش ساۋاقدىشىم ئەرەب چوكاندىن سورىدىم، ھەمدە بىزنىڭ ۋەتەندە بولىدىغان ھازىلارنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ: ماڭا مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بەردى، «بىزنىڭ ئىسلام تارىخىمىزدا بىر دانىشمەن ئايال ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئۆلۈمدەك سالمىقى ئېغىر بۇ تېمىغا ناھايىتى ئىخچام قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەرگەچكە تارىخ بەتلىرىدە تەكرار ـ تەكرار پۈتۈلگەنىكەن. بۇ دانىشمەن ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خادىمى ئەنەس ئىبنى مالىكنىڭ ئانىسى رۇمەيسا بولۇپ، ئۇ ئىككىنچى قېتىم ئەنسارىلاردىن بولغان ئەبۇ تەلھەگە ياتلىق بولغان. بىر قېتىم ئەبۇ تەلھەنىڭ كىچىك ئوغلى ئاغرىپ ياتقاندا ئەبۇ تەلھە سەپەرگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئوغلىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ كېتىپ دادىسى كەلگىچە ئۆلۈپ كېتىپتۇ. رۇمەيسا ئۆيدىكىلەرگە ئەبۇ تەلھەگە بۇ خەۋەرنى ئۆزى ئېيتىدىغانلىقىنى ھەممىسىنىڭ سۈكۈت قىلىشىنى تاپىلاپتۇ. رۇمەيسا ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئەبۇ تەلھەنى كۈتۈۋاپتۇ، ھەم ئالدىغا تاماق كەلتۈرۈپتۇ. ئەبۇ تەلھە ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا، رۇمەيسا: «ئۇ ئەڭ تىنچ ھەم ياخشى ھالەتتە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەبۇ تەلھە بۇنى ئوغلۇم ھازىر ياخشىلىنىپ قاپتۇ دەپ چۈشىنىپتۇ. ئۇ كېچە ئىككىسى بىللە بوپتۇ، ئەتىسى رۇمەيسا ئېرىگە: «پۈكۈنى ئادەم پۈستانى قەبىلىدىكى ئادەملەرگە مەلۇم ۋاقىت مېلىنى ئىشلىتىپ تۇرۇشقا ئامانەت قويۇپتىكەن، ئۇلار مالنى ئىشلىتىپتۇ؛ بەھرىمەن بوپتۇ، مۆھلەت توشقاندا مال ئىگىسى مالنى قايتۇرۇشنى سوراپتىكەن ئۇلار بەرگىلى ئۇنىماپتۇ» دەپتۇ. ئەبۇ تەلھە: «دۇنيادا شۇنداقمۇ يولسىزلىق بارمىكەن، ئارىيەت ئالغان نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇش ئەقەللىي قائىدە تۇرسا» دەپتىكەن، رۇمەيسا:

«ئوغلىمىزمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن ئامانىتى ئىدى، جان ئىگىسى بولغان ئاللاھ ئامانىتىنى ئالدى» دەپتۇ. بۇ شۇم خەۋەردىن ئەبۇ تەلھە قاتتىق قايغۇرۇپتۇ. ۋە: «ئىنسان دېگەن شۇنداق بىرەر مۇسىبەت يەتكەندە، سەن ئېيتقان ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئاللا — توۋا كۆتۈرىدۇ. سىنىڭ سۆزۈڭ ماڭا سەۋر ئاتا قىلدى، شۇڭا مەن پەقەتلا ئاللاھ قۇرئاندا ئېيتقان: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىمىز، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز دەيمەن» دەپتۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇمەيسانىڭ ئاقىلانىلىكىدىن، ئەبۇ تەلھەنىڭ سەۋرىسىدىن خۇرسەن بولۇپ، ئىككىسىنىڭ شۇ كېچىسىگە بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىپتۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن رۇمەيسا ھامىلىدار بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويۇپتۇ. ئابدۇللاھ تەقۋادارلىقى ۋە باتۇرلىقى بىلەن زور شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ، ئون ئوغۇل پەرزەنتلىك بوپتۇ.» مەن بۇ ھەدىستىن شۇنى چۈشەندىمكى، ئاللاھ بىز بەندىلىرىنىڭ شۈكۈر قانائەتچان، بەردەم بولۇشىمىزنى خالايدىكەن. ئاللاھ: «شۈكۈر قىلساڭ ماڭا، يەنە بېرەي ساڭا» دېگەنىكەن، شۇڭا دوستۇم شۈكۈر قىلغىن، ھېلىمۇ ياخشى، ئوغلۇڭ سىنىڭ قولۇڭدا جان ئۈزۈپتۇ. ئاخىرەتلىكلىرىنى ئۆز قولۇڭدا ئورۇنداپسەن، سەن كۆرمەستە، خەقنىڭ يۇرتىدا كوچىلاردا جەسىتى قالسا قانداق قىلاتتىڭ؟ سەن ئاق كۆڭۈل ۋاپادار ئانا بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ئاللاھ بالاڭنى ئاخىرقى تىنىقىدا بولسىمۇ سەن بىلەن دىدارلاشتۇرۇپتۇ، ئوغلۇڭنى تۇغقان چېغىڭدا تازا خۇش بولغان بولغىيتتىڭ؟ ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتقىن. زۇمرەتنىڭ ناھايىتى يۇمشاق ئاھاڭدا بەرگەن تەسەللىلىرى چىمەنىنىلا ئەمەس، ھەممىمىزنى تەسىرلەندۈردى، ھەم تەسەللى بولدى.

— زۇمرەت، مېنىڭ ئاتا - بوۋام ئىمانى بار، ئېتىقادى كۈچلۈك مۇسۇلمان ئىدى. ئەمما مەن مۇسۇلمانلىق بۇرچلىرىمنى

ئادا قىلىپ بولالمىدىم. ئىشىك تۈۋىگە ئەزرائىــــل كەلگەندە بولسىمۇ، تونۇۋا قىلاي، بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، مەن ناماز ئوقۇشنى بىلمەيتتىم. ئاداش ماڭا ئـايـەت ئـوقـۇپ بـەرگىن تـاڭـلاپ ياتاي. . . — چىمەننىڭ ئاۋازلىرى پەسلەپ كېتىۋاتاتتى.

زۇمرەت تەرەتلىرىنى ئېلىپ كىرىپ چىمەننىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ:

— چىمەن، ئاللا رەھمەت قىلغۇچى، تۆۋە قىلغانلارنىڭ تۆۋىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئىشىكلىرىنى ئاچىدۇ. بىز ھەممىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز. ئەمما قاچان، قەيەردە، كېتىدىغانلىقىمىزنى ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدۇ. ماڭا ئەگەشكىن، ئىمان يېڭىلايمىز. «بىسمىللاھىر ـ رەھمانىر ـ رەھىم. . .» چىمەن زۇمرەتكە ئەگىشىپ ئاغزىنى مىدىرلىتىۋاتقان بىلەن ئايەتلەرنى تولۇق تەلەپپۇز قىلالمايۋاتاتتى.

— ئۇسساپ كەتتىم، ئۇسساپ. . . چىمەن بوش ئىڭرىدى.

— ئاغزىڭنى ئاچقىن، مانا ياســن دىمــدى سىنىــڭ تەشنالىقىڭنى قاندۇرسۇن، بىسمىللاھىر رەھمانىر ـ رەھىم!

چىمەن تەكلىماكاننىڭ چۆللىكىدە ئۇسسۇز قالغان ئادەمدەك ياسىننىڭ دەمدىسىنى چاكىلداپ تۇرۇپ بەش ـ ئالتە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن سەل ئارام ئالغاندەك بولۇپ زۇمرەتكە لەپپىدە قاراپ:

— سېنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئەمدى ياسىننى ئوقۇغىن، ياسىننى ئاڭلاي، — دېدى بوشلا.

— خەدىچە، ئۆيدە قۇرئان بارمۇ؟ — دەپ سورىدى زۇمرەت.

— بار، ئاچىقايمۇ؟

— ئۆيۈڭدە قۇرئان ساقلىغىنىڭغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، تېز ئەپچىققىن، — دېدى زۇمرەت.

زۇمرەت قۇرئاننى ئېچىپ، بوش ئاۋازدا قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. زۇمرەت ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمىزدا ناخشىنىمۇ ناھايىتى

ياخشى ئېيتاتتى. مۇنۇ چىمەن ئىككىسى سىنىپىمىزنىڭ ناخشىچىلىرى ئىدى. مانا ئەمدى قۇرئاننىمۇ ناھايىتى مۇڭلۇق قىرائەت قىلىۋاتاتتى. قىرائەتنىڭ مۇڭى بىلەن تەڭ مېنى يەنە يىغا باستى. مەن چىمەنگە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئازابلارنىڭ ئورنىنى خاتىرجەملىك ئىگىلەپ، خۇددى ئانىسىنىڭ ئەللەي ناخشىسىدا ئۇيقۇغا ماڭغان بوۋاقتەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى. بىز بىر كېچە چىمەننىڭ بېشىدا ئولتۇردۇق. سەھەردە خەدىچە ئىككىمىزمۇ زۇمرەتنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، بامدات نامىزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، زۇمرەت چىمەننىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇرۇپ «ياسىن» ئوقۇغاچ ئاغزىغا دەمىدە تېمىتىۋاتاتتى. چىمەن توساتتىنلا كۆزلىرىنى لاپپىدە ئاچتى. بىردىنلا قوشۇمىلىرىنى تۈرۈپ گويا بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپىغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى.

— چولپان، بالىنى ئېلىپ كېلە. . . — دېدى خەدىچە.

مەن دەرھاللا يان ئۆيدە بەخىرامان ئۇخلاۋاتقان قىزىمنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ چىقتىم. چىمەنگە قاراپ:

— قارا، ئاداش قىزىم تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ، — دېدىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بوشقىنا شىۋىرلاپ، ئۇ بىر قىزىغا، بىر ماڭا قارىغاندىن كېيىن كۆزلىرىدىكى ئەنسىزلىكنىڭ ئورنىنى خاتىرجەملىك ئىگىلىدى. ناھايىتى تەستە سۇس تەبەسسۇم بىلەن ماڭا قىزىنى تاپشۇردى بولغاي، يەنە كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى.

— خۇشتار، ئەكەل بالىنى مەن كۆتۈرۈۋالاي. . .

— ئاستىراق تۇۋلا، دىليار ئويغىنىپ كېتىدۇ. . . مەن قېشىڭغا كېتىۋاتىمەن. . . ۋاي - ۋۇي نېمانچە چىرايلىق گۈللەربۇ؟! . . . دەرىزىنى ئېچىۋېتىڭلار:

چىمەن جۆيلەۋېتىپ ئويغانغاندەك كۆزلىرىنى غۇۋا ئېچىپ ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىدى.

— خەدىچە، دېرىزىنى ئېچىۋەتكىنە، — دېدى زۇمرەت

ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلار ئۇنىمۇ بىزنىمۇ بەك ئازابلايدىغان، يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان مىنۇتلار بولدى. ئۇنىڭ چىرايىدا تۇساتتىنلا چەكسىز ئىتائەتمەنلىك ۋە مۇلايىملىق ئەكس ئەتتى. ئۇ كۆزلىرىنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىنى يىغىپ دېرىزە تەرەپكە قارىدى. بەلكىم ئۇ كۈننىڭ نۇرىنى، قۇياشنى، خۇدانىڭ پۈتكۈل دۇنياسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈۋالماقچى بولسا كېرەك، پەردىنى قايرىۋەتكەن بولساقمۇ، لېكىن ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان ئاسمان ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ خۇددى مۇشۇ بەختسىز دوستۇمنىڭ سەكراتتىكى ھالىتىگە ئوخشايتتى. سىم ــ سىم يامغۇر دېرىزە ئەينەكلىرىگە تېگىپ چىمەن ئۇچۇن ھازا ئېچىۋاتاتتى.

ھاياتىنىڭ خۇشاللىقىدىن، خاپىلىقىنى كۆپرەك تارتقان دوستۇم چىمەننىڭ ئۆلۈمىنى ساۋاقداش، دوستلار باش قوشۇپ تۇرۇپ ئۇزىتىۋالدۇق. بۇگۇن چىمەننىڭ تۇنجى ئازنا ئاخشىمى ئىدى. ئەسىردىن يېنىپ كىرگەن جامائەتنى ئۇزىتىپ بولۇپ ئەرلەرمۇ قايتىشتى. دىلشات بىلەن سۇبات سىرتنى ئايلىنىپ كىرەيلى دەپ چىقىپ كېتىشتى. ئۆيدە زۇمرەت، رابىيە، مەن، خەدىچە ۋە ساۋاقدىشىمىز نىجاتنىڭ ئايالى ئايگۈل بار ئىدى.

— قېنى ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار نەچچە كۈندىن سىلەرمۇ كۆپ جاپا تارتتىڭلار، — دېدى خەدىچە قىزلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلغاچ ئۆزرە قويۇپ.

— يەنىلا ئەڭ كۆپ جاپا چەككىنى سىلەر، دىلشات ئىككىڭلار ساۋاقداشلىقنى تازا يەتكۈزدىڭلار، مۇئەللىملەرمۇ، باشقىلارمۇ بىزدىن بەك تەسىرلىنىپ كېتىپتۇ، مەردانىمۇ ماڭا «زۇمرەت، سىنىڭ ئالتۇندەك ساۋاقداشلىرىڭ بار ئىكەن، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئەسقاتقان دوستلارنىلا ھەقىقىي دوست دېسە بولىدۇ» دەپ كەتتى، — دېدى زۇمرەت كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا.

— ئويلىسام ئوقۇپتۇق، خىزمەتكە چىقىپتۇق، توي قىپتۇق، باللىق بوپتۇق. . . دېگەندەك ھاياتنىڭ رىتىملىق تەرتىپى بويىچە

توختىماي كىتىۋېتىپتۇق. مۇشۇنداق ئالدىراپ ئىشلىشىمىز، توختىماي ئىزدىنىشىمىزنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى يەنە شۇ ياخشى ياشاش ئۈچۈن ئىكەن. ياخشى ياشاشنىڭ مەقسىتىچۇ؟ ياخشى يەپ ياخشى كىيىش ئۈچۈنما؟ ياق بىزنىڭ جاپا چېكىپ تەر ئاققۇزۇشىمىزدىكى مەقسەت مۇھەببەت ئۈچۈن، ھاياتقا، كەسپىمىزگە، ئاتا ـ ئانىمىزغا، باللىرىمىزغا ھەم دوستلارغا بولغان مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن ئىكەن. ئەگەر دۇنيادا مۇھەببەت بولمىسا ئادەمنىڭ ياشىشىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدۇ. بىزنى شۇ مۇھەببەتلا ھەر قانداق ئېغىر كۈنلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلالايدىكەن. رەھمەتلىك دوستىمىزنى ئېلىپ ئېيتايلۇق. ئۇ خۇشتارغا بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى بىلەن كۆڭۈللۈك ياشاۋاتاتتى. خۇشتارنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئاشقازىنىدا راك پەيدا بولغان، باللىسىنىڭ، خاپىلىقى ئاخىردا پاجىئەلىك تەقدىرى، چىمەننى بىراقلا ھالاك قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭغا بېيجىڭدىكى ساۋاقدىشى مەتتۇرسۇننىڭ ياردىمى، بۇ يەرگە كەلگەندە بىزنىڭ غەمخورلۇقىمىز بولمىغان بولسا. . . ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى بولغان قىزىنى باغرىغا باسىدىغان چولپاندەك ۋاپادار دوستى بولمىغان بولسا. . . ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلەردىكى جان ئۈزگەن چاغدىكى خاتىرجەملىكى بولارمىدى؟ ئۇ بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز بىلەن يەنە ھاياتقا قىيالمىغان ھالدا كۆز يۇمدى، — خەدىچە كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالدى.

بىزمۇ كۆز يېشى قىلىۋاتاتتۇق.

— زۇمرەت تىيەنچى زىبنما رې سىز شۇنداق ئورنىۋالساڭ ئىسسىپ كەتمەمسەنكە؟ — دېدى ئايگۈل يېڭى تىلى چىققاندەك بالىدەك قىينىلىپ تۇرۇپ.

«قىچىشمىغان يەنى قاشلىغاندەك» بۇ نېمە دەيدىغاندۇ گەپنى بۆلۈپ» دەپ غۇدۇرىدىم ئىچىمدە.

— سىزچۇ، نەچچە كۈندىن بېرى شۇنچە كۆپ جامائەت،

ئانىڭىز، دادىڭىزدەك كىشىلەر ئارىسىدا كىچىك بالىنىڭ قول ياغلىقىدەك گاز ياغلىقىنى بېشىڭىزغا ئارتىۋالغان بىلەن، يېڭى يوق، چوڭ يوتىڭىز ئوچۇق، قىسقا كىيىملەر بىلەن يۈرۈپ خىجالەت بولمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى زۇمرەت ئايگۈلنىڭ سوئالىغا سوئال قايتۇرۇپ.

— مەن نېمىشقا خىجىل بولغىدەكمەن؟ مەن ئىشقىمۇ شۇنداق بارىدىغان تۇرسام. سىز دېگەن سا يىسى؟ — دېدى ئايگۈل تىلىنى چايناپ.

— مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمان ئايالمەن. ھەمدە يېقىندىلا ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلدىم، قۇرئان كەرىمدە بىز ئاياللارنى مۇشۇنداق ئورۇنۇپ يۈرۈشنى بۇيرۇغان، مەن مۇشۇنداق يۈرۈشنى خالايمەن، — دېدى زۇمرەت ھەربىر سۆزىنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ.

— ئۇنداقتا ئاجى بولسا بەك مافەن ئىكەن، مەن ھەرگىز ئاجى بولالمىغۇدەكمەن، — دېدى ئايگۈل غازىنىڭ بويىنىدەك ئۇرۇق بويۇنلىرىنى ياپالمىغان شالاڭ چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن ئوينىغاچ يالغان ھىجىيىپ.


— ھاجى بولۇش ئېغىر كەلسە، ماڭا ئوخشاش خىرىستىئان بولۇڭ! قاراڭ، — قارا يەڭسىز ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغان رابىيە قولىنى شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن پېشانىسى ئاندىن ئىككى مۈرىسىگە يېنىك چېكىپ - بەخىرامان ئولتۇردى.

مەن رابىيەنىڭ بۇ چاقچىقى دەپ ئويلاپ:

— ھەي، كۆز ئالدىمىزدىكى ئۆلۈمنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، شۇنداق چاقچاق قىلامسەن؟ يامان بولىدۇ، — دېدىم ئۇنى بوشقىنا نوقۇپ.

— سەن شۇ يامان بولىدۇلارنى بىلگەن بىلەن ئەمەلىيىتىڭدە ئەمەل قىلىپ باقتىڭمۇ؟ سەندەك ئېتىقادى يوق ئىسلام دىنىنىڭ چالا بەندىسى بولغاندىن، ماڭا ئوخشاش مۇكەممەل بىر دىنىنىڭ

مۆرىتى بولغان ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى رابىيە بەخىرامان هالدا.
— هەي، سەن راستىنلا خىرىستىئان مۆرىتى بولۇپ كەتتىڭ؟ - مەن ئەنسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ ساپسېرىق بويىۋالغان چاچلىرى، كۆرسەتكۈچ بارمىقىغا سېلىۋالغان ئۈزۈكىگە قارىدىم.
— شۇنداق، بولماپتۇما، ياكى سەنمۇ ماڭا ئەگىشىپ...
— خۇدايا توۋا دېگىن، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن. — دېدىم رابىيەنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.
— بوپتۇ، سەن مۇسۇلمان ئىكەنسەن، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇۋاتامسەن؟ ئانىكىدەك دېدى (زۇمرەتنى كۆرسىتىپ) ئورۇنالىدىڭمۇ؟... مۇسۇلمان بولۇشنىڭ شەرتلىرى ئۇنچە ئاسان ئەمەس، خېنىم. مېنىڭچە سىلەر زۇمرەتتىن باشقىڭلار مۇسۇلمان ئەمەس، ئۇيغۇر بولۇشۇڭلار مۇمكىن... — دېدى رابىيە شۇنداق ئىشەنچ هەم كەسكىن بىر رەۋىشتە.
— نېمە دەيدۇ، مۇنۇ ئورۇس بولالمىغان سارالڭ، — دېدى خەدىچە رابىيەنىڭ بېشىنى نوقۇپ، جۆيلۈمە.
بىز جۇملىدىن مەن رابىيە بىزگە قەستەن چىشىمىزغا تېگىۋاتقاندەك بىلىنىپ ئۆينىڭ تۆرىدە، ئەرلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ياغلىقلىرىنى يېشىۋېتىپ ئولتۇرغان زۇمرەتكە ئىلتىجا بىلەن قاراپ:
— زۇمرەت سەن نەچچە يىل ئىسلام دۆلەتلىرىدە تۇرۇپ بىلىم تەهسىل قىلىپ، هەج تاۋاپ قىلىپ كەلدىڭ، بىز راستىنلا... — دېدىم سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېگۈم كەلمەي.
— بۇ ئۆزى يۇز ئۆرىگەن ئاسىيىنىڭمۇ دېگىنىنىڭ ئاساسى بار. ئەمما، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىز بۇ دېگەندەك ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەس، ئىسلام دىنى بىزدىن ئىمان بىلەن شۇ ئىماننى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچى ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، — دېدى زۇمرەت ئېغىر ۋەزىن بىلەن.



— ئوچۇقراق دېگىنە ياخشى ئەمەللەر دېگىنىڭ نېمىلەر؟ — دېدى خەدىچە.

— بەش ۋاخ ناماز، روزى تۇتۇش، زاكات بېرىش... ھەج.

— مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بار، ئەمما شارائىت يوق، ئەمما ناماز ئوقۇمىغان بىلەن ئاللاھنى دىلىمدا ياد ئېتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا پېنسىيىگە چىققاندا ئوقۇيمەن، — دېدىم مەنمۇ ئەپسۇسلانغان هالدا.

— ئېيتقىنا چولپان، سەن هۆكۈمەتكىمۇ ئىشقا چىقماستىن، ئىشلىگىم بار ئەمما ۋاقتىم يوق، دەپ هۆكۈمەت تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىمىساڭ ساڭا مائاش بېرەمدۇ؟ سېنىڭ قايسى شارائىتىڭ يار بەرمەيدۇ؟ پەقەت غەپلەت ئۇيقۇڭنىڭ مېھرىدىن كېچەلىسەڭلا سەھەردە بىر ۋاق نامىزىڭنى ئوقۇۋالىسەن، سەھەر تۇرغىنىڭ ئۈچۈن شۇ بىر كۈنلۈك ئۆي ئىشلىرىڭمۇ، خىزمەتلىرىڭمۇ ناهايىتى كۆڭۈللۈك باشلىنىدۇ. هۆكۈمەت سېنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىڭنى بەرگەن تۇرسا، پەقەت خىزمىتىڭگە تەسىر يەتكۈزمىگەن ئاساستا ئۆز دىنىڭغا بولغان ئېتىقادىڭنى مۇستەهكەملىسەڭ، ئۇ دۇنيانىڭمۇ بۇ دۇنيانىڭمۇ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇندىغان بولىسەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى زۇمرەت دادىللىق بىلەن.

— ئۇنداقتا ئىش ئۈستىدە ناماز ۋاقتى بولۇپ قالسىچۇ؟ — سورىدىم قىزىقىپ.

— بىزدە «پادىشاهنىڭ هۆكمى ۋاجىپ» دېگەن گەپ بار. ئىش ۋاقتىدىكى نامازلىرىڭنىڭ قازاسىنى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كەچلىك نامازلىرىڭنىڭ ئالدىدا ئوقۇۋالساڭ بولىدۇ. مۇهەممەت پەيغەمبەرنىڭ «ئاللاهقا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل ئاز بولسىمۇ تاشلىنىپ قالماي داۋاملاشقىنىدۇر» دېگەن سۆزىدىنمۇ ئىبادەتنى شارائىتىمىزنىڭ يېتىشىچە قىلىپ تۇرغىنىمىز ئەۋزەل دېگەن مەنە چىقمۇۋاتامدۇ؟

— مەن دېمىدىممۇ ئىككى سەككىز، ئون ئالتە دەپ ئىسلام دىنى ئەرلەرنىلا كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئاياللارغا نېمە قىلسا «يامان بولىدۇ»غا ئۇچراپ تۇرىسەن، خرىستىئان دىنىدا بولسا ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى، كەڭ قورساق، ئەپۇچانلىق، . . . تەرغىب

قىلىنىدۇ. شۇڭا مەن...

— رابىيە، سەن ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنداق بىلجىرلىما، دەپ رابىيەنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سۆزلەشكە باشلىدى زۇمرەت:

— بىر مىڭ سەككىز يۈز بەشىنچى يىلى خىرىستىئان دىنىنىڭ ئۇلگىبىز پوروتىستانتى قانۇنىدا ئەركىن ئايالنى سېتىش قانۇنلۇق دەپ رۇخسەت قىلىنغان. ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى ئايالنى مۇقەددەس كىتابلارنى ئوقۇشتىن چەكلىگەن ۋە ئاياللارنى دۆلەت پۇقراسى ھېسابلىمىغان. ئەمما ئىسلام دىنى تۇنجى بولۇپ ئاياللارنىڭ مۇستەقىل سالاھىيىتىگە ئىگە، يارىلىش ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىشتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر بولغاچقا، ھوقۇق ۋە نېسىۋىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەن ھېچنېمىنى بىلمەي، ئۆزۈڭچە خىرىستىئان دىنىڭنى ئىسلام دىنىدىن يۇقىرى دېمەكچىمۇ؟ سەن چوقۇنىۋاتقان خىرىستىئان دىنىڭدىكى ئالىملار ھازىر بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزغا قايىل بولۇپ ھەتتا مۇسۇلمان بولۇۋاتىدۇ، — دېدى زۇمرەت. يۇقىرىقى سۆزلەرنى خۇددى مۇنبەردە دەرس سۆزلەۋاتقاندەك، سالماق ھالەتتە چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلىدى ئۇ.

خېلى ناتىق بولۇپ قاپتۇ دەپ مەسلىكىم كەلدى دوستۇمغا.

— مەن بۇرۇنقى تارىخنى بىلمەيمەن، ھازىرچۇ؟ غەرب ئەللىرىگە قارا، ئاياللار شۇنداق ئەركىن... ئىسلام دۆلەتلىرىگە قارا، ئاياللار چۈمبەل ئىچىدە ئۆيدىن تالاغا چىقالمىغان، ئۇنىڭغا نېمە دەيسەنكى؟ — دېدى رابىيە يېڭىلگۈسى كەلمەي ئورنىدىن تۇرۇپ زۇمرەتنىڭ ئارقا تەرىپىگە كېلىپ ساپاغا جەينىكىنى قويۇپ تۇرۇپ.

— ئىسلام دىنىدا ئاياللارغا ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، بالا تۇغۇش، ئېمىتىش ۋە تەربىيىلەش، سىرتلارغا ھىجاب بىلەن چىقىش، ئۆزىگە مۇناسىپ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىشتەك خاس مەجبۇرىيەتلەر ئەمەلىيەتتە ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، نام -

شەرىپىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭ نېمىسى يامان؟ سەن تەرغىب قىلىۋاتقان ئاياللار ئەركىنلىكى سىلەرنىڭ ھازىرقى بەزى ئاياللىرىمىزدەك تۈگىمەس چاي، ئولتۇرۇشلاردا ئالدىغا بوتۇلكىلارنى تىكلىشىۋېلىپ، ھاراق ئىچىۋاتقان يېرىم يالىڭاچ ئاياللاردىن ئىبتىقاد ۋە غايە، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت سوراش مۇمكىنمۇ؟ ئەۋلادلىرىمىز ھازىر ھاراق شىشىلىرى بىلەن يالىڭاچ بەدەنلەردىن قانداقمۇ شەرمى ھايا، نومۇس ئۆگىنەر؟ ئاياللارنىڭ ۋاقتى تۈگىسە، مىللەتنىڭ ۋاقتى تۈگەيدۇ. ئاياللاردىكى ئالامەتتىن كىشىلەر زامان ئاخىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ھازىر ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمي مۇقەددەس تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ كەتتى. ساڭا ئوخشاش ئەركىنلىكنى خۇدا بىلىدىغان ئاياللار بەس ـ بەستە كوچىغا چىقىۋالغاچقا، باللار ئانا مېھرىگە، ئەرلەر ئاياللارنىڭ سۆيگۈ مېھرىگە ئېرىشەلمەي، باللار كوچىلاردا يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇۋاتىدۇ، ئاققا ئۆگىنىپ قېلىۋاتىدۇ ئەيدىز كېسىلى يامراۋاتىدۇ. ئەرلەر باشقا بىرلىرىدىن سۆيگۈ ئىزدەۋاتىدۇ، ياكى قاۋاقخانىلاردا ھاراق ئىچىپ زەئىپلىشىۋاتىدۇ، قىزلىرىمىز كېچىلىك بەزمىخانىلاردا ئىپپىتىنى يوقىتىۋاتىدۇ، باشقىلارنىڭ دەپسەندە قىلىشىغا ئۇچراۋاتىدۇ. بۇنداق ئەركىنلىكنىڭ نەرىنى ئارزۇلايمىز؟ ئەرلىرىڭلار سىلەردىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي، سىرتلاردا ئۆزىگە ھەمراھ تېپىۋالسا، يەنە ئۇيقۇڭلارنى ئاچماي، دەردىڭلارنى ھاراقتىن ئېلىپ مەست بولۇپ بىر ـ بىرىڭلارغا تۆكۈسىلەر، سىلەردە ئىبتىقاد ئىمان بولمىغاچقا، ئىنساپمۇ قالمايۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرىڭلارغا دەردلىرىڭلار ئىچىڭلارغا پاتمايۋاتىسىمۇ، بەختلىك كۆرۈنۈش ئۈچۈن يالغان سۆزلەپ ئاۋارە بولۇۋاتىسىلەر. بۇنىڭ ئورنىغا پاكىز يۇيۇنۇپ، جەينامازغا كېلىپ ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئوقۇشنى، ئەرلىرىڭلەرگە، بالىلىرىڭلارغا ئىنساپ، ئۆيۈڭلەرگە بەرىكەت تىلەشنى بىلمەيسىلەر، ھاراقتىن سىلەرگە نېمە

پايدا چىقتى؟ زۇمرەت ھەممىمىزگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.
— مەن دەيمەن زۇي خاۋ ماڭا ئۇخشاش مېڭ كوۋخەن بولۇش ئىكەندە؟ — دېدى ئايگۇل يەنە پوقاقتا چىققان سۆگەلدەك گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئىنگلىز تىلى ئەرەب تىلى بىلەن تەڭ ئىشلىتىلىدىكەن، يەسلى مائارىپىدىن باشلاپلا باللار ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىدىغان بولىسمۇ، مەن بىرەر ئەرەب بالىسىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن ئۆيىدە ياكى كوچىلاردا ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىم. ئەمما بۇ يەردە ھەر قەدەمدە بىر ئايگۇلدەك ئەبجەش سۆزلەيدىغانلارنى كۆرگىنىمدە ئىچىمنى بىر نەرسە تاتىلايدۇ. خەنزۇ تىلى ياكى چەت ئەل تىلى بولسۇن تىل ئۆگىنىش دۇنياغا يۈزلىنىشتىكى زۆرۈرىيەت، ئەمما ئۇنى ئانا تىلنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش جىنايەت. ئەرەبلەردە ئۆز تىلىنى قەدىرلەشتەك بۇ ئىسىل خىسلەت مېنى بەك تەسىرلەندۈردى، — زۇمرەت سۆزىنى تۈگىتىپ، ئايگۇلگە قاراپ:
— ئايگۇل، سىزنىڭ خەنزۇ تىلىدا ئوقۇدۇم دەپ ئانا تىلىڭىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىڭىز ئۇنچىۋالا خوش بولغىدەك ئىش ئەمەس، سىز ھازىر يا خەنزۇ تىلىدا تولۇق ئەمەس يا ئۆز ئانا تىلىڭىزنى بىلمەيسىز، سىزنىڭ خەلققە نېمە پايدىڭىز تېگەر؟ — دېدى ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا.

ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن، چاچلىرىنى ساپسېرىق بويىۋالغان، ئاسما لەمپىلىك قارا كۆڭلەك، پۇتىغا ساپما كەش كىيىۋالغان رابىيەنىڭ ئېغىر خىيالغا چۆككەن ھالدا ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ قىپقىزىل لاك سۈركىۋالغان بارماقلىرىغا قىستۇرۇۋالغان تاماكىسىنى ھېيىقماستىن قاتتىق شوراۋاتقان ھالىتىگە قاراپ بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇنقى رابىيەنى ئەسلەپ قالدىم.

بىز ئالىي مەكتەپكە كەلگەن يىلى مەكتەپ رەسىمخانىسىغا كىملىككە رەسىمگە چۈشۈش ئۈچۈن زۇمرەت، خەدىچە، رابىيە

رەھمەتلىك چىمەن بەشىمىز بىرگە چىققان ئىدۇق. رەسىمچى بىزنى بوينىمىزدىكى مارجاننى، قۇلىقىمىزدىكى ھالقىنى، رابىيە بىلەن چىمەننىڭ بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋېتىشنى ئېيتتى. رەسىمگە چۈشۈش نۆۋىتى رابىيەگە كەلگەندە ئۇ ھالقىسىنى ئېلىپ، ياغلىقنى ئېلىشقا پەقەت قوشۇلمىدى.

— ياق، رەسىمگە چۈشىسەم چۈشمەي بېشىمدىكى «رومىلىم»نى ئالمايمەن، — دەپ بىزنى بىرەر سائەت ئاۋارە قىلغانىدى. شۇ چاغدا مەن كۆڭلۈمدە، ئەجەب ئېتىقادى كۈچلۈك قىز ئىكەن دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. ئەمما، ئوقۇش باشلاپ، بىر ئاي بولماستىنلا بىر كۈنى چاچنى كېسىپ مودىسىغا تاشلاپ، تار پادىچىلار شىمىنى كىيىپ، غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ سىنىپقا كىرگەن رابىيەنى كۆرۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي:

— ۋاي، رومىلىنى ئالمايدىغان قىز نېمە بولدىلا؟ — دېسەم، ئەمدى «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپتىكەن، — دېگەنىدى رابىيە تەمتىرىمەي.

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ پىخىلداپ كۈلۈشكەنىدى.

زۇمرەت ئۈرۈمچىلىك بولغاچقىمىكىن، شۇ چاغلاردا ناھايىتى يارىشىملىق مودا يۈرەتتى. گىرىملەرنىمۇ ناھايىتى جايىدا قاملاشتۇرۇپ قىلاتتى. سىنىپلىرىمىزدا پائالىيەتلەر بولسا رىياسەتچى، ئويۇن - تاماشا بولسا رەھمەتلىك چىمەنگۈل بىلەن ئىككىسى باشلامچى، ناخشىچى ھەم ئۇسسۇلچىلىرىمىز، دەرسلەردىمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىش ھەيئەتىمىز ئىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سورىيەگە ئوقۇشقا چىقىپ كەتكەن ساۋاقدىشى بىلەن مۇھەببەتلەشكەنىدى. بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەندە فاكۇلتېتتا ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان زۇمرەت بىر يىلدىن كېيىن مەردان بىلەن توي قىلىپ چەتكە بىرگە چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ، ھەر ئىككىلىسى ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋېتىپتۇ، ئۈرۈمچىدە ئۆي - زېمىنلىرى ھەم ھەر

ئىككىلىسىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بولغاچقا يىلدا كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى.

— سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشۈم مۇشۇ بولۇپ قالامدۇ، تېخى، پاسپورتۇم چىقسا «چۈگو» قىلىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى رابىيە.

— ئەيىۇ تەي خاۋما، نەگە؟ — ئايگۈل ھاياجانلىنىپ رابىيەنىڭ يالىڭاچ مۈرىلىرىنى سىلاپ كۈچۈكلىنىپ كەتتى.

— ئوۋجۇ تەرەپلەرگە. . .

— ئېرىڭ، بالاڭنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدىم.

— ئۇ قوشۇلمايۋاتىدۇ، پاسپورتۇم چىقسا، قوشۇلمىسا «لىخۇن» . بالامنى دادىسىغا بېرىۋېتىپ كېتىۋېرىمەن، — ئۇنىڭ سۆز قىلىشلىرى ناھايىتى ئەركىن. خۇددى رۇس ئاياللىرىدەك بىر خىل ھەرىكەتلەرنى قىلىۋاتاتتى.

— ئېرىڭنى، بالاڭنى، يۇرتۇڭنى تاشلاپ كەتكۈدەك چەت ئەلدە تونۇشلۇرۇڭ بارمىدى؟ — دەپ سورىدى خەدىچە.

— ھەئە، مېنىڭ ئىنگلىز مۇئەللىمىم ئەنگلىيىدە مېنى ساقلاۋاتىدۇ. . . ھەي رەھىمەمۇ تۇركىيىگە چىقىپ كېتىپتۇ — ھە؟

— مېنىڭچە ئۇ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — سورىدى خەدىچە.

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ؟ چەت ئەل دېگەن ئۇنىڭ توپىلىق يۇرتىدىن مىلڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ؟ — رابىيە تىرناقلىرىنى كوچىلاپ تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى.

— ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، مەن قايتايمىكىن ئاداشلار، — دېدى زۆمرەت رابىيەنىڭ لاۋزا قىلىقلىرىدىن سەسكەنگەندەك بىر خىل بىزارلىق ئاھاڭدا.

شۇنىڭ بىلەن رابىيەمۇ، ئايگۈلمۇ ئورنىدىن قوزغالدى. مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەن خەدىچە بىلەن

ئىككىمىز بىر هازاغىچە ئىچىمىزگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتۇق.
— ئىككىڭلارغا تازا هاردۇق يەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دىلشاتنىڭ ئاۋازىدىن بىز سۇبات ئىككىسىنىڭ قايتىپ كىرگەنلىكىنى بىلىپ ئورنىمىزدىن ئازراق مىدىراپ قويدۇق.
— دىلشات، راستىنلا هاردۇق يېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، سەن رەنجىمەي قىزىق چاي دەملىگىنە — دېدى خەدىچە ناهايىتى سىلىق تەلەپپۇزدا.
— يائاللا، سۇبات بىلەن چولپاننىڭ ئالدىدا ئەجەب مۇلايىملىشىپ كەتتىڭا؟ چاي دەملەش مېنىڭ دائىملىق ۋەزىپەمتىغۇ؟ — دېدى دىلشات ئاشخانىغا چىقىپ كېتىۋاتقاچ، — چولپان، دىلىنگار قېنى؟ — دېدى سۇبات بوشقىنا ئاۋازدا.
— بۈگۈن سىرتتا ئويناپ تازا چارچىغان چېغى، ئاۋۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، — دېدىم مەن جاۋابەن.
— سەنمۇ چارچاپ كېتىپسەندە، روھىڭ بەك چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ ئۆلۈم هامان بىر كۈنى ھەممىمىزگە بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى سۇبات
— بۈگۈن چىمەننىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ بەك ئېغىر كەلگىدەك بىر گەپ ئاڭلىدىم، شۇ تاپ مېڭىلىرىم قوچۇلۇپ كېتىۋاتىدۇم، — دېدىم چېكىلىرىمنى ئۇگىلاپ تۇرۇپ.
— نېمە بولدى؟ — سۇبات ئەنسىز سورىدى.
— تۇۋۋا دەيمەن، رابىيە خرىستىئان مۇرىتى بولۇپ كېتىپتۇ.
— شۇنداقمۇ؟ تۇۋۋا ئۇغۇ ئەسلىدىنلا شۇنداق دورامچى مىجەزى بار قىز ئىدى. بۈگۈن شۇڭىزە قارا كۆڭلەك، قارا شىلەپە، ئاق پەلەيلەرنى كىيىۋېلىشى... تۇۋۋا قىلايلى... — دېدى سۇبات سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، — ئۆتكەندە بىر تويدا ئۇچرىشىپ قېلىپ قارىسام، تازا ئىچىپ مەست بولغان چېغى ماڭا قولىنى سوزدى. قول ئېلىشىپ كۆرۈشىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قول ئېلىشسام: «قارا سېنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىڭنى، خانىملارنىڭ

قولىغا سۆيۈشنى بىلمەمسەن» دېگەنىدى ، مەست بولۇپ قالغان چېغى دەپ ئويلاپ كېلىپ خەدىچەگە دېسەم: سەن بىلمەمسەن؟ ئۇ خىرىستىئان بوپ كەتتى دەيدۇ. دىلشاتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— سەن ماڭا بۇ گەپلەرنى دېمىگەنتىڭغۇ؟ — دېدىم خەدىچەگە.

— ۋاي ئاداش، ساۋاقداشلار ئىچىدىكى ئۇتتۇق قازانغانلار بولسىكەن خۇش خەۋەر دەپ يەتكۈزسەم. . . دېگۈم كەلمىدى.

— ئۆتكەندە مەن بىر تويغا قاتنىشىپ شۇنداق ھەيران قالغان ئىدىم. تويى بولغۇچى ئايالنىڭ يېشى قىرىق نەچچە ياشلاردا بولۇپ، يولدىشى يۈرتتىن ئېلىپ چىقىپ توي قىلىپ ئىككى بالىلىق بولغاندا، باشقا بىرسىگە بۇزۇلۇپ ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. يولدىشى بىلەن ياخشى چاغدا ئۇ چوكان ناھايىتى ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ياۋاش ئايال ئىدى. كېيىن ئۇ ئايال ئىككى بالا بىلەن قېلىپ ئىقتىسادتىن قىينالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يولدىشىنى بەك ياخشى كۆرەتتىكەن، مەن ئۇچرىغانلا يەردە يىغلايتتى. ئاشۇنداق ۋاپاسىز ئەرلەر ئۈچۈن بىر نەرسە يېزىپ دەردىنى ئېلىپ بېرىشىمنى تاپىلايتتى. كېيىن تەشكىل ئۇ ئايالغا خىزمەت ھەل قىلىپ بەردى. ئارىلىقتا نەچچە يىل بوپتىكەن كۆرمىگىلى، تويىغا ئاتايىن باغاق ئەۋەرتىپتۇ، بىچارە ئايالنىڭ خۇشاللىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇ تويغا ئاتايىن باردىم. ئۇ توينى ئاساسەن سەتەڭ ياسانغان، رەڭگارەڭ كىيىنگەن مۇنداقچە ئېيتقاندا ساپاسى تۆۋەن مۇنداق دېسەممۇ بولمىغىدەك نېمە دەي. . .

— نېمە دېسەڭ دېگىن گېپىڭنى توختاتمىغىنا، — دېدى سۇبات مېنى ئالدىرىتىپ.

— ھە، مەكتەپتە تولۇق ئوقۇمىغان، ياكى سىرتتىن توي قىلىپ كېلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشقان دېگەندەك بىرتۈركۈم ئاياللار ئىگىلەپتۇ. توي ئىگىسى چوكان مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېلىپ: «سىزنى كەلمەمدىكىن دەپتىمەن، ھەرنېمە بولسا كەپسىز» دېدى خۇشاللىقىنى باسالماي. مېنى كەلمەيدۇ دېگەن

ئادەم نېمىشقا باغاق ئەۋەتكەن؟» دېدىم كۈلۈپ. «شۇ كۆڭلۈم ئۈنىماي» دېدى ئۇ. مەن ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بۇ چوكاننى ئەمرىگە ئالىدىغان يىگىتنى ئىزدىدىم. توينى ئاساسەن ئاياللارلا باشقۇرىۋاتاتتى. ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېھمانلار قاتارىدا ئولتۇرۇشاتتى. ئاخىر تاقەت قىلالماي، يېنىمدىكى بىر چوكاندىن: «بۇ ھەدىمىزنى ئالغان يىگىت قايسى ئىكەن؟» دەپ سورىدىم. ئەنە ئاۋۇ ئۇستەلدىكى كەپكىلىك ئەر شۇ ئىكەن،» دېدى.

— توي دېگەندە يىگىت ئولتۇرۇۋالماي ئايالىنىڭ يېنىدا تۇرامدۇ. يا ئولتۇرسا ھەر ئىككىلىسى تەڭ بىر ئۇستەلدە ئولتۇرماپتۇغۇ؟» دېدىم يەنە قىزىقىسىنىپ. «ۋاي سىڭلىم، بۇرۇن يىگىتلەر يۇرتتىن ئايال ئاچىقىپ توي قىلاتتى. مانا ئەمدى بۇ دوستىمىز پۇل تېپىپ، ئۆزى يۇرتىغا بېرىپ، يىگىت ئەكىلىپ، توينىمۇ ئۆزى تۇرۇپ قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئەر ئولتۇرۇپ ئايال مېھمان كۈتۈۋاتامدىكىن» دېدى كۈلۈپ «مانا بۇ زامان ئاخىرنىڭ بېشارىتى» دېدى يەنە بىر ياشقا چوڭراق بىر ئايال ياقىسىنى تۇتۇپ.

بىر چاغدا قورۇملار تارتىلىپ بولغاندا، توي بولغان ھەدىمىز نەچچە دوستلىرى بىلەن قولىدا قىزىل ھاراق بار رومكىلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇستەللەرگە بېرىپ، مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ. مەن يەنە ھېلىقى يۇرتتىن ئايالىغا تېگىپ چىققان ئەرگە قاراپ، كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالغاندى. بۇگۈنمۇ مەن يەنە شۇنداق تويغۇلاردا بولۇۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا بىر كۈنى سەنمۇ سۇباتنى ئېلىپ قېچىپ كېلەمسەن نېمە؟ — دېدى دىلشات كۈلمەي تۇرۇپ.

— تولا گەپنى بۆلمىگىنە! — دېدىم دىلشاتقا رەددىيەنىڭ ئورنىدا كەسكىنلا قىلىپ.

— بىز دېيىشىپ قويدۇق، چولپاننى ئەتىلا قىزى بىلەن بىللىلا ئېلىپ قاچىدىغان بولۇۋاتىمەن، — دېدى سۇباتمۇ دىلشاتقا يەر تېگىدىن قاراپ.

— بۇ ياخشى پىلان بوپتۇ. ئەمدى ئەقلىڭلارنى تېپىپسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەي، ئۆلۈملۈك بولۇپ قالدۇقتە؟ بولمىغان بولسا» دەپتۇ. دېدى دىلشاتمۇ سۆباتقا.

— ھە يەنە شۇ ھەممە ئىش شۇ ئىچىشنىڭ كېيىمۇ؟ سىلەر ئەرلىرىمىز مۇشۇنداق ئىچىپ تۈگەۋاتقاچقا، بىز ئاياللارمۇ... — خەدىچە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— سەن دېمىسەڭمۇ ئابايىنگىياغى چولپان ئىككىڭلارنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭلارنى بىلدۇق. ئاياللارنىڭ مۇشۇنداق بولۇپ كېتىشىدە سىلەر ئەرلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى بار دېمەكچىمۇ؟ مېنىڭچە، مەسئۇلىيەت ھەر ئىككى تەرەپتە، ئەر بىلەن ئايال بىر نىيەتتە بولسا، بىر ئائىلىمۇ گۈللىنىدۇ، بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتمۇ روناق تاپىدۇ. بىراق شۇ سىلەر بىز بىلەن تەڭ بەسلىشىپ چاتاق سېلىۋاتىسىلەردە، بىر نېمە دېسە، سىلەرنى قوغدايدىغان قانۇنلىرىڭلار، ئاياللار بىرلەشمەڭلار تۇرسا، گەپ ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار بىلسەڭلار بولاتتى، — دىلشات ئەمدى چاقچاقنى قويۇپ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىۋاتاتتى.

— مەن مۇنداق بىر ھېكايەتنى ئاڭلىغانمەن، — دېدى سۆبات ناھايىتى سالماق ئاھاڭدا. — بىرسى بىر دانىشمەندىن: «قاچان قىيامەت قايىم بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. دانىشمەن: «ئېتىقاد يوقالغاندا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ كىشى: «ئېتىقاد قانداق ۋاقىتتا يوقالغان بولىدۇ؟» دەپ سوراپتىكەن، دانىشمەن جاۋاب بېرىپ: «ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندا، ھارام ھالالغا ھاكىم بولغاندا، يالغان راستقا ئەمىر بولغاندا، قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ» دەپتۇ. مەن بەزىدە بىزنىڭ ساپاسى تۆۋەن، ئانا بولۇش سالاھىيىتى توشمىغان ئاياللارنىڭ قولىغا، ئوقۇتقۇچى ئۇستاز بولۇشقا لاياقىتى توشمايدىغان بەزى مەسئۇلىيەتسىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىغا قالغان ئەۋلادلىرىمىز قىيامەت قايىمدا قالامدىكىن دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم.

مېنىڭچە بۇنىڭدىكى توپ سەۋەب ئېتىقادىمىزنىڭ سۇسلىشىۋاتقانلىقىدا، ئەنئەنە، ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ كېمىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدا، بۇرۇنلاردا سەھەر تۇرۇپ ئۆي تازىلاپ، جاينامازدا ئولتۇرۇپ ئېرىگە، بالىلىرىغا ئىنساپ تىلەپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرى قەلبىدە ئۆلمەس ئېتىقاد مۇنارىنى تىكلەپ بېرىدىغان ئانىلارنىڭ، ئەرلىرى بىلەن بەسلىشىپ، ئۇلار ئاقنى ئىچسە بىز قىزىلنى ئىچمىمىز دەپ يېرىم يالىڭاچ بەدەنلىرى بىلەن ۋاقىتنى، زېھنىنى رېستورانلاردا، غەيۋەت ـ شىكايەت ھەم ھاراق سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدا. دېدى سۇبات ناھايىتى سالماق ئاھاڭدا.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، بىزدە ئېتىقاد سۇسلىشىپ كەتكەچكە، دىنىمىز ئىسلام بولغان بىلەن قىلغىنىمىز باشقا بولۇپ كېتىپتۇ. بەختسىزلىككە يولۇقساق ھاراق ئىچىپ ئاللاھ دەپ يىغلاپتۇق. بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ ئاچقۇچى ئانىلار قولىدا» دېگەن سۆزىدىنمۇ نۇرغۇن مەسئۇلىيەتلەرنىڭ بىز ئايال ھەم ئانا بولغۇچىلاردا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بىز دائىم ئۆزىمىزنى تاختا بېشىغا ئېلىپ قويۇپ، بىز ئۇنداق خەق، بىز بۇنداق خەق دەپ بىر ـ بىرىمىزگە قېيىدايمىز، ئۆزىمىزگە بىز قانداق ئادەم؟ مەن قانداق ئايال؟ مەن قانداق ئانا؟ مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، يەنە نېمە قىلىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ باقتۇقمۇ؟ مەن ئەڭ ئاۋۋال ئۆزۈمدىن باشلايمەن، — دېدىم ھاياجان بىلەن.

— قايسى جەھەتتىن؟ — سورىدى خەدىچە.

— ئاۋۋال مەن مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمەن، ئەخلاق ۋە ئېتىقادىمنى مۇستەھكەملەشتىن باشلايمەن. ئۆمرىدە خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەممۇ شۇ ھاراق سەۋەبىدىن ئۆتكۈزۈپ قالىدىكەن. مېنىڭچە ئاياللارنى ئەڭ توغرا يولغا باشلايدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن ئىمان ئېتىقاد ئىكەن. بىز ئۇنىڭغا ئەمەل قىلساق جەمئىيەت ئۈچۈن، ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن ناھايىتى

پايدىلىقكەن، — دېدىم ئۇلارنىڭ قارىشىنى بىلمەكچى بولۇپ.
— سەن ناھايىتى توغرا ئويلاپسەن، شۇنداق ئويلايتتىم. ھازىر ئوقۇغان زىيالىيلىرىمىز، پۇل، يول تېپىۋاتقان نۇرغۇن كارخانىچىلىرىمىز ئەدەپ - ئەخلاقلىق پاك ئېتىقادلىق ۋە دىيانەتلىك بولۇپ، توغرا يولدا مېڭىپ، ئىرادە ۋە ئېتىقادىمىزنى چىڭىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىۋاتامدۇ؟
مەن سۇباتنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يايراپ، بۇ يولدا مېڭىش ئىرادەم تېخىمۇ كۈچەيدى.
بىز تۆتىمىز شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئەخلاق، ئېتىقاد دېگەندەك مەزمۇنلار توغرىسىدا ئۇزاققىچە مۇنازىرىلىشىپتۇق.
بۈگۈن مەن خەدىچە، دىلشاتلار بىلەن خوشلىشىپ مايتاغقا ماڭماقچى بولدۇم. سۇباتمۇ غۇلجىغا قايتىش ئۈچۈن مەن بىلەن تەڭ ئۇزاپ چىقتى. ئۇ ئۆيدىلا دىلىنىڭ كارنى قولۇمدىن ئېلىۋالغانىدى. پەسكە چۈشۈپ، ئۇ مېنى بېكەتكىچە ئۇزىتىپ قويىدىغان بولدى. مەنمۇ ئارتۇقچە تۇزۇت قىلمىدىم.
— بىردەم ماڭمايلىمۇ، چولپان؟
— ماڭساققۇ مەيلى، قىزىم سېنى ھاردۇرۇۋېتەرمۇ؟
— بۇ جىن پاختىدەكلا يەڭگىل ئىكەن.
بىز يانمۇيان كېتىۋاتىمىز. بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇن بىزنى ئۇچراشتۇرغان، بىزنى تونۇشتۇرغان، بىزنى ئۆز قۇچىقىدا ئەڭ دەسلەپكى مۇھەببىتىمىزنى پەرۋىش قىلغان، 10 يىل بۇرۇن بىزنى ناھايىتى زور ئارمانلار بىلەن گۈزەل ئەتىمىز ئۈچۈن يىمىرىلمەس ۋەدىلەرنى بېرىپ خوشلاشتۇرغان ئۈرۈمچىنىڭ كوچىسىدا، 10 يىلدىن كېيىن، بىزگە يەنە بىرگە مېڭىش نېسىپ بولدى. ئاھ خۇدا، ئادەم ئۆزى يۈرىكىدىن ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن سۆيگەن ئادىمى بىلەن خەلقى ئالەم ئالدىدا ياندىشىپ يېقىن مېڭىش نېمە دېگەن راھەت؟ نېمىدېگەن بەخت؟!

— تۇرمۇشۇڭ قانداقراق كېتىۋاتىدۇ، چولپان؟
— قەدىر ئەھۋال.
— ئۆزۈڭنىڭچۇ؟
— تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق.
— هە راست، ئاڭلىسام رەھىمە تۇركىيىگە تۇغقان يوقلاپ كېتىپتۇ.
— شۇنداق، كىچىك ئاپىسىنىڭ يېنىغا كەتتى.
— ئوغلۇڭچۇ؟
— بۇ يىل تەييارلىق سىنىپتا ئوقۇۋاتىدۇ.
يەنە بىر يەرلەرگىچە بىز سۆكۈت بىلەن ماڭدۇق. بۇ بىزنىڭ كېيىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى كېيىمىزنىڭ بەك كۆپ ئىكەنلىكىدىن، ھەتتا بەزى گەپلەرنى ئوچۇق دېيىشەلمەيدىغانلىقىمىز ئۇچۇن بولسا كېرەك.
— سۇبات، بولدىلا ماشىنىغا چىقىپ ماڭايلى، — دېدىم ئارىمىزدىكى سۈكۈتتىن ئىچىم سىقىلىپ.
— ئۆيۈڭگە بەك ئالدىراۋاتامسەن؟ — سۇبات ماڭا لەپپىدە قارىدى.
— ياق، مەن ئۆيگە ئەڭ ئالدىرىمايدىغان ئايال بولۇپ قالدىم.
— ئۇنداقتا يۈر، غۇلجىغا بېرىپ ئويناپ كەل، — سۇبات كۆزلىرىگە كۈلۈمسىرەپ قارىدى.
— قانداق، مېنى ئەپقاچاي دەۋاتامسەن؟ — دېدىم كۈلۈپ.
— يۈرىكىمنى شۇ بىر ئارمان غاجايدۇ. نېمىشقا شۇ چاغدا سېنى ئەپقاچمىدىم دەيمەن؟ — ئەمدىچۇ، ئەپقاچقىلى بولامدۇ؟ سۇبات مېڭىشتىن توختاپ ماڭا قاراپ تۇراتتى. مەن ئېغىر ئۇھ تارتىپ:
— بولدى قىلە، بۇرۇنقى ئىشلارنى سۆزلىسەڭمۇ بىكار، ئەسلى پېشانە تەقدىرىمىز شۇنداق پۈتۈلگەن چېغى ...
— سەن ئۆزۈڭنىڭ ئاجىزلىقىڭنى شۇنداق يوشۇرماقچىمۇ؟!

مەن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئورۇنلىشىۋالغاندىن كېيىن، سۇبات قىزىمغا يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىپ، پەستە مېنى ئۇزىتىپ قالدى. ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم. . . توۋا ئون يىل بۇرۇن ئۇ مېنى مۇشۇنداق ئۇزىتىپ قالغانىدى.

مۇرات بىلەن ئاجرىشىپ ئاددىي ئىككى ئېغىزلىــــق ئۆيگە كۆچۈپ كەلدىم. ئۆيۈم ناھايىتى ئاددىي ئۆزۈمگە تۇشلۇق جابدۇقلار بىلەن سەرەمجانلاشقان بولسىمۇ، كۆڭلۈم ئازادە، خۇددى قىــز چاغلىرىمغا قايتىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. مېنىڭ جىمجىتلا يۈرۈپ ئاجرىشىپ كېتىشىم نۇرغۇن دوستلىرىمنى بەك ھەيران قالدۇردى. ئاپام ـ دادام‌لار بىلەن ياخشى ئۆتىدىغان چوڭلار ئۇچراپ ماڭا ئىچى ئاغرىغان ھالدا: «رەھمەتلىككلەر تۇنجى بالىمىز دەپ سىزنى بەكلا ئەتىۋارلىغانغا تۇشلۇق بەختىڭىزنى بەرسىچۇ خۇدايىم، قىز بەختىڭىزنى بەرمىگەن بىلەن چوكان بەختىڭىزنى بىرەر» دەپ كۆز يېشى قىلىشتى.

مەن باشتا ئۇلارغا قاراپ ئاپام ـ دادام ئېسىمگە كېلىپ يىغلاپ سالدىم. كېيىن ئويلىسام، ئۇلار بىلەن تەڭ يىغلاپ يۈرۈشۈم خاتا ئۇقۇم بېرىپ قالغۇدەك، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇچۇن ئېچىنىپ كۆز يېشى قىلىدىغانلارغا كۈلۈپ تۇرۇپ تەسەللى بېرىدىغان بولدۇم.

— توۋا چوڭلارنىڭ نەزىرىدە ئاياللارنىڭ ئېرى بولسىلا بەختى بولغان بولامدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلاپ يۈرسەم.

— سېنى بىزنىڭ قىزلار «چولپان ئوقۇغان بىلەن ئەقلى يوقكەن» دەيدۇ، — دېدى سېغىزخان دوستلىرىمدىن بىرى.

— نېمىشقا؟

— ئېرىڭدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭگە ئەپسۇسلىنىپ، ئۇلار «ئېرىڭ بارمۇ؟ بار.» دەپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئويۇننى ئويناۋەرسە بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئېرىگە قىز تېگىمدۇ، — دېيىشىۋاتىدۇ.

مىجەزى كېلىشمىگەن قوشنىسى بىلەنمۇ كىرىش ـ چىقىش

قىلغۇسى كەلمەيدۇ ئادەمنىڭ، مىجەزى كېلىشمىگەن ئەر بىلەن بىر ئۆيدە بىر ئۆمۈر ياشىغىلى قانداق بولار؟، — دەپ ئويلىمايدىكىنە بۇلار؟!

مەن شۇ خىياللار بىلەن قىزىمنىڭ ئۇرۇمچىدىن ئېلىپ كەلگەن پېتى تۇرغان سومكىسىنى ئېچىپ كىيىملىرىنى رەتلەشكە باشلىدىم. سومكىنىڭ ئاستىدىن قارا تاشلىق بىر خاتىرە دەپتەر قولۇمغا چىقتى. ئۇ چىمەننىڭ يېزىپ تۈگىتەلمىگەن خاتىرىسى ئىكەن. ئۇنى ۋاراقلاپ كۆرۈشكە باشلىدىم.

«خۇشتار، مەن بەختىنىڭ، گۈزەللىكىنىڭ نىمىلىكىنى پەقەت خىيالەن كۆرۈپ، چۆچەكلەردىنلا ئاڭلايدىغان بىر يېتىم قىز ئىدىم. پەقەت ئاشۇ ۋاپادار تاغامنىڭ غەمخورلۇقى ھەم ئۆزۈمنىڭ ئەقلىم بىلەن ئالىي مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولغاندا خۇددى «كۈلقىز ئالتۇن كەشكە ئېرىشكەندەك» بىر ئىش بولغانىدى. مەن بۇ بەختىمدىن ھودۇقۇپ كۆڭلىرىمنى بىلىم ئىگىلەش، گۈزەل كەلگۈسۈم ئۈچۈن ياخشى ئۇل سېلىش بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقان چاغلىرىمدا سەن بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ بىر يېڭى يىللىق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئىدى، فاكۇلتېتلار ئارا ناخشا مۇسابىقىسىدە سەن گىتار چالدىڭ، مەن ناخشا ئېيتتىم.

— ناخشىنى ئاجايىپ ياخشى ئېيتىدىكەنسىز، — كەينىمدىنلا چىققان ئاۋاز تەرەپكە قارىدىم.

سەن ئالدىمدا ماڭا ئاجايىپ مۇھەببەتلىك كۆز بىلەن تىكىلىپ تۇراتتىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن بىز خۇددا قوشقان بىر جۈپلەر بولۇپ قالدۇق. سېنىڭ گەپلىرىڭنى كېچىچە ئاڭلىغۇم كېلەتتى. سېنى قولتۇقلاپ كېتىۋېتىپ ئىچىمدە: «مەن ئەڭ بەختلىك! مەن كەلگۈسۈمنى كۆرۈۋاتىمەن، جېنىم خۇشتار، مەن ساڭا بىر ئۆمۈر ۋاپادار ھەمراھ بولالايمەن» دەپ ئويلىغانىدىم. مۇھەببەت كىشىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدىكەن، مەن ياتاق بىناسىغا كىرىپلا، ياتاقىمۇ كىرمەستىن سۇخانىغا كىرىپ ئەينەككە قارىدىم. بەختتىن

قىزىرىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىم، قاپقارا كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن خۇشاللىقلار دولامغا چۈشۈپ تۇرغان تەبەسسۇمى بىلەن قوشۇپ، ھۆسنۈمگە ھۆسن قوشقانىدى.

مەن ئاجايىپ قىزدە، ساڭا شۇنداق ئاشىق بولۇپتىمەنكى، ئاشۇ كۈنلەردە دوستلىرىمنىڭ «ئويلىشىپ باق» دېگەن نەسىھەتلىرىگىمۇ پىسەنت قىلماي، سەن بىلەن تۇرپانغا كەتتىم.

خۇشتار، مەن سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمدىن ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. ھازىر ھېلىھەم سېنى ياخشى كۆرىمەن. بەلكىم سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدىغاندۇرمەن. ھازىرقىدەك ھالغا چۈشۈپ قېلىپ تۇرۇپمۇ يەنىلا سېنى ئەيىبلىمەي، سەن سۆيگەن «ئاشۇ قىزنى» ئۇچىنچى شەخسنى تىللىغۇم، بېرىپ چاچلىرىنى يۇلغۇم كېلىۋاتىدۇ. ئەمما، مەن بۇنداق قىلمايمەن. چۈنكى، مەن بۇنداق قىلسام ئۆز غۇرۇرۇمنى ئۆزۈم دەپسەندە قىلغان بولىمەن. ھەم سېنىڭ قەلبىڭدىكى ئوبرازىمنىمۇ خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويىمەن. بەلكىم بىرەر دوستۇم مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئاڭلىسا «ئەخمەق، خۇشتارنىڭ قەلبىدە سەن بولساڭ ئۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرەمتى؟» دېيىشى مۇمكىن. ئەمما مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سەن ھازىر باشقا بىرسىگە ئاشىق بولۇپ يۈرگىنىڭ بىلەن ئۇ بەرىبىر ۋاقىتلىق، سېنىڭ قەلبىڭدە ماڭا نىسبەتەن مۇھەببەت سۇسلاشقان بولسىمۇ ئەمما، ئۆچۈپ كەتمىدى. شۇڭا، مەن مۇشۇ كۈنلەردىكى قىلمىشلىرىڭدىن كوچا ـ كويلاردىكى سۆز ـ چۆچەكلەر يۈرەك باغرىمنى پارە ـ پارە قىلىۋەتسىمۇ پەرۋا قىلمايمەن. . . سەندىن ئايرىلىپ قالسامۇ، ئەمما ئۆزۈمنى بۇرۇنقىدەك يالغۇز، يېتىم ھېس قىلمايمەن. چۈنكى، بۇ دۇنيادا ئۆزۈم سۆيگەن ھەم مېنى سۆيىدىغان (بۇرۇن) ئادىمىم ھەم شۇنىڭ پۇشتىدىن بولغان ئىككى پەرزەنتىم بار. مەن سەن مەندىن تارتىۋالغان مۇھەببەتنى مۇشۇ يۈرەك پارىلىرىمدىن ئىزدەيمەن. قارا، دىليار سېنىڭ تىرەڭنى سويۇپ چاپلاپ قويغاندەك ساڭىلا ئوخشايدۇ، دىلنىگار

ماڭمىلا ئوخشايدۇ. ئالتە ياشلىق دىليار بىلەن ئالتە ئايلىق قىزىم دىلنىگارغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن خىياللارنى سۈرىمەن. خىيالىم بۇرۇنقى بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلىتىدۇ، ھازىرقى ماڭا قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتقان رەھىمسىز رېئاللىقىمغا دائىم قاراپ قورقۇپ يىغلايمەن. خۇشتار، شۇ تاپتا سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. دىليار تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ ئۇخلاپ قالدى. دىلنىگار قۇچىقىمدا مېنىڭ ئىسسىق باغرىمغا چىڭ يېپىشىپ مېنى ھۇزۇرلىنىپ ئېمىۋاتىدۇ. مەن قىزىمنىڭ بۇدرۇق پۇتلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. دادام مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا قاتناش ھادىسىدە ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، ئانام شۇنىڭدىن كېيىن كېسەلچان بولۇپ قاپتۇ. ئانام مەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن يىلى ياخشى بولالماي تۈگەپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇ دۇنيادا يەككە - يېگانە ياشىدىم. تولۇق ئوتتۇرىنى ياتاقلىق مەكتەپتە، ھۆكۈمەتنىڭ خىراجىتىدە، تاغامنىڭ ئانچە - مۇنچە يوقلاپ قويۇشى بىلەنلا ئوقۇدۇم. ئەمما، مەن باشقىلارنىڭ مېنى يېتىم دەپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشى، ھېسداشلىق قىلىشىدىن قورقاتتىم. شۇڭا، مەكتەپلەردە، ئاتا - ئانىسى ھايات، بەختلىك ساۋاقداشلىرىمدىنمۇ بەك جۇشقۇن، خۇشال مەغرۇر ياشاشقا تىرىشاتتىم. ئۆزۈمدىكى ناخشا ئېيتىش، دۇتار چېلىشتەك سەنئەتكە خۇمار ئالاھىدىلىكىم بۇ روھىي ھالىتىمنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. بۇ دۇنيادا خۇشال ياشاش ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى مېھرى - مۇھەببەتكەن! مەن ئوقۇتقۇچىلىرىمدىن ساۋاقداشلىرىمدىن مېھىر - مۇھەببەت تەلەپ قىلماستىن، ئاۋۋال ئۆزۈمدىكى بارلىق خۇشاللىقنى، مېھىر - مۇھەببىتىمنى ئۇلارغا بېغىشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمدىكى كەم بولغان مېھىر - مۇھەببىتىمنى، ئەتراپىمدىكى يېقىن كىشىلىرىم ئارقىلىق تولۇقلىدىم. خۇشتار. . . خۇشتار، سەن ماڭا ئاجايىپ خۇشتار بولۇپ نەچچە يىگىتنىڭ ئوتتەك مۇھەببىتى

ئارىسىدىن مېنى تارتىۋالغان ئەمەسمىدىڭ؟ سېنىڭ شۇ چاغدىكى ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىڭنى ئېسىمگە ئالسام، مەن بۇگۈنكى رېئاللىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ... «چىمەن، مەن سەنسىز ياشىيالمايمەن!... قەلبىمنى ئەبەدىلئەبەد ھېچكىم ئىگىلىيەلمەيدۇ...» بۇنداق دەبدەبىلىك سۆزلىرىڭنىڭ قايىسى بىرىنى ئويلاپ بولاي؟!... ئەمما، سەن سەنئەتكە قىزىقىدىغان سەنئەتكارلىقىڭ بىلەن مەندەك قەلبى بىغۇبار پاك بىر يېتىم قىزنىڭ تۇنجى سۆيگۈسىگە ئېرىشىۋاپسەن. مەن بارلىق ساداقىتىم بىلەن سېنى سۆيۈپتىمەن. دوستلىرىمنىڭ ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەپتۇ. مۇھەببەت كۆزلىرىمنى توسىۋالغان چېغى... مەن ساڭا ئۆزۈمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىپ كېتىپتىمەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەن چاغدا مېنى فاكۇلتېتقا ئېلىپ قالماقچى بولغاندىمۇ، مەن ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن ساڭا ئەگىشىپ، سېنىڭ يۇرتۇڭغا قايتىپ كەپتىمەن. خۇشتار بىلەمسەن؟ مۇشۇ كۈنلەردىكى ئازابلىرىمنى مەن ھېچكىمگە دېيەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن.

سىرتتا يەنە يامغۇر يېغىۋاتىدۇ. مەن سېنى كۈتۈپ ئولتۇرغىلى نەچچە سائەت بولغاندۇ؟! سىرتتا ئاياغ تىۋىشىڭ ئاڭلاندى. ئەمما سەن ئۆيگە كىرمەي يەنە ئارقاڭغا ئۆرۈلۈپ كەتتىڭ. سېنىڭ ئاياغ تىۋىشىڭ يىراقلاشقانسېرى مېنىڭ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ كەتكەندەك بىلىندى... توۋا مەن ئانامنىڭ تاۋۇتىنى جامائەت ئېلىپ ماڭغاندا مۇشۇنداق تۇيغۇدا بولغانىدىم... مانا ھازىرمۇ مەن يەنە بۇ دۇنيادا يەككە ـ يېگانە قالدىممۇ؟!... ياق! يېنىمدىكى تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئوغلۇم، باغرىمدا ماڭا مەھكەم يېپىشىپ تۇرغان قىزىم بار. مەن ئەمدى يالغۇز ئەمەس... مەن ئەرگە بولۇپمۇ ساڭا ئوخشاش ۋاپاسىز ئەرگە موھتاج ئەمەس، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ياخشى كۆرۈش! مەنمۇ باللىرىمغا ئەھمىيەتلىك تۇرمۇشقا، ئالدىراش خىزمەتكە موھتاج، ئەتراپىمدىكى دوستلىرىمغا ئۇلارنىڭ

ئىللىق مۇئامىلىسىگە موھتاج! مەن سىنىڭ ۋاپاسىزلىقىڭ تۈپەيلى بەختلىك ئايال بولالمىغىنىم بىلەن مۇنۇ ئۇماق پەرزەنتلىرىمنىڭ مېھرىدە بەختلىك ئانا بولالايمەن.

يانۋار تۇرپان

خۇشتار، ئۆتكەن ئۇڭۇشسىزلىقلارنى ئەسلەشتەك بۇ خىل ئازابنىڭ تەمى دەل تۇنجى ئىنتىلىشنىڭ نەتىجىسى ئىكەن. بىراق مەن پۇشايمان قىلمايمەن. بەلكىم مېنىڭ تەقدىرىم شۇنداق قىسمەتلەرگە پۈتۈلگەندۇ. ئەمما بۇ ئازابلىق كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈش ماڭا بەكمۇ تەسكە چۈشمەۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە سېرىق چاچلىق ئورۇق قىزلارنى كۆرسەملا بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىدۇ. قايسى كۈنى بازار ئارىلاپ كېتىۋاتسام، بازارنىڭ ئوتتۇرىدىلا قىرىق نەچچە ياشلاردىكى بىر ئايال كىچىككىنە بىر قىزنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇپ كەتتى. «سەن پاسكىنا مېنىڭ ئېرىمنى تارتىۋالساڭ، باللىرىمنى كىم ئوقۇتىدۇ...» ئادەملەر ئولىشىپ كەتتى. تۇۋا، نېمە جاھان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇ دەمدە مۇنۇ ئىككى ئايالغا ئىچىم ئاغرىدى. مۇنۇ ئىككى ئاجىز بىر ۋاپاسىز ئەر ئۈچۈن بىر ـ بىرىنى ئەل جامائەت ئالدىدا رەسۋا ھەم بىچارە قىلىپ نېمە قىلار؟ بەلكىم ئاشۇ خوتۇننىڭ ئېرى بۇ ئىككى ئايالنىڭ ئالدىدا ئىككى خىل رول ئويناپ بۇلارنى ئۇسسۇلغا سېلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندە مۇنۇ بىچارە ئاياللار تازا ئازابلىنار ـ ھە؟ ئەمما يەنە ئەڭ كۆپ زىيان تارتىدىغىنى ئاۋۇ ياش چوكان، چۈنكى ئاۋۇ ئايالنىڭ قولىدا ئەرنى ساقلاپ قالالايدىغان ھۆكۈمەت بەرگەن قىزىل توي خېتى، ئۆيدە ئېرىنىڭ پۇشتى بولغان باللىرى بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاۋۇ چوكانچۇ؟ ھېلىقى ئەرنىڭ ئاغزاكى ۋەدىسى، يالغان ياۋىداق پەلسەپىسى ھەم كۆلكىلىك يىغلىرى... ئۇنداق پەلسەپىتىش ئەرلەرنىڭ قولىدىن ئاشۇنداق ساددا بىر ئايالنى بىر ئۆمۈرلۈك بەختسىز قىلىپ قويۇشتىن باشقا نېمە كېلەتتى؟ ئاۋۇ ئايالغىمۇ ھەيرانمەن. نەچچە يىل ئۆز قوينىدا ياشىغان ئېرىنىڭ بۇنداق قىلمىشلىرى ئۈچۈن

نومۇس قىلماي، كوچىغا چىقىپ سازايى قىلىپ نېمە قىلار؟ بۇ قىلمىقلىرى ئۈچۈن ئاشۇ ئەرنىڭ ئالدىدا ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ نېمىمۇ قىلار ئىدى ـ ھە؟ ! . . . مەن شۇنداق خىياللارنى قىلىۋېتىپ ئۆزۈمگە ھەيران قالدىم. توۋا، مەنچۇ؟ خۇشتارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۈن چىقارماي يۈرۈش ئالىيجانابلىقمۇ؟ ! «باغلىغان ئىت ئۇۋغا يارىماپتۇ» دېگەندەك سېنىمۇ، ئۆزۈمنىمۇ ھەم ئاۋۇ سېرىق ئاسلاننىمۇ ئازابلاپ نېمە قىلارمەن؟ ! ھېلىقى كۈنى كېچىدە سەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ بولۇپ، قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەن سەندىن پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەنىدىم. شۇنىڭغىمۇ بىر ئاي بوپتۇ. . . مەن ئاخىر سەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم.

خەير خۇشتار، مەن ئاچچىق ئەسلىمىلەرگە كۆمۈلۈپ قېلىشنى خالىمايمەن، مەن سېنىڭسىزمۇ ناھايىتى خاتىرجەم بەختلىك ياشىيالايدىغانلىقىمنى ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن.

مۇھەببەتنى مۇھەببەت بىلەن بېسىش، يۈرىكىمدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مۇھەببىتىمنى قۇربان قىلىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈم سوتقا بېرىپ سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم. سەن بىلەن توي قىلغان نەچچە يىلدىن بېرى خۇشاللىق ھەم ئازابلاردا بىرگە بولدۇق. بىر ئوغۇل بىر قىزغا ئاتا ـ ئانا بولدۇق. مېنىڭ ئوتتەك ھەم گۈلدەك چاغلىرىم سەن بىلەن ئۆتۈپتۇ ئەمدى سەن ماڭا بەرگەن قەسەملىرىڭدىن تېنىپ، باشقا بىرسىگە ئاشىق بولۇپ يۈرسەڭ مەن ساڭا يېپىشىۋېلىپ نېمە ئىش قىلارمەن؟ ! مېنىڭ ئەمدى ئاشۇ ئۈزۈمزارلىقتا يۈز بەرگەن ئىشنىمۇ، ھەم ئۆز ھۇجرامدا يۈز بەرگەن ئىشلارنىمۇ ئەسلىگۈم ھەم تىلغا ئالغىمۇ يوق!

25 ـ ئاپرېل تۇرپان

خۇشتار، سەن شۇنى بىلگىنكى مەن مۇشۇ كۈنلەردە ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن ھەربىر قەدىمىمنى چىڭ دەسسەپ كېتىۋاتىمەن.

نەچچە ۋاقىتتىن سېرىق چاچلىق ئايالنىي كۆرسەم يۈرىكىم ئاغرىيتتى. ھېلىقى كۈندىن كېيىن موتسىكلىتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسام، يۈرىكىم پەسكە تارتقاندەك چۆچۈيدىغان بولۇپ قالدىم. سېنىڭ نامەردلىكىڭگە ھەيرانمەن. ئىشىك ئالدىمدىن سېرىق چاچلىق مەشۇقىڭنى ئارقاڭدا ئولتۇرغۇزۇپ موتسىكلىت بىلەن غۇيۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىڭنى كۆرگىنىمدە، يۈرەكلىرىم تىتما - تىتما، بولۇپ خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم! خۇشتار مېنى ئۆزۈڭنىڭ يۈرتىغا ئەكېلىپ، بۇنداق كۈنلەرگە قويغۇدەك مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان بولغىيتتىم؟! . . .

— ئاپا، دادام يەنە ھېلىقى خوتۇن بىلەن موتودا ئۆتۈپ كەتتى! دىلىيارنىڭ يىغا ئارىلاش مەيۈس ئاۋازى مېنىڭ يۈرەكلىرىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

— جېنىم قوزام سېنىڭ كىچىككىنە يۈرىكىڭمۇ ئاشۇ لەنتى داداڭنىڭ قىلمىشلىرىغا چىدىماپتۇ - دە؟! مەن شۇنداق ئازاب بىلەن دىلىيارنى باغرىمغا باستىم.

— بالام ھېچقىسى يوق، داداڭ مېنى تاشلىۋەتكەن بىلەن سىلەرنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيدۇ، سىلەرنى بەك ياخشى كۆرىدۇ.

خۇشتار، مېنىڭ باللىرىمنىڭ قەلبىدىكى دادىسىنىڭ ئوبرازىغا توپا قونۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. سەن باللارنى بولسىمۇ سۆيگىن! خۇشتار، ئائىلىدىكى ئىشلار، مەكتەپتىكى ئالدىراشچىلىق، كۆڭلۈمدىكى پاراكەندىچىلىك بىلەن يېقىندىن بۇيان ئەينەككە سەپسېلىپ قارىماپتىمەن. قارىغىنا ئەينەكتىكى ئاشۇ مەنمۇ؟ بىر چاغلاردا مەكتەپنىڭ سەھنىلىرىدە گۈلدەك چىرايىم، يېقىملىق ئاۋازلىرىم ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىلىرىدا ئۆتكۈزگەن شېئىر دېكلاماتسىيە مۇسابىقىلىرىدە يازغان شېئىرلىرىمنى جاراڭلىتىپ دېكلاماتسىيە قىلىپ، يىگىتلەرنىڭ غايىۋانە ئاشىقىغا ئايلانغان، قاراكۆز، قاراقاش، قارا تەبىئىي بۇدرە چاچ. . . زىلۋا بوي مەڭزىلىرىمدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان چىمەنگۈل شۇمۇ؟!

تۇگىشىپلا كېتىپتىمەن. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسىدىن دەرس ئاڭلىغىلى كەلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا بىزدىن بىر يىل يۇقىرى ئەدەبىيات سىنىپىدىكى ئەكبەر ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ مېنى تونۇيالماي قالغىلى تاس قالغانلىقىنى دېمىگەن بولسا، مەن ئۆزۈمنىڭ بۇنچە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىمنى بىلمەيدىكەنمەن.

— چىمەنگۈل، بۇ يەردە بەكلا نابۇت بولۇپ كېتىپسىز... ئۆز ۋاقتىدا ئەجەبمۇ...

— قىزلار قىز پېتى تۇرۇۋېرەمتى؟ ئانا بولغاندىكىن چوقۇم ئۆزگىرىمىز — دە؟ بالىلىرىم كىچىك، شۇڭا ئازراق ئورۇقلاپ كەتتىم بۇنىڭلىق بىلەن نابۇت بولۇپ كەتمىگەندىمەن؟ — دېدىم ئۇنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتقاندەك سۆزلىرىنى بۆلۈپلا!

— ياق، سىز مەكتەپتىكى چاغدا، ھەر جەھەتتىن بەك قابىلىيەتلىك ئىدىڭىز... بۇ يەردە ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى بولۇپ قاپسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرمۇشتىمۇ...

— تەقدىر پېشانە دېگەن شۇنداق ئوخشايدۇ... ھېچقىسى يوق، مەن يەنە كۆڭۈللۈك ياشاپ كېتىۋاتىمەنغۇ؟!

خۇشتار، مەن بىر چاغلاردا ياراتمىغان ئەكبەر ئەمدى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ، تەقدىرىمگە ئەپسۇسلانغاندا. تېشىمدا كۈلۈمسىرەۋاتقان بولسامۇ، يۈرىكىم ئۈنسىز ئۆكسىيتتى. سەن مېنى ئاجايىپ بىچارە قىلىپ قويدۇڭ - ھە؟!

ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم. چۈنكى مەن ئەكبەر تونۇيالمىغۇدەك ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەن. يىغلاپ ئىچىم بوشىغاندىن كېيىن، چاچلىرىمنى تاراپ يۈزلىرىمدىكى داغلارنى يېپىش ئۈچۈن، ئازراق ئۇپا سۇرتۇپ، لەۋلىرىمگە لەۋ سۇرۇخ سۇرۇۋېتىپ، ياتاق ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ياتاقتا ئەتىگەنلىكى قىزلار ئەينەك تالىشىپ كېتەتتۇق.

— چىمەن، سەن گىرىم قىلمىساڭمۇ بولىدۇ، — دەيتتى رەھىمە.

— نېمىشقا؟ — دېسەم
— سېنىڭ گىرىمىڭ ئۆزۈڭ بىلەن تۇرسا؟...
مانا ئەمدى ئەينەكتە ھېلىقى رەڭلىك چىمەن قېنى؟ خۇشتار، بەك چارچاپ كەتكەن بولسام كېرەك، تۈنۈگۈن ئىش ئۈستىدىلا ئايلىنىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ھوشۇمغا كەلسەم دوختۇرخانىدا ياتىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. باللارغا قوشنام قاراۋاتىدۇ. مەن دېرىزە تەكچىسىدىكى ئاشۇ ئەتىرگۈلگە قاراپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق خىيال سۈرىمەن. بۈگۈن تەكچىدىكى گۈلگە قاراپ بىر قىسما بولۇپ قالدىم. چۈنكى ئۇ گۈل سولىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ نەچچە تال گۈل بەرگى پەستە تۇرىدۇ. مەنمۇ كۈندىن - كۈنگە ئاشۇ گۈلدەك سولىشىشقا باشلىدىم. توۋا دوختۇرخانىغا كەلمەستە ساقلا ئىدىم. ئەمدى ئۇكۈل - دورىلار بىلەن كېسىلىم ئېغىرلاپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى. ئۆيدە ئىككى بالام، مەكتەپتە يەنە ئوتتۇز نەچچە ئوقۇغۇچۇم ماڭا تەلمۈرۈپ تۇرسا، مەن بۇ يەردە يېتىۋېرەمدىمەن؟ مەن چىقىپ كېتەي.
— سىز چىقىپ كېتىشنى ئويلىماي، ئورۇمچىگە بېرىپ قايتا تەكشۈرتۈپ بېقمىشىڭىز كېرەك، — دېدى دوختۇر كەسكىنلا. پۇت - قولۇمدا جان قالمىدى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى...
— نېمە دەيسىز، دوختۇر، مەندە باشقا كېسەل...
— ياقەي، تېخى ئېنىق ئەمەس، ئاشقازىنىڭىزدا بىر داغ ئېنىق ئەمەس...
مەن ئۇن - تىنسىز ئوڭدامغا ياتاتتىم. شۇتاپتا ھېچنېمىنى ئويلىيالمىدىم. پەقەت ئاشۇ بىچارە باللىرىم...
— چىمەنگۈل، ئاخشامنىڭياقى دىليارجان ئۆيگە كەلمىدى، ئىزدەپ بارمىغان يېرىم يوق! ئاخىر بولماي بۇ يەرگە كېلىشىم. قوشنام ناھايىتى ئەنسىز ھالدا ئالدىمدا تۇراتتى.

— نېمە؟ دىليار يوق! پۈتۈن جاھان پىرقىراپ كەتتى. . . مەن بالامنى ئىزدەپ چىقىپ كەتتىم.

خۇشتار، ئوغلۇم دىليارنى ئىزدەپ گۇاڭجۇغا كېتىۋاتىمەن. ئەگەر ئوغلۇمنى تاپالمىسام قانداق قىلارمەن؟ . . .

20 ـ سېنتەبىر تۇرپان

گۇاڭجۇغا كەلگىلى بەش ئايدىن ئاشتى پۇللىرىم تۈگەپ بىر ئاشخانىغا ياردەملىشىپ ئىشلەۋاتىمەن. تووۋا، سەن ئوغلۇڭدىن ئەنسىرەپ قويۇشۇڭ كېرەك ئىدىغۇ، تېلېفون قىلىپمۇ قويمىدىڭغۇ؟ ھەيرانمەن. ساڭا بەك نەپرەتلىنىۋاتىمەن. ۋىجدانىڭ ئالدىدا شۇنداق نالە قىلمەنكى، سەن مېنىڭ بېشىمغا سالغان بۇ روھىي سەرسانلىقنى، بۇ ئازابلارنى، كۆز ياشلارنى. . . ئاللاھ بىر كۈنى ساڭىمۇ كۆرسىتىپ قويىدۇ. ئەگەر سەن ئەركەك بولغان بولساڭ، بۇرۇنقى سۆيگەن ئادىمىڭدىن، ئىككى بالاڭنىڭ ئانىسىدىن كەچسەڭمۇ، ئۆز پۇشتۇڭدىن كەچمەسلىكىڭ، تاناماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. ئەمدى قەلبىمدە ساڭا پەقەت نەپرەتلا قالدى. . .

گۇاڭجۇ 10 ـ فېۋرال

ئىستەكلىرىم تۈگىدى خوراپ،
كۆڭلۈم قالدى ئارزۇلاردىن ھەم.
سۆيگۈ بېغىم قالدى قاغجىراپ،
ھەسرەت ئەلەم قىينار دەممۇدەم.
بەخت ھىدىنى ئەپقاچتى قۇيۇن،
تۇرمۇشۇمدا نە لەززەت نە تەم.

مەھبۇبەڭدىن كەپسەن يول سوراپ،
ئىنتىزار بولۇپ كۈتەر ئۇ سەنەم.
پەرزەنت تۇرار يولىڭنى توراپ،
سېرىق يۈگەي سەن ئۈچۈن بىر غەم.

پېشانەمنى شور قىلدى قىسمەت،
نادامەتكە بولۇپ كەتتىم يەم.

ئىخلاسلىرىم كەتتى ھالسىراپ،
كۆكۈم تالقان بولدى ئەقىدەم.
ئۈمىدلىرىم ياتار قانسىراپ،
غۇلاپ كەتتى كۆڭۈل ئابىدەم.
مۇخلىسلىقىم ئەسلىتەر سېنى،
دىلدا گۇمران بولغان مەھبۇبەم.

ئاچا يولدا تۇردۇم گاڭگىراپ،
پۇتلىرىمدا كېسەكلىرىڭ نەم.
ئۆلدى قەلبىم چېكىپ ئىزتىراپ،
تۇيۇق يولدا قالغان ئۇ جەسەت.
كۆمدۇم بۇگۇن قىساسقا تۇراپ،
سەن قازغان گۆر پۈتكىلى نەۋاق! . . .

خاتىرىنىڭ داۋامى يېزىلمىغانىدى. خاتىرىنى يېپىپ قويۇپ كۆڭۈلسىز بىر ھالەتتە ئولتۇراتتىم. ئىشىك چېكىلدى.

— مېنى كەچۈرۈڭ، چولپان ھەدە، مەن زادىلا بىلمەپتىمەن تۇنۇگۇن بىزنىڭ چايدىكى چوكانلار سىزنىڭ مۇرات ئاكام بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ئېيتقاندا مەن ئىشەنمەستىمن: «توۋا دەڭلار ئۇلارنىڭ ئائىلىسى شۇنداق تىنچ، بىرەر قېتىم چىنە - قوشۇق ئۇرۇلغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، قوشنا بولغان نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇلار بىزنىڭ جېدەللىمىزنى ئايرىپلا كېلىۋاتىدۇ» دەپتىمەن. بۇگۇن ئىشتىن چۈشۈۋېتىپ سىڭلىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى بىلىپ ھەيرانلىقىمنى باسالمىغان ھالدا بۇ يېڭى ئۆيىڭىزگە سىزدىن ھال سوراپ كېلىشىم. چولپان ھەدە،

مۇرات ئاكام شۇنداق ياۋاش تۇرسا، نېمىشقا ئاجرىشىپ كەتتىڭىز؟ — قوشنام كۆزلىرىمگە تىكىلدى.

بۇ مەن ئاجراشقاندىن بۇيان ئۇچرىغانلا ئادەمنىڭ بەشىنىڭ ئىچىدە ئۇچىنىڭ سورىغان سوئالى ئىدى.

— جېنىم سىڭلىم، بۇ سىزگە ئوخشاش بىر تۇرمۇشلۇق بولۇپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغان ئادەملەرنىڭ سورايدىغان سوئالى ئەمەس ئىدى. ئەمما سوراپ قالدىڭىز جاۋاب بېرەي، مەن قىز چاغلىرىمدا ھېلىقى ئېرىمدىن ئاجرىشىشكەن ھەتتا يۈرگەن يىگىتىمدىن ئايرىلىپ ھېلى ئۇنىڭغا ھېلى بۇنىڭغا ئىش - پەش تارتىپ يۈرگەن قىزلارنىمۇ يامان كۆرەتتىم. ئۆزۈممۇ شۇ بىر يىگىتنىلا ياخشى كۆرۈپ، شۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە ئۆتۈپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئەمما، پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن تەقدىر - قىسمەت سىزنىڭ ئارمانلىرىڭىزغا باقمىسا نېمە ئامال، مانا ئەمدى مەن ئېرىمدىن ئاجراشقان تۇل خوتۇن بولۇپ قالدىم. سىز دەپ بېقىڭا كىم كۆڭلى سۇ ئىچكەن ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىشنى خالايدۇ؟ — دېدىم.

— ئۇ دېگىنىڭىزغۇ ھەق، مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، مەن يولدىشىم بىلەن ئاتا - ئانىمىز قوشۇلمىسىمۇ ئۇنىماي توي قىلغان ئىدۇق. ئون يىل بوپتۇ، ئۇرۇشتۇق، تالاشتۇق، ھەتتا تاياقلىرىنى يەپمۇ ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلمىدىم. ئويلىسام ئۇ مەست بولۇپ قالغاندا مېنى رەنجىتكەن بىلەن ئوڭشالغاندا يەنە كۆڭلۈمنى ئېلىۋالىدىكەن، — دېدى قوشنام ئۆز تۇرمۇشىدىن رازى بولغان ھالەتتە.

— ھە هاراقكەش ، ھېلىقى كۈندىن كېيىن قانداقراق، — دېدىم ئۇنىڭ ھېلىقى كېچىدىكى مەست ھالىتىنى ئېسىمگە ئېلىپ.

— ۋاي جېنىم ھەدە، ئەركىشى دېگەنچۇ تومۇرچى بولىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن يېپتەك ئوڭشىلىپ كەتتى، بەزىدە بىرگە ئولتۇرۇپ ئىچىشىپ قويىمىز دەڭا، ھا. ھا. ھا. . .

قوشنامنى ئۇزىتىپ قويۇپ قىزىمنى ئۇخلاتقاچ، بۇنى زۇمرەت دېگەندەك راست زامان ئاخىرىنىڭ ئالامەتلىرى دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن يەنە ئىشخانام بىلەن يېڭى ئۆيۈم ئارىلىقىدىكى يولدا خىياللىرىم بىلەن بىرىپ كېلىۋاتقىلى بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. ئەمدى مېنىڭ ئىشلىرىم ھەممىسىنىڭ ئىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. دۇنيادا ئۆزۈم يالغۇزدەك خىيال بىلەن كېتىۋېتىپ كېچە كۆرگەن چۈشۈمنى ئەسلەپ قالدىم.

سەھەر چۈشۈمدە يەنىلا قىزلار بىناسىنىڭ 324 ـ ياتىقىدا قىزىل كىلىيونكا داستىخان سېلىنغان ئۈستەلدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئەتىگەنلىك ناشتا قىلىۋاتقاچ ۋىچىرلاپ سۆزلىشىۋاتقىدەكمىز. «يازغۇچى بولسا ئاشۇ كەرىمە نادىردەك بولسا، نەچچە كۈندىن بېرى ‹سامان يولى›، نى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتتىم، — دېگۈدەك رەھىمە ئويماقتەك ئاغزىنى چىرايلىق ھىمىرىپ تۇرۇپ. «يائاللا، بىچارە تۇغقىنىم كەرىمەنىڭ مۇشۇ ئەسىرىگە شۇنچە قىلغىنىڭغا قارىغاندا، مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنسا، كىتابىمنى قوينۇڭغا سولاپ ياتامسەن نېمە؟» دېگۈدەك چىمەن چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرۇپ. «ئىشقىلىپ يازغۇچى بولساڭ چوقۇم كەرىمە نادىردەك يازغۇچى بول جۇمۇ؟» دېگۈدەك رەھىمە. «نېمىشقا ئۇنداق بولغۇدەكمەن؟ مەن ئۆزۈمدەك يەنى چىمەنگۈل مۇھەممەتتەك يازغۇچى بولمامدىم؟». «قىزلار، بولدى، گەپ تالاشماڭلار، سائەت توشتى، دەرسكە ماڭايلى. مېنىڭ ئايىغىم يوققۇ؟ قايسىڭلار... مەن شۇنداق ئالدىراش ئايىغىمنى ئىزدەۋاتسام، — چولپان سېنىڭ ئايىغىڭنى مەن كىيۋالغانىدىم، ساڭا قايتۇرۇپ بېرەي، دەپ رەھىمە قولىدا مېنىڭ ئاق توفلىيىمنى ماڭا سۇنۇۋاتقىدەك. . .

دەل شۇ چاغدا سائەت جىرىڭلاپ كەتتى. بىز ئالدىراش سىنىپقا ماڭدۇق. ياق ئەسلى ئۈستەل سائىتىم مېنى ئويغىتىش ئۈچۈن. . . ئەستاغپىرۇللا سائەتنى نېمىشقىمۇ ئويغىتىدىغانغا

توغرىلاپ قويغان بولغىيتىم؟ مەڭگۈ قايتىلانمايدىغان گۈزەل داشۆ ھاياتىمنى ناگان - ناگاندا شۆنداق چۆشەپ قالىمەن. شۆنداق چاغلاردا مەڭگۈ ئويغانماي ئۇخلىسامچۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

ئىشخانىغا كىرىشىمگىلا خىزمەتدىشىمنىڭ:

— چولپان ھەدە سىزگە خەت كەپتۇ، — دېگەن ئاۋازى كۆتۈۋالدى. خەتنى قولۇمغا ئېلىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. كونۋېرتتا ماڭا ناھايىتى تونۇش يوغان ئۇستىخانلىق تونۇش پوچېركا يەنى سۇباتىنىڭ ئىسمى تۇراتتى. كونۋېرتنى تۇتقان قوللىرىم سۇس تىترەپ كەتتى. خەتنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم:

سالام، چولپان، ئامانمۇ سەن؟ شۇ تاپتا قەلەم تۇتقان قوللىرىم تىترەۋاتىدۇ. ساڭا گەپنى نەدىن نېمىدىن باشلاشنى بىلمەي ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئويلاندىم. چولپان مەن بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئۇرۇمچىگە بىر ئىش بىلەن بېرىپ دىلشادتىن سېنىڭمۇ يولدىشىڭدىن ئاجرىشىپ، يالغۇز تۇرۇۋاتقىنىڭغا بىر يىلدىن ئاشقانلىقىنى بىلىپ قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەي قالدىم.

— چولپان راستىنلا. . .

— شۇنداق ئۇ بۇلتۇر چىمەننىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەندىلا ئاجرىشىش ئۇچۇن سوتقا چۇشۇپ بولغانىدى، — دېدى دىلشات

— نېمىشقا ماڭا دېمەيسىلەر؟ — دېسەم دىلشاتمۇ، سەنچۇ؟ سەن نېمىشقا رەھىمەدىن ئاجرىشىپ كەتكىنىڭنى ئېنىق دېمەي، ئۇنى چەتكە تۇغقان يوقلىغىلى چىقىپ كەتتى دەيسەن؟ — دەپ رەنجىدى.

چولپان «ئادەم ئەسلى ئۇلۇغ ئەمەس. ئازاب، ھەسرەتنى، مۇشەققەتنى يېڭەلىگەنلىكى ئۇچۇنلا ئۇلۇغ» دېگەنىكەن بىر ئاقىل. دېمىسىمۇ شۇنداق ئىكەن، ياخشى كۆرۈشمۇ بىر ئازابلىق كەچمىش، شۇ ئازاب ھىجرانلارنى باشتىن كەچۈرگەندىلا ھەقىقىي چىن مۇھەببەت مۇقامىغا يەتكىلى، بەختىنىڭ پەيزىنى سۇرگىلى بولىدىكەن، ئەجرىسىز، رىيازەتسىز، جاپاسىز ئېرىشكەن، ئازراق

بوران - چاپقۇندىن قاچقان مۇھەببەت قۇم ئۈستىگە سالغان ئۆيدەك ئۆمرى كۆتە بولىدىكەن. رەھىمەنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى چىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي گۇمران بولدى. بۇنىڭدا مېنىڭمۇ سەۋەنلىكىم بار. چۈنكى مەن ئۇنى سۆيەلمىدىم، ئۇنى سېنىڭ ئورنىڭغا قويالمىغانلىقىمدىن بولدى.

چولپان، مەن تۇرمۇشۇمدىن ئۈمىد ئۈزگەن، بەلكىم بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تەنھا ياشاپ كېتىمدىغاندەك خىيالدا ئىدىم. ئەمما دىلشاتتىن سېنىڭمۇ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىڭنى بىلگەن مىنۇتتىلا قەلبىمدە ئاجايىپ بىر جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ ۋە قىزغىنلىق ئويغاندى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتمىگەنلىكىمگە ئىشەندىم. شۇ ھامان يېنىڭغا بارغۇم سەن بىلەن نەچچە كېچە مۇڭدىشىپ ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى تاڭلارغا ئۇلىغۇم كەلدى. ئەپسۇس، ئارىلىقىمىزدا ئون بىر يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مەن سەل تەمتىرەپ قالدىم. چولپان نەچچە يىللاردىكى ئاچچىق ئەسلىمىلەرنى ئارقىمىزغا تاشلاپ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن گۈزەل بەختىمىزنى، ئۆتۈپ كەتكەن يىللارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالايلى.

چولپان، خەتتىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا بىر قارىغىنا، ھەتتىگىنەي خەت يەنە يېرىم دىدارلىقنى قىلدى - دە، بولمىسا ئاشۇ ئاپەت تىرىغۇچى كۆزلىرىڭدىن مەن سېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋالايتتىم.

قولۇڭنى چىڭ سىقىپ سۇبات

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ خۇددى چۆرگىلىتىپ تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك گاڭگىراپ ئولتۇرۇپ قالدىم. سۇباتمۇ بەختسىز بوپقاپتۇ - دە... مۇشۇ دەقىقىدە يا كۈلۈشىمنى يا يىغلىشىمنى بىلەلمىدىم. ئادەمنى تۇيۇقسىز كەلگەن خاپىلىقمۇ، خۇشاللىقمۇ ئوخشاش گاڭگىرىتىپ قويىدىكەن. سۇبات، سۇبات، مەن بۇ ئىسىمنى قاچانلاردىن بۇيان قانچە قېتىملاپ زىكرى

قىلغاندىمەن ـ ھە؟ ئەمدى ئۇ ماڭا كەڭ قۇچاق ئېچىپ كېلىۋاتسا، نېمىشقا خۇشال بولمايمەن؟... ئەمدى بىزنىڭ بىرگە ياشىشىمىزغا ھېچكىم ۋە ھېچنېمە توسقۇنلۇق قىلمايدىغۇ؟ قولۇمغا تېلېفوننى ئېلىپلا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باقمايمۇ؟ ئاڭلىغۇم يوقمۇ؟ بار، شۇنداق ئاڭلىغۇم بار، ئەمما... ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتىڭمۇ؟ ياق مەن ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم... ئۇنىڭغا دەيدىغان سۆزلىرىڭ يوقمۇ؟ بار مەن قانچىلىغان قېتىم ئۇنىڭ بىلەن چىلان رەڭگى چايني دەملەپ ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشىشنى، ئۇنىڭغا قەلبىمدە تولۇپ كەتكەن مۇڭلىرىمنى يىغلاپ ھەم كۈلۈپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرىشنى ئويلىغان؟ ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ ماڭغان ئۇزۇن كوچىلارنى گەپ ئارىلىقىدا مېنى تېرىكتۇرسە ئۇنىڭ مۇرىلىرىگە يېنىك مۇشتلاپ ئەركىلەشلىرىمنى، بىرەر خاپىلىقلارغا دۇچ كېلىپ ھال ئېيتسام، سالماق تەلەپپۇزدا تەسەللىي بېرىشلىرىنى، كەينىدىن پو ئېتىپ كۈلدۈرۈپ خاپىلىقلىرىمنى ئالىقاياقلارغا ئۇچۇرۇۋېتىشلىرىنى...

مەن تېخى ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. شۇنىڭغا قارىغاندا مەن ئۇنىڭ بىلەن خىيالىمدا بىرگە ياشاپ كۆنۈپ قاپتىمەن. مەن قايسى بىر كىتاپتىن خاتىرەمگە كۆچۈرۈۋالغان «ئارزۇ مەڭگۈ يەتكىلى بولمايدىغان گۈزەللىك ئىلاھى، ئۇ بىز ئېرىشەلمىگىنىمىز ئۈچۈن گۈزەل، ئىنتىلگىنىمىز ئۈچۈن شېرىن، ئەمما بىز ئېرىشەلمەسەكمۇ، يېقىنلىشالايمىز.» دېگەن سۆزلەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئادەم خۇشال بولسىمۇ قايغۇرسىمۇ ھامان يېقىن دوستلىرىنى سېغىنىدۇ. شەخسەن مەن خۇشاللىق ھەم خاپىلىقتا دوستلىرىم بىلەن ئورتاقلىشىشنى تۇرمۇشۇمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى دەپ قارايمەن. خۇشاللىقنى كۈلكەم خاپىلىقنى يىغام بىلەن قوبۇل قىلىپ ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. بۈگۈنكى بۇ مۇجمەل كەيپىياتىمنىمۇ خەدىچەگە دەپ ئىچ پۇشۇغۇمدىن چىقىشقا ئالدىرىدىم. قىزىمنى يەسلىدىن ئېلىپ، ئۆيگە كىرىشىمگە تېلېفونۇم جىرىڭلىدى.



— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشىمۇ سەن، چولپان؟
— ياخشى، ئاداش، مەنمۇ هازىرلا ساڭا تېلېفون قىلاي دەپ تۇراتتىم.

— قانداق بىرەر ئىش بىلەمسىز؟

— ياق، سەن بىلەن مۇڭداشقۇم كېلىپ ھەم چىمەننىڭ يىل نەزىرسىنىڭ ۋاقتىنى بىلەي دەپ نەزىرسىنى قاچان بېرىشنى ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدىم گەپنى بۇراپ.

— مەن ساڭا شۇ ئىشنى ئۇقتۇرغىلى تېلېفون قىلغانتىم. سەن ھېلىقى ئون بەش كۈنلۈك دەم ئېلىشىڭنى ئېلىپلا ئەته كېلەلىسەڭ، بىز ئەتىلا تۇرپانغا بېرىپ چىمەننىڭ ئۆيىدە نەزىرنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلساق، يىل نەزىرسىنى ئالدىمىزدىكى شەنبىدە بەرسەك ئۈرۈمچىدىكىلەرمۇ نەزىرگە قاتناشسا دېيىشتۇق. سېنىڭ شارائىتىڭ بولارمۇ؟ — دېدى خەدىچە.

— ھەممە پىلانلارنى تۈزۈشۈپ بولۇپ مەندىن بولامدۇ دەپ يالغاندىن مەسلىھەت سورىغانلىقىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇنىڭدىن ئەته كەل دەپلا بۇيرۇق چۈشۈرمەمسەن، — دېدىم كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېسەڭ، بولدى ۋاقتىنى سەن بېكىتكىن، چۈنكى سەندە ھامىيلىق قىلىش ھوقۇقى تۇرسا، دېدى خەدىچەمۇ چاقچاق قىلىپ.

— بولىدۇ، ئىشلار شۇنداق بولسۇن، مەن ئەته دەم ئېلىشىمنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە ماڭاي، — دېدىم.

— چولپان، مەن ساڭا يېڭى خەۋەر يەتكۈزمەكچى، — دېدى خەدىچە ئالدىراپلا. ئۇنىڭ ئاۋازلىرىدىن بىر خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى.

— شۇم خەۋەرمۇ، خۇش خەۋەرمۇ؟

— خۇش خەۋەر، سۇبات بىلەن رەھىمە ئاللىقاچان ئاجرىشىپ بولغانىكەن.

— سەن قانداق بىلدىڭ؟

— سۇبات ئۆتكەندە بىر كىتابنى نەشرگە ئېلىپ كەپتىكەن، شۇ چاغدا دىلشاتقا ئۆزى دەپتۇ. بەزى ئاغلاشلارغا قارىغاندا رەھىمە ئۆزى يولدىن چىقىپ ئاخىر بولماي، ھېلىقى پۇلغا ئامراق مىجەزى

ئۇنى چەت ئەللىك بىر پولدارغا رىشتىنى باغلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن چېغى، تۇغقان يوقلاپ چىقىپ كەتكىنى يالغانىكەن، — خەدىچە ئاۋازىنى پەس چىقىرىپ شۇنداق دېدى.
— مەنمۇ خەۋەر تاپتىم!
— قاچان؟
— بۈگۈن ماڭا سوبات ئۆزى خەت يېزىپتۇ.
— خېتىدە نېمە دەپتۇ؟ — خەدىچە قىزىقىپ سورىدى.
— شۇ، نېمە دەيتتى. . . مەن خەدىچەگە مەقسەتنى دېيەلمەي تەمتىرىدىم.
— نېمە بولدۇڭ نېمانچە تەمتىرەيسەن؟ سوبات سەن ماڭا دېيەلمىگىدەك گەپ قىلمىغاندۇ؟
— ۋاي ئاداش، مەقسەتنۇ كونا پەدە، ئادەم چوڭ بوپقالغاندا دېيىشمۇ ئەپسىزكەن. . . — دېدىم كۆلگۈم كېلىپ.
— سەن قانداق قىلاي دەيسەن؟
— بىلمىدىم. . . سەن دېگىنە قانداق قىلسام بولىدۇ؟
— ئەگەر مەندىن مەسلىھەت سورىساڭ، ئۆز بەختىڭنى ئۆز قولۇڭغا ئال دەيمەن.
— توۋا دېگىن، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن.
سەن نەچچە يىلدىن ئۇنىڭ پىراقىدا ئاز پۇچىلاندىڭمۇ؟ ئەمدى بۇ ساڭا مەنسۇپ بولغاندا نېمىگە هال تارتىسەن؟ ها. . . ها. . . يۈرىكىمدىن چىققان كۈلكەم بۇ ئاددىي خانىمدە جاراڭلاپ كەتتى.
— قارا سېنى خۇشاللىقىڭ ئىچىڭگە سىغماي قاپتۇ، يەنە هال تارتىۋاتىسەن. . .
— راست دېدىڭ، مەن نەچچە يىلدىن بىر غايىنى قوغلىشىپ ئۈمىد بىلەن كېتىۋاتقانىكەنمەن. مانا ئەمدى مەن هېچقانداق توسالغۇسىز ئۇنىڭغا ئېرىشىدىغانلىقىمنى بىلگەندىن كېيىن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. بەلكىم بىز خىيالىمىزدىلا بىرگە ياشىساق، مۇھەببىتىمىز تېخىمۇ گۈزەل بولامدىكىن دەيمەن. . .

— بولدى، بۇ ئىشلارنى سەن باشقىچە ئويلاپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما، سەن ئالدىڭغا قاراپ يەنى كۆڭلۈڭ نېمىدە خۇش بولسا شۇنى قوغلاپ مېڭىۋەر، قالغان ئىشلارنى دىلشات ئىككىمىز توغرىلايمىز.

ئاخشام تاتلىق خىياللار بىلەن خېلى بىر چاغقىچە ئۇخلىيالمىغانلىقىمغا باقماي، بۈگۈن سەھەردىلا ئويغىنىپ كەتتىم. بامدات نامىزىمنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قىزىمنىڭ تاتلىق گەپلىرىنى ئاڭلىغاچ قىزىم بىلەن ناشتا قىلدۇق.

ئىشخانىغا كۈلۈمسىرەپ كىرگىنىمدە ھەممىسى ماڭا ھەيران قالغاندەك قاراشتى.

— چولپان بۈگۈن باشقىچىغۇ؟ ئېچىلىپ كېتىپسىز؟

— بىلمىدىڭمۇ، تۈنۈگۈن چولپانغا چەت ئەلدىن خەت كەلدى.

— ياق، دەيمىنا ھېلىقى «ئىشخانىدىكى ئىشلار» دىكى باشلىق ئايالدەك دوك... دوك... كىرىدىغان ئادەم، بۈگۈن... ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپلا...

— ياق، بۈگۈن چولپان ھەدەم قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ...

— دائىم مۇشۇنداق يۈرۈڭا، سىزگە قارىساقمۇ كۆڭلىمىز كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن.

— بولدى، چاقچاقىڭلارنى قويۇڭلار، مەن باشلىقتىن ئون بەش كۈنلۈك دەم ئېلىشىمنى ئېلىپ چىقتىم، ماڭا ئاق يول تىلەڭلار، — دېدىم كۈلۈپ.

— تۈنۈگۈنكى خەتتە پاسپورتمۇ بىرگە كەلدىمۇ؟

— ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ، ياكى ياۋروپاغىمۇ، مېنى ئېلىۋېلىڭ... تەرجىمانىڭىز بولاي... كۈنلۈكۈمگە قانچە بېرىسىز؟...

بۈگۈن مېنىڭ كەيپىم بەك چاغمۇ ياكى خىزمەتداشلىرىمىنىڭمۇ؟ ئۇلارمۇ ئاجايىپ قىلمايدىغان چاقچاقلارنى قىلىپ كەتتىغۇ؟

دېمىسمۇ بەزى كۈنلىرى ئىشخانامغا كېلىپ باش لىڭشىتىپ بوشىياقمىغانىدەك سالام بېرىپ قويغاندىن كېيىن كومپيۇتېرىمنىڭ ئالدىدا بىر ئولتۇرۇۋالسام، ئىشتىن چۈشۈدىغان چاغدا ئەتراپىمدىكىلەرگە خوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ، دوكۇلداپ چىقىپ كېتىمەن. ئۆيگە كىرىپ ئەينەككە قايتا قارىدىم. توۋا خۇشاللىق دېگەن چىرايىغا ئەجەب تېز چىقىدىكەنە؟ بۈگۈن كىيگەن كىيىملىرىممۇ سۈس قىلىنىۋالغان گىرىملىرىممۇ، ئادەتتىيىلا قىلىپ تۈگۈۋالغان چاچلىرىممۇ ئۆزۈمگە شۇنداق ياراشقانىدى.

مەن ئاپتوبۇستا كېتىۋاتىمەن، قىزىم قۇچىقىمدا تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. دىلىمغا مېھرىم چۈشۈپ كەتتى. بالىنىڭ ئۇخلاۋاتقان ۋاقتى بەك تاتلىق بولىدىكەن. مەن ئەمدى قىزىمنىڭ مەڭگۈ ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولۇشىنى، باشقىلارنىڭ قىزىمنى بېقىۋالغانلىقىمنى ئېسىدىن چىقىرىۋېتىشىنى تىلەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمگە قىزىم بارغانسېرى ئۆزۈمگە ئوخشاپ كېتىۋاتقاندەك، مىجەزلىرى مېنى تارتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ھېچكىم بىر ئىشلارنى ئۆز بېشىغا كەلمىگىچە چۈشەنمەيدىكەن، دۇنيادا باشقىلارنىڭكىنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش ھەم ئۇنى يوشۇرۇشنى ئويلاشمۇ ئېغىر ئازاب ئىكەن، مەن بالاغەتكە يېتىپ توي قىلىش، بالىلىق بولۇشلارنى ئويلاشقا باشلىغاندا ئۆزۈمچە بىر ئىككىنى ئەمەس بەش ـ ئالتە قىز ئوغۇللىرىم بولۇشنى، چوڭ قورو جايلىرىم، نەچچە سىېغىن كالىلىرىم بولۇشنى، ئۆزۈمنىڭ كەسپچان ئايال ئەمەس ئائىلىدىكى باغرى ئالەمدەك كەڭ، مېھرى قۇياشتەك ئىللىق ئانا بولۇشنى، بىر كۈنلەردە ئاپئاق چاچلىق كېلىشكەن موماي بولغانلىرىمدا، قىز — ئوغۇللىرىمنىڭ ھەرقايسى كەسپلەردە غەلىبە قازىنىپ ئالدىمغا تەنتەنە بىلەن كېلىشلىرىنى خىيال قىلاتتىم. مەن نېمىشقا شۇنداق جىق بالىلىق ئانا بولۇشنى ئويلاپ قالدىمكىن؟ ئويلاپ باقسام ئايتماتوفنىڭ «يەر ئانا» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنداق ئارزۇلاردا بولۇپ

قالدىممىكىن؟ مەن ئۇ ئەسەرنى يىغلاپ تۇرۇپ نەچچە قېتىم ئوقۇغانلىقىم ئېسىمدە، ئەمما ئاللاھ مېنى ئۇ ئارمانلىرىمغا يەتكۈزمىدى.

مەن ئۇرۇمچىگە كېلىپ تاكسىدا ئولتۇرغىنىمدا قوياش ئۇپۇق سىزىقىغا ئەمدىلا ئولتۇرغان بولۇپ، ئاۋغۇستىنىڭ غۇر - غۇر ئىللىق شامىلى يۈزلىرىمنى ئەركىلىتىپ سۆيەتتى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ماڭا ئاجايىپ تونۇش ھەم يېقىملىق كۆرۈنۈۋاتاتتى.

خەدىچەنىڭ ئىشىكىنى چەككىنىمدە، ئىشىكنى سوبات ئاچتى.

— ۋۇي سەن بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ — مەن ھودۇققىنىمدىن شۇنداق دەۋەتتىم.

— سەنچۇ؟ خەدىچەلەر بىلەن مەسلىھەتلەرنى پۈتتۈرۈپ، سېنى ئەپقېچىپ كەلگۈچە ئۆزۈڭنىڭ كېلىۋالغىنىڭنى دەيمىنا؟ — سوبات ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىمگە قارىدى.

— زامان ئاخىرىنىڭ ئاياللىرى ئۆزى كېلىدۇ - دېدىم كۈلۈپ.

بىز تەڭلا كۈلۈشتۇق. ماڭا بىز بىلەن تەڭ پۈتۈن ئالەم كۈلۈۋاتقاندەك بىلىندى.

2004 - يىلى 21 - ئاپرېل مايتاغ.



# جاۋابسىز خەتلەر

شۇتاپتا، مەن تولىمۇ مۇشكۇلات ئىچىدە ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىپ، قەلبىمنى چەكسىز ئۆرتەۋاتقان جۇدالىق زارى ئازابلىق ياشلىرىمنى سىياھ قىلىپ، بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ قان - تەرى، ياشلىق باھارى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى سەرپ ئەتكەن، ئانا تۇپراق ئاستىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن مەرھۇم دادام سىدىق ئاتباسىنى كۆچلۈك سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىمەكتىمەن. . . مەرھۇم دادام ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ قەلب تۆرىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغان، دۇنيادىكى مىليونلىغان سۆيۈملۈك، قەدىرلىك دادىلار قاتارىدا بىز ئۈچۈن نەقەدەر سۆيۈملۈك، نەقەدەر قەدىرلىك ئىدى — ھە؟! ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئۇ بىز بىلەن خوشلىشىشقىمۇ ئۇلگۇرمەيلا باقىي ئالەمگە كەتتى. شۇنداق، ئۇ كەلمەسكە كەتتى! . . .

1

دادا، تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ جۇدالىق مېنى خۇددى خازان بولغان كۆز يوپۇرمىقىدەك، گۈزەل بوستانلىقتىن، دەشت - چۆللۈككە، دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن ئىچىگە تاشلىۋەتتى. . .

ئاكام ئىككىمىز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرگەندە، سەن قۇتقۇزۇش كارىۋىتىدا سۇنايلىنىپ يېتىپتىكەنسەن، پۇت - قوللىرىڭدا ئاسما ئوكۇل، بۇرنىڭدا ئوكسىگېن نەيچىسى بار ئىكەن. دوختۇرلار ئەتراپىڭدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاپام، ئاكام

ۋە دوست ـ يارەنلىرىڭ ئەنسىز ھالدا ساڭا قاراپ تۇرۇپتۇ، مەن كىرىپلا سېنىڭ كۆزۈڭنى لاپپىدە ئېچىپ «بالام ئىشتىن چۈشتۈڭلارمۇ؟ تالا بەكمۇ سوغۇقمۇ؟» دەپ سۆزلەپلا ئەسلىڭگە كېلىدىغاندەك خىيالدا بولغانىدىم، ئەپسۇس، رېئاللىق بەك رەھىمسىز ئىكەن. مەن «دادا، دادا،» دېگىنىمچە يىغلامسىراپ يۈزلىرىڭنى سىلىدىم، قوللىرىڭنى تۇتتۇم، سەن ئۈندىمەي ياتاتتىڭ، دادا نېمە بولدۇڭ، كۆزۈڭنى ئاچقىنە؟! مەن شۇنداق شىۋىرلاپ سۆزلەيتتىم. ئوغۇل بالا ھامان ئوغۇل بالىدە، ئاكىلىرىمنىڭ كۆزلىرى ئاللىقاچان نەمدەلگەن بولسىمۇ، ئۈندىمەي سەندىن بىر تىنىق كۈتۈۋاتاتتى. بىراق، مەن بەك ئاجىزلىق قىلدىم، ئاۋازلىرىم بوغۇلۇپ دادا نېمە بولدۇڭ! دېگىنىمچە ئۆكسۈشكە باشلىدىم. ئالىقانلىرىم بىلەن يىرىك ساقال باسقان يۈزلىرىڭنى سىلايتتىم. قوللىرىڭنى تۇتاتتىم، ئاھ خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟! كۆز ئالدىمدىلا ئۇلار سېنىڭ ئېڭىكىڭنى تېڭىشتى. . . — ياق، ئۇنداق قىلماڭلار! ئاكا، دوختۇرغا گەپ قىل! يەنە بىر دەم ساقلايلى، بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! مەن ئىشەنمەيمەن. . . ئىشەنمەيمەن. . . دادام ساقتىغۇ؟ مەن يەنە نېمىلەرنى دېدىمكىن بىلمەيمەن. ھەممىسى ماڭا ياش تۆكۈلۈۋاتقان كۆزلىرى بىلەن، رېئاللىقنى تەن ئېلىشقا ئۈندەيتتى ياق! مەن سېنىڭ يۈزلىرىڭگە يۈزلىرىمنى ياقتىم، مەيدەڭگە بېشىمنى قويۇپ ھۆڭرەپ يىغلايتتىم. . .

دادا، بىز ئاخشاملا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۇزاق مۇڭداشقان ئىدۇققۇ؟ «گۈلۈم، بالدۇراق ئۇخلا، ئەتە ئىشقا چىقىسەن» دەپ خۇشلاشقانىغۇ؟ ئەتىگەن، ئۆيدە ساپساقلا قالغانتىڭغۇ؟ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىكى رەھىمسىز رېئاللىققا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. . . ئۆلۈم بەك قۇدرەتلىك ئىكەن دادا، سەن مەن ئۈچۈن يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ بېرەلەيتتىڭ، مانا ئەمدى ئۆزۈمنى ھەر يانغا ئۇرۇپ، ئازابلىق پەرياد چەكسەممۇ كۆزۈڭنى لەپپىدە ئېچىپ

«يىغلىما، قىزىم» دېيەلمىدىڭ. ئالدىڭدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئوڭ قولۇم بىلەن ساقال باسقان مۇزدەك مەڭزىڭنى سىلاپ: «دادا، يىگىرمە ئالتە يىل باققىنىڭغا رازى بول» ، دەپ يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ رازىلىق بەرسەممۇ، ئېغىر ئەمگەكتىن چارچاپ كەتكەن ئادەمدەك خاتىرجەم هالدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇڭنى ئۇخلاۋاتاتتىڭ. بوپتۇ، خاتىرجەم ئۇخلا، ئۆمۈر بويى بىز ئۈچۈن هارۋا ئىتتىرىپ، هارۋىدا ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولالمىغان جاپاكەشسەن! دادا، سېنىڭ بۇنداق بالدۇر كېتەرىڭنى بىلگەن بولسام، ئاخشام كېچىچە قېشىڭدا كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپ، پۇت - قوللىرىڭنى تۇتۇپ، ئاخىرقى تىنىقىڭدا تەشنالىق سۈيى تېمىتماسمىدىم؟ ! شۇنداق بىر ئارمان، يۈرىكىمنى، قەلبىمنى ئۆرتەپ ئىچىمدە بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆيمەكتە. . . شۇنداق ئازاب مۇسىبەتكە ئولتۇرسام «بويىغا يەتكەن قىزى تۇرۇپ، ئاتا - ئانىسى تۈگەپ كەتسە، ئاتا - ئانىنىڭ بويىندا قەرز بولۇپ قالىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن قىزىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاندىن مېيىتنى ئېلىپ مېڭىش كېرەككەن. . . سىڭلىم، چوڭلار شۇنداق دېگەچكە تۇغقانلار ماڭا بۇ ئىشنى ساڭا دەپ بېقىشنى هاۋالە قىلدى، سەن قوشۇلامسەن؟ » نەۋرە هەدەمنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ دېگەن سۆزلىرى مېنىڭ بېشىمدا چاقماق چېقىلغاندەك دەهشەتلىك ئاڭلاندى. . . نېمە دەيدىغانسىلەر. . . ئاشۇ كۆيۈمچان دادام ئېگىزكى تېگىقلىق ياتسا، مېنىڭ نىكاھىمنى. . . ياق! . . . جېنىم دادا، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ! . . . مەن بۇ ئازابقا قانداق چىداي! يالغۇز قىزىڭنى، مۇشۇنداق ئازاب ئوقۇبەتكە قويۇپ كەتتىڭمۇ دادا. . . مەن ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ هازا ئاچتىم. دادا، شۇ تاپتا سەن ئۈچۈن يۈرىكىم كېرەك بولسا، ئىككىلەنمەستىن يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ بېرەلەيتتىم. . . بۇ دۇنيادا بىز ئۈچۈن، بولۇپمۇ مەن ئۈچۈن چەككەن جاپالىرىڭ ئازدەك، يەنە ئۇ دۇنياغىمۇ مېنىڭ قەرزىم بىلەن كېتىشىڭگە قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمەن؟ بوپتۇ، دادام ئۈچۈن نېمە دېسەڭلا مەيلى، شۇ بىچارە جاپاكەش دادام ئۇ دۇنيادا

بولسىمۇ خاتىرجەم ياتسۇن! مەن يىغلاپ تۇرۇپ ماقۇل بولدۇم. دادا، سەن قىزىڭنىڭ بۇ نىكاھىدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلگەندەك، كۆزلىرىڭنى چىڭ يۇمۇپ يېتىۋالغانمىدىڭ؟ دادا، ئېچىنىڭ تېڭىقلىق يېتىپ مېنىڭ ئاھ زارىمنى ئاڭلاپ روھىڭ قانچە قورۇنغاندۇ — ھە؟ ھايات چېغىڭدا مېنىڭ مۇنداق يىغلىشىمغا ھەرگىز چىداپ تۇرالمايتتىڭ ھەم يول قويمايتتىڭ، «بالام، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ يىغلايدىغان ئىشنى قىلما. . . دوختۇر سېنى خاپا بولسا بولمايدۇ دېگەن. . . » دەيتتىڭ كۆيۈنۈپ. بىر ئاي بۇرۇن يەنى 30 ـ ئۆكتەبىر مەن توي خېتى ئالغان كۈنۈم سېنى بەك ئەندىشىگە سالغىنىم ئېسىڭدىمۇ؟ نېمىشقىكىن شۇ كۈنى كۆڭلۈم بەك يېرىم ئىدى. توي خېتى مەن ئۈچۈن ئۆلۈم خېتىدەك، مۇشۇ خەت بىلەن تەڭ قولۇمدىكى بەخت قۇشۇم ئۇچۇپ، خۇشاللىقىم ئازابقا ئايلانغاندەك شۇنداق بىر ئەندىشە ھەم ئازاب مېنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى. ئاپامنىڭ ئالدىغا توي خېتىنى تاشلاپلا، ئۆزۈمنى ساپاغا ئېتىپ يىغلاپ كەتتىم. يىغا ئىچ ـ ئىچىمدىن چىقاتتى. ئاپامنىڭ يالۋۇرۇش، كايىشلىرى بىلەن پەرۋايىم پەلەك، باشتا ئۈنسىز يىغلىغان بولسام، بارا ـ بارا ئاۋازىمنى چىقىرىپ، ئېسەدەپ شۇنداق ئېچىنىشلىق يىغلاپ كەتتىم. بىراق نېمىگە شۇنداق يىغلىغانلىقىمنى دەپ بېرەلمەيتتىم. ئويلىسام ئادەمنى ئەڭ قىينايدىغان ئىش كىشىگە دېيەلمەيدىغان ئازاب، مۇمكىنچىلىكى يوق ئارمان ئىكەن. بىر ھازا يىغلىغاندىن كېيىن ئىچىم بوشاپ، يىغام پەسەيگەندە، سەن بىر قولۇڭدا پىيالىدە قايناقسۇ، بىر قولۇڭدا بىر تال تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئېلىپ كىردىڭ. «گۈل، ئورنۇڭدىن تۇر بالام، بۇ دورىنى ئىچىپ يېتىۋال» . سەن ناھايىتى پەس ئاۋازدا شۇنداق دېدىڭ، دورىنى ماڭا ئۇزاتتىڭ. مەن ئىلاجىسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ دورىنى ئىچىۋەتتىم، ساڭا قارىيالمىدىم، ساڭا قارىسام يەنە يىغلاپ سالاتتىم. بۈگۈنكى يىغام ئۈچۈن سەن ئاپامدەك رەنجىپ كەتمىدىڭ. چۈنكى دادا سەن مېنى چۈشىنەتتىڭ، مەن ساڭا قەلبىمدىكى يوشۇرۇن ئارمانلىرىمنى دېيەلمىگەن

بولسامموْ، سەن مېنىڭ ھەر بىر تىنىقلىرىمدىن مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىۋالالايتتىڭ. شۇڭا ئىلاجسىز، ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدۇق. . . مەن دورىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، قولۇمدىكى پىيالىنى ئېلىپ ئەمدى ھېچنېمىنى خىيال قىلماي ئۇخلىۋال، دەپ چىقىپ كەتتىڭ.

دادا، سېنى تاۋۇتقا سېلىپ ماڭغاندا، يۈرىكىمنى ئامبۇر بىلەن قىسىپ تارتقاندەك ئازابلاندىم. ئوغۇللىرىڭ ساڭا ھەمراھ بولۇپ تۇپراق بېشىغا كېتىشتى. مەن قىز بولغانلىقىم ئۈچۈن، زار - زار نالە قىلىپ ئۆيدە قېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. مېنىڭ نالە - پەريادىم كۆككە يەتتىمىكىن؟ ئاسمان كۆز ياشلىرىنى ئاپئاق قار قىلىپ تۆكتى. . . سەن دائىم تېز - تېز قەدەملەر بىلەن گۈس - گۈس دەسسەپ كېلىدىغان يوللاردا ئوغۇللىرىڭ تاۋۇتىڭنى مۈرىسىگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇ مىنۇتتا، ئۆزۈمنىڭ قىز يارىلىپ قالغىنىمغا بەكمۇ ئېچىندىم، ئەگەر ئوغۇل بولغان بولسام مەنمۇ تاۋۇتىڭنى مۈرەمگە ئېلىپ كۆتۈرۈۋالسام يۈرىكىمدىكى كۆيۈۋاتقان ئوت ئازراق پەسەيمەسمىدى؟!

2

دادا، بۈگۈن سەندىن ئايرىلغىنىمغا ئاتمىش ئۈچ كۈن بولدى، ئەتە ئاتمىش تۆت كۈن بولغان كۈنى مېنىڭ تويۇم بولىدۇ. تەقدىرنىڭ شەپقەتسىز قىسمەتلىرىگە نېمە دېگۈلۈك. بىر - بىرىگە شۇنچە يېقىن كۆيۈمچان ئاتىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بەختسىز قىزنىڭ تويى قاش بىلەن كىرپىكتەك يېقىن ئارىلىقتا بولۇۋاتىدۇ.

دادا، ئەگەر بىرى مەندىن دۇنيادا ھەممىدىن ئازابلىق ئىش نېمە؟ دەپ سورىسا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، يىغلاۋاتقان ئادەمنى كۆلۈشكە مەجبۇرلاش دەپ جاۋاب بېرەتتىم. سەندىن ئايرىلىپ ئۇششۇك تەگكەن ياپراقتەك سارغىيىپ ياش تۆكۈپ يۈرسەم، بولمىغۇر ئۆرپ - ئادەتكە مىللىتىمىزنىڭ خۇراپىي قاراشلىرى

بويىچە «نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن، تويىنىمۇ قىلىۋەتمىسە بولمايدىكەن» دېيىشىپ ئاكىلىرىم يەڭگىلىرىم ئارقىلىق شۇنداق گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. مەن بۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. دادا، سەن بار چاغدا غەمسىز چوڭ بولغىنىمغا باقماي، بالىلىق خىياللىرىم ئىچىدە ھەممە نەرسە مېنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك، ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقاندەك، مەغرۇر ئىدىم، دېگىنىم دېگەن، قىلغىنىم قىلغان بولاتتى، ئەمدىچۇ؟! سەن يوق ئالەم تەتۈر چۆرگىلەۋاتقاندەك، ھەممە نەرسە مېنى دادىسىز، يېتىم قىز دەپ ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاۋاتقاندەك... بىر بىچارە، يىغلاڭغۇ بولۇپ قالدىم.

دادا، ھەممە قىزلار توي كۈنى توي يىغىسىنى، يەنى بەخت يىغىسىنى يىغلىغان بولسا، مەن بۇ يىغىغا سېنىڭ ھازاڭنى قوشۇپ يىغلىدىم. دادا بۇ مېنىڭ توي يىغام ياكى رەسمىيەت ئۈچۈن ئەتەي قىلىۋاتقىنىم ئەمەس، مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم، ساڭا بولغان ھۆرمىتىم، ساڭا بولغان ئەقىدەم... ساڭا قىلغان سالىمىم!... چۈنكى يىغا مۇھەببەت، يىغا ئەقىدە ئەمەسمۇ؟!

دادا، مەن يىراقتىكى بىر سىرداش دوستۇمغا بېشىمغا كەلگەن بۇ بەختسىزلىكلەرنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان سېنىڭ نەزىرىڭنىڭ ئاق باغىقى بىلەن تويۇمنىڭ قىزىل باغىقىنى خېتىمگە قوشۇپ ئەۋەتكەن ئىدىم. دوستۇم خېتىدە «كونۋېرتتىن چىققان ئىككى باغاق مېنى ئازاب ئىچىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن خىياللارغا غەرق قىلدى. خېتىڭنى ئوقۇماستىن تۇرۇپلا ئىككى باغاقنى ئىككى ئالىقىنىمغا قويۇپ ئۇزاق تىكىلدىم. تىكىلگەنسېرى ئۇ باغاقنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ ئىككى باغاقتىن سېنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم، ھال مۇڭىڭنى چۈشەندىم، دەرد ـ ھەسرىتىڭنى تەسەۋۋۇر قىلدىم. شۇ تاپتىكى خىيال ئېكرانىمدا ئۇ ئىككى باغاق سېنىڭ كەچمىشىڭگە كايىۋاتاتتى، تەقدىرىڭگە ئىسيان كۆتۈرۈۋاتاتتى. مەن ئالىقىنىمدىكى ئىككى باغاقنى چىڭ قامالىغىنىمچە قايسى كۈنى ئوقۇغان بىر ھېكايىدىكى مۇنۇ دىئالوگلارنى ئەسكە ئالدىم. «سېنىڭچە دۇنيادا

ئەڭ ئازابلىق ئىش نېمە؟» جانجىگەر دوستۇڭ ئەڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، كۆرۈپ تۇرۇپ ياردەم قولۇڭنى سۇنالماسلىق، ئۇنىڭ تاماشىبىنىغا ئايلىنىپ قېلىش. ياق، خاتا ئېيتتىڭ، مېنىڭچە، ئاۋازىڭنى قويۇۋېتىپ يىغلاشقا توغرا كەلگەندە كۈلۈشكە مەجبۇر بولۇش.» مېنىڭچە ھەر ئىككىلىسى توغرا، ئالدىدىكىسى مەن چېكىۋاتقان ئازابنىڭ تەبىرى، كېيىنكىسى سەن تارتقان ئازابنىڭ...» دەپ يېزىپتۇ.

دادا، رەھىمسىز رېئاللىق سەن بىلەن تەڭ مېنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارمانلىرىمنى بىللە دەپنە قىلىۋەتتى. يەرلىكىڭدە تىنچ يات، ئاللاھ ياتقان يېرىڭنى جەننەتتىن قىلسۇن. ئىلاھىم!

3

بۈگۈن ئۆيگە بارسام ئاپام يالغۇز ئىپتا قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئادەم ئۈزۈلمەيدىغان، كۈلكە ـ پاراڭ قاپلاپ تۇرىدىغان ئۆيدە ئاپامنى يالغۇز كۆرۈپ، يۈرىكىم ئېچىشىپ كۆزلىرىمگە ياش ياماشتى. ئاپام ماڭا: «يىغلاۋەرمەي داداڭنىڭ روھىغا دۇئا قىل» دېگەن بىلەن ئۆزى يالغۇز قالغاندا ئۈنسىز يىغلايتتى. سېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئاپامنىڭ مىجەزى ئىتتىكلەپ، سەپرا مىجەز بولۇپ قالدى. ھېلىمۇ شۈكۈر، ئاپام غەيرەتلىك ئىكەن، سەندەك مېھرىبان، خۇشخۇي، 40 يىللىق قەدىناسىدىن ئايرىلىپ، بېشىدا ئاق، يىغلاپ تۇرۇپ قىزىنى تالالىق قىلىش ئاسانمىدى؟!

دادا، كۆز ياشلىرىم يۈزلىرىمنى يۇيماقتا. مەن يەنىلا بۇ جاۋابسىز خەتنى يېزىۋاتىمەن.

ھازىر زىمىستان قىش كېتىپ ئىللىق باھار پەسلى يېتىپ كەلدى. ئاسمانغا قارىسام، كەچ كۈزدە ئىسسىق بەلۋاغقا كەتكەن قۇشلارمۇ قايتىپ كەپتۇ. كەچ كۈزدە كۈز بىلەن تەڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ يالىڭاچ قالغان دەرەخلەرمۇ قايتا بىخ سۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەتراپىمغا قارىسام كەتكەنلەر كېلىپ، قۇرۇغانلار قايتا كۆكلەپ،

بخلاۋېتىپتۇ. . . پەقەت، دادا، سەنلا قايتىپ كەلمىدىڭ. دادا، مەن ھازىرغىچە سېنىڭ تۇيۇقسىز ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشىڭنى ياكى مەن ئىشتىن چۈشكەندە ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا نەۋرەڭنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرۇشۇڭنى، ياكى ئۆيدە كىلەم ئۈستىدە ئېگىز ياستۇقنى قويۇۋېلىپ ، كۆزەينەكىڭنى تاقىغان ھالدا ئادىتىڭ بويىچە يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقان ئاپامغا كىتاب ئوقۇپ بېرىۋاتقان ھالەتتە پەيدا بولۇپ قېلىشىڭنى قانچىلىك ئارزۇ قىلىغاندىمەن؟! بۇ پەقەت، مەڭگۈ ئەمەلگە ئاشمايدىغان تاتلىق خىيال، خالاس.

4

دادا، ھەر يىلى ئايەم كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنئالغۇنى ئېچىپ، ئۇستەللەرنى تىزىپ، سىلەر نامازدىن كەلگىچە ئىشىمنى تۈگىتىپ، يەيدىغان بىرەر نەرسە ئېتىپ، يېڭى كىيىمىنى دەزماللاپ ئالدىراش يۈرگەندە ئاپامنىڭ قولى ئىشقا بارمىغان ھالدا مىشىلداپ يىغلاۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم - دە، ئاپامغا بىردەم تەسەللى بېرەتتىم، ۋاي - ۋۇي، ئايەم كۈنىمۇ يىغلامسەن، ئاكاملار بولسا داداڭ، مەن بولسام ئاپاڭ، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلمىغىنا. . . مەن شۇنداق دەپ ئانامنى سۆيۈپ ئەركىلىتىپ كۈلدۈرەتتىم. ئاپام كۈلىۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ھەسرەتلىك ئېسەدەيتتى. ئاپامغا قاراپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، كۆزلىرىم نەمدەلگەن بولسىمۇ ئۆزۈم دەرد تارتىپ باقمىغاچقىمۇ، چوڭقۇر چۈشەنمەيتتىكەنمەن.

مانا بۈگۈن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئايەمدە قەلبىمنى غېرىبلىق چۇلغىۋالدى. كۆزۈمگە يىغا ياملىشىپلا تۇرىدۇ. بوغۇزۇمدا ئاچچىق بىر نەرسە، سەھەردىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئاپامنىڭ ئۆيىگە يول ئالدىم، يول بويى كۆزۈمدىن تۆكۈلىۋاتقان ياشلار يۈزلىرىمنى يۇيماقتا ئىدى. بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم. ئاكىلىرىمىز نامازدىن يېنىپلا ئاپامغا

ئېسلىپ كۆز يېشى قىلدى. ھەممەيلەن يىغلىپ تۇپراق بېشىغا چىقتۇق. سېنىڭ ئامراق نەۋرىلىرىڭ مەرغىنە بىلەن رەئىسە تۇپراق بېشىغا چىققۇچە غەمسىز كۇلۇشۇپ چىقتى. بىز قەبرەڭ ئالدىدا دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە رەئىسە ماڭا قاراپ: «ئاچا، چوڭ دادام قېنى، مەن كۆرمىدىمغۇ؟» دېدى پىچىرلاپ. مەن دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن «ئۇكام، چوڭ داداڭىز مۇشۇ توپا ئاستىدا» دېسەم، ئۇنىڭ چىرايلىرى بىر قىسما بولۇپ جىمىپلا كەتتى. ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قارىسام رەئىسە ئېسەدەپ يىغلاۋېتىپتۇ، ئۇنىڭغا قاراپ مەرغىنەمۇ يىغلامسىراشقا باشلىدى.

— نېمە يىغلايسىلەر؟ — سورىدىم ھەيران بولۇپ.

— چوڭ دادام توپىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتسە، — دېدى رەئىسە ئېسەدەپ تۇرۇپ، — «ئەمدى ماڭا «چىن تۆمۈر باتۇر» نى كىم ئېيتىپ بېرىدۇ؟...» رەئىسەنىڭ بۇ سوئالى مېنىڭ يۈرەك باغرىمنى يەنە بىر قېتىم ئېزىۋەتتى. كۆز ياشلىرىم ئىختىيارسىز تۆكۈلۈشكە باشلىدى. دادا، مەن ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن سەبىي نەۋرەڭگە رېئاللىقنى قانداقمۇ چۈشەندۈرەرمەن؟! سەن بىزنىڭلا ياخشى دادىمىز ئەمەس، نەۋرىلىرىڭنىڭمۇ ئەڭ ئامراق كۆيۈمچان بوۋىسى ھەم ياخشى دىلكىشى ئەمەسمىدىڭ؟!

5

دادا، سېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن تۈگىمەس كېسەللەرگە گىرىپتار بولدۇم، شۇ تاپتا كېسەل كارۋىتىدا يېتىپ سېنى ئەسلەۋاتىمەن. ئىشىكنى ئېچىپ كىرىدىغان ھالىتىڭ ئېسىمگە كېلىپ، پات - پات ئىشىككە قاراپ قالىمەن. دادا، بۇ سەندىن ئايرىلغاندىن بۇيان بەشىنچى قېتىم بالىنىتسىدا يېتىشىم. بۇ قېتىم سەن توققۇز يىل بۇرۇن ئۆزۈڭ ئەكىلىپ ئوپېراتسىيەدىن ساق - سالامەت ئەپچىقىپ كەتكەن شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قارمىقىدىكى بىرىنچى دوختۇرخانىغا قايتا كېلىپ داۋالىنىۋاتىمەن.

1986 ـ يىلى مېنى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ ماڭغاندا، سەن دوختۇرخانا دەرۋازىسىدىن ماشىنا بىلەن چىقىپ كېتىۋىتىپ: «بالام ئارقاڭغا ھەرگىز قارىما، كېسەللىرىڭ مەشەدە قالسۇن، ئىلاھىم» دېگەنىدىڭ.

ئاجىزلىقىمنى كەچۈر، دادا، مەن سەندىن ئايرىلىپ دۇنيادا يالغۇز ئۆزۈم ياشاۋاتقاندەك بەك يېتىمسىراپ كەتتىم. دادا، مەن ئېگىز تاغلارغا چىقىپ توۋلىساممۇ، چەكسىز جاڭگاللىققا بېرىپ ھازا ئېچىپ يىغلىساممۇ سەندىن ھېچبىر سادا كەلمىدى... سېغىنىشىم ھەسسىلەپ ئېشىپ كەتكەندە ئۆيۈم تارلىق قىلغاندەك كوچىلارغا چىقىپ سېنىڭ ئاياغ ئىزلىرىڭنى ئىزدەيمەن، تۇيۇقسىز ئالدىمغا ئۇچراپ قالساڭ بوينۇڭغا گىرە سېلىپ قانچىلىك يىغلار ئىدىم — ھە؟! » سېنى ئۇنتۇيالمىغانسېرى، سېنىڭ مېھرىبان بولماي ۋاپاسىز، باغرى تاش دادىلاردىن بولۇپ قالغان بولساڭمۇ بۇنچە ئازابلانماس بولغىيتتۇق... دەپمۇ خىيال قىلىمەن.

دادا، ساڭا بولغان سېغىنىشىم ھەسسىلەپ ئاشقاندا ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي يوق ئىشلارغا باتناپ، كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلايمەن، مېنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىمنى پەقەت ماڭا ئوخشاش قەلبى دېڭىز دەك كەڭ، كۆڭلى بۇلۇتتەك يۇمشاق، مېھرى ئالەمدەك چەكسىز جانجان دادىسىدىن ئايرىلغان يەنە بىرسىلا كۆزلىرىمدىن، تىنىقلىرىمدىن، ھەسرىتىمدىن... چۈشىنىۋالالايدۇ.

دادا، دوختۇرلار كېسىلىمنى تاپالماي خېلى ئاۋارە بولدى. ئاخىر دوختۇر يوتامدىكى چوڭ قان تومۇرۇمنى كېسىپ، تومۇرۇم ئارقىلىق نەيچە بىلەن يۈرىكىمنى تەكشۈرۈپ، كېسىلىمنى ئېنىقلىماقچى بولۇۋاتقىنىنى ئېيتقاندا بېشىم قايغاندەك بولدى. دوختۇردىن: «بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقمۇ؟» دەپ سورىسام، ئەڭ ياخشى ئامال مۇشۇ، دېدى دوختۇر. ئوپېراتسىيىدىن بەك قورقىمەن! — دېدىم مەن.

— شۇنچە چوڭ ئوپېراتسىيىدىن قورقماي، ئەمدى مۇشۇ

كىچىك ئوپېراتسىيىدىن قورقمەن دېگىنىڭىز قىزىق — دە! — دېدى دوختۇر خۇددى ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك پەرۋاسىز.

دادا، دوختۇر مەندىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قورقۇۋاتقانلىقىمنى سورىغان بولسا. مەن: «ئۇ چاغدا يېنىمدا تاغدەك دادام بار ئىدى، قەلبىمدە كەلگۈسۈمگە بولغان ئۈمىد ماڭا يول باشلاپ كېتىۋاتاتتى. . . ئەمدىچۇ؟ دادامۇ يوق، كەلگۈسۈممۇ يوق. . . ھەممىلا نەرسە ماڭا تەتۈر قاراۋاتقان، مۇشۇ مىنۇتلاردا مەن ھەممىلا نەرسىدىن ئۈمىد ئۈزگەن بىر ئاجىز. . .» دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

دادا، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن دوختۇرخانا قورۇسىنى يالغۇز ئايلىنىپ، مەن بۇرۇن ياتقان يۇرەك تاشقى كېسەللىكلەر بىناسى ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن. مۇشۇ بىناغا سەن مېنى يېتىلەپ ئەكىرگەن ئىدىڭ. ئوپېراتسىيە قىلىدىغان چاغدا، قول قويۇش ئۈچۈنمۇ بەك ئارسالدى بولغانىدىڭ. دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا نەچچە كىرىپ نەچچە چىققىنىڭنى يۇرىكىم تۇيۇپ تۇرغانىدى. قارىسام چىرايلىرىڭ تاتىرىپ غەمگە پېتىپ كېتىپسەن. «دادا قول قويدۇڭمۇ؟» دەپ سورىسام، سەن بوش ئاۋازدا، — ياق! دېدىڭ. شۇ چاغدا يۇرىكىم ئازابتىن كەچ كۈزدىكى ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. «دادا، سەن تېزرەك قول قويمىساڭ ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋېتىدۇ» دېدىم تىت - تىت بولۇپ. مەن ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ قالسام دوختۇرنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈشىدىن يەنە ئۆتەلمەي قېلىشتىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتىم. «بالام بۇ ئويلىشىدىغان ئىش ئەمەس!» دېدىڭ سەن ئازاب ئىچىدە.

شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئوپېراتسىيە ۋاقتىم بېكىتىلدى. ئوپېراتسىيە كارۋىتىنى تارافشتىپ ئىشىك تۈۋىگە ئەكەلگەندە، ئاكام مېنى كۆتۈرمەكچى بولغاندا مەن لىككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئوپېراتسىيە كارۋىتىغا چىقىپ يېتىۋالغاندىن كېيىن سىلەرگە قول ئۇزاتتىم. خوش دادا. . . سەن قاداق باسقان قوللىرىڭ بىلەن قوللىرىمنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:

«خەير بالام، خۇداغا تاپشۇردۇم» دېدىڭ، ئاكام، نەۋرە ھەدەم ئۇچمىڭلارنىڭ كۆزلىرىدە ياش تۆكىلەيلا دەپ تۇراتتى. سىلەرگە قاراپ، شۇنداق غەيرەت قىلغان بولساممۇ كۆزلىرىمدىن دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان ياشلىرىمنى توختىتالمىدىم.

دادا، سەن ئاپامنى ئاياپ، ئۇنىڭغا بۈگۈنكى ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى ئېنىق ئۇقتۇرماي، توغقانلارنىڭ ئۆيىگە قويۇپ كەلگەن ئىدىڭ. مەنمۇ ئاپامنىڭ كېلىشىنى خالىمايتتىم. ئاپام مېنى كۆرسىلا يىغلايتتى، مەنمۇ قەلبىمنى ئورتەۋاتقان ئازابلارنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، «ئاپامنى ئەكەلمەڭلار» دەپ تۇراتتىم.

دادا، ئاشۇ كۈنى ئوپېراتسىيىدىن توققۇز سائەتتە چىقىپتىمەن. ياتاقداشلىرىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، سەن ئارىلىقتا بەك جىددىيلىشىپ كېتىپ، قان بېسىمىڭ ئۆرلەپ نەچچە قېتىم دورىلارنى ئىچىپسەن. مېنى ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن ئېلىپ چىققاندا، مېنىڭ ئۆلۈكتەك ھالىمنى كۆرۈپ ئاكام ئىككىڭلار كۆز يېشى قىلىپسىلەر. قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە ھوشۇمغا كەلگەندە ئەڭ ئاۋۋال سەن ئالدىمدا پەيدا بولدۇڭ. كۆزلىرىمنى تولۇق ئاچالمىغانلىقتىن سېنىڭ چاپانلىرىڭنىڭ پەشلىرىنىلا كۆرەلىدىم. ئاھ دادام ئەنە، ئاددىي رەختتىن تىكىلگەن چاپىنىڭنىڭ پېشى، ئەنە يىغا ئارىلاش چىقىۋاتقان ئاۋازىڭ. . . مەن ھاياتكەنمەن - دە؟! ئەمدى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدۇم! . . . ھوشۇمغا كېلىپلا كاللامدا شۇنداق ئۇقۇملار پەيدا بولدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، سەن ناھايىتى پەس ئاۋازدا: «گۈل بالام، قانداقراق تۇرىسەن؟ دوختۇر ئوپېراتسىيە ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى دەيدۇ»، دېدىڭ. ساڭا جاۋاب بىرەلمىدىم، توغرىسى جاۋاب بەرگىدەك ماجالىم يوق ئىدى. ئۇنىڭغىچە سېستىرالار سېنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇخلاپ قالدىممۇ، يا ھوشۇمدىن كەتتىممۇ بىلمەيمەن. بىر چاغدا يەنە كۆزۈمنى ئاچتىم يېنىمغا ئاكام كىردى. «قانداقراق تۇرىسەن؟ » دېدى ئۇ ماڭا. مەن ناھايىتى بوش ئاۋازدا

كۆچەپ تۇرۇپ «ياخشى» دېدىم. بىراق ئاكام ئاڭلىيالمىدى بولغاي، «بولدى، گەپ قىلمىغىن دەپ كۆچمە، مەن بۈگۈن كىچىچە مايتاغقا بېرىپ، سېنىڭ ئوپېراتسىيەدىن ساق ـ سالامەت چىققىنىڭنى ئۆيگە خەۋەر قىلاي» دەپلا ماڭماقچى بولدى، مەن ئاكامغا «ئىمتىھان نەتىجەمنى بىلگەچ كەل» دېمەكچى ئىدىم، بىراق ئاڭلىتالمىدىم. ئاخىرى قولۇم بىلەن ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلدىم، ئاكام مەقسىتىمنى ئۇقالماي قولىقىنى ئاغزىمغا يېقىن ئەكەلدى. مەن زورۇقۇپ يۈرۈپ، تەستە مەقسىتىمنى بىلدۈردۈم. ئاكام ھاياجانلانغانلىقتىن ئاۋازلىرى تىترەپ كەتتى. «سىڭلىم، ئوپېراتسىيەدىن ساق چىقتىڭ، ھايات ـ ماماتلىق ئىمتىھاندىن ئۆتتۈڭ دېگەپ گەپ. ئەمدى باشقا ئىمتىھانلاردىنمۇ چوقۇم ئۆتۈپ كېتەلەيسەن! سەن نەدە دېسەڭ، شۇ يەردە ئوقۇتىمىز!» ئاكام شۇنداق دېدى — دە چىقىپ كەتتى.

ئوپېراتسىيە قىلىنىپ ئالتىنچى كۈنى مەرھۇم ھېنىپىخان چوڭ ئانام تېلېفون ئارقىلىق مېنىڭ ئىمتىھان نەتىجەمنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش نومۇر چېكىگە يەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتى. شۇ خۇشاللىقىمدا كارىۋاتتىن چۈشۈپ مېڭىشنى مەشىق قىلدىم. سەن قولتۇقۇمدىن يۆلەپ، ماڭدۇڭ. كارىدورنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە كەلگۈچە چارچاپ چىلىق ـ چىلىق تەرلەپ كەتتىم. بىراق ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىق كەلگۈسۈمگە بولغان ئۈمىد، سىلەرنىڭ ماڭا بولغان چەكسىز مېھرىبانلىقىڭلار ماڭا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلىۋاتاتتى. 12 ـ كۈنى بولغاندا، مېنىڭ يالۋۇرۇشۇم بىلەن سەن مېنى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ، ياتاقتىن سىرتقا ئېلىپ چىققانتىڭ. ئاھ خۇدا!... كۆز ئالدىمدا يېپيېڭى ھايات پارلاپ كۆرۈندى، زەئىپ تېنىمنى چاقناپ تۇرغان قۇياش، كۆپكۆك ئاسمان، ياپيېشىل چىمەنلىك... يەنە نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەر، ماڭا ھاياتنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن بارلىق گۈزەل، قىممەتلىك تەرەپلىرىنى تۇساتتىن مۆجىزىدەك يورۇتۇپ بەردى. خۇددى ئىنىنىڭ ئاچچىق

تولغاقلىرىدا يېڭى بىر ھايات ئاپىرىدە بولغانغا ئوخشاش، شۇ مىنۇتتا ئۆزۈمنىڭ ھاياتقا قايتا كۆز ئاچقانلىقىمغا ئىقرار بولدۇم.

دادا، مەن مۇشۇ مىنۇتتا بۈنىڭدىن 19 يىل بۇرۇن ئاپام توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق ئازابىدا مېنى بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان بولسا، 19 يىلدىن كېيىن، سەن كېسىلىم ئىنىقلانغان بىر يىلدىن بۇيان چەكسىز ئەندىشىدە ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ، قېرىنداشلىرىم بىلەن بىرگە مېنى ھاياتلىققا ئېرىشتۈرگەنلىكىڭلارغا شەك ـ شۈبھىسىز ئىشەندىم.

دادا، دوختۇرخانىنىڭ قورۇسىدا سەن مېنى يۆلەپ ئاستا كېتىۋاتىسەن، مەن ساپ ھاۋادىن تويماي نەپەس ئېلىۋاتىمەن، ئەتراپىمغا تويماي قاراۋاتىمەن. . .

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۈگۈن ئەڭ ئاددىي بىر ئوپېراتسىيە ئالدىدىمۇ قورقۇپ تۇرىمەن.

بۇ قېتىمقى ئوپېراتسىيە ئىككى سائەتتەك بولدى. كەسكەن ئورۇننىلا ناركوز قىلغاچقا ھەممىنى بىلىپ ياتتىم. دوختۇر، «بۇرۇنقى ئوپېراتسىيە قىلغان جاي ساق ئىكەن، خۇداغا شۈكۈر، يۈرىكىڭىزگە مۇشۇ نەيچە ئارقىلىق دورا پۈركەيمىز. سىزدە باشقىچە ئۆزگىرىش بولسا بىزگە ئېيتىڭ، دورا پۈركىسەك ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ،» دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇردى. دورا ھېچقانداق غەيرىي تەسىر قىلمىدى. ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن چىققاندا ئەڭ ئاۋۋال ئاكام كارىۋات بېشىغا يېقىن كېلىپ: «قانداقراق، بەك ئاغرىدىمۇ؟» دېگەنىدى، خۇددى سەن تېرىلىپ كەلگەندەك سۆيۈنۈپ كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلدى. دادا، سەن ئوغۇللىرىڭنىمۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش كۆيۈمچان، ۋاپادار قىلىپ تەربىيىلەپتىكەنسەن. مېنى ئۈچ ئوغلۇڭ، يۈرىكىڭنىڭ ئۈچ پارىسى ھەر تەرەپتىن ھىمايە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

شۇنداقتىمۇ يەنىلا سېنىڭ يوقلۇقۇڭ بىلىنىدۇ ـ دە! دوختۇر 24 سائەتكىچە مىدىرلىماي يېتىشىمنى بۇيرۇدى. بىلىكىمدە ئاسما ئوكۇل، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتىمەن.

دادا، «تارىم» ژۇرنىلىدا تۇنجى ئەسىرىم ئېلان قىلىنغاندا، مەن ھاياجىنىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا ئۆيگە كەلدىم. سەن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپتىكەنسەن، مېنىڭ كىرگىنىمنى تۇيمىدىڭ. مەن ئارقاڭدىن كېلىپ كۆزۈڭنى ئېتىۋالدىم. «كىم؟ ھە، گۈزەل گۈل بۇ سەنمۇ؟» دېدىڭ كۈلۈپ. مەن كۆزۈڭدىن قولۇمنى ئاجرىتىپ بوينۇڭغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، «دادا، مېنى تەبرىكلىمەمسەن؟» دېدىم. سەن قولۇڭدىكى كىتابنى قويۇپ، «ئاۋۋال خۇش خەۋىرىڭنى ئاڭلاپ باقاي، دېدىڭ. مەن سومكامدىن ژۇرنالنى ئېلىپ ساڭا بەردىم. سەن كۆز ئەينىكىڭنى قايتا تاقاپ مېنىڭ ھېكايەمنى ئوقۇشقا باشلىدىڭ. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا قاراپ «بالام مانا ئەمدى سەن ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرىمگە جاۋاب قايتۇرۇشقا باشلاپسەن» سەن شۇنداق دېگەچ ئىچ يانچۇقۇڭدىن بىر تال قەلەمنى ئېلىپ ماڭا ئۇزاتقاچ «بالام، داداڭ ئاددىي بىر ئىشچى، سېنىڭ تۇنجى ئەسىرىڭنىڭ ئېلان قىلىنغىنى ئۈچۈن چوڭراق سوۋغامۇ يوقكەن. مانا بۇ قەلەمنى ساڭا سوۋغا سۈپىتىدە بېرەي، بۇ مەن ئۇزۇندىن بۇيان ئاسراپ ئىشلىتىۋاتقان خاتىرە قەلەم» دەپ، ھەممە يېرى ئاليۇمىن بىلەن قاپلانغان قەلەمنى ماڭا ئۇزاتتىڭ. مەن قەلەمنى قولۇمغا ئېلىپ «دادا بۇ قانداق خاتىرە قەلەم ئىدى؟» دەپ سورىدىم «بۇ مەن دەم ئېلىشقا چىقىدىغان يىلى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئىشلەپچىقىرىش ئىلغارى بولۇپ باھالانغاندا بەرگەن مۇكاپات» دېدىڭ چۈشەندۈرۈپ. دادا ئەقلىمنى بىلسەم، سەن ھەر يىلى دېگۈدەك ئىلغار بولۇپ باھالىناتتىڭ. كىچىك ۋاقتىمدا بىر قېتىم قارا ماشىنىنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن ئادەملەر جاڭ ـ دۇمباقلارنى چېلىپ، كۆكسىڭگە يوغان قىزىل گۈل تاقاپ مەھەللىگىچە ئەكەلگەنلىكى ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ. ئۆيىمىزدە سېنىڭ تەقدىرنامەڭ توشۇپ كېتەتتى. قايسىمىز «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» ياكى «ئىلغار پىئونېر» بولۇپ تەقدىرنامە كۆتۈرۈپ كەلسەك بەك ھاياجانلىنىپ كېتەتتىڭ «ھە بالام، بەرگەن ناننىڭ ھەققىنى ئەكەپسىلەر، داداڭلارنى دوراپسىلەر، دەپ چاقچاق


قىلالتىماڭ. دادا، شۇلارنى ئويلاپ، بەرگەن قەلىمىڭ مەن ئۈچۈن ناھايىتى بىر ئەھمىيەتلىك سوۋغا بىلىندى. مېنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەممۇ كىتاب بىلەن قەلەم ئىدى. مەن شۇ خىياللاردا تۇرغاندا سەن «بالام مۇنداق دېسەم قىزغىنلىقىڭغا سوغۇق سۇ چاچقاندەك بولۇپ قالماي، ھېكايەڭغۇ ياخشى يېزىلىپتۇ. سەن مايتاغدا تۇغۇلغان نېفىتلىك بالىسى بولغاندىن كېيىن بۇنىڭدىن كېيىن، بولسا نېفىتلىك توغرىسىدا ھەم جاپاكەش ئاناڭ توغرىسىدا يازغىن» دېدىڭ. مەن ـ دادا، مەن ئەمدىلا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلدىم. نېفىتلىك توغرىسىدا بىلىدىغىنىم ئاز. ئانىلار توغرىسىدا كۆپ ئادەملەر يېزىپ كەتتى. كونا تېما، دېگەنتىم. دادا، ھازىر ئويلىسام ئۇ سۆزلىرىم ئۈچۈن بەكمۇ خىجىل بولىمەن. جاپاكەش ئاتا ـ ئانىلار توغرىسىدا يېزىلغان تېمىلار قانداقمۇ كونا بولسۇن؟ قانداقمۇ يېزىپ تۈگەتكىلى بولسۇن؟ ئاتا ـ ئاناڭ ئۈچۈن ھەر بىر قەلبتىن چىققان مەدھىيە ئۆزگىچە مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىدىكەن ئەمەسمۇ؟ دادا شۇلارنى ئويلىسام سەن ھايات چاغدا ساڭا بېغىشلاپ بىرەر نەرسە يازالمىغانلىقىم ئۈچۈن بەك ئەپسۇسلىنىمەن. خەير دادا، بۇگۈن خېتىم مەشەگىچە بولسۇن. ئاللادىن ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن.

## ئاخىرقى سۆز

قەدىرلىك دادا، شۇ تاپتا بىچارە قىزىڭنىڭ ھەسرەتكە تولغان مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئېھتىمال قىلدەك تولغانغانسەن ۋە ياكى يەرلىكىڭدە ئۆرە ئولتۇرغانسەن! چۈنكى، مەن سېنىڭ ئالدىڭدىلا بىر ئاغرىقچان، ئاجىز يارالغىنىم ئۈچۈن تولىمۇ قايغۇرغان ئىدىڭ، گەرچە ئاشكارا يىغلىمىساڭمۇ يۈرىكىڭنىڭ مەن ئۈچۈن لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتكەنلىكى ماڭا ئايان ئىدى. قانداق قىلىسەن، تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ! ئەمدى قىزىڭ ئۈچۈن روھىڭ ئازابلانمىسۇن،

تۇرمۇشنىڭ ئەڭ قاتتىق قاتلاملىرىدا ئازاب چېكىۋاتقان، ئىگراۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئازابى ئالدىدا مېنىڭ تارتقان ئازابلىرىم قانچىلىك ئىدى؟!

خەير، خېتىمنى توختىتاي. ساڭا ئاخىرقى سۆزۈم شۇكى، تەقدىر ئەمدى مېنى قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلمىسۇن هامان كۈلۈپ ياشايمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قارارىم، دادا!...



# كۆيۈۋاتقان شام

ياخشىمۇ سەن، نىگار ئاي؟

دوستۇم، ئېسىڭدىمۇ؟ بىر چاغلاردا مەن ساڭا قايسىبىر نىڭ ھالىنى ئېيتىپ بېرىپ: «نىگار، تۇرمۇش نېمانچە مۇرەككەپ، ھايات نېمانچە سىرلىقتۇ؟» دېگىنىمدە، سەن ماڭا: «چىنار، ئاشۇ تۇرمۇشنى مۇرەككەپلەشتۇرگەنمۇ، ھاياتنى سىرلىقلاشتۇرغانمۇ ماڭا ۋە ساڭا ئوخشاش ئادەملەر» دەپ جاۋاب بەرگەنىدىڭ. شۇ چاغدا بۇ گەپنى بەكمۇ توغرا ئېيتقانىكەنسەن. مانا ھازىر مەن ئاشۇ ئادەملەر تەرىپىدىن مۇرەككەپلەشكەن تۇرمۇش قايناملىرىدا، ھاياتنىڭ سىرلىق سىناقلىرى ئىچىدە تېڭىرقىماقتىمەن.

دوستۇم، شۇ تاپتا مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلىشكە ئالدىراۋاتقانسەن؟ بولىدۇ، مەن ساڭا سەن تەتىلنى تۈگىتىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي:

ئۇھ، دوستۇم شۇ تاپتا چىنارنىڭ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي ئالىقانلىرى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆكتى.

— چىنارگۈل، ئۇخلىمىدىڭمۇ؟

يان ئۆيدىن كىرىپ كەلگەن ئاپامنىڭ ئاۋازى مېنى خىيال دېڭىزىدىن سۇزۇۋالدى، ئاپام ئۆيگە كىرىپ مېنىڭ يېزىق ئۈستىلى ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ كايىپ كەتتى:

— قارا سېنى، تېلېۋىزور تۈگەپ، پۈتۈن بىنادىكىلەر ئۇيقۇغا كەتتى. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە كىتاب ـ دەپتەرلەر ئارىسىدا بولىسەن، كەچتىمۇ بىر دەم ئارام ئالماي يەنە قولۇڭغا قەلەم ئېلىۋاپسەنغۇ؟ جېنىڭنى ئېتىزلىققا تېرىۋالغانمىدىڭ؟ بۇ چاغقىچە ئۇخلىمساڭ ئەتە ئۇيقۇسىز قانداق دەرس بېرەلەيسەن؟! قوپ

ئۇرنىڭغا بېرىپ ئۇخلىغىن!

ئاپام مەقسەتلىك هالدا ئۈستەل چىرىغىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆينى دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ لامپۇچكىسى كۆيۈپ كېتىپ، تېخى ئالماشتۇرمىغانىدۇق. تۇنۇگۈندىن بۇيان ئۈستەل چىرىغىدىن پايدىلىنىۋاتقانىدىم. ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلدىم. خۇداغا شۈكۈر، تەلىيىمگە تېخى ئىشلىتىلمىگەن بىر تال شام تېپىلدى. شامنى ئالدىمغا قويۇپ سەرەڭگە ياقتىم، ئۆي ئىچى پاللىدە يورىدى. ئۇھ! مەن يېنىك تىندىم. ئۈستەلدە تىك تۇرۇپ كۆيۈۋاتقان شامغا قارىغىنىمچە خىيالغا پاتتىم. قارىغىنا دوستۇم، شام جىمجىت قاراڭغۇ تۈندە تىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پىلىكى كۆيۈپ كۆل بولماقتا، جىسمى ئوتىنىڭ هارارىتىدىن ئېرىپ تۆۋەنگە ئاقماقتا. بەزىدە ئېقىپ شامنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپلا قېتىپ قالماقتا. شامنىڭ بۇ هالىتى قىزلارنىڭ غۇبارسىز يۈرىكىنىڭ ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي، مىسكىن كۆزلىرىدىن تۆكۈۋاتقان ياشلىرىنىڭ مەڭزىدە تۇرۇپ قالغان ۋاقتىنى ئەسلىتىدۇ. دوستۇم، شۇڭا مەن كۆيۈۋاتقان شامنى قىزلار قەلبىدىكى يوشۇرۇن مۇهەببەت دەپ جاكارلايمەن.

كۆيۈۋاتقان شام... مۇشۇ كېچىلەردە يەنە قانچىلىرى نەلەردە كىملەر ئۈچۈن كۆيۈۋاتقاندۇ ـ هە؟! دوستۇم، خېتىم ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. شۇنداقتىمۇ سېنىڭ سىر ساقلىيالايدىغانلىقىڭغا ئىشىنىپ، كۆز ياشلىرىم بىلەن بېسىپ كېلىۋاتقان خۇشاللىق ۋە ئازابىمنى بۇ خېتىمدە بايان قىلماقچىمەن.

سېنىڭ قىشلىق تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگىنىڭ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى ساۋاقداشىمىز ئىلدارنىڭ قارامايدىن خىزمىتىنى يۆتكەپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن دىلزاتنىڭ دوستلارغا ئولتۇرۇش قىلىپ بەرگەن كۈنى ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ كۈنى بىز ئىلدار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۇق. ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمىزدىكى قىزىق ئىشلارنى ئەسلەپ قاتتىق ـ قاتتىق

كۇلۇشتۇق. تانسا باشلىنىش بىلەنلا ئىلدار بىرىنچى بولۇپ مېنى تانسىغا تارتتى. بىز ۋالىسقا لەرزان پىرقىرىدۇق. راست گەپنى قىلسام مەن تانسا ئويناشنى بىلگەندىن بۇيان تانسا ئويناشنىڭ راھەتلىكىنى شۇ كۈنى ئاشۇ تانسىدىلا ھېس قىلغانىدىم. ئىلدار ۋالىسنى بەكمۇ ياخشى ئوينايدىكەن. ئۇ تانسا ئويىنىسا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قەددىنى تىك تۇتۇپ ئەتراپقا پەرۋاسىزلارچە قاراپ يېنىك پىرقىرىتاتتى. ئاھ! . . . ئاشۇ كۈنى بىز نەقەدەر خۇشال ئىدۇق — ھە؟ !



شۇ كۈنى مەن خۇشاللىقتىنمۇ ئىشقىلىپ خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىغانىدىم. سەن ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن دوستلار ئارا ئولتۇرۇشلار داۋاملىشىپ تۇردى. بۇ ئولتۇرۇشلاردىمۇ ئىلدار ھە دېسىلا ماڭا يېقىنچىلىق قىلدى. تانسا باشلانسىلا مەيداننى بىز كۆتۈرەگە ئالغاندەك مەيداندىن چۈشمەي ئوينايتتۇق. باللارچە قىلىقلارنى قىلىپ قانغۇچە كۈلەتتۇق. قايتقاندا ئىلدار تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەھەللىمگىچە ئاپىرىپ قوياتتى، يول بويى قىزىق گەپلەرنى قىلىپ مېنى تېلىققۇچە كۈلدۈرەتتى. شۇنداق ئارىلىشىشلار مېنى ئىلدارغا بارغانچە يېقىنلاشتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئېچىپ ئېيتىشقا بولمايدىغان نازۇك نەرسىلەرنى ئۇنىڭدىن كۈتۈشكە باشلىدىم. ئۇنىڭ سەۋەبى ئىلدارنىڭ چاقچاق ئارىلاش قىلغان گەپ - سۆزلىرى ۋە مەنىلىك قاراشلىرى ئىكەنلىكىنى يوشۇرمايمەن. مۇرادىللارنىڭ ئۆيىدىن يەنە بىللە قايتتۇق. ئېلېكتر چىرىقى نۇرىدا يورۇپ كەتكەن يولنى بويلاپ ئۈنسىز كېتىپ بارىمىز. بۇ سۈكۈتكە مەن چىداپ تۇرالماي جىمجىتلىقنى بۇزدۇم:

— ھەي، — دېدىم مەن جەينىكىم بىلەن ئۇنى نوقۇپ، — گەپ قىلغاچ ماڭە!

— ھەي چىنار، گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي بېشىم قېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ، كۆزىنى يەردىن ئۈزمەي تۇرۇپ.

يۈرىكىم يوشۇرۇن بەختتىن تىترىدى.

— بېشىڭنى قاتۇرۇپ كەتكۈدەك نېمە گەپكەن ئۇ؟

— دوستۇمنىڭ ھاۋالىسى...

ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى. بەختتىن ئالدىراپ خۇش بولغان يۈرىكىم ئېگىز ياردىن چۈشۈپ كەتكەندەك ئېغىپ كەتتى، بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى.

— چىنار، ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، بۇنى بىلىسەن، دىلزات خېلى

بۇرۇنلا ساڭا تەلەپ قويۇپ كېلىۋاتقانىكەن، مەن بۇنىڭدىن بۇگۈنلا، پەقەت بۇگۈنلا خەۋەر تاپتىم. دىلزات شۇ گەپلەرنى قىلىپ سەن چىنار بىلەن يېقىن، يەنە بىر گەپ قىلىپ باقساڭ، دەپ بىچارىلەرچە هال ئېيتتى. دوستۇمنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم، شۇڭا مەن دىلزاتقا. . .

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىم قېيىپ، پۈتلىرىم. ماغدۇرسىزلىنىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. مەن تەستە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— چىنار، بىر نەرسە دېمەمسەن؟

— سېنىڭچە نېمە دېسەم بولار؟

ئۇ هودۇقتى.

— بۇ ئۇيىنىشىدىغان ئىش ئەمەس، ئۆمۈر سودىسى، بۇنى ئۆزۈڭ ئويلىشىڭ كېرەك. مېنىڭچە دىلزات بولىدىغان يىگىت. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇغان، بىلىمى بار.

— بولدى قىل! — مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتىم، — سەن ئۇنى چۈشەندۈرمىسەڭمۇ، مەن ئۇنى تولۇقى بىلەن چۈشىنىمەن. ئۇنىڭ بىلەن باشلانغۇچتىن تاكى دارىلمۇئەللىمىنگىچە بىرگە ئوقۇدۇم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەرگەن، بۇنىمۇ بىلىمەن.

— ئەمىسە ئۇنىڭغا نېمانچە قاتتىقلىق قىلىسەن؟

— مەن ئۇنىڭغا قاتتىقلىق قىلمىغىنىم ئۈچۈن مۇشۇ ۋاقىتچە ئارقامدا يۈرىدىغاندۇ؟

— ئۇنى قىينىمىغىن، ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

— ماڭا كىمنىڭ ئىچى ئاغرىپتىكەن؟ مەنمۇ سېنىڭ نەچچە يىللىق ساۋاقدىشىڭغۇ؟ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىيدىكەن، ئەجەب ماڭا ئىچىڭ ئاغرىمايدىكەنغۇ؟!

ئۇ كۆزلىرىمگە قارىدى، ئۇنىڭ مەغرۇرلۇق يېغىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدىن بۈگۈن قانداقتۇر بىر خىل غەمكىنلىكنىڭ شولىسىنى كۆردۈم. بەلكىم ئۇمۇ مېنىڭ كۆزلىرىمدىن ھەسرەتىمنى

سەزگەندۇ.
— چىنار سەن، نېمىگە ئازابلىنىسەن؟
— مەنمۇ ئادەم تۇرسام، مېنىڭمۇ ئازابىم ۋە خۇشاللىقىم بولىدۇ — دە.
— چىنار، باغرى تاشلىق قىلما، كېيىن قىساسىغا قالىسەن! بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەدىنىم تىكەنلەشتى.
— راست دېدىڭ ئىلدار، كېيىن ئەمەس هازىرلا تارتىۋاتقان قىساسىمۇ ئاز ئەمەس!.
— گەپلىرىڭ سىرلىققۇ؟
— ئادەملەر مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتسا.
— سىلەر قىزلار نېمە ئۈچۈنكىن ئۆزۈڭلارنى سىرلىق تۇتۇۋېلىپ، ئۆزۈڭلارنىمۇ، باشقىلارنىمۇ قىيناپسىلەر.
— سىلەر ئوغۇللارمۇ ئۆزۈڭلارنى ئاجايىپ ئۇلۇغ بىلىپ، ئۆز غۇرۇرىڭلار بىلەن شەخسىيەتچىلىكىڭلارنىلا ئويلايسىلەر. قىزلاردىمۇ كۆڭۈل دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى، چوقۇم ياخشى كۆرگەن ئادىمىگە بىر ئۆمۈر ئەقىدە باغلىيالايدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ قويمايسىلەر، مەن بۇرۇنلا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان.
— نېمە ئۈچۈن؟
— مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن! — دېدىم. ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىققىچە كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. شۇنچە غەيرەت قىلساممۇ هېسسىياتىم ئىرادەمدىن غالىب كەلدى، كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن ياش يۈزۈمنى يۇيۇشقا باشلىدى.
— چىنار، نېمىگە يىغلايسەن؟ — ئۇ ئەنسىز سورىدى.
مەن جاۋابسىز ياش تۆكۈۋەردىم.
— سىلەر قىزلار ئۆز هېسسىياتىڭلارنى يوشۇرسىلەر، دەردىڭلارنى كۆز يېشىڭلارغىلا زورلايسىلەر، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟
— توغرا دېدىڭ، بىزنى رېئال تۇرمۇشتىكى قائىدىلەر شۇنداق ياشاشقا ئادەتلەندۈرگەن، بىز ساپ هېسسىياتىمىزنى سىلەرنىڭ

ئالدىڭلاردا ئاشكارىلاپ قويساق، ئۆز قىممىتىمىزنى چۈشۈرۈپ، نەزىرىڭلاردا ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ، مۇھەببىتىمىزنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىمىز. كونىلاردىن قالغان «قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ» دېگەن ماقالمۇ شۇنىڭ تىپىك مىسالىغۇ؟

بىز ئاساسىي تېمىدىن ھالقىپ، قىزلار ۋە ئوغۇللار توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىپ مەھەللىگە كېلىپ قاپتۇق. بىز تەڭلا سۆزدىن ۋە مېڭىشتىن توختىدۇق، ئىلدار ماڭا غەمكىن كۆزلىرىنى تىكتى ۋە تېزلا كۆزىنى باشقا ياققا يۆتكەپ:

— ئەمىسە دىلزاتنىڭ تەكلىپىنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقارسەن، — دېدى.

مەن كەسكىنلا:

— ئەمدى ئويلىشىدىغان يېرى يوق! — دېگىنىمچە خوشمۇ دېمەي بىناغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتىم.

دەرمانسىز قوللىرىم بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ئۆز ھۇجرامغا كىردىم — دە، ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلاپ يىغلىدىم. يۈرىكىم «چىنار، يىغلىۋال، ئىچىڭ بوشىغىچە يىغلىۋال، مەن ئازابتىن قۇتۇلاي، مېنىڭ غۇبارسىز تېنىم جاراھەتلەنمىسۇن!» دەپ خىتاب قىلاتتى. مەن ئۇنى راستتىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ؟ راست ئوخشايدۇ. بولمىسا يۈرىكىم بۇنچە ئازابلانماس ئىدى. ئاھ، خۇدا! مەن ئۇنى ياخشى كۆرسەم ئۇ مېنى باشقا بىرىگە زورلاۋاتىدىغۇ! ئۇچۇ؟ مېنى ياخشى كۆرمەيدىغان ئوخشىمامدۇ؟ ياق! ياق! بۇنداق بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئۆزى باشتا مەندە مۇشۇنداق. . . خۇدايىم ئۇ نېمە ئۈچۈن دىلزاتقا ئەلچى بولۇپ كېلىدۇ؟ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب يوقتۇ، نېمىدېگەن چۈشىنىكسىز ئىشلار بۇ؟ بۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدىكى ئەڭ چوڭ ئازاب چەككەن كۈنۈم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز رېتى بىلەن كېتىۋاتقان كۆڭۈللۈك تۇرمۇشۇمغا غەشلىك قوشۇلدى. ياخشى كۆرۈش بىر خىل تاتلىق ئازاب ۋە كىشىنى قىينايدىغان

خۇشاللىقكەن. مەن بۇ ئازابلارنى ئۇنتۇش ئۇچۇن ئۆزۈمنى خىزمەتكە قاتتىق ئۇردۇم. كۈن بويى ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئايرىلمىدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يۈرگىنىمدە ئۆزۈمنىمۇ شۇ بالىلىق دەۋرىمگە قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىمەن. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ سەبىي قىلىقلىرىنى كۆرگەندە، بەزىدە قاقاقلاپ كۈلىمەن، بەزىدە ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا ئوخشاش غەمسىز چاغلىرىمنى سېغىنىپ مەيۈسلىنىمەن. ئاھ! جېنىم دوستۇم، بالىلىق دەۋر نېمىدېگەن ياخشى — ھە! ئازابنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، غەمسىز كۈلەيسەن، خالىغانچە سەكرەپ ئوينىيالايسەن، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قورقۇپ يۈرمەيسەن، چۈنكى سەن بالا — دە.

كۈندۈزلىرىنىغۇ بالىلار بىلەن ئۆتكۈزدۈم، بىراق تۈنلىرى خىيال ۋە ئازابتىن زادى قۇتۇلالمىدىم، ئۇنىسىز يىغلىدىم. راستىنى ئېيتسام ئىلدارنى ھەممىشە سېغىناتتىم، بىراق ئۇنى كۆرسەم تەمتىرەپ، دۇدۇقلاپ قېلىنلاتتىم. بىر كۈنى بەرنا بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:

— چىنار، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ چىرايىڭ ئەجەب. . . — دەپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى.

— ياق دوستۇم، خىزمەت ئالدىراش، چارچاپ قالدىمىكىن.

بەرنا ئىككىمىز كەچلىك تاماق يەۋاتاتتۇق، بەرنا تۇيۇقسىز شۇنداق قاتتىق كۈلدىكى، مەن ئاغزىمنى ئاچقىنىمچە قاراپ قالدىم. ئۇ قاتتىق كۈلىۋەرگەندىن كېيىن، نېرۋا سەزگۈلىرىم بەرداشلىق بېرەلمەي بالكونغا چىقىپ كەتتىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ئالماشقان يىغىسى مېنى چۆچۈتىۋەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېرۋاڭ جايىدىمۇ؟ بىردەم ئەسەبىيلەرچە كۈلىسەن، ئەمدى سەۋدايىدەك يىغلايسەن، — دېدىم تېرىكىپ.

— ساراڭ بولغان ئوخشايمەن، — ئۇ شۇ گەپنى دەپ ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

— ھەي بەرنا، بىرەرسىگە ئاشىق بولدۇڭمۇ نېمە؟ — مەن

ئۇنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق دېگەنىدىم، — بوپتۇ يىغلىۋال! ئازابلىرىڭ كۆز ياشلىرىڭ بىلەن ئېقىپ تۈگىسۇن!

مەن ئۆيگە كىرىپ ئۈنئالغۇنى قويۇپ، ئۇنىڭ كىرىشىنى كۈتتۈم. ئۇ بىر چاغدا قىزارغان كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۇدۇلۇمدىكى ساپادا ئولتۇردى.

— گەپ قىل دوستۇم، سېنى بۇنچە يىغلاتقان كىم ۋە نېمە؟

— بىلمەيمەن.

— شۇنىڭدىن قارىغاندا سەنمۇ مەجنۇندەك سەۋدايى بوپسەن — دە؟

بۇ گەپلەر بىلەن ئۇنى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنى بەزلىمەكچى ئىدىم.

— ئەگەر مەجنۇن بولغان بولسام مەيلى ئىدى، لەيلىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشكە ھەرىكەت قىلاتتىم، ئەپسۇس. . .

— نېمە بولدۇڭ، لەيلى بولدۇڭمۇ — يا؟ — مەن شۇنداق دەپ ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم. بەرنامۇ ماڭا قوشۇلۇپ كۈلدى. كۆز يېشىمىز تەڭلا تۆكۈلدى.

— راست ئېيتتىڭ ئاداش، مەن لەيلى بولغان ئوخشايمەن. شۇڭا ياش تۆكۈۋاتىمەن.

بەرنانىڭ مىجەزىگە يات بۇ گەپلىرى مېنى ھەيران قالدۇردى ھەم سەگەكلەشتۈردى:

— دوستۇم، راست گېپىڭنى دېگىن، زادى نېمە بولدۇڭ؟

— خۇددى سەن دېگەندەك. . .

— بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭمۇ؟

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— كىمنى؟

— سەن تونۇيسەن!

— ئۇ كىم؟

— ئىلدار.

— نېمە؟! — بەرنانىڭ ئاۋازى پۈتۈن بەدىنىمنى گويا توك سوقۇۋەتكەندەك زىڭىلدىتىۋەتتى، ھېچنېمىنى سەزمەيلا قالدىم. يۈرىكىمدە ئاچچىق ئازاب ھۆكۈم سۈرەتتى، — مەن سېنىڭ بۇ ھالىڭنى سەزمەپتىمەنغۇ؟

— سەنمۇ ئۆز ئىشىڭ بىلەن بولۇپ كەتكەن تۇرساڭ، مېنىڭ ھالىمنى قايسى ۋاقىتتا سېزەتتىڭ؟

— مەن قايسى ئىشىم بىلەن بولدۇم؟ — ئەنسىز سورىدىم مەن.

— دىلزات بىلەن بولغۇسى ئىشىڭنىچۇ، ئۇنى قىيىنغىچە، ھامان بولىدىغان ئىش بولغاندىكىن، ئۆزۈڭغا سوزماي ماقۇل دەۋەتسەڭ بولمامدۇ؟

— قارا گېپىڭنى، سەن كىچىكىمدىن بىرگە چوڭ بولغان سىرداش دوستۇم تۇرۇپ، مېنى چۈشىنىشىڭ شۇنچىلىك بولغاندىكىن ئوغۇل دوستلىرىمدىن رەنجىمىسەم بولغۇدەك...

بەرنا ئېغىر ئۇھ تارتىپ ئاندىن:

— مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ ئوغۇل بالا بولۇپ قالمىغىنىمغا شۇنچىلىك پۇشايمان قىلىمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— ئەگەر ئوغۇل بالا بولغان بولسام، بۇنداق يىغلىماي، ئالدىنى توسۇپلا ئۆيىگە كىرگۈزمەي تۇرۇۋالسام ئاخىرى ماقۇل دەيتتى، ھامان ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالايتتىم.

بىز قاقاقلاپ كۈلۈشتۇق.

— راست دېدىڭ بەرنا. ئوغۇللار بۇ جەھەتتە بىزگە قارىغاندا كۆپ ئەركىن. كونىلاردىن قالغان «ئوغۇل بالا ئالىمەن دېسە ئاسماندىكى ئاينىمۇ ئالالايدۇ. قىز بالا پەرىزات بولسىمۇ تېگىمەن دېگىنىگە تېگەلمەيدۇ» دېگەن سۆز بىكارغا ئېيتىلمىغان — دە؟ بىزدە پەقەت ئالدىمىزغا كەلگەننى تاللاش ھوقۇقى بار. بەرنا، سەن خاتىرجەم بول. مەن ئىلدار بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، — دېدىم.

— ئەگەر ئۇ بىلىپ قالسا...

— بىلسە نېمە بوپتۇ؟ سۆيگۈ ھوقۇقى قىز ـ ئوغۇللاردا باراۋەر بولۇشى كېرەكقۇ؟ بىز ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز مۇشۇنداق تۆۋەن كۆرسەك باشقىلار تېخىمۇ...

— ئامال بار ئۇنىڭغا بىلدۈرمىگىن!

— بۇنى بىلىمەن.

ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ يەنە يىغلىدىم. بىز تۆت دوست كىچىكىمىزدىن بىر مەھەللىدە چوڭ بولدۇق. تەقدىر بىزنى تەرەپ ـ تەرەپكە چاچقان بولسىمۇ، دوستلۇق رىشتىمىز يەنىلا بىر. شۇڭا بىر ـ بىرىمىزنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىقىغا ئورتاقلىشىدىغان دوستلار بولۇپ كېلىۋاتىمىز. «دوستلۇق ھېسسىياتىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشى يىللارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن جىلى ئالتۇن»... مەن قايسىبىر كىتابتىن بۇ سۆزنى ئوقۇغان ھەم خاتىرەمگە يېزىۋالغان. مانا ئەمدى شۇنى ئۆز ئەمەلىيىتىمگە باغلايدىغان ۋاقىت كەلدى. قەلبىمدە دوستلۇق بىلەن مۇھەببەت كۈرەش قىلاتتى. ۋىجدانىم مېنى پىداكار بولۇشقا ئۈندىسە، ھېسسىياتىم مېنى چەكسىز بەختكە ئىنتىلدۈرەتتى. ئاخىرى مەن ۋىجدانىمغا بويسۇندۇم.

بەرنانىڭ ئىلدارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بۇ ئىشلارنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى. ئاھ خۇدا! مەن نېمانچە بەختسىز قىزدىمەن؟! ياكى بۇمۇ تەقدىرنىڭ ئويۇنىمىدۇ؟ جېنىم بەرنا، ماڭا ئىشەن، مەن بىر ئۆمۈر ئازابىم ھېسابىغا سېنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىمەن!

بەرنا بىلەن كۆرۈشۈپ بىر ھەپتىدىن كېيىن بىز تانىسقا باردۇق. قايتىشىمىزدا ئىلدار بىلەن بىرگە قايتتىم، بەلكىم ئۇ مەندىن دىلىزاتىنىڭ تەكلىپىگە جاۋاب ئېلىش مەقسىتىدە كېتىۋاتقاندۇ. مەنمۇ ئۇنى دوستۇمغا ئۆمۈرلۈك...

ئۇنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتمەيلا سۆز ئاچتىم:

— سىڭىلچە بەرنا قانداق؟
— ياخشىغۇ.
— بەرنا ھەقىقەتەن ياخشى قىز. بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئوقۇپ چوڭ بولدۇق، ھازىر ئۇنىڭ بېشى گاڭگىراپ قالدى. نىگار بولسا سىرتتا ئوقۇۋاتىدۇ، ئاينۇر توي قىلىپلا... پەقەت مەنلا ئۇنىڭ ھالىغا يېتەلەيمەن. سەن ياردەم بېرەلەمسەن؟
— قولۇمدىن كەلسىلا ياردىمىمنى ئايىمايمەن، قانداق ياردەمنى؟
— بەرنانى بىلسەن، ئۇ ئۆيىنىڭ چوڭى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاپىسى يوق. ھاممىسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنى ئۆيدىكىلەر بىر يۇرتلۇقىنىڭ بالىسىغا تونۇشتۇرماقچى بوپتىكەن. بەرنا قوشۇلماپتۇ. ئۆزلۈك خالىغانغا بېرەيلى دېسە، ئۆزلۈك بىلىسەن، شۇ بىرسىدىن زەربە يېگەندىن كېيىن باشقىلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپلا كېلىۋاتىدۇ. سىڭلىسىنىڭ لايىقى بار ئىكەن، ئوغۇل تەرەپ ئالدىرىتىۋېتىپتۇ. شۇڭا بەرنانى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويغىچە ساڭا...
— مەقسىتىڭنى چۈشەندىم، — دېدى ئىلدار تىترەك ئاۋازدا.
— چۈشەنگەن بولساڭ ياخشى، — دېدىم مەنمۇ تەستە.
— چىنار، بۇ جاھان ئۆتنە جاھان دەپ سەنمۇ ئۆتىنىسىنى ياندۇرۇۋاتامسەن؟
— ياق ئىلدار، مەن ئۇنداق قىساسكار ئەمەس، دوستلۇق مېنىڭ قەلب تۆرۈمدىكى جىلغ ئالتۇن. ئۆمۈرلۈك دوستلىرىمغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق خۇشاللىقىمدىن ۋە بەختىمدىن كېچىشكىمۇ تەييارمەن دەپ ئويلايتتىم، مانا كۆز ئالدىمدىكى رېئاللىق مېنى شۇ ئارزۇيۇمنى ئورۇنداشقا بۇيرۇدى.
— توغرا ئېيتتىڭ چىنار، دوستلۇق ـ ئۇ شەخسىيەتسىزلىككە موھتاج. ئۆز بەختىدىن كېچىپ دوستى ئۈچۈن خۇشاللىق

بىغىشلىغان ئىنسانلار دوستلۇق تاجىنى كىيەلەيدۇ. بىز رىشتى باغلانغان دوستلار ئۆز مەنپەئىتىمىزنى دەپ دوستلىرىمىزنىڭ ئازابىغا ھەمدەم بولمىساق، ئۇ چاغدا دوستلۇقنىڭ نىمە قىممىتى. مەنمۇ ساڭا ئوخشاش دوستۇم ئۈچۈن گۈزەل كەلگۈسىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان قىممەتلىك بەختىمدىن كەچتىم. چىنار مەندىن رەنجىدىڭمۇ؟

— ياق، نىمىشقا رەنجىيمەن.

— سەن يەنىلا ساپ ھىسسىياتىڭنى يوشۇرۇۋاتىسەن. بىراق سىنىڭ كۆزلىرىڭ ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بىرىۋاتىدۇ. مىنىڭ ئازابىمۇ سىنىڭكىگە ئوخشاش. ئەگەر ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئارمانلىرىمىزغا بويسۇنۇپ ماڭغان بولسا، بىز ئازاب ۋە كۆز يىشى ئورنىغا تىرىمىزگە سىغماي كۈلگەن بولاتتۇق. ئەپسۇس رىئال تۇرمۇشتىكى ئىشلار بىزنىڭ ئارمانلىرىمىزنى ئۈچۈرۈپ كەتتى، بۇنى تۇرمۇشنىڭ بوران - چاپقۇنلىرى مۇھەببەت بىلەن دوستلۇقنىڭ ئاچال يولىدا سىنىماقتا. بىز بۇ سىناق ئالدىدا قىينىلىۋاتىمىز، ياش تۆكۈۋاتىمىز، ھەتتا ئۆزىمىزنىڭ بەختىنى قۇربان قىلىۋاتىمىز. تۇرمۇش يولى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. بىرلىرى كۈلسە، بىرلىرى يىغلايدۇ. ئىنسانلار ئۆز ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن جاپالىق كۈرەش قاينىمىغا چۆكسە، يەنە بەزىلىرى ئىغىزغا ئالغۇسىز پەسكەشلىك بىلەن خۇشال كۈلىدۇ، غەلىبە قىلىدۇ. بەزىلەرچۇ؟ ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى، ئىسىل خىسلىتى بىلەنمۇ مەغلۇپ بولىدۇ. ھاياتنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە قىزىقىمۇ مانا شۇنىڭدا.

ئىلدارنىڭ سۆزلىرى مىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. ئاھ خۇدا! ئۇمۇ مىنى ياخشى كۆرەتتىكەن — دە! دۇنيادا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىنىڭ مۇھەببىتىگە ئىرىشىشتىن ئارتۇق بەخت بولمىسا كىرەك. ئۇنىڭ ئۈچۈن تۆككەن كۆز ياشلىرىم بىكار ئاقماپتۇ. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشتىنمۇ

يانمايتتىم، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمىسەممۇ ئاشۇنداق مەرد، ۋىجدانلىق يىگىتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن پەخىرلەنسەم بولغۇدەك. بىز ۋىسالغا يېتەلمىگەن بەخت ئىگىسى. چۈنكى ۋىجدانىمىز ئالدىدا بىز پاك.

كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— چىنار، ماڭا قارىغىنا، يىغلاۋاتامسەن؟

— ھەئە، مەن سېنىڭ مەردلىكىڭدىن تەسىرلىنىۋاتىمەن، ئوغۇللاردىن تىلەيدىغان پەزىلەتلەرنى سەندىن كۆرۈپ... سەن ھەقىقەتەنمۇ... ئىلدار، سەنمۇ مەندىن رەنجىدىڭمۇ؟

— ياق! مەن سەندىن ئىلھام ئېلىۋاتىمەن، قىزلاردا ئاز كۆرۈلىدىغان ئالىيجانابلىقنى، قەيسەرلىكنى سەندىن كۆرۈۋاتىمەن. سەن ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان قىز ئىكەنسەن.

— سەنمۇ شۇنداق، — مەن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلىۋەتتىم.

بىز خېلى ئۇزۇن سۈكۈت قىلدۇق.

— چىنار ئىشەن، دىلزات سېنى چوقۇم بەختلىك قىلىدۇ، ئۇنى بەختلىك قىلىشمۇ سېنىڭ قولۇڭدىن كېلىدۇ.

— ئۆزۈڭچۇ؟

— ماڭا ئىشەنگىن، دوستۇڭنى بەختلىك قىلىشقا تىرىشىمەن.

— ساڭا ئىشىنىمەن، سەن شۇنداق قىلالايسەن.

— سەنچۇ؟

— مەن؟ — يۈرىكىم ئەنسىز دۈپۈلدىدى. ئاغزىمغا گەپ كەلمەي قالدى.

— گەپ قىلساڭچۇ.

— مەنمۇ تىرىشىمەن، — مەن بەكمۇ قىينىلىپ شۇنداق دېدىم.

— ئەكەل قولۇڭنى بىز خوشلىشىۋالايلى!

ئىلدار ماڭا قولىنى ئۇزاتتى، مەنمۇ مۇزلاپ كەتكەن

قوللىرىمنى سۇندۇم. ئۇ ئىككى قولۇمنى مەھكەم قىستى. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز ئۇچراشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشتىن پارقىراپ ھازىرلا تېشىپ كېتىدىغاندەك لىغىرلاپ تۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ كۆزلىرىمدىن يەنە ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئىلدارنىڭ ئالدىدا غەيرەتسىزلىك قىلىشقا پېتىنالماي قىينىلاتتىم.

— چىنار، بىز رىشتى باغلانغان دوستلار، مەڭگۈ بىرگە ياشايمىز، ھەرگىز بىر - بىرىمىزدىن قېچىپ يۈرمەيلى، بولامدۇ؟

— بولىدۇ.

— چىنار كۈلە. . . كۈلگىنىڭنى كۆرمىسەم، سېنى قويۇپ بەرمەيمەن.

— تويۇڭدا چوقۇم كۈلۈپ بېرىمەن.

— تويۇمدا ئەلۋەتتە كۈلىسەن. سېنىڭ تويۇڭدا مەنمۇ كۈلىمەن. بىراق ماڭا كېرەك بولغىنى ھازىرقى كۈلكەڭ.

— ئىلدار، بەختلىك بول! - مەن شۇنداق دېدىم — دە، ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئاجراپ يىغلىغىنىمچە بىناغا كىرىپ كەتتىم.

— چىنار، چىنار، گېپىم تۈگىمىدى. . .

ئۆيگە كىرىپ مېھمانخانا بالكونىدىن ئۇنىڭ يەنىلا بىز خوشلاشقان جايدا داڭ قېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچۈك، شۇڭا ئۇ مېنى كۆرەلمەيتتى. يول بويىدىكى چىراغنىڭ غۇۋا نۇرىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ ھالەتتە تۇردى، مەن بولسام ئۇنىڭغا قارىغىنىمچە ئۈنسىز يىغلايتتىم. ئۇ يانچۇقىدىن بىر تال تاماكا ئېلىپ ئوت تۇتاشتۇردى — دە، قاتتىق - قاتتىق شورىۋالغاندىن كېيىن بىز كەلگەن يولنى بويلاپ ئاستا كېتىپ قالدى.

خەير ئىلدار، بەختلىك بول! سېنى بۈگۈن قەلبىمدىن مەڭگۈگە ئۈزەتتىم، ئەمدى سەن مېنىڭ ئەمەس، دوستۇمنىڭ كۆڭلىدىن ئورۇن ئېلىشىڭ كېرەك. سېنى ئۈزىتىش بۇنداق ئاسان بولغىنى بىلەن، سېنى ئۇنتۇش بۇنداق ئاسانغا چۈشمەسلىكى

مۇمكىن... مەن سېنى قانداقمۇ ئۇنۇتارمەن؟ سېنى بىر ئاق كۆڭۈل دوستۇم سۈپىتىدە دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن...

بۇ ئىشتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بەرنا ئۈيگە كەپتۇ. ئۇ مېنى يېنىك قۇچاقلاپ: بەرنايىڭ بەختلىك بولدى! دەپ، خۇشال پىچىرلىدى. ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تارتىپ ئۆزۈمگە قاراتتىم، ئۇنىڭ ئۆتكەنكى يىغىدىن قىزارغان غەمكىن كۆزلىرى بۈگۈن بەختتىن نۇرلىنىپ كېتىپتۇ. بەرنانىڭ يۈزىنى ئاستا نوقۇپ:

— بەختنى قەدىرلە دوستۇم! — دېدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بەختلىك جۈپلەردىن بولۇپ قالدى. دىلزاتمۇ مېنى كۆپ ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. مەنمۇ بۇرۇنقىدەك قوپاللىق قىلماس بولدۇم. ئۇلار يۈرۈپ ئۇزۇنغا بارماي ئىلدارنىڭ چوڭ ئاپىسىنىڭ كېسەلى ئېغىرلىشىپ قېلىپ، توينى 15 - مايغا بېكىتتى. ساڭا خەۋەر قىلماقچى بولغاندا سېنىڭ ئىككىنچى خېتىڭ كەلگەنىدى. خېتىڭدە 13 - مايدىن باشلاپ باسقۇچلۇق ئىمتىھان باشلىنىدۇ، دەپ يېزىپسەن. شۇڭا ساڭا خەۋەر قىلمىدۇق. سېنىڭ قاتنىشالمىغىنىڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا توي كۆڭۈللۈك ئۆتتى. مەن بەرناغا قولداش بولدۇم. بەرنانى كۆچۈرۈپ ماڭغاندا ئۆزۈمنى ھەرقانچە تۇتۇشقا تىرىشسامۇ بەرنا بىلەن تەڭ كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى. توۋا مەن نېمانچە يىغلايمەن؟ بەرنانىڭ يىغىسى ئۈچۈنمۇ؟ ياكى ئىلداردىن پۈتۈنلەي ئايرىلغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ بەرنانى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كىچىك ماشىنىغا سالغاندا ئاينۇر ماڭا:

— توۋا چىنار، سەن بەرنانى بەزلىمەي ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئېسەدەپ يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى.

مەن سىرىم ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك قىزاردىم. ئۇلارنى ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن دىلزات بىلەن بىرگە قايتتىم. يولدا جىمجىت ماڭدۇق. يا ئۇ سۆزلىمەيتتى، يا مەن سۆزلىمەيتتىم.

— توي دېگەن بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتتى، — دېدى ئۇ ئاخىرى

جىملىقنى بۇزۇپ.

— شۇغىنىسى نىگار يوق بولۇپ قالدى، — دېدىم مەن.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، بۇلارنىڭكىگە قاتنىشالمىسا، بىزنىڭكىگە قاتنىشىپ قالار، — دېدى دىلزات تەمتىرەپ تۇرۇپ.

— شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — مەن چۈشىنىكسىزلا سورىدىم.

— سەنلا خالىساڭ چوقۇم شۇنداق بولىدۇ.

مەن گەپ قىلماي ماڭدىم. بىلمەيمەن، يۈرىكىم نېمىشقىدۇر ئەنسىز دۈپۈلدەيتتى. ماي ئېيىنىڭ مەيىن شاماللىرى چاچلىرىمنى يەلپۈپ ئۆتەتتى. كۆزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. نېمانچە غەيرەتسىزدىمەن؟ يەنە نېمىگە يىغلايمەن؟

— چىنار، نېمە بولدۇڭ؟ يىغلايسەنغۇ؟

— ياق، يىغلىمىدىم.

— ئەمىسە نېمىشقا؟

— قورقۇۋاتىمەن.

— مەندىنمۇ؟

— ياق ئۆزۈم تاللىغان يولدىن.

— توغرا ئېيتتىڭ، ھەرقانداق ئادەم تۇرمۇشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسىدىغان چاغدا قورقىدۇ. ئاخىرى قانداق بولار دەپ تەشۋىشلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يولنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىش جەريانىدا نېمىلەرگە يولۇقىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگىلى بولمايدۇ — دە! مەنمۇ بۇ يولنى تاللىغاندا تەشۋىشلەنگەنىدىم، دېگەندەك باشتا زەربىگە ئۇچرىدىم، ھەم ئىرادەم غالىب كېلىپ، بۇ يولنى چىدام بىلەن بېسىپ كېلىۋەردىم. مانا ئەمدى كۆز ئالدىمدا يورۇقلۇق پەيدا بولغاندەك قىلىۋاتىدۇ. بەلكىم خۇدا نېسىپ قىلسا غەلىبىمۇ قىلىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. چىنار، شۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، مەن سېنى بۇ يولدا ماڭغىنىڭ ئۈچۈن ھەرگىز پۇشايمانغا قويمايمەن.

— ساڭا ئىشىنىمەن دىلزات، بىراق...

— بىراق دېگىنىڭ نېمىسى؟
— ئۆزۈمگە ئىشىنەلمەيمەن.
— ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ئۆزگىكە ئىشەنمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چىنار، ماڭا ئىشەنگەنىكەنسەن، ئەلۋەتتە ئۆزۈڭگىمۇ ئىشىنىشىڭ كېرەك. چىنار، تەقەززا قىلماي جاۋابىنى بەرسەڭچۇ؟
— دىلزات، بىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى سىنايدىغان ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتتى. قالغان ئىشلارنى چوڭلار دېيىشسۇن.
— راستمۇ چىنار؟
— راست.
— كېيىنگىدىن يېنىۋالمايدىغانسەن؟
— مەن كىچىك بالا بولمىسام. . .
— بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ، چىنار؟
دىلزاتنىڭ ھاياجان ئارىلاش سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇڭلاندى. ئۆزۈممۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ ھازىرقى خۇشاللىقىنى چۈشەندىم. مەن ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شېرىن ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. مەن ئۆز خانەمگە كىرىپ ئۆزۈمنى دىۋانغا تاشلاپ ئۈنسىز ئۆكسۈشكە باشلىدىم. مەن يىغلاۋاتىمەن، كۆزۈملا ئەمەس يۈرىكىم يىغلايدۇ. «كۆز ياش يۈرەكتىكى جاراھەتتىن ئاققان قان» دەپتىكەن. مېنىڭ يۈرىكىم راستتىنلا جاراھەتلەنگەنمىدۇ؟
بىراق مەن ئۆز مەيلىم بىلەن بۇ ئازابنى چېكىشكە رازى بولغانغۇ؟ يىغلاپ ئازابلىرىمنى كۆز ياشلىرىم بىلەن چىقىرىۋېتەي، بەلكىم بۇگۈنكى بۇ يىغام دوستۇم ئۈچۈن قۇربان قىلغان بەختىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇسىبىتىدۇر. ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا يۈخادىن چىققۇچە يىغلىۋالاي. . . دوستۇم، يىغىمۇ ئادەمگە ئارام بېرىدىكەن، مانا مەن يىغلىغانسېرى ئۆزۈمنى يېنىكلەپ قالغاندەك

ھېس قىلىۋاتىمەن. بېشىمدىكى ماۋۇق ياستۇقۇم كۆز يېشىم بىلەن ھۆللەندى. سەن ياخشى كۆرىدىغان قارا كۆزلىرىم تولا يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىدى. مەن نېمانچە چىدىماسمەن؟ دوستۇم ئۇچۇن قۇربان قىلغان بەختىم ئۇچۇن چىدىمايۋاتامدىغاندىمەن؟ ياق! بۇ چىدىماسلىق ئەمەس، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە دوستۇمنى بەختكە ئېرىشتۈرەلىگەن غەلىبەم ئۇچۇن تۆكۈلۈۋاتقان تەنتەنە ياشلىرىم.

مەن شۇ كۈنى ئورۇنمۇ سالماي، كىيىملىرىم بىلەنلا دىۋانغا قويۇلغان ياستۇققا قىيسىيىپ، كۆز يېشىم قۇرۇمايلا ئۇخلاپ قاپتىمەن.

ئاينۇر دىلزات بىلەن ئىككىمىزنىڭ يېڭى مۇھەببىتىنى مۇبارەكلەپ ئۆيىدە ئالتىمىزگە ئولتۇرۇش قىلىپ بەردى. مەن، بەرنا، دىلزات، مۇرات، ئاينۇر بەشىمىز كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق. ئىلدار كەچلىك سېمىنىغا چىقىمەن، دەپ كەلمەپتۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن بىردە كۆڭلۈم يېرىم بولسا، بىردە ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. بىلىمەن دوستۇم، سەنمۇ دىلزات بىلەن بىرگە بولۇشۇمنى تىلەيتتىڭ. ئەمدى مېنى خۇشاللىق بىلەن تەبرىكلەيدىغانسەن؟

قارا مېنى ، ئۆزۈمنىڭ ھالىنى تۆكۈپ، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سورىمىغىنىمنى! ئۆزۈڭچۇ؟ يەنىلا شۇ كىتاب ـ دەپتەرلەر ئارىسىدىن چىقالماي يۈرەمسەن ياكى ئۆزۈڭگە ئوخشاش كىتاب خالتىسىدىن بىرەرنى تاپتىڭمۇ؟ نىگارئاي، سەندىن پەخىرلىنىمەن. سەن بەختلىكسەن، ئۆزۈڭ سۆيگەن كەسپىڭگە ئېرىشتىڭ، شۇڭا باشقا ئىشلار سەن ئۇچۇن ئەھمىيەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. سېنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى روھىي ھالىتىڭنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ. ھازىر بەلكىم ئىلمىي ماقالەڭ ئۇچۇن ئىزدىنىۋاتقانسەن. سېنىڭ پات ئارىدا غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتۈۋاتىمىز. مايتاغ

نېفىتلىكى ساڭا ئوخشاش بىلىم ئەھلىلىرىگە موھتاج. نېفىتلىكمىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن بىرلىكتە پەرۋىش قىلايلى!

نىگارئاي، ھازىر كېچە سائەت ئۈچتىن ئېشىپتۇ. كۆزلىرىم ئۇيقۇسىزلىقتىن ئېچىشىۋاتىدۇ، ئالدىمدىكى شام يەنىلا بىر خىلدا كۆيۈۋاتىدۇ. ئاستا پىچىرلىدىم:


كۆيۈۋاتقان شام!... كۆيگىن، قاراڭغۇ تۈندە كىشىلەر كۆرمەستە كۆيۈۋال!

خەير دوستۇم، ئوقۇشۇڭغا ئۇتۇق تىلەپ:

چىنارىڭ

مايتاغ.

(1988 ـ يىلى شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى قىزلار بىناسى
503 ـ ياتاقتا يېزىلغان)



# كېيىۋالغىنىڭىز توي كۆڭلىكىمۇ، ئىچ كۆڭلەكمۇ؟

بىر يىلنىڭ ئالدىدا يېقىنىمىزنىڭ ئوغلىنىڭ توي مەرىكىسىگە بېرىپ قالدىم. تويى بولىدىغان قىز ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىپ رېستورانغا ناھايىتى كېچىكىپ كەلدى. بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان مېھمانلار بويۇنلىرىمىزنى سوزۇشۇپ قىز بىلەن يىگىتكە قاراشتۇق. يىگىت كۇل رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكا، قىز ئاق رەڭلىك نېپىز توي كۆڭلىكى كىيگەن بولۇپ، كۆڭلىكىنىڭ بىر مۇرىسىدە ئىنچىكە يىپ، يەنە بىر مۇرىسىدە ھېچنېمە يوق، يۇزىنى يېپىۋالغان تور ياغلىقمۇ ناھايىتى نېپىز بولغاچقا، نازۇك يەرلىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن خۇددى باشقىلارنىڭ ئىپپەتلىك يېرىنى كۆرۈپ قالغاندەك، ئوڭايسىز سېزىمدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن ئولتۇرغان ئۇستەلدىكى مېھمانلار ھەممىسى قىز چىقىرىش، ئوغۇل ئۆيلەش ئالدىدىكى ئانىلار ئىدى. ئۇلارمۇ كەيپى ئۇچقان ھالدا ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— تۇۋا، قىزلىرىمىزدا شەرم - ھايا دېگەن نەرسە قالمىدىمۇ نېمە؟ تويى بولىدىغان قىز شۇنداقمۇ يالىڭاچلىنىۋالامدۇ؟

— ئاۋۇ خوتۇن ئالغان يىگىتچۇ؟ ھەقىچان كىيىم تاللىغاندا يېنىدا تۇرۇپ پۇل تاپشۇرغاندۇ؟ شۇ چاغدا: «خاس مەنلا كۆرۈشكە بولىدىغان يەرلىرىڭنى باشقىلارغا كۆرسەتمە» دېگەن بولسا ئاشۇ كۆڭلەكنى كىيىشكە پېتىنالامتى؟

— ئۆتكەندە يولدۇشۇممۇ بىر تويغا قاتنىشىپ قالغانىكەن،

ئۆيگە كېلىپ قىزىمغا: «ئەگەر تويىڭىزدا ئاتا ـ ئانامنى رازى قىلاي دېسىڭىز، ئۆزىمىزنىڭ ئەتلەس رەختىدىن يەڭلىك توي كۆڭلىكى تىكتۈرۈپ بېرىمەن، چىرايلىق چىمەن دوپپا بىلەن ئەتلەس كۆڭلەكنى كىيىپ ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزىدەك توي قىلىسىز. ئەگەر سىزمۇ سەتلىشىپ باشقىلار ئىجارىگە ئېلىپ نەچچە قېتىم كىيىلگەن كونا كىيىم كىيسىڭىز، تويىڭىزنىڭ تەييارلىقىنى قىلىپ بېرىمەن، ئەمما تويىڭىزغا قاتناشمايمەن» دېگەنتى، قىزىممۇ: «دادا، مەن سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە ئىش قىلىمەن» دېدى.

— مېنىڭمۇ شۇنداق ئارزۇيۇم بار، — دېدى ھېلىقى ھەدىمىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئاپپايمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا مەن قىزىمنىڭ تويىدا چوقۇم ئايرىم توي كۆڭلىكى تىكتۈرۈپ كىيدۈرىمەن، توي دېگەن ئۆمرىدە بىر بولىدىغان تۇرسا، باشقىلارنىڭ بەدىنى تەگكەن كونا كىيىمنى كىيىشنىڭ ئۆزىمۇ خاتا بىر ئىشتە.

— ياۋروپالىقلار توي قىلىدىغان چاغدا توي كۆڭلىكىنى يېڭىدىن تىكتۈرۈپ كىيىپ، تويدىن كېيىن خاتىرە سۈپىتىدە ساقلايدىكەن. بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ باشقىلار كىيگەن كۆڭلەكنى بىرمۇنچە پۇلغا ئارىيەتكە ئېلىپ توي كۈنى كىيىشكە قانداقمۇ كۆڭلى كۆتۈرىدىغاندۇ؟

— بىز توي قىلغان چاغلاردا بېشىمىزنى بىر كۈن گىجىم رومالغا يۆگەپ ئولتۇرۇپ بېشىمىزنى ئېگىز كۆتۈرەلمەي بويۇنلىرىمىز ئاغرىپ كېتەتتى، ھازىرقى قىزلىرىمىز يۈزلىرىنى ئېتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، مانا مۇشۇنداق مۇرىسىز، يەڭسىز كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، كۆزلىرىنى ماي سالغان چايدەك پارقىرىتىپ ئولتۇرسا. . .

— ۋاي ئاداش، يەنە شۇ چاغلارنى ئويلىسام ھاياجانلىنىمەن، توي بولىدىغان قىز ئۆزىنى بەك يوشۇرغاچقىمۇ ئۇ قىزنى باشقىلارمۇ كۆرۈشكە بەك قىزىقاتتى. تويىمىز بولۇپ بىرەر ئايغىچە

تالا ـ تۈزگە يالغۇز چىقىشتىن خىجىل بولۇشاتتۇق. ھازىرقى قىزلارنىڭ توي قىلىش، يېڭى كېلىن بولۇشلىرىنىڭ ئانچە مەززىسى قالمىغاندەكلا، ئۆزىنىڭ تويىدا ئۆزى ئويناپ. . .

يىگىت بېشى يىگىتنىڭ ئانىسى قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ ۋىچىركا باشلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئانا گۈلدۈراس ئالقىش ھەم ھاياجانلىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئوتقاشتەك چىرايلىق قىزىل شارپىنى ئېلىپ كېلىنىنىڭ يېنىغا ماڭدى، قىز بىلەن يىگىت ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئانىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئانا كېلىنىنىڭ يۈزىگە ئارتىۋالغان تور ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ قىزىل شارپىنى قىزنىڭ بوينىغا ئارتىپ، كېلىن بىلەن ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى ھەمدە بىر تال ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ بارمىقىغا سېلىپ قويدى. قىز قولدىشى ئانىنىڭ بوينىغا بىر كۆككەكلىك شىپىڭ دۇخاۋا ئارتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن قىز ـ يىگىتنىڭ ئەتراپىغا تولىشىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىشتى، شۇ تاپتا ئانا قولىنى ئۇسسۇلغا كۆتۈرگىنى بىلەن كۆزلىرى يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. . . ئاھ ئانا! بەلكىم ئۇ ئوغۇل ئۆيلەپ كېلىنلىك بولغىنى ئۈچۈن ھاياجانلىنىپ، خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈۋاتقاندۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ كۈندىكى باللىرىغا ئانا بولماق ئاسان ئەمەستە. . . شۇنداق ھاياجانلىق تويغۇدا كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى، يېنىمدىكى ئانىلارمۇ ئالىقاچان كۆزلىرىدىكى ياشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىغانىدى.

— يائاللا، يۈزىنى ئەمەس، كۆكسىنى تولۇقراق ياپقان بولسا ئۈزۈكنىڭ ئورنىغا بىلەيزۈك سالاتتىمىكىن جىنتەككە. . . — دېدى بۇغداي ئۆڭ ئورۇقىنا كەلگەن بىر ئايال.

توي داۋاملىشىۋاتاتتى. قىز بىلەن يىگىت تانسىغا چۈشتى، ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ قەدەم ئېلىشىغىلا بىر بالا ئۇزۇن قىزىل تاۋاردا قىز بىلەن يىگىتنىڭ سۆڭگىچىدىن بىر ـ بىرىگە چېتىپ باغلاپ قويۇۋېدى، ئولتۇرغان قىز ـ يىگىتلەر چۇقان سېلىشىپ چاۋاك

ئاربلاش ئالقىش ياڭراتتى. مەن يېنىمدىكىلەرگە قارىدىم، ئۇلارنىڭ بەزىسى ھەيران بولۇشۇپ بىر ـ بىرىگە قارىسا، بەزىسى خىجالەت بولغىنىدىن يەرگە قاراشتى.

— ۋاي بۇ نېمە ئالامەت؟ مەن خاتا كۆرۈپ قالدىممۇ ياكى ئاۋۇ پوتىنى نېمىگە. . .

— خاتا كۆرمىدىڭىز قوشنام، ئۇلارنى مەڭگۈ ئايرىلمىسۇن دەپ چىڭ باغلاپ قويۇۋاتقان چېغى. . .

— قوپۇشامدۇق؟ يەنە ئولتۇرۇۋېرسەك، ئۇنىڭدىنمۇ بەك سەتچىلىكنى كۆرۈپ قالمايلى.

ئاشۇ كۈنكى تويدىن كېيىن توي كۆڭلىكى بىلەن ھېلىقى پوتا باغلىغان كۆرۈنۈش كۆڭۈل ئېكرانىمدا پات ـ پات پەيدا بولۇپ، مېنى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويۇۋاتقان، بۇ توغرۇلۇق چوڭلاردىنمۇ نۇرغۇن نارازىلىق پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە يەنە بىر قىزىمىزنىڭ تويىغا قاتنىشىپ قالدىم. بۇ تويدىكى قىزىمىز ئىككىلا مۇرىسى، ھەتتا دۈمبىسى ئوچۇقلا توي كۆڭلىكى كىيگەن ھالەتتە يىگىتىنىڭ يېنىدا كۆزىنى چاقنىتىپ ئولتۇراتتى. قىزغا قارىساملا ئۆزۈمنىڭ بىر يېرى ئېچىلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ بۇ تويدىنمۇ بالدۇرلا قايتتىم.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا بىر ئوقۇتقۇچى-ۇمنىڭ قىز ـ ئاياللارنىڭ نازاكىتى، جەلپكارلىقى توغرىسىدا مۇنداق بىر گەپنى قىلغانلىقى ھېلىمۇ ئېسىمدە: «ئاياللار رۇباشكىسىنىڭ جىيەكىنى كەڭ چىقىرىپ قويسا، كۆرگەن ئادەم ئەجەب رۇباشكىسىدىن كۆڭلىكى قىسقىكەن، ئىچىدىكى بىرنېمىسىنى ساڭگىلىتىپ قويماي ئوڭشاپ كىيىۋالسىچۇ دەيدۇ، ئەگەر رۇباشكىسىنىڭ جىيەكىنى كىچىككىنە چىقىرىپ قويۇپ كىيسە، كۆرگەن ئادەم رۇباشكا ئىچىدىكى گۈزەللىككە قىزىقىدۇ. . .» ، دېمەك، قىزلىرىمىز يوشۇرۇشقا تېگىشلىك جايلىرىنى يېپىپ، ئۆزىگە خاس نازاكىتىنى ساقلاپ قالسا،

ئۇلاردىكى جەلپكارلىق تېخىمۇ كۈچەيمەسمۇ؟

ئېگىلىشىمچە، توي كۈنى قېيناتىسى كېلىنىنىڭ يۈزىنى ئاچقاندا، قىزىل ياغلىق بىلەن ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويىدىغانلىقىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى: ئاتا - بوۋىلىرىمىز تويى بولغان قىزنىڭ مۇبارەك يۈزىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن قىزىل ياغلىق بىلەن ئالتۇن ئۈزۈك كۆرۈملۈك قىلىش ئىدى. بۈگۈنكىدەك ياۋروپاچە كونا كىيىملەرنى كىيىپ، بەدىنىنىڭ يېرىمىنى ئېچىپ ئولتۇرغان يېڭى كېلىنلىرىمىزگىمۇ يەنىلا شۇنداق كۆرۈملۈك ئارتۇق كەتمەسمۇ؟ ئۇلار ئاشۇ قىزىل ياغلىق بىلەن ئالتۇن ئۈزۈككە لايىق جاۋاب قايتۇرغان بولسا، بۇ ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ - ئادىتىمىزنى ئەۋلادلىرىمىزغا ئۆز قىممىتى بىلەن تاپشۇرغان بولساق، قانداق ياخشى بولاتتى — ھە؟

يېقىندا بىر ژۇرنالدا «ئاياللىرىمىزنىڭ يېرىم يالىڭاچ كوچىلارغا چىقىشى ئەرلىرىمىزنىڭ ئەركەكلىكىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىندۇر» دېگەن سۆزلەرنى كۆرۈپ قالدىم. ئۆتكەنكى تويدىكى ئانىلار ئېيتقاندەك خانىم - قىزلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق يامان ئادەتلەرنى ئۆگىنىۋېلىشىدا ئەرلەرنىڭ، يىگىتلەرنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

سۆيۈملۈك سىڭىللار، سىلەرنىڭ تويدا كىيگىنىڭلار توي كۆڭلىكىمۇ؟ ئىچ كۆڭلەكمۇ؟

قەدىرلىك يىگىتلەر، تويىڭىز بولغان كۈنى سۆيۈملۈك مەھبۇبىڭىزنىڭ ئۆزىڭىزگىلا تەئەللۇق بولغان خاس جايلىرىنى باشقىلارنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا تاشلاپ بېرىپ نېمىگە ئېرىشەرسىز؟ ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، توي كۈنى مەھبۇبىڭىزنىڭ كۆڭلىكى ئىچ كۆڭلەك بولۇپ قالمىسۇن.

# نەزىرلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن

يېقىندا ئۆلۈم پەتمىسگە بېرىپ هازىدارنىڭ يىغىسىغا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ئولتۇرغىنىمدا، بىرەيلەننىڭ دوستۇمغا قولىدىكى دەپتەرنى كۆرستىپ بىر نېمىلەرنى شەرەتلەۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئىچىمدە «ئېشەك ئۆلسە، بىر نېمىسى غېجەك چاپتۇ» دېگەندەك، يىغا ـ زارە ئىچىدە ئۆزىنىڭ غېمىنى قىلغىچە، سىرتقا چىققاندىن كېيىن دېسىچۇ، دېگەن خىيالدا بولۇپ كېتىپ، دوستۇمنىڭ ھېلىقى شەرەتلىگەن چوكاننىڭ يېنىغا كەتكىنىنى سەزمەي قاپتىمەن. پەتىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ دوستۇمغا:

— بايىقى چوكان ئەجەبمۇ تەنتەككەن، ھەرقانچە بولسىمۇ سىرتقا چىققاندا دېسىچۇ؟ — دېيىشىم بىلەن تەڭ يېنىمدىكىلەرمۇ تۇشمۇتۇشتىن:

— شۇ ئەمەسمۇ، بىر يەرگە قېچىپ كېتەمتۇق، ئادىمىگەرچىلىك دېگەننى بىزدىن سورىسۇنا؟ — دېيىشتى. مەن دەماللىقىقا بۇ گەپنى چۈشىنەلمەي:

— سىلەر كىمنى دەۋاتىسلەر؟ — دېدىم.

— سەنمۇ ھېلىقى دەپتەر تۇتۇۋالغان چوكاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتقانسەن؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— شۇنداق.

— بىزمۇ شۇنى دەۋاتىمىز، ئۆلۈمگە پىششىق تاۋاق قىلالمايدىغانلارنىڭ پۇلىنى يىغىپ، يەتتە نەزىرگە ئىشلىتىدىغان چىلان، ئۈزۈم، بادام دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ، هازىدارنىڭ

يۈكىنى يەڭگىللەتمەكچىكەنمىش. . . — دېدى دوستۇم.

— بۇنداق قىلسا ھازىدارلارنىڭ نەزىر ئۆتكۈزۈشكە قۇربى يەتمەي ئىئانە يىغىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللىنىپ قالىدىكەن، تاۋاق دېگەننى ھەممە ئادەم ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلىدىغان ئىش ئەمەسمۇ. . .

— ئۇغۇ مېنىڭ ھېچ ئىشىمدا يوق ئىكەن، ھازىر دېگەن دەپتەرگە قاراپ ماڭىدىغان گەپ، شۇنداق بولسىمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردىن قالماي، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئازنا ئاخشىمى قىلغاندا بىرىپ پۇل قوشۇپ قويارمەن.

— ھەي، تاۋاق دېگەننى ئۆلۈم چىققان ئۆيگە قىلساق بولار؟

— ۋاي ئاداش، ھازىرچۇ بىر ئۆيدىكى بەش بالىنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە، شۇ ئۆلۈم چىققان ئۆيگە تاۋاق قىلغاندىن سىرت، پەرزەنتلىرىنىڭ قانچىسىنى تونۇساڭ شۇنچىسىنىڭ ئۆيىگە ئايرىم تاۋاق قىلىسەن، بەكرەك يېقىنىڭ بولسا 10 ـ 20 يۈەندىن پۇل چىقىرىپ، كۆپچىلىك بىلەن ھازىدارنىڭ داكا ياغلىقىنىڭ ئورنىغا «گېدى» نىڭ 180 يۈەنلىك شارپىسىدىن ياكى 90 يۈەنلىك ياغلىقىدىن ئېلىپ بېشىغا ئارتىپ قويىسەن، — دېدى يەنە بىرى ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

— ۋاي خۇدا، «ئانامنىڭ ئۆلگىنى دادامغا ياراشتى، پوشكاللىرىنى ئىتلار تالاشتى» دېگەندەك، ھازىدارلار روھىي جەھەتتىن ئازار يېگەن بىلەن ماددىي جەھەتتىن خېلى كۆپ تەسەللىگە ئېرىشىدىكەن — دە. . .

— يىل نەزىرىدە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ماددىي تەسەللىگە ئېرىشىدىغان ئىشلار چىقىپتۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— يېقىندا دادىسىنىڭ يىل نەزىرىنى بەرگەنلەرنىڭ قارىسىنى ئۇشتىغانلىرىنى كۆرسەڭلار، ئۇنى نەزىر ئەمەس بىر تەبرىكلەش مۇراسىمىمىكىن دەپ قالاتتىڭلار.

— تايىنلىق نەزىردە ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىمىغاندۇ؟

— پەقەت شۇ ناخشا ـ مۇزىكىسىلا كەم تەبرىكلەش بولدى، دادىسىنىڭ قارىسىنى ئۇشتىمىغاندا، ئۇ چوكانغا يولدىشى ئاق ئالتۇندىن زەنجىر، بىر دوستى «گېدى» نىڭ 400 يۈەنلىك يوپكىسىدىن، يەنە بىرسى «گېدى» نىڭ 600 يۈەنلىك كوپتىسىدىن، يەنە بىر خىزمەتدىشى «گېدى» نىڭ كۆڭلىكىدىن دەپ خۇددى تويدا ساندۇق ئاچقاندەك بىر ـ بىرلەپ ئېلان قىلىپ ئۇستەلنى تولدۇرۇۋەتتى. سوۋغات بەرگۈچىلەر بىلەن قوبۇل قىلغۇچىنىڭ كۆلكە يېغىپ تۇرغان چىرايلىرى يالغان تۇزۇت ـ ھەشقاللىلىرىغا قوشۇلۇپ، ئادەمگە بۇ نەزىر بولماستىن، بەلكى بىرەر تەبرىكلەش مۇراسىمىدەك تەسىر بېرەتتى.

— ئەسلى قارىسىنى ئۇشتۇشنى ھەممە ئادەم قىلمايدۇ، تۇغقانلىرى ياكى يېقىن دوستىدىن بىرەرسى شۇ ھازىدار بىر يىلغىچە قىزىل ـ تۇزۇل كىيىملەرنى كىيمەي قارىلىق تۇتقان بولسا، بىرەر كىيىملىك رەڭلىك رەخت ئېلىپ، يىل توشقاندا بۇ قارىلىق كىيىملىرىڭنى ئەمدى ئالماشتۇرۇۋال دېگەن مەقسەتتە ھازىدارغا سوۋغا قىلىدۇ. ھازىر بولسا ئاتا ـ ئانىسى ئۆياقتا قېلىپ قارىلىق تۇتمىغان قېيناتىسى، قېينانىسىنىڭ يىل نەزىرىدىمۇ ئالتۇندىن بىلەزۈك، ھالقا دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ خۇشاللىق بىلەن قايغۇنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ بارىدۇ.

— نەزىرنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىمۇ كۈنسېرى ھەشەمەتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بۇرۇن نان ـ پوشكالدىن باشقا دېمىدە بولىدۇ دەپ قەنتنىلا تىزاتتى، ھازىر چىلان، ئۈزۈم، بادام، قاق، سامسا، مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىزىدىغان بوپتۇ، مۇشۇنداقلا ماڭىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنكى نەزىرلەردە تورت ـ پىرەنىكلەرنىمۇ شىرەگە تىزىدىغان ئوخشايدۇ.

— ھەممىسى ئارتۇقچە بىر ئىشلاردە؟

بىر ـ بىرىمىزگە سۆزلەشكە پۇرسەت بەرمەي، تالىشىپ

دېيىشىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىز كەشىپ قىلىۋاتقان، تولۇقلاپ بېيىتىۋاتقان ئادەتلەر ئىدى. شۇ تاپتا، بىز باشقىلاردىن رەنجىگەن بولۇپ ئۆزىمىز ئۈستىمىزدىن شىكايەت قىلىۋاتاتتۇق. كۆڭلىمىزگە ياقمايدىغان بىرەرسىنىڭ ئىشى چىققاندا، بۇنداق ئارتۇقچە قائىدىلەردىن شىكايەت قىلغىنىمىز بىلەن، ئۆزىمىزگە كەلگەندە قايسىمىز رەت قىلىۋېتەلىدۇق؟ ئەرلىرىمىز ئاددىيراق ئۆتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلسا، ئاڭسىز ئاياللىرىمىز ئۇلارغا چۈپەيلىك، چىدىماسلىق قالپاقلىرىنى كىيگۈزدۇق. ئوقۇغان زىيالىي ئاياللىرىمىز بولسا ئابرۇيپەرەسلىك قىلىپ، چوڭ نەزىر بەرسەك مەرھۇملار تىرىلمىدىغاندەك باشقىلارنىڭ كوتۇلداپ يۈرۈپ ئەكەلگەن ئۈسۈمى بار سوۋغاتلىرىنى يالغان نېزىقاپ قوبۇل قىلىۋاتىمىز. تىزىملىكتىكىلەرنى تۈگىتىپ بولالماي، كەشمىزنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي قاقشاپ ـ غۇدۇراپ مېڭىۋاتىمىز. ئاز قىلدى، جىق قىلدىم دەپ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەتنى قائىدە ـ يوسۇن قوغلىشىپ قىلىۋاتقان ھېساب دەپتىرى ئىگىلىۋالدىمۇ نېمە؟ بۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، سۈيدۈڭگە نۆۋرە ھەدەمنىڭ ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىگە بېرىپ يولۇققان مۇنداق بىر ئىشنى ئەسلەپ قالدىم:

سۈيدۈڭدە ئۆلۈمگە پولو، مانتا، گۆشنان، ئاكا ـ ئۇكىلارغا قۇيماق ئورالغان تاۋاقلارنى ئېلىپ كىرگەنلەر تاۋىقىنى بېرىۋېتىپ ئۆزۈن ئولتۇرمايدىكەن. كىرگەن تاۋاقلارنى ھازىدارلارغا، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا، مېيىتنى ئۇزىتىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىۋاتقان ئەرلەرگە ئېغىز تەگكۈزىدىكەن. بىزگە ئوخشاش تاۋاقلىرىمىزنى ئۆلۈم چىققان ئۆي پەتىچىلەر بىلەن تولۇپ كېتىپ ئولتۇرغىدەك جاي بولمىسا قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئايرىم داستىخان سالغۇزۇپ يەپ، نەدە ئولتۇرغىنىمىز ئېسىمىزدە يوق، شاڭخو، پاراڭغا چۈشىدىغان ئىشلار بولمايدىكەن. كەچتە پەتىچىلەر ئۇزاپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇپ

ئولتۇرغاچ:

— ھەدە، تاۋاقلار شۇنداق كۆپ كىردى، سىز پەتىچىلەر بىلەن بولۇپ كىمنىڭ نېمە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنسىز، يا بىرەرسى تىزىملاۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— بالاموي، كىرگەن تاۋاقنى تىزىملىغاننى نەدە كۆرگەنتىڭ؟ — دېدى ھەدەمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھاجىم مومىمىز ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ.

— بىز شۇنداق قىلىمىز، بولمىسا كېيىن خەققە قانداق ياندۇرىمىز؟ ھازىدار بىلەلمەيدۇ، تىزىملاپ قويساق، كېيىن ھازىدارمۇ خەقنىڭ ئىشى چىققاندا شۇنىڭ لايىقىدا ياندۇرمىسا كۆڭۈل ئاغرىقى بولمامدۇ، — دەپ چۈشەندۈردۈم.

— «باي نەدە، ۋاي شۇ يەردە» دېگەن شۇ، يەنلا دېھقان ئۇلۇغ، ھەي شەھەرلىكلەر، سىلەر شۇ پۇلدىن باشقىنى تونۇماس بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ ئەمدى ھەممە ئادەمنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئۆلۈم ئىشىدىمۇ شۇنداق ھېساب دەپتىرى تۇتىدىغان بولۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ تاۋاق قىلدىم دېگەننىڭ ئۆزى نەزىر بەردىم دېگەنلىك بولىدۇ، شۇڭا بۇنى ھېساب دەپتىرىگە يازساڭ بولمايدۇ. چۈنكى ئېلىپ كىرگەن تاۋىقىڭغا ھازىدارلار، جامائەت ئېغىز تېگىدۇ، سەن شۇ بىر لېگەن پولو ياكى قويمىقىڭ بىلەن شۇلارغا نەزىر بەرگەن بولىسەن، بۇمۇ (ھەدەمنى كۆرسىتىپ) شۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئۆلۈم بولسا نېمە تاپالىسا شۇنى ئېلىپ بارىدۇ، تاپالمىسا ئاپارمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى نەزىر دېگەننى قۇربى يەتكەن ئادەملەر كۆڭلى - كۆكسىدىن چىقىرىپ بېرىدۇ. نەزىر دېگەننى ئاچ - يالىڭاچ غېرىبلارغا قىلساڭ، بۇ ھەقىقىي نەزىر بولىدۇ. ئۆلۈمدىمۇ ئۆي ئىگىسى ھازىدار بولغاچقا تاماق ئېتەلمەيدۇ، يىراق - يېقىندىن كەلگەن تۇغقانلارنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ، شۇڭا بۇ ئۆيگە تاۋاق ئېلىپ كىرىمىز، بۇ تاۋىقىمىز نەزىر بولىدۇ، بۇنى كېيىن ئۆي ئىگىسى قايتۇرامدىكىن دېگەن تەمەدە بولساق، ئۇ نەزىر بولمايدۇ. شۇڭا

تاۋاق قىلىشنىڭ دائىرىسى قولۇم ـ قوشنا، مەھەللە ـ كوي، يېقىن ئارىلىشىدىغانلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. سىلەر ھېساب دەپتىرى تۈتقانغا قارىغاندا ھەممىڭلار تويغا بارغاندەك بېرىپ يازدۇرۇپ قويىدىكەنسىلەر — دە؟ — دېدى ھاجىم موممىز ماڭا نارازىلىق بىلەن قاراپ.

— ۋاي ھاجىم موما، ماڭا ئۇنداق قارىغىنىڭ بىلەن بۇ بۇرۇندىن قالغان قائىدىلەركەنغۇ؟ ئۆلۈمدە تاۋاق قىلالمىغانلار نەزىرلىرىدە بېرىپ پۇل قوشۇپ دەپتىرىگە يازدۇرۇپ قويىمىز، تېخى.

— سىلەر ساۋابلىق ئىشلارنى گۇناھ ئىشلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىپسىلەر، بۇنداق قىلساڭلار مەرھۇمنىڭ روھى قورۇنىدۇ. بىزنىڭ بەزى پەرزەنتلىرىمىز ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە كالا، قوي سويۇپ يۇرتقا چوڭ نەزىرلەرنى بېرىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۇ دۇنيالىقىغا ساۋابلىق ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ مەرھۇملارغا قىلچە ساۋابى يوق، ھەرەملەردە بولسا ئۆيلىرىدە ھەرگىز بىزدەك چوڭ نەزىر بەرمەيدىكەن، نەزىر بېرىش توغرا كەلسە يېتىم ـ يېسىر، غېرىب ـ مۇساپىرلارغا بېرىدىكەن، بولمىسا نەزىرگە ئاتىغان پۇللىرىنى شۇلارغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن، سىرتلاردىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان نۇرغۇن مۇساپىر ئوقۇغۇچىلار بايلارنىڭ شۇنداق ئۆشرە ـ زاكاتلىرى بىلەن خاتىرجەم ئوقۇيالايدىكەن. ھەقىقىي ساۋاب دېگەن مۇنداق بولمامدۇ؟

ئويلاپ باقسام بىزدىمۇ ئىلغار ئىدىيىلىك، ھەقىقىي ساۋاب تېپىشنى بىلىدىغان كىشىلىرىمىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ، يولدىشىنىڭ نەزىرلىرىگە ئاتىغان پۇللىرىنى مائارىپقا ئاتاپ، زاۋۇت رايونىمىزدا نەزىر ـ چىراغنى ئاددىي ـ ساددا ئۆتكۈزۈپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا، ماختىشىغا ئېرىشتى. بەزىلەر نەزىرلەرنىڭ يەتتىسى بىلەن ئۈچىنى بىر قىلىپ، بامداتتا مەسچىتنىڭ جامائەتلىرىگە بېرىپ ئۇلگە بولىۋاتىدۇ. ئۇلار قانچىلىك؟ پەقەت بارماق بىلەن

سانىۋالغۇدەكلا، كېيىنكى نەزىرلەر يەنە شۇنداق ھەشەمەتلىك، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىۋاتىدۇ.

ئۆتكەندە مەن باسمىخانىغا بىر ئىش بىلەن كىرىپ، ماتېرىيال باستۇرغىلى كىرگەن بىرنەچچەيلەن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتىم، شۇ ئەسنادا تونۇش بىرى باغاق باستۇرغىلى كىردى.

— نېمە باغاق؟

— نەزىرنىڭ باغىقى، تېزراق بېسىپ بېرەلەمسىز؟

— كىمنىڭ نەزىرىسىكەن؟

— كىمنىڭ بولاتتى، ئۇنىڭ باشلىقىنىڭ ئاتىسى تۈگەپ كەتتى ئەمەسمۇ؟ — دېدى بىرسى.

— تۇنۇگۈن مەھەللىسىدە چوڭ قازان ئېسىپ نەزىر بېرىۋاتاتتىغۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۈچ نەزىردىمۇ شۇنداق ئادەم جىق، ئۆگۈنلۈككە پائالىيەت سارىيىنى ئېلىپ يەتتە نەزىرنى چوڭ بېرىدىغان بولۇۋاتىدۇ.

— ئەمدى ئۇ مەرھۇممۇ مايتاغنىڭ چوڭلىرى ئىدى، شۇڭا يۇرتقا چوڭراق نەزىر بېرەيلى دېگەندۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى.


— چوڭ نەزىر بېرىش دېگەننىڭ ئۆزى ئىسراپچىلىق بىلەن قۇرۇق ئابرۇيپەرەسلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئىشلەۋاتقانلار نەزىرگە بارماي دېسە، ھازىردارنىڭ كۆڭلىگە كېلەمدىكىن دېگەن، باراي دېسە، خىزمەت ۋاقتىغا توغرا كەلگەن، ئەرلەرنى سائەت 11گە چاقىرسا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلار توققۇزدىلا پائالىيەت سارىيىغا بېرىۋالغاچقا، ئىشلەۋاتقانلار ئىشتىن چۈشۈپ بارسا نەزىرگە كېچىكىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، خىزمەت ۋاقتىدا تەشكىلدىن تىلى قىسىلغان ھالدا رۇخسەت سوراۋاتقان، ئاياللار بولسا چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا نەزىرگە بارغاندىكىن، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىچارە بالىلار تاماقسىز قېلىۋاتقان، ئۇلار پولىنى يەپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا چۈشكەن، دەم ئېلىشقا چىققان

ئاياللارغۇ پولو بىلەن قىزىق چاينى دەملەپ ئولتۇرۇپ كۆرۈشەلمىگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، مايتاغ خەۋەرلىرىنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ، كېيىنكى چايلىرىنىڭ ۋاقتىنى، ئورنىنى پۈتۈشۈپ كۈننى كەچ قىلىشۋاتقان، لېكىن ئىش ئورنىدىكى ئاياللار ئۈستى - ئۈستىلەپ بولۇۋاتقان بۇ ئارتۇقچە نەزىر - چىراغلاردىن چارچاپ ھالى قالماي ئىچىدە غۇدۇراۋاتقان، ئويلاپ باقايلى، بۇنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئەگەر ئۇلار دادىسى ئۈچۈن ساۋاب تاپاي دېسە، شۇ نەزىرگە كېتىدىغان پۇلنى ماتارىيقا ياكى پۇلى يوق داۋالىنالماي ئىنجان ھالەتتە ياتقان بىمارلارغا ياكى يۇرتىدىكى كەمبەغەل ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا بەرگەن بولسا، بۇ ئەڭ چوڭ ساۋابلىق ئىش بولاتتى. ھەمدە ئەتراپىدىكى يېقىن - يورۇقلىرىنى باشلىقى ئالدىدا ئىرناق تاتىلاپ رۇخسەت سوراشتىن، باللارنى بىر ۋاق تاماقسىز قېلىشتىن، ئىكارچى خوتۇنلارنى باشقىلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىش پۇرستى بەرمەي زور گۇناھتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان بولاتتى.

— ھەي، مايتاغدا ئۇنداق ھەقىقىي ساۋابلىق نەزىر بەرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى پۇقرا، ئوقۇتقۇچى، بارمىقىڭ بىلەن سانىۋالغۇدەكلا، قايسىبىر رەھبەر ئۆيىدە ئۆلۈم ئىشى بولغاندا شۇنداق قىلىپ باقتى؟ تېخى مۇنداقلارنىڭ نەزىرلىرىگە كېلىدىغانلارمۇ كۆپ، ھەشەمەتمۇ كۆپ بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىر قىسىم رەھبەرلىرىمىز نەزىر - چىراغنى ئاددىي ھەم مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى يىغىنلاردا ئاغزىدىلا سۆزلىمەي، ئەمەلىيىتىدە باشلامچى بولۇپ بەرگەن بولسا ئىدى، ئۇنىۋمى كۆرۈنەرلىك بولاتتى.

بىر باغاق توپەيلى بولۇنغان كۆڭۈلدىكى سۆزلەر خىيالىمدىن كەتمىدى، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ھەق گەپلەر ئىدى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا بىر ئائىلىدىمۇ ئاتا - ئانا بولغۇچى بالىمىزغا ئاغزىمىزدا تەربىيە بەرگىچە ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئۈلگە بولساق، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇغۇ؟ شۇڭا، بىر مىللەتنىڭ ۋاقتى، ئىقتىسادى

ھەم مەنىۋى تۇرمۇشىغا زىيان سېلىۋاتقان بۇنداق قائىدىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن تۆۋەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگىچە، مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرىدىن تۆۋەندىكى ئاممىغىچە، ھۆرمەتكە سازاۋەر بوۋىم، ھاجىملاردىن خانىم - قىزلارغىچە ئېلىپ بارساق، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ تېز بولۇشى مۇمكىنغۇ؟ ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش، ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈش ئۈچۈن ھەممىسى بىرلىكتە بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقارغاندىلا شۇ مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەپ تۇرۇۋاتقان ھەرقانداق چوڭ توسالغۇنى بىتچىت قىلغىلى بولىدۇ. بىز بىرلىكتە نەزىر - چىراغتىكى ئارتۇقچە ھەشەم - دەرەملەرنى ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ ئائىلىسىدىن، ئۆزىمىزنىڭ قائىدىسىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ئىدىيىسىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەيلى، نەزىرلەرنى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ، مەرھۇملارنىڭ ئۆلۈمىنى ساتمايلى، روھىنى قورۇندۇرمايلى.



# خاتىرە بېتىگە سىڭگەن تامچىلار

مەن ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن قاراشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ چىرايى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. ئورۇقلاپ زاڭاقلىرى چىقىپ، قاپقارا كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرىدىغان ئوماق لەۋلىرى سەل كۆكۈرۈپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ بىچارە ئەپتىگە قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ كېسەل ئازابىدا ئەسلىدىكى گۈزەللىكىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يەنىلا كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك جەزبىلىك بار ئىدى.

ئۇ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ، بۇ ئالەمگە كۆزى قىيماي ۋاتقاندەك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ياستۇقى ئاستىدىكى قىزىل تاشلىق خاتىرىسىنى ناھايىتى تەستە ئېلىپ ماڭا سۇنۇپ:

— بۇ خاتىرىنى... ئاپامغا... — دەپلا يەنە ھوشىدىن كەتتى. ·دوختۇر، سېستىرالار ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پاتىپاراق بولۇپ، جىددىي ھەرىكەتكە كەلدى. بىر دوختۇر مېنى سىرتقا چىقىپ تۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قىيمىغان ھالدا كارىدورغا چىقتىم ۋە خاتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدىم.

خاتىرە مۇنداق باشلانغانىدى: «قەدىرلىك ئاپا، قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان دەرد ـ ئەلەملەرنى، سىزگە بولغان چەكسىز مۇھەببىتىمنى مۇشۇ خاتىرىدە قالدۇرۇپ كەتمەكچى... ئاپا، سىزنى دەرد ـ ھەسرەتكە سېلىپ قويۇپ، كېتىدىغانلىقىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ! ياراتقان ئىگەم بۇ قىسمەتنى مېنىڭ

پىشانەمگە پۈتكەن بولسا كېرەك؟!

ئاپا، شۇ تاپتا سىز قىزىڭىزنىڭ نىكاھسىز تېپىپ قويغان بۇ قىزنى پەپىلەپ، مۇڭلۇق ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقاچ قىزىڭىزنىڭ ۋە نەۋرىڭىزنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرىنى ئەسلەپ ئازابلىنىۋاتقانسىز؟!

ئاپا، سىز ئانىلىق مېھرىڭىزنى بېرىپ ۋە يۈرەك قېنىڭىزنى سەرپ قىلىپ مېنى چوڭ قىلغان ئىدىڭىز. سىز بۇ ئەجرىڭىزنىڭ ھېسابىغا مېنىڭ بەختىمنى كۆرۈپ ھوزۇرلانماقچى بولغىيدىڭىز؟! ئەمما ئارمانلىرىڭىزنى شور پېشانە قىزىڭىز يەردە قويدى.

ئاپا، كىچىكىمدىنلا سىزنى رەنجىتىشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. ئاشۇ مۇڭلۇق چېھرىڭىزدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلىشنى ئىستەيتتىم. ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 18 ياشقا كىرگىنىمدە، قەلبىمدە نازۇك ۋە شېرىن بىر مۇھەببەت ئۇچقۇنى پەيدا بولدى. بۇ ئۇچقۇن بىردىنلا گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى.

ئۇ كۆزلىرىدىن بىرخىل مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق چاقناپ تۇرىدىغان يىگىت ئىدى. ئۇمۇ مەن ئىشلەيدىغان زاۋۇتتا ئىشلەيتتى. ئىككىمىز چوڭ رېمونت ۋاقتىدا تونۇشۇپ قالدۇق. ئىككىمىزگە دوستلىرىمىزنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى، ئۇلار سىلەر خۇدا قوشقان بىر جۈپ قوشماقلار، دەپ قويايتتى.

بىر كۈنى زاۋۇتنىڭ ئۇنى ئىچكىرى ئۆلكىگە ئالتە ئايلىق تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مەندىن بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇنىڭدىن ئايرىلىش تەسكە توختىسىمۇ، ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلەپ كېلىشىنى خۇشاللىق بىلەن قۇۋۋەتلىدىم.

قايسىبىر قىز ئۆزىنىڭ يىگىتىنىڭ كەسىپ ۋە باشقا جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ دەيسىز؟! مەن ئۇنى ھاياتىمنىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلىغىنىم

ئۇچۇن ئۇنىڭ ھەرقانداق تەلىپىنى رەت قىلالمىدىم، ئايرىلىش ئالدىدا تېخىمۇ شۇنداق بولدى. . .

ئۇ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. مەنمۇ جاۋاب خەت يازدىم. كېيىنكى خەتلىرىم جاۋابسىز قالدى. . . خېتىم تەگمىدىمۇ ياكى ئۇ بەك ئالدىراش بولسا خەت يېزىشقا ۋاقىت چىقىرالمىدىمۇ بىلمىدىم. شۇ كۈنلەردە ئۆيدىمۇ مىجەزىم چۈسلىشىپ سىزگىمۇ بەزىدە قوپال تېگىپ قويدۇم. . . ئۆزۈمدىمۇ غەيرى سېزىملار پەيدا بولغاندەك سەل بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. مېنى قورۇقتىن ـ قورۇق ھۆ تۇتاتتى. . . مېنىڭ ئەھۋالىمنى بىر سېمىنادا ئىشلەيدىغان خەنزۇ ئۇستام سېزىپ قاپتۇ. ئۇ مەندىن گەپ سورىغاندا مەن قورقۇپ كەتتىم. ئۇ ماڭا كۆيۈنۈپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇر كۆزلىرىمگە قاراپ تۇرۇپ: «بويىڭىزدا قاپتۇ» دېدى. ئاھ خۇدا، بۇ نېمە كۆرگۈلۈك؟ مەن ئالىقانلىرىم بىلەن يۈزۈمنى توسۇپ يىغلاپ تاشلىدىم، ئۇ ماڭا ئانىلارچە تەسەللى بەردى. قانداقتۇر بىر كۈچ مۇرەمدىن بېسىپ ئىككى پۇتۇمنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، قايسى تەرەپكە قاراپ مېڭىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. ئەتراپ خۇددى قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەملەر ماڭا نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. نەچچە كۈن ئىچىدىلا نومۇس كۈچىدىن تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتتىم. ئاپا، بۇ ئىشنى سىزگە دېيىشكە مېنىڭ قانداقمۇ ئاغزىم بارسۇن؟! سىز ماڭا قاتتىق تەلەپ قوياتتىڭىز، ھەتتا جەمئىيەتتە يامان گېپى چىقىپ قالغان قىزلار بىلەن ئارىلىشىشىمغىمۇ قارشى ئىدىڭىز. شۇڭا، بۇ ئىشنىڭ سىزنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئاخىر بالىنى ئالدۇرۇۋەتمەكچى بولدۇم. مەن دوختۇرخانىغا بېرىپ نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. يان ئۆيدىن بوۋاقنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا يېقىملىق ئاڭلاندى، ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇر بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ ئانىلىق مۇھەببەت

بولسا كېرەك... ئۇمۇ بەلكىم مۇشۇ بوۋاقتەك يىغلاپ تۇغۇلار... ئۇ تېخى دۇنياغا كۆز ئاچماي تۇرۇپلا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسا... مەن قاتىل بولمامدىمەن؟ ئۆزۈم ئۆلتۈرسەم... بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك؟! ياق! مەن ئانا بولىمەن، جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ قانداق قارىشىدىن قەتئىينەزەر، قايناق ھېسسىياتىمىزدىن تۆرەلگەن ھايات مېۋىسىنى ھاياتلىقتا ئېرىشتۈرۈش قارارى بىلەن دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتىم. مەن ئازابلىرىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ زاكىرغا قايتا خەت يازدىم. بىراق ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، بالا توغرۇلۇق ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئەپسۇس، ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلمىدى. شۇنداقتىمۇ مەن سىزدىن يوشۇرۇن ھالدا مۇكاپات پۇللىرىمنى ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن ئېلىپ قويغان پۇللىرىمنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ تۇردۇم.

«كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك، مەن قانچە يوشۇرغىنىم بىلەن قورسىقىم بارغانچە يوغىناپ، مېنى تەشۋىشكە سېلىۋاتاتتى. تۆت ئايدىن ئاشقان چاغدا سىز سېزىپ قالدىڭىز... ئۆزىڭىزنى كاچاتلاپ ئۆرۈپ يىغلاپ ئايلىنىپ كەتتىڭىز، مەن ئالدىڭىزدا گۇناھىمنى تىلەپ يىغلاپ ئولتۇرۇشتىن باشقىنى بىلمىدىم... مېنىڭ ئەمدىكى پۈتۈن ئۈمىدىم زاكىردا ئىدى. ئۇ كەلسىلا توي قىلىشالاق، كوچا - كويلاردىكى سۆز - چۆچەك ۋە سىرلىق پىچىرلاش، گەپتە چېقىشلار، يامان كۆزدە ئالىيىپ قاراشلار بېسىقاتتى... ئاھ، خۇدا، دۇنيادا كۈتۈشتىن تەس ئىش يوق ئىكەن! مەن بۇ ئالتە ئاينى ناھايىتى تەستە توشقۇزدۇم. بىر كۈنى دوستۇم ئۇچقۇنئايدىن زاكىرنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىدىغۇ دەپ ئۈچ كۈن كۈتتۈم، بىراق ئۇ كەلمىدى. ئاخىرى ئۇچقۇنئاي ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۈم. كۆزلىرىمگە يىغا يامىشىپلا تۇراتتى، ئۇنى كۆرسەملا ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تاشلاپ قانغۇدەك بىر يىغلىۋېلىشنى

ئويلىغانىدىم. بىراق ئۇ مەن بىلەن سۇسلا كۆرۈشتى، ئارىلىقتىكى سۇكۇت مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاسلا قالدى.

— زاكىر، مېنىڭ ئەۋەتكەن خەتلىرىم تەگمىدىمۇ؟

— تېگىشىنىغۇ تەگدى.

— نېمىشقا بىرەر پارچىمۇ جاۋاب يازمايسەن؟

ئۇ بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— كامىلە، ساڭا خەت يازماسلىقىمدىكى سەۋەب، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا يۈز كېلەلمەيدىغان بىر ئىش قىلىپ قويدۇم! شۇڭا، مەن سېنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتەي دېگەنىدىم، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قولىقىمغا ئىشەنمەي قالدىم. يەر پىرقىراپ دۇم كۆمتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي، ياق! دەپ ۋارقىراپ تاشلاپتىمەن. پۈتۈن بەدىنىم جالاقلاپ تىترەپ كەتتى، كۆزۈمدىن تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئازابلىرىمنى بېسىشقا ئاجىزلىق قىلاتتى.

— ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟! — ئېسەدەپ تۇرۇپ سورىدىم.

— نېمىنى قانداق قىلىسەن؟

ئۇ ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ھەيرانلىق بىلەن ماڭا تىكىلدى، كۆزلىرىدىن يەنىلا بىر خىل سېھىرلىك نۇرنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قالدىم، ئاشۇ كۆزلەر ئەمدى باشقا بىرىگە تەۋە بولۇپ كەتسە، مېنىڭ تۆگەشكىنىم شۇ ئەمەسمۇ؟ ئاھ، بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق تەقدىر؟ بۇ كۆزلەر مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنىڭ مەزمۇنى ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ ياش تۆكتۈم. شۇ تاپتا مەندە ئاۋاز چىققۇدەك قۇدرەت قالمىغانىدى.

بىر پەستىن كېيىن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ سۆزلىدىم:

— زاكىر، مەن سېنى بارلىقىم بىلەن سۆيگەن، قەدىرلىگەنىدىم، ئەمدى سەن ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلاي دەمسەن... ھېچبولمىغاندا قورساقتىكى بالىنىڭ يۈزىنى

قىلىساڭ بولامدۇ؟!

ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۈنسىز قېتىپ تۇراتتى. بۇ نېمىدېگەن كۆڭۈلسىز كېچە ئىدى.

— كامىلە، سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ئۆزۈملا بىلىمەن. بىراق ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا نېمە كۈنلەر كەلمەيدۇ دەيسەن. ئالتە ئايلىق ئوقۇش جەريانىدا بىرگە ئوقۇشقا بارغان رەخمە بىلەن يېقىن ئۆتكەنىدىم. ئۇنىڭ بىلەن توي قىلمىسام بولمايدىغان ئىشلار يۈز بەردى. ئەگەر سەنمۇ بۇ ئىشلارنى دەپ مېنى قىينىساڭ، ماڭا بۇ دۇنيادا ياشاش هارام بولىدۇ. كامىلە ئەگەر ئىككى يىللىق مۇھەببىتىمىزنىڭ يۈزىنى قىلساڭ بالىنى ئالغۇزۇۋەت!

ئۇنىڭ سۆزى يۈرىكىمگە خەنجەر بولۇپ ئۇرۇلدى، مەن بۇ ئازابتىن تولغىنىپ كەتتىم.

— زاكىر، سېنىڭ قولۇڭدىن كەلگەن رەھىمسىزلىك مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئەگەر ئۆلۈشكە توغرا كەلسە، مەن ئۆلۈشۈم كېرەك! بولمىسا سېنىڭ خۇشاللىقىڭ، بەختىڭ ئۈچۈن ئازاب - ئوقۇبەت ۋە ئار - نومۇسنى يېگىپ ياشىشىم كېرەك! چۈنكى مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا سەن ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيمەن، — مەن شۇنداق دېدىم — دە، قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ كېتىپ قالدىم. مەن شۇ كېچىسى ئۆيگىمۇ كىرمەي مەقسەتسىزلا مەھەللىنى ئارىلىدىم.

ئاپا، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن. مەن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇشنى بىلمەپتىمەن. مەن تۇنجى قەدىمىمدىلا چوڭ بىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپتىمەن. ئاپا، مەن بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەندە تولىمۇ كېچىككەنىدىم.

ئاپا، ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەن، تاغدەك ئىشەنگەن ئادىمىدىن ۋاپاسىزلىق كۆرسە، دۇنيا ئۇنىڭغا شۇقەدەر مەنىسىز تۇيۇلۇپ كېتىدىكەن، مەن نومۇس ۋە بەختسىزلىكلەردىن بىراقلا

قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم، يارىتقان ئىگەم ماڭا ئۆلۈم بەرسە، مەن باغرىمدىكى مۇشۇ جان بىلەن، بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، ئۇ ئالەمگە كەتسەم دەپ ئويلىدىم. قەدىرلىك ئاپا، دەل شۇ چاغدا كۆز ئالدىمدا سىزنىڭ ياش تامچىلاۋاتقان كۆزلىرىڭىز پەيدا بولدى ۋە مېنى ياشاشقا ئۈندىدى. سىزنىڭ ئانىلىق مېھرى يېغىپ تۇرغان مېھرىبان چىرايىڭىز مېنى ھالاكەت ئازگىلىدىن تارتىپ چىقاردى، ھاياتنىڭ بارلىق گۈزەل شېرىن تەرەپلىرى توساتتىن كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. مەن ھايات ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم. بىر ئەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىش مېنىڭ تازىمۇ ئەقىلسىزلىقىم، ئىرادىسىزلىكىم... ئاجىزلىقىم بولۇپ قالامدۇ؟! ئۇ ۋاپاسىزلىق قىلىپ مېنىڭدىن ۋە ئۆز پۇشتىمدىن بولغان بالىدىن ۋاز كەچكەن بولسا، مەن ئاللانىڭ ئاياللارغا ئاتا قىلغان ئۇلۇغ مېھرىبانلىقى بىلەن بالىنى بېقىپ، ئۆستۈرۈپ، ۋاپادار ئاتا، مېھرىبان ئانا بولۇشۇم كېرەك. مەن بۇرۇن زاكىر ئۈچۈن ياشىغان بولسام، ئەمدى سىز ھەم تېخى دۇنياغا كۆز ئاچمىغان بالام ئۈچۈن ياشىماقچى بولدۇم.

شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، سىز كىرپىك قاقماي ئولتۇرۇپسىز، يىغىدىن كۆزلىرىڭىز ئىششىپ كېتىپتۇ. مەن ئۆزۈمنى باغرىڭىزغا ئاتتىم. سىز مېنى چىڭ قۇچاقلىدىڭىز. بىز ئۇزۇن يىللار كۆرۈشمىگەن ئانا ـ بالىدەك ئۇزاق قۇچاقلىشىپ يىغلاشتۇق. مەن يىغلاپ تۇرۇپ سىزگە دەردىمنى تۆكتۇم...

— بوپتۇ قىزىم، ئەمدى بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، يارىتقان ئاللا بار، يىغلىما، بۇ بەختسىزلىك مەندىن ساڭا مىراس قالغان ئوخشايدۇ، — دېدىڭىز كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ مېنى بەزلەپ.

ئەتىسى دوستۇم ئۈچقۇنئاي مېنى ئىزدەپ كېلىپ، زاكىر

بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىمەن، دەپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۇنى توسۇپ قويدۇم. ئۈچقۇنئاينىڭ ئوغىسى قايناپ:

— خەقلەر سېنى نېمەدەپ ئەيىبلەۋاتىدۇ بىلەمسەن؟ يامان ئاتاقنى سەن ئال، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك توي قىلىمەن دەپ يۈرسۇن! سەن تېخى ئۇنى قوغدا. . . ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىش ئەرزىمدۇ، كاملە؟! سەن نېمانداق ئەخمەق! سېنىڭ ئەخمەقلىقىڭدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ ئۇ! خەق ئۆز بەختىنى كۆزلىسۇن - يۇ، سەن يىغلاپ يات. يۇر سوتقا بارىمىز، ئۇنىڭ سەن بىلەن توي قىلمىغىنىنى كۆرۈپ باقايچۇ قېنى، — دېدى.

ئۈچقۇنئاي مېنى سىرتقا سۆرىدى. مەن زادىلا ئۇنىمىدىم! مەن زاكىرنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا شۇنداق قىلغانىدىم. ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادەمنى ئوتقا ئىتتىرىش نامەردىنىڭ ئىشى. ئۇ نامەردلىك قىلغان بولسا بوپتۇ، مەن كەڭ قورساقلىق قىلاي. . .

مېنى مۇشۇ كۈنلەردە ئەڭ ئازابلاۋاتقىنى كىشىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكى ئىدى. ھاۋا ئىسسىپ، تىنجىقنىڭ دەستىدىن ئۆيدە ئولتۇرۇش تەس بولۇپ كەتسىمۇ، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرالمايتتىم. ئۆيدە ئولتۇرۇپمۇ ئاياللارنىڭ توۋا، زامان ئاخىرى بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ بۈگەنىڭ قىزلىرى توي قىلماي تۇرۇپلا قورسىقىنى دومبايتىپ يۈرۈۋېرىدىغان بولۇپ قاپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمدا نومۇس ۋە ئەلەمدىن ئۆرتىنەتتىم. بۇنداق سېسىق گەپلەرنىڭ تولىسىنى يەنىلا سىز ئاڭلىدىڭىز. . . ھەممىنى ئىچىڭىزگە ئېلىپ تۈگمىشىپلا كەتتىڭىز. بۇ سىزگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. سىز مېنىڭ دەردىمنى شۇنچە تارتقان بولسىڭىزمۇ ماڭا زارلىنىپ بەرمىدىڭىز. . .

مېنىڭ ئاي - كۈنۈم توشۇپ قالغانىدى. بىر كۈنى زاكىرنىڭ

ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى تويى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەكمۇ ئازابلاندىم، يىغلىدىم. . . جۈمە كۈنى تۈيۈقسىز قورسىقىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئاپا، سىز شەنبە كۈنى مېنى دوختۇرخانىغا ئاپاردىڭىز. مەن يەكشەنبە كۈنى — زاكىرنىڭ تويى بولغان كۈنى يەڭگىدىم. ئاياللار تارتىدىغان ئازابلىرىنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ ئاخىرى ئانا بولدۇم. دوختۇرخانىدا ھەربىر ئانا ھاياتلىق غۇنچىسىنى يارانقانلىقى ئۈچۈن، ئەرلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مېھىر - مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، ئۆزلىرىنى ئەڭ يۈكسەك تۇيغۇ ئىچىدە سەزسە، مەن مۇڭلۇق خىياللارغا چۆكتۈم. ئۈچ كۈندىن كېيىن سىستىرا ئايال قىزىمنى يېنىمغا ئېلىپ كىرىپ سۆزلەپلا كەتتى.

— پاھ، سىلەر نېمىدېگەن بەختلىك! ئاجايىپ چىرايلىق قىزدىن بىرنى تۇغۇۋالدىڭىز، قىزىڭىز خۇددى قونچاققىلا ئوخشايدىكەن، دادىسى كۆرسە قانچە خۇشال بولۇپ كېتەر — ھە؟! مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئۈندىمەستىن قىزىمنى قولۇمغا ئېلىپ يىغلىۋەتتىم.

ئاپا، سىز قىزىمنى قولىڭىزغا ئېلىپ:

— قىز بالىنىڭ چىرايىنى بەرگەن بىلەن بەختىنى بەرمىسە بىكار! بەختىنى خۇدادىن تىلە! — دېدىڭىز.

ئاپا، بەلكىم سىز مېنىڭ تەقدىرىمنى ئويلاپ شۇنداق دەۋاتقانسىز. ئادەم دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئوبدان ياشاشنىڭ يولىنى بىلىپ قالىدىكەن. قىزلار كۆپ ھاللاردا تۇرمۇش بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقاندا، بەختىنى قانداقتۇر بىرەر يىگىتتىن كۈتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مۇھەببەت قاينىمىغا بېشىچىلا كىرىپ كېتىپ، ئاخىر ھالاك بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بەختسىز بولۇپ قالىدىكەن.

مەن قىزىمنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ، زاكىر بىلەن بىرگە

بولغان كۆنلەردىكى ئايدىڭ كېچىلەرنى، كەلگۈسى توغرىسىدىكى شېرىن سۆھبەتلەرنى ئەسلىدىم. بۇلار مەن ئۈچۈن ئازابلىق بولسىمۇ، لېكىن مەن ئۇنى ئۇنتۇيالمىدىم.

قىزىم زۇلالئاي تازا ئەت ئېلىپ ئالتە ئايلىق بولغاندا بىر نەرسىلەرنى گۇڭگۇلدايدىغان، ئەركىلەپ، ۋىلىقلاپ كۈلىدىغان بولدى. ئۇنىڭ تىلى چىقىپ، تۇنجى قېتىم «دادا» دېگەندە سىز ئۇنىڭ غۇنچىدەك ئوماق ئاغزىغا قولىڭىزنى تەگلەپ تۇرۇپ:

— دادىڭ يوق! داداڭنىڭ قايسىبىر قىلغانلىرىغا دادا دەپ تىلىڭ چىقتى! — دەپ كايىدىڭىز. مېنىڭ قىزىمغا قاراپ بەكمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئىچىمدە، بىچارە قىزىم، چوڭ ئاپاڭ توغرا دەۋاتىدۇ، سېنىڭ دادىڭ سەن تۇغۇلغان كۈنى ئۆلگەن، دېدىم. دوختۇرنىڭ ماڭا تىكىلىپ قارىشىدىن كېسىلىمنىڭ ئېغىرلىقىنى تۇيغانىدىم. مانا بۈگۈن تەكشۈرۈش نەتىجىسىمۇ چىقتى. دوختۇر ماڭا كېسىلىمنى ئۇرۇمچىگە بېرىپ قايتا تەكشۈرتۈپ بېقىشنى ئېيتتى. مەن تەكشۈرۈش قەغىزىنى پۇرلاپ تاشلىۋېتىپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدىم — دە، قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ تازا يىغلىدىم. ھايات نېمىدېگەن شېرىن — ھە؟ مەن زۇلالئاينى خۇددى بىرى قولۇمدىن تارتىۋالىدىغاندەك چىڭ قۇچاقلىدىم، ئاھ، تەتۈر پېشانە قىزىم، دادا مېھرى كۆرمىدى دەپ يىغلىسام، ئەمدى ئانا مېھرىگىمۇ قانمايدىغان بولدۇڭمۇ. . .

تېنىم كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشماقتا، زۇلالئاينىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، مېنىڭ كۈنلىرىم ئازىيىۋاتىدۇ. قىزىم بۈگۈن بىر ياشقا كىردى. بىز زۇلالئاينى ئېلىپ باغچىغا كىردۇق. ئىككىمىز زۇلالئاي بىلەن ئايرىم - ئايرىم رەسىمگە چۈشتۇق. بەلكىم بۇ قىزىمغا يادىكار سۈرەت بولۇپ قالار. . . كېلەر يىلى قىزىم ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇنى باغچىغا ئۆزىڭىز ئەكىرەرسىز،

ئەمدى بالا سىزگىلا قالدى. ئۇنىڭ پىلتىڭلاپ يۈگۈرۈشلىرىنى كۆرمەي، تاتلىق سۆزلىرىنى ئاڭلىماي كېتىدىغان ئوخشايمەن. مەندەك بىر ياش ئانا ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمىسا كېرەك.

تۈنۈگۈن كېچىلىك ئىسمىنىدا ئىشلەۋېتىپ ئايلىنىپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام، دوختۇرخانىدا ياتىمەن، ئەڭ ئاۋۋال يەنىلا سىزنىڭ ياش تولغان كۆزلىرىڭىزنى كۆردۇم. سىز ئۆيدىن زۇلالىنى ئەكەلگىلى كەتكىنىڭىزدە، مەن دوختۇرنى يېنىمغا چاقىرتتىم. ئۇ كېسىلىمنى مەندىن يوشۇردى. مەن نېمە كېسەل ئىكەنلىكىمنى بىلمىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. دوختۇر كۆزەينەك ئاستىدىن ماڭا تىكىلىپ قارىدى. بەلكىم ئۇنىڭ ئۇزۇنغا قالماي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمغا ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتقاندۇ؟! مەن ئۆزۈمنىڭ نەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرۈم قالغانلىقىنى بىلەتتىم.

قەدىرلىك ئاپا، شۇ تاپتا يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى خاتىرىگە پۈتۈشكە قەلىمىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەزرائىل بوسۇغامغىلا كېلىپ قالغان بولسا كېرەك. سىز بىلەن ۋىدالىشىش ئالدىدا پەقەت ئاپا مېنى كەچۈرۈڭ! دېگەن سۆزنىلا ئېيتالايدىغان ئوخشايمەن.

ئاپا، خاتىرەمنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە يەنىلا ۋاپاسىز زاكىرنى تىلغا ئالغانلىقىم ئۈچۈن مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماسسىز... يۈرۈكۈمدىكى سۆزنى قىلسام، ئۇنى يەنىلا ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇ مېنىڭ تۇنجى ۋە ئاخىرقى سۆيگەن ئادىمىم... ئادەمنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىدىن كۆڭلى بەك رەنجىمەيدىغان ئوخشايدۇ... ئۇنىڭغا ھېسداشلىقىم كېلىدۇ، ئۇ ئاخىرى ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. زاكىر ئۇچقۇنئايغا دەردىنى تۆكۈپ، مەندىن ئەپۇ سورىماقچى بولغانلىقىنى

ئېيتىپتىكەن، مەن رەت قىلدىم. ئاپا، بەلكىم، كامىلە، دىلنىڭ بەكمۇ يۇمشاق ئىدى، ئاخىرقى كۈنلەردە نېمانچە قاتتىقلىق قىلغانسەن؟ دەپ قالارسىز. . . ئەگەر ئۇ تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇپ، مېنىڭدىن ئەپۇ سورىغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا مەن ئۇنى كەچۈرگەن بولاتتىم. ھەر ھالدا مېنى ئۇنتۇماپتۇ، گۇناھىنى تونۇپتۇ، دەپ بىلەتتىم. ھازىرچۇ؟ ئۇ بەختسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن تۇرسا، مەن ئۇنى كەچۈرسەم قانداق بولىدۇ؟ بۇ ئىش مېنىڭ غۇرۇرۇمغا تەگدى. مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم؟ ئاپا، بۇلارنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ، سىز بىلىسىز، ئاشۇ دەردلەر مېنىڭ ياش يۈرىكىمنى زېدە قىلىۋەتتى. . .

ئاپا، ئاخىرىدا سىزدىن ئۆتۈنىدىغىنىم سىز مەن ئۈچۈن دەرد ـ ئەلەملەرنى كۆپ چەكتىڭىز. ئەمدى بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ! كۆز يېشى قىلماڭ! سىزگە دەيدىغان يەنە نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى، لېكىن قەلەم قولۇمدا تۇرمايۋاتىدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ!»

مەن خاتىرىنى ياپتىم ـ دە، يىغىدىن ئۆزۈمنى توختىتالمايلا قالدىم. كامىلەنىڭ ئاپىسى زۇلالئايىنى كۆتۈرگىنىچە كارىدورغا ئەنسىز كىرىپ كەلدى. . . بىز ياتاققا كىردۇق. كامىلەنىڭ نەپسى بەكلا تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ ئاپىسىغا، قىزىغا، ماڭا ۋە تام ـ تورۇسلارغا بىر قۇر قارىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى ئاخىرى ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىكى زۇلالئايغا كېلىپ توختىدى. ئۇ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىر نەرسە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئاۋازى چىقمىدى. . . ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن زۇلالئاينى يېنىغا چاقىرۋاتقانلىقىنى بىلدۇق. ئۇ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ئوماق



قىزنىڭ يۈزلىرىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن سىلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ

ئاپىسى ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى. كامىلەنىڭ كۆزلىرىدە ياش بولسىمۇ، زورىغا كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. توساتتىن ياتاقتا ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەڭزىنىڭ سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغان زاكىر كىرىپ كەلدى — دە، كامىلەنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ، يەرگىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، كامىلەنىڭ مۇزلاشقا باشلىغان قوللىرىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ، ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ھېچكىمنى تەسىرلەندۇرەلمىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى كامىلەدە ئىدى. كامىلە قولىنى زاكىرنىڭ ئالقىنىدىن تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. ئۇ كۆزلىرىدىكى ئاخىرقى ياشنى زاكىر ئۈچۈن تۆكتى. بىر قولىنى زۇلالئايغا ئۇزىتىۋېتىپ خۇددى بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك بىرلا سىلكىندى — دە، قولى پەسكە چۈشۈپ كەتتى. كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، تال ـ تال كىرپىكلىرى گىرەلەشتى.

— كامىلە، قىزىم! — ئانا ئۆزىنى قىزىنىڭ ئۈستىگە ئاتتى. سىپتىرالار ئانىنى يۆلىۋالدى، — ئېچىلماي توزىغان گۈلۈم، يېتىملىكنى قىزىڭغا تاشلاپ كەتتىڭغۇ قىزىم... ھەسرىتىم قىزىم! نادامىتىم قىزىم... ئانىسىنىڭ بۇ ھەسرەتلىك يىغىسى ھەممەيلەننىڭ باغرىنى ئېزىپ، كۆزلىرىنى ياشلىدى.


مەن زۇلالئاينى كۆتۈرۈپ ياتاق بىناسىدىن ئالدىراپ چۈشۈۋاتسام، زاكىر خۇددى مەست ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كېلىپ ماڭا يېتىشتى ۋە قولىنى زۇلالئايغا ئۇزاتتى:

— ماڭا قارا قىزىم، مەن سېنىڭ داداڭ، — ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەچكىمۇ، زۇلالئاي ئۇنىڭغا بىر پەس سەپسېلىپ قارىدى — دە، ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئۇمچەيگىنىچە يىغلاپ ماڭا يېپىشىۋالدى. زاكىرنىڭ زۇلالئايغا ئۇزاتقان قوللىرى بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى.

— راست، قىزىم مېنىڭ ۋاپاسىزلىقىمنى ئاپاڭ ئاخىرقى تىنىقىدا كەچۈرگەن بىلەن سەن كەچۈرمەيسەن. ھەممىگلار

كەچۈرمەيسىلەر. . . ، — دەپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى زاكىر.

مەن زۇلالئاينى باغرىمغا چىڭ بېسىپ نەپرەت ھەم ئېچىنىش بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم.



# دوسكا ئالدىدا ئۆتكەن 30 يىل

مېنىڭ بۇ يېزىۋاتقىنىم مەيدىسىگە قىزىل گۈل تاقاپ، گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى ئىچىدە سەھنىگە چىقىپ تەقدىرلەنگەن ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى ياكى كىشىلەر ئارىسىدا غۇلغۇلا قوزغىغان ئاتاقلىق شەخس ھەققىدە ئەمەس بەلكى جەمئىيىتىمىزدە يۈكنىڭ ئەڭ ئېغىرىنى ئۈن - تىنسىز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان، ھارۋا سۆرەشنىلا بىلىپ ھارۋىدا ئولتۇرۇشنى بىلمەيدىغان، مايتاغ نېفىتلىكى ئۈچۈن 30 يىل دوسكا ئالدىدا تۇرۇپ، بور توزانلىرى ئىچىدە ئەۋلاد تەربىيىلەپ، كىشىلەر قەلبىنىڭ ھۆرمەت تۆرىدىن ئورۇن ئالغان پېشقەدەم ئۇستاز — مايتاغ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئاغادىل بازارېك ھەققىدە قىسقىچە باياندۇر.

نۇرغۇنلىغان يۈرەكلەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان سەممىمىي مىننەتدارلىق ۋە ماختاشلار مەندە ئاجايىپ چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلىپ، ئۇستازىمغا بولغان تەشەككۇرۇم بىلەن قوشۇلۇپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ مايتاغلىقلار نامىدىن ئاشۇ ئۇستازغا ئاتاپ مەدھىيەنامە يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى.

1961 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ماتېماتىكا كەسپىنى پۈتتۈرۈپ مايتاغقا تەقسىم قىلىنغان ئاغادىل مۇئەللىم ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئۆز كەسپىگە چەكسىز ئىشتىياق باغلىغان 23 ياشلاردىكى تەمبەل يىگىت ئىدى. ئۇ چاغلاردا مايتاغ 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە پەقەت تۆتلا ئۇيغۇر سىنىپى بار بولۇپ، (سالاھىدىن) مۇئەللىم، (ئابدۇرېھىم) مۇئەللىم، باي

موللا مۇئەللىم زەيتۇنە مۇئەللىمە، مافۇجۇڭ مۇئەللىم، زادان مۇئەللىم، مەريەم مۇئەللىمە قاتارلىق ئۇنغا يېقىن ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

ئەينى يىللاردا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تاماق ـ ياتاق ۋە ئوقۇتۇش شارائىتى قاتارلىق جەھەتلەردە قىيىنچىلىقى زور بولۇپ، كۈندۈزى ئىشخانا قىلىنغان ئۆيلەر كېچىسى ياتاق قىلىناتتى. بۇ ئۆيلەردە بىر ياقتىن ئوت قالانسىمۇ يەنە بىر ياقتىن تاملىرى قىرو باغلاپ كېتەتتى. سىنىپلاردا ئاچچىق ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە يۆتۈلۈپ قېقىلىپ يۈرۈپ دەرس ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئاغادىل مۇئەللىم باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇرغۇپ تۇرغان قەيسەر ئىرادىسى بىلەن بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە بەل باغلاپ، قولىغا بور ئېلىپ دوسكا ئالدىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن بۇيان، يىللار ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر، جاپا ـ مۇشەققەتلەر، ئاغادىل مۇئەللىمنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمىدى. خىزمىتىنىڭ جىددىيلىكى، مەكتەپنىڭ تەرەققىياتى ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىرادىسى چېنىقتى، تاۋلاندى.

ئادىل مۇئەللىم 30 يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا ئوقۇغۇچىلارغا ئاتىنىڭ بالىغا بولغان مېھرىنى، ئۇستازنىڭ شاگىرتقا بولغان ئىللىقلىقىنى يەتكۈزدى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئىگىلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ياش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پىشىپ يېتىلىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. پېداگوگىكا ياكى كەسپىي ئىقتىدارى جەھەتتە بولسۇن خىزمەتداشلىرى ۋە شاگىرتلىرىغا ئۆزى بىلگەننى قالدۇرماي ئۆگەتتى. 30 يىللىق بۇ مائارىپچىنىڭ ھازىرقى خىزمەتداشلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى شاگىرتلىرى بولۇپ، كىچىك پېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئۈلگە كۆرسەتتى.

ئاغادىل مۇئەللىم ماتېماتىكا ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، خىزمەتنى بىرەر كۈن، بىرەر سائەتمۇ ئاقسىتىپ قويمىدى. بەزى ئوقۇتقۇچىلار مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن دەرسكە كېلەلمىگەن چاغلاردا دەرسلەرنى ئۆزى تولۇقلاپ ئۆتۈپ ماڭدى. سائەت ـ سائەتلەپ ئارقا ـ ئارقىدىن دەرس ئۆتكەن كۈنلەردە بىرەر قېتىممۇ زارلانمىدى ياكى داۋراڭ سالمىدى. يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىقى ياخشى، ئۇ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتمايدۇ.

1988 ـ يىلى ئۇنۋان باھالاشتا سان يېتىشمىگەچكە ئاغادىل مۇئەللىم ئۇنۋانغا ئېرىشەلمىدى. ئەسلى بۇ قېتىمقى باھالاشتا ئۇنىڭ شەرتى تامامەن توشاتتى. چۈنكى 60 ـ يىللاردىكى مەخسۇس كەسىپ ئوقۇغان بىردىنبىر ئالىي مەلۇماتلىق ئوقۇتقۇچى ئاغادىل مۇئەللىم ئىدى. ئەپسۇس، سان چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئاغادىل مۇئەللىم ئېرىشەلمەي قالدى. ئەتراپتىكى خىزمەتداشلىرى غۇلغۇلا قىلىشتى، لېكىن ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، مېنىڭ مەقسىتىم ئەۋلاد تەربىيىلەش، ئۇنۋان ئالسام ـ ئالمىسام مەن ئۈچۈن ئوخشاش دېدى. ئۇ 30 يىل داۋامىدا ئەنە شۇنداق روھ بىلەن تەشكىل تاپشۇرغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى جان ـ دىلى بىلەن ئورۇنلاپ كەلدى. ئوقۇتقۇچىلىق — جاپالىق ھەم شەرەپلىك خىزمەت، بۇ خىزمەت قىلچە جاپالىق بولغانسېرى شۇ كەسىپنىڭ ئەھۋاللىرى جان ـ دىل بىلەن بېرىلىپ ئىشلەشنى ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ قاراپ، جاپالىق ئەجرى ئارقىلىق ئېرىشكەن شېرىن مېۋىلەردىن لەززەت ئېلىپ پەخىرلىنىدۇ.

شىنجاڭ نېفىتلىكى ھەتتا باشقا ساھەلەردىمۇ ئاغادىل مۇئەللىمنىڭ شاگىرتلىرى جەمئىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ تۆھپىلەر قوشۇۋاتىدۇ، بەزىلىرى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇۋاتىدۇ، يەنە بەزىلىرى ئۆزى بىلەن بىر ئورۇندا ئەۋلاد تەربىيىلەۋاتىدۇ ياكى ئاق خالاتلىق دوختۇر بولۇپ، كىشىلەرنى كېسەل ئازابىدىن

قۇتقۇزۇۋاتىدۇ؛ گۈزەل سەھنىلەردە ياڭراق سادالار ئىچىدە كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ ناخشا توۋلاۋاتىدۇ؛ نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىمىزدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ ئىشلەپ ئىنسانىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتىۋاتىدۇ. . .

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆكسىگە تاقالغان شەرەپ گۈللىرى ئەمەسمۇ؟!

يېشى 50 تىن ئاشقان بۇ پېشقەدەم ئۇستاز يەنىلا دوسكا ئالدىدا بور توزانلىرى ئىچىدە نېفىتلىكىمىزنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئۆزلۈكسىز تەر تۆكۈپ ئىشلىمەكتە.



# چۈش لەززىتى

ئىنسانغا رېئاللىقتا مۇمكىن بولمىغان ئارزۇ - ئارمانلار، تۇرمۇشتا ئېرىشەلمىگەن بەزى لەززەتلەر پەقەت چۈشلىرىدىلا نېسىپ بولىدىكەن. شۇڭا كىشىلەرنىڭ چۈشمۇ تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى دېگىنىگە سەھەردە كۆرگەن چۈشۈمدىن ئويغىنىپلا ئىشەندىم.

ئاخىرى يوق چۈش كۆرگۈم كېلۇر،
چۈشۈمدىكى سېنى ئويلىسام.

بىر چاغلاردا بىرسى ماڭا يازغان خېتىدە شۇنداق بىر شېرىن چۈشىدە مېنى كۆرۈۋېتىپ ئويغىنىپ كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلانغان ھالدا يۇقىرىقى مىسرانى يادلاپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى يېزىپتىكەن، ئۇ چۈشنى ئۆزۈم كۆرمىگەچكىمۇ ئۇنىڭ لەززىتىنى سۇرىمىگەنىدىم.

دۇنيا، ھايات، بەخت ئادەمنى دەسلەپتە ئۆگەيلىگەندەك تەتۈر قاراپ كېيىن ئاستا - ئاستا قويىنىغا ئالغىنىدەك، بۈگۈنكى چۈشۈممۇ دەسلەپىدە كۆڭۈلسىز باشلاندى.

كۆكتە، بېشىمدا ساڭگىلاپ تۇرغان سۇرلۇك قارا بۇلۇتلار، پۈتكۈل كائىناتنى تىترەتكۈدەك دەھشەتلىك گۈلدۈرماما، يەر - زېمىنغا ئوت قويۇۋەتكۈدەك شىددەتلىك چاقماق، چېلەكلەپ تۆكۈلۈۋاتقان قار - يامغۇر. . . يالاڭ ئاياغ ھالدا پاتقاق كېچىپ پاناھلانغۇدەك دالدا ئىزدەپ يۈرگۈدەكمەن.

بىر چەتتە تەبىئەتنىڭ بۇ سۇر، دەھشەتلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا بىر توپ كىشى ماڭا قاراپ، مېنىڭ ئاشۇ بىچارە ھالىتىمنى تاماشا قىلىپ تۇرۇشقىدەك، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تونۇش، بەزىلىرى

يېقىن تونۇش، يەنە بەزىلىرىنى ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىممۇ كۆرمىگەن چىرايلار. بۇ كىشىلەر كۆزلىرىدە دۇشمەننىڭ كۆزىدىلا بولىدىغان شەپقەتسىزلىك بىلەن ماڭا ھومىيىپ قاراپ ئېغىزلىرىنى يۇرۇشتۇرۇپ مېنى شەرەتلىشىپ بىر - بىرىگە كۇسۇرلىشىۋاتقۇدەك... توۋا ئۇلار نېمىشقا ماڭا قولىنى ئۇزىتىپ مېنى بۇ جۇدۇندىن قۇتقۇزۇۋالماي ماڭا قاراپ تۇرىدىغاندۇ؟...

قار - يامغۇردا يېپىنچىسىزلىقتىن بەدىنىم مۇزلاپ، يىگانىلىقىمدىن ھەسرەتلىنىپ يۈرىكىم ئېچىشىپ، غېرىبلىق ۋە مىسكىنلىك بىلەن بىرەر مەدەتكار ئىزدەپ ئەتراپىمغا ئاجىزانە تەلمۈرۈپ تۇرغىنىمدا، ئۇ ھەقىقىي يىگىتلەرگە خاس غەيۇرانە سىياق بىلەن كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقۇدەك، بىر قولىدا بىر جۈپ ئاق توپلى، يەنە بىر قولىدا خۇددى باغرىدەك كەڭ ئېچىلغان زەڭگەر كۇنلۇك... مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن چەكسىز شادلىق بىلەن يامغۇرغا يامغۇر قوشۇپ يىغلاۋاتقۇدەكمەن.

ئۇ ئوتتەك ئالقانلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، چاچلىرىمنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— يىغلىما، سېغىنىش، ھىجران سېنى يىغلاتقىدەك قىلىپ قويدىمۇ، ئەسلى بىر كۈلگۈنچەك قىز ئىدىڭغۇ؟ — دېگۇدەك.

— ئۇ ئازابلار مېنى يىغلاتقۇلا ئەمەس، يەنە قەلبىمنى گال، زېھنىنى ئاجىز، ئىرادىسى بوش، ماڭغان ھەربىر قەدىمىدە مەغلۇپ بولىدىغان بىر مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى... بىراق مەن يىقىلسامىمۇ قايتا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھاياتلىقنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەس قاقاس، ئۇزۇن مۇساپىسىدە زېرىكىشلىك كەيپىياتتا كېتىۋاتىمەن، بىلەمسىز؟ مەن بۇ يولدا ناھايىتى نۇرغۇن ئادەملەر ئارىسىدا يالغۇز، يېگانە ھالدا كېتىۋاتىمەن، بۇ يوللار بەك ئۇزۇن بەك زېرىكىشلىك... دەۋاتقۇدەكمەن يىغلاپ.


— كۆز ياشلىرىڭنى تۆكمە، مەن سېنىڭ بولىبۇلنى

ئەسلىتىدىغان ياڭراق كۈلكەڭنى سېغىنىپ كەلدىم. قولۇڭنى ماڭا بېرىپ ئاۋازىڭنى قويۇپ بېرىپ قاقاقلاپ كۈلگىن، ھاياتىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسى بىز ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك سەپەر، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ، — دېگۈدەك ئۇ قولىنى ماڭا ئۇزىتىپ.

مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزىتىشىم بىلەن، ئۇ چەبدەسلىك بىلەن قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋالغۇدەك. . . ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان دىلكەش قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلار دەل شۇ چاغدا «مۇبارەك بولسۇن» دېگىنىچە تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ بىزنى ئورىۋالدى. مەن دوستلىرىم بىلەن يىغلاپ ھەم كۈلۈپ كۆرۈشۈۋاتاتتىم.

قۇلىقىم تۈۋىدە جىرىڭلىغان قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن چۆچۈپ ئويغاندىم. قانچىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقىدۇ؟ مەن ئۆزۈمنى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى چاغلىرىمدەك ھېس قىلىپ قاپتىمەن — دە؟ ياق ئۆيۈم ئىكەن، ئەتىگەن سائەت بەشكە توغرىلاپ قويغان سائەت. . . چۈش. . . چۈش كۆرۈپتىمەن — دە، شۇنداق گىجىرماچ خىياللار بىلەن كۆزۈمنى پەقەت ئاچقۇم يوق ياتاتتىم.

— ئاپا، تاڭ ئېتىپتۇ، قوپايلى! — قىزىمنىڭ يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن چىققان ئاۋازى، مېنى خىياللار ئىلكىدىن ئويغاتتى.



# تۇنجى ۋە ئاخىرقى دىدارلىشىش

ئالىقانلاردا ئۈچلانغان تاۋۇت،
كۆكتە لەرزان ئۇزىدۇ مەغرۇر.
مۇسىبەتتىن ئېغىر تىنىدۇ،
ئالىمدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر.
. . . . . . . . . . . . . .

كوچىدا شۇنچىلىك ئالدىراش كېتىۋاتقىنىمغا قارىماي بىر ئاشپۇزۇلدىكى ئۇنئالغۇدىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئاجايىپ بىر سىغىنىش ۋە چىدىغۇسىز جۇدالىق مۇڭى چۇلغىدى — دە، ئىزىمدا ئىختىيارسىز تۇرۇپ قالدىم.

توۋا، بىز ئىنسانلار ئاجايىپ بولىدىكەنمىز، بەزىدە يىغا — زارە ئىچىدە كۈلگۈمىز كەلسە، بەزىدە ناخشا ئاڭلاۋېتىپ يىغا تۇتىدىكەن.

مانا، مەن كېتىۋاتقان كوچا كۆز ئالدىمدىلا مىڭلىغان ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئېغىر چايقىلىۋاتقان ئاشۇ دېڭىز ئۈستىدە يېشىل يەلكەنلىك بىر كېمە ھەيۋەت بىلەن ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى. . .

ياق، ئاشۇ ئادەم دېڭىزى ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقىنى يېشىل يەلكەنلىك ئاددىي كېمە بولماستىن، زامانىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، پاساھەتلىك شائىر، ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى ئۆتكۈر ئەپەندىنى ئۆز خەلقىنىڭ قوينىدىن مەڭگۈلۈككە ئېلىپ كېتىۋاتقان يېشىل تاۋۇت ئىدى. مەن شۇ دەمدە بىر ئاجىز مەزلۇم كىشى بولماستىن شۇنداق بىر ئۇلۇغ ئىنساننى ئېلىپ كېتىۋاتقان ئېغىر

تاۋۇتنى مۇرىسىگە ئېلىپ باغرى قانغا، كۆزى ياشقا تولغان ھالدا كېتىۋاتقان ماتەملىك يىگىت ئىدىم. شۇ دەمدە مەنلا ئەمەس پۈتۈن ئۇرۇمچى، پۈتۈن ئۇيغۇر ئېلى يىغلاۋاتاتتى: ئەنە ھەيۋەتلىك بوغدا تېغىنىڭ بېشىدا ئاق لېچەك؛ ئەنە، تارىم تولغىنىپ ـ تولغىنىپ مۇڭ ئىچىدە ئاقماقتا؛ تەڭرى تېغى قەدىردان ئوغلىدىن ئايرىلغان بوۋايدەك ياشلىرىنى ئاپئاق ساقىلىدىن ئاقتۇرۇپ، سىلكىنىپ ـ سىلكىنىپ يىغلىماقتا؛ تەكلىماكان باغرىنى قۇچاقلاپ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا بەند بولغان كىروران ئانا بۇ شۇم خەۋەردىن تويۇقسىز ئويغىنىپ ناله ـ زارىدىن بوران چىقىرىپ، ئۆز بېشىغا قۇم چاچماقتا...

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، قەلبىم تەسەۋۋۇر بىلەن كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈۋاتقان بۇ تەنتەنىلىك ماتەم مۇراسىمىغا مەن قاتنىشالمىغان ۋە ئۇ مەنزىرىنى كۆرەلمىگەنىدىم، مېنى ئۆمۈرلۈك ئارماندا قويغىنى شۇكى، بىر ۋەتەندە، بىر شەھەردە نەچچە يىل بىرگە ياشاپمۇ بۇ ئۇلۇغ زات بىلەن پەقەت بىرلا قېتىم دىدارلاشقانىدىم. ئۇ ئەبەدىي ئېسىمدىن چىقمايدىغان بۇ خەيرلىك پۈرسەت 1990 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر كۈنى ئىدى.

ئۇ كۈنى ھاۋا سوغۇق بولۇشىغا قارىماي تىنىق ئاسماندىكى قۇياش بېشىمىز ئۈستىدە چىرايلىق كۈلۈپ تۇراتتى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئەتراپىدىكى يېشىل قارىغايلار ئاپئاق قار بىلەن بېزىلىپ، ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ تۇرغان يېشىل چىملىقلار تەبىئەتنىڭ ماھۇق تۆشەكلىرىگە چۈمكەلگەنىدى. ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ 86 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپتىكى ئون نەچچە ساۋاقداش ئوقۇش ھاياتىمىزدىكى ئاخىرقى دېكابىردا قار مەنزىرىسىنى بېزەك قىلىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋاتاتتۇق.

— قاراڭلار ئۆتكۈر ئەپەندى كېلىۋاتىدۇ، ئۆتكۈر ئەپەندى!

تويۇقسىز چىققان بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئەتراپىمغا قارىدىم.

— ئەنە، ئاشۇ كىشى شۇ.

مەن ساۋاقداشىم كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدىم — دە، كۆزلىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. مەن ئۆتكۈر ئەپەندىنى، ياش - قۇرامىنى ئۇنىڭ تەرجىمىھاللىرىدىن بىلەتتىم ۋە تارتقان ھايات دىشۋارچىلىقلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا مېنىڭ كۆرگىنىم ئۆزىنىڭ ئۆمۈر مۇساپىسى ۋە تارتقان جەبىر - جاپاسىغا ئۇيغۇن كەلگۈدەك بىر مۈكچەيگەن بوۋاي بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما مېنىڭ يىگىرمە نەچچە قەدەم يىراقتىن كۆرگىنىم ئۇنداق تەن، ئۇنداق ۋۇجۇد بولماستىن، يارىشىملىق قۇلاقچا ۋە پەلتۇ كىيگەن، بىر قاراشتىلا ئىسپورتچىلارمۇ ھەۋەس قىلغۇدەك قامەتكە ئىگە بىر كىشى بولۇپ، قارىغايلار ئارىسىدىكى قارلىق تازىلانغان يولدا ئاشۇ قارىغايلار بىلەن قامەت ۋە بوي تالاشقاندەك شۇنچىلىك يەڭگىل ۋە مەزمۇت قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۆتكۈر ئەپەندىگە ھەممىمىز شۇنداق ھاياجان بىلەن قاراپ قالغان ئوخشايمىز. ئۇ كىشىمۇ كېتىۋېتىپ بىزنىڭ بۇ ھالىتىمىزنى كۆرۈپلا يولدىن بۇرۇلۇپ تېخىمۇ تېز قەدەملەر بىلەن ئالدىمىزغا كەلدى، چىرايى نۇرانە، كۆزلىرىدىن ئەقىل ۋە ئىلھام تۆكۈلۈپ تۇرغان بۇ كىشىگە قاراپلا يۈرەك رىتىمىم تېزلىشىپ، تېنىم قىزىپ كەتتى.

— مېنى تونۇيدىكەنسىلەر - ھە، بالىلىرىم، — دېدى ئۆتكۈر ئەپەندى سالام - سەھەتتىن كېيىن.

— تونۇيمىز، تونۇيمىز، ئۆزلىرىنى كىم تونۇمايدۇ — ھازىر، — دېيىشتۇق ھاياجاندىن ئاۋازىمىز تىترىگەن ھالدا.

— پەمىمچە سىلەر ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى.

ئۆتكۈر ئەپەندى بىز بىلەن قايتا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ چىققاندىن كېيىن:

— بالىلىرىم، ياخشى ئوقۇڭلار، — دېدى بىزگە ئۈمىد، ئىشەنچ ۋە مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرى بىلەن بىرمۇ بىر

تىكىلىپ تۇرۇپ، — بىلىمسىزلىك ھەممە مەھكۇملۇق، قۇللۇق ۋە زەبۇنلۇقنىڭ ئاساسى، سىلەر بىزنىڭ كەلگۈسىمىز، كېيىنكى مەزمۇت تېغىمىز، سىلەرگە ئاللادىن گۈزەل ئەخلاق، ياخشى خۇلق، پولاتتەك ۋە ئۆكسىمەس تىرىشچانلىق تىلەيمەن، — دېدى - دە، دۇئاغا قول كۆتۈردى. ۋۇجۇدىمىز زىلزىلىگە كەلگەن ھالدا بىزمۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتۇق.

— خەير بالىلىرىم، — دېدى ئۆتكۈر ئەپەندى مېڭىش ئالدىدا ئىختىيارسىز ئاۋازى قېيىپ، چىرايى ئۆزگەرگەن ھالدا، — مۇشۇنداق قۇتلۇق كۈندە بىزنى دىدارلاشتۇرغان ئاللاغا رەھمەت! ۋەتەن، خەلق، مۇشۇ تۇتىيادەك ئەزىز تۇپراق سىلەرگە قالىدۇ، خەير، خۇداغا ئامانەت!

— ئۆتكۈر ئاكا، — دېدى ئارىمىزدىكى دادىلراق ئوغۇل ساۋاقداشىمىزدىن بىرسى ئىچ - ئىچىمىدىن سۆيۈندۈرۈپ، — ئۆزلىرىگە بىر ئىلتىماسىمىز بار ئىدى.


— خوش، قانداق ئىلتىماسكىن، بالام؟

— رەسىمگە چۈشۈۋاتاتتۇق، كۆڭۈللىرىگە ماقۇل كەلسە ئۆزلىرى بىلەن بىر پارچە خاتىرە سۈرەتكە چۈشۈۋالساق.

— جېنىم بىلەن رازى بالىلىرىم، جېنىم بىلەن، — دېدى ئۆتكۈر ئەپەندى ھېلىقى ساۋاقداشىمىزنىڭ مۈرىسىگە پەپىلەپ تۇرۇپ.

يانمۇيان تۇرۇپ رەسىمگە چۈشتۇق. ئاپپاراتنىڭ «تىرىس» قىلغان ئاۋازى خۇددى يۈرىكىمدىن چىققاندەك ۋە بۇ كۆرۈنۈش قەلبىمدە ئەبەدىي ئۆچمەس نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. رەسىمگە چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈر ئەپەندى ھەر نەچچە قەدەمدە بىزگە بىر قايرىلىپ قاراپ كېتىپ قالدى. مەن شۇ چاغدا شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشىمىزنىڭ مەن ئۈچۈن تۇنجى ۋە ئاخىرقى دىدارلىشىش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغاندەك يۈرىكىمدە ئاۋازسىز يىغلاۋاتاتتىم. بىز ئۇزۇنغىچە بۇ خىزىر سۈپەت

ئۇلۇغ زاتىنىڭ كەينىدىن قارىشىپ تۇردۇق. ئۆتكۈر ئەپەندى شۇ دەمدىكى نەزەرىمدە يەردە ئەمەس، بىر ئەزىم نۇر ئېقىمى ئىچىدە ھەممىمىزنىڭ قەلبىدىن سىيلىنغان ھۆرمەت پاياندازى ئۈستىدە كېتىپ باراتتى.



# يۇرەكتە قالغان ئارمانلار

تاڭ سەھەردە جىرىڭلىغان تېلېفون ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندىم. پۇتۇمغا ساپما كەشىمنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن ئالدىراش ھالدا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېدىم ھاسىراپ تۇرۇپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاداش، مەن نۇراي، تېخى ئورنۇڭدىن تۇرمىغانمىدىڭ؟

— ياق، بۈگۈن شەنبە بولغاندىكىن قانغۇدەك ئۇخلاي دەپ. . .

— سەھەردىلا ساڭا بىر شۇم خەۋەر يەتكۈزىدىغان بولدۇم.

— نېمە شۇم خەۋەر! ؟ — سورىدىم ئەنسىزلىك بىلەن.

— ئاخشام لالە تۈگەپ كېتىپتۇ! . . .

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ !

نۇرايىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىگە يىغا ئارىلىشىپ، ئاۋازى تىترەپ تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ يىغانلىق ئىداسى يۈرىكىمنى ئېزىۋەتتى.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ — مەن شۇنداق دەپلا تامغا يۆلەنگىنىمچە تۆۋەنگە سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدىم، تېلېفون تۇرۇپكىسى ساڭگىلاپ قالدى.

— كەۋسەر تېزراق بولغىن، مەن باشقا قىزلارغا خەۋەر قىلاي، سەن تېزدىن لالەنىڭ ئۆيىگە بارغىن، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

لالەنىڭ مەھەللىسىنى ئۇنىڭ دادىسى باراتكام بىلەن ئانىسى

لەيلىخاچامنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان پىغانلىق يىغا — زارى قاپلىغانىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن قىز ـ ئوغۇل ساۋاقداشلار بىر ـ بىرىمىز بىلەن نەملەنگەن كۆزلىرىمىز ئارقىلىق سالاملىشىپ لالەنىڭ ھويلىسىغا كىردۇق. باراتكام كۆزۈمگە بىر كۈندىلا ئون يىللىق قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بېشىغا ئاق رومال سالغان لەيلىخاچام، يۈرىكىنى ئۆرتەۋاتقان بارلىق ئازابلىرىنى ھازىسىغا قوشۇپ يىغلاۋاتاتتى. «جاھانغا پاتمىغان بالام، مۇرادىغا يەتمىگەن بالام، مەن بالام دەپ قالغىنچە، سەن ئانام دەپ قالساڭچۇ، بالام! ئاق لالەم قىزىل لالەم، ئېچىلماي توزىغان لالەم، سېنى ۋاقىتسىز توزۇتقانلار مۇرادىغا يەتكەنمىدۇ، لالەم! مېنى كۆتۈرۈشلۈك دەپ قالدىڭمۇ، لالەم؟ سەن كۆتۈرەلمىگەن دەردلەرنى مەن قانداق كۆتۈرۈپ بولاي، لالەم؟!» . يۈرەكنى ئېزىدىغان بۇ ئازابلىق غەليان ئالدىدا، ياش تۆكمىگەن كۆز قالمىدى. بىز لەيلىخاچام بىلەن كۆرۈشۈپ چىقىپ، لالەنىڭ مېيىتى قېشىغا كىردۇق. لالەنى قۇمنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇپ ئۈستىگە ئاق داكا يېپىپ قويۇپتۇ، قورساق تەرىپى كۆپۈپ كەتكەچكىمۇ قورسىقىنىڭ ئۈستىگە پىششىق كېسەكتىن بىرنى قويۇپ قويۇپتۇ. ھېلىغىچە ئانا دېيىشكە نائىل بولالمىغان يەتتە ياشلىق زىلالە بېشىغا ئاق ياغلىق ئارتمۇۋالغان ھالدا ئانىسىنىڭ مېيىتى يېنىدا يىغلامسىراپ ئولتۇرۇپتۇ. بىچارە قىز بىزنى كۆرۈپلا بىزگە ئېسىلىپ يىغلىدى: «كەۋسەر ئاچا، قاراڭ ئاچام كۆزىنى ئاچمايۋاتىدۇ. . . » ئۇنىڭ يىغىسى بىلەن تەڭ ئۇنى تۇشمۇ — تۇشتىن قۇچاقلاپ يىغلاشتۇق. مەن ئەڭ ئاۋۋال لالەنىڭ باش تەرىپىدىكى داكىنى ئاچتىم. ئاھ! چىرايلىق لالەم، ئەسلىدىنلا قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئۇزۇن ئەگمە قاپقارا قاشلار تېخىمۇ قارىداپ، تېخىمۇ ئۇزىراپ كەتكەندەك كۆرۈندى. تال ـ تال كىرپىكلىرى بوشلا كىرەلەشكەن بولۇپ، كۆزلىرى ھاياتقا قىيالمايۋاتقاندەك يېرىم ئوچۇق ئىدى. ئېقىپ چۈشكەندەكلا كۆرۈنىدىغان قىرلىق بۇرنى ئاستىدىكى سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش

ئۇچۇنلا يارالغان نېپىز لەۋلىرى تۇيۇقسىز مىدىرلاپ نېمىلەرنىدۇ دەپ سالىدىغاندەك تۇراتتى. ئىككى تامچە ياش ئىككى مەڭزىدە خۇددى خرۇستالدەك يالتىراپ تۇراتتى. ئەسلىدىنلا ئاق سۇزۇك تېرىسى بۈگۈن تېخىمۇ سۇزۇكلىشىپ لىمۇن ئالمىدەك رەڭلىنىپ كەتكەنىدى. ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قارىمىغان بولغىيمىدىم، ئۆز گۈزەللىكىنى نامايان قىلىۋاتقان كۆز ئالدىمدىكى تەبىئەتنىڭ بۇ نادىر سۈرىتىگە قاراپ ئۆزۈمنى باسالماي يىغلاپ كەتتىم. يېنىمدىكى نۇراي قاتارلىق دوستلارنىڭ ھەممىسى ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھازا ئېچىۋەتتى. شۇ ئەسنادا بەش ـ ئالتە بۇۋى ئايال كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ بىزگە قاراپ كۆز ياش قىلىشقان ھالدا لالەنىڭ يېنىغا كەلدى. ئوتتۇرا ياشلىق بۇۋىم لالەنىڭ باش تەرىپىگە كېلىپ، ئايەت ئوقۇپ بولۇپ: «چىرايلىق قىزىم، ئېچىلماي توزىغان گۈلۈم، بۇ بىۋاپا دۇنيادىن رازى بولۇڭ. ئاللا ئۇ دۇنيالىقىڭىزنى بەرگەي. . . » دېگىنىچە يىغلاپ تۇرۇپ، لالەنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ئالقانلىرى بىلەن تۆۋەنگە قارىتىپ، سىيپاپ يۇمدۇردى. شۇ تاپتا ئەرلەر، ئاياللار، بوۋاي ـ مومايلار ھەتتا كىچىك بالىلارنىڭمۇ يىغىسىدىن مەھەللە گۈرۈلدەپ، پۈتۈن ئالەم، ئاسمان، يەر، تاغۇ دەريالار لالە ئۈچۈن ھازا ئېچىۋاتاتتى.

رەھىمسىز تەقدىر، ۋاپاسىز دۇنيا، رەزىل ئادەملەر ئۇنى ئاپئاق توي كۆينىكىگە ئورالغان سەرۋىدەك قامىتىنى، گۈلدەك ھۆسنىنى تەنتەنە قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا بەخت يىغىسىنى يىغلىتىپ، يېڭى تۇرمۇش قويىنىغا ئۇزىتىش ئورنىغا يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە خۇن قىلىپ، ئاپئاق كېپەنگە ئوراپ، تاۋۇتقا سالدى. . . شۇ تاپ تاۋۇتقا يېپىلغان ئوتقاشتەك رەڭدار ئەتلەس نالە ـ پەرياد دەستىدىن كۆزۈمگە قاندەك كۆرۈندى.

تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا، دوختۇرخانىدا لالەنىڭ قېشىغا بارسام لەيلىخاچام:

— كەۋسەر، قاراڭ، بۇ ئەتلەس چىرايلىقمىكەن؟ لالەنىڭ

توغۇلغان كۈنىدە يۇمشاق كىيىپ ياتسۇن دەپ ئالدىم، ـ دەپ لالەنىڭ ياستۇقى ئاستىدىن شۇنداق چىرايلىق، رەڭدار ئەتلەسنى ئېلىپ كۆرسەتكەنىدى.

— ئەجەب رەڭلىك، چىرايلىق ئەتلەسكەنغۇ؟ لالە، ئۆيدە چىمەن دوپپا بار ئىدى، ئالغاچ كېلەي، توغۇلغان كۈنۈڭدە كىيدۈرۈپ ھەقىقىي ئۇيغۇر قىزى قىلىپ ياساپ قويايلى، — دېيىشىمگە لالە بوشقىنا كۈلۈپ:

— ئەڭ ئاخىرقى توغۇلغان كۈنۈمنى ئۆيدە ئۆتكۈزگۈم بار ئىدى، — دېدى.

كېسەلخانىنى جىمجىتلىق قاپلىۋالدى. لەيلىخاچام لالەنىڭ قاپقارا چاچلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ تەسلىكتە:

— قىزىم، ئۇنداق يوقىلاڭ گەپنى قىلمىغىنا، ئازراق كېسەلگە ئەڭ ئاخىرقى دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەن ئەمدى 30 ياشقا كىردىڭ، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسە يەنە 40 ـ 50 يىل ياشارسەن، بۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش! . . . — دېدى.

— ئاداش، ئەگەر ئۆگۈنلۈككە سەل ياخشى بولساڭ، قىزلار بىلەن كېلىپ سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ، توغۇلغان كۈنۈڭنى ئۆيۈڭدە ئۆتكۈزەيمىز، قانداق؟ — دېدىم گەپنى باشقا ياققا بۇراپ. لالە جاۋابەن بېشىنى بوش لىڭشىتىپ، كۆزلىرىنى يۇمغانىدى، كۆزلىرىدىن ياش سىرغىدى. لەيلىخان ئاچام سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— جېنىم لالە، — دېدىم ئۇنىڭ ئالمىدەك چىرايلىق يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، — سەن ئۇنداق ئۈمىدسىزلەنمە، ئاناڭنىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىدىغان سۆزلەرنى قىلما، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ!

— مەقسىتىڭنى بىلىۋاتىمەن، كەۋسەر. بىراق مەن كۆز يۇمسام، ئانامغا بەك تويۇقسىز بىلىنىپ، تېخىمۇ كۆتۈرەلمەي قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، ئاخىرقى كۈنلەردە بولسىمۇ كۆڭلى تويۇپ قالسۇن دەيمەن. . . ئاداش، مېنى ھازىر ئەڭ ئازاپلاۋاتقىنى كېسەل

ئەمەس، ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىم، بىلەمسەن، ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىم. . . — دېگىنىچە ئۆكسۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قاپقارا بوتا كۆزلىرىدىن، تال - تال كىرپىكلىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان مەرۋايىتتەك ياشلارنى سۈرتكەچ مەنمۇ ئۈنسىز ياش تۆكتۈم. ئۇ راست دەيتتى، ئۇنى مۇشۇ هالغا كەلتۈرۈپ قويغانمۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلەر ئىدى.

مەن هازىدارلار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئەتلەس يېپىقلىق تاۋۇتقا قاراپ

— خوش لالە! ئاخىرقى تۇغۇلغان كۈنۈڭنى نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن يىغلاپ ئۆتكۈزدۇق، — دېدىم نالە قىلىپ :

— راست، بۇگۈن لالەنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىدى - هە؟ — دېدى رەنامۇ يىغلاپ تۇرۇپ. بىز باشقىلارنىڭ توسقىنىغا قارىماي ئون نەچچە قىز دوست چىرايلىق گۈلدەستىلەرنى ئېلىپ يول بويى يىغلاپ قەبرە بېشىغا چىققاندا، جامائەت لالەنى يەرلىكىدە قويۇپ بولۇپ، خەتمە قۇرئان قىلىۋاتقانىكەن. لالەنىڭ دادىسى قولىمىزدىكى هۆپپىدە ئېچىلغان گۈللەرگە قاراپ، ئۆزىنى تۇتالماي:

— ئاه! لالەم، مېنىڭ مۇشۇ گۈلدەك قىزىمتىڭغۇ، ئەجەب ۋاقىتسىز تۈزۈپ كەتتىڭغۇ؟! سېنى تۇزۇتقان كىم، قىزىم؟ !. . . ئاه خۇدا مەن بۇنى كىمدىن كۆرسەم بولىدۇ؟. . . بىتەلەي شور پېشانە قىزىم!. . . — دەپ هۆڭگىرەپ يىغلاپ، لالەنىڭ يېڭىلا قويۇرۇلغان قەبرىسىنىڭ توپىلىرىنى تاتىلاپ پەرياد چەكتى. باراتكامنىڭ بۇ هالىغا قاراپ چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى.

— لالە، — دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ، — تۇغۇلغان كۈنۈڭگە مۇبارەك بولسۇن! ئۆزۈڭگە ئوخشاش چىرايلىق گۈللەردىن گۈلدەستە تىزىپ كەلسەك، قولىمىزدىن ئالالمىدىڭغۇ، دوستۇم! يۈرىكىڭنىڭ پارىسى زىلالىگە قانداق چىدىغانسەن لالە؟!

شۇ تاپتا ئون نەچچە دوست بىر - بىرىمىزگە تەسەللى

بەرگۇدەك ھالىمىز يوق ھالدا، ئۆزىمىزنى قەبرىگە ئېتىپ، كۆڭلىمىزدە بار گەپلىرىمىزنى دەپ يىغلاۋاتاتتۇق. چوڭلار ھاي دەپمۇ ھاي بېرەلمەي، ئاخىرى خەتمىقۇرئاننى باشلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئامالسىز يىغىمىزنى توختاتتۇق. خەتمىقۇرئان ئوقۇلۇپ، دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئەكەلگەن گۈلدەستىمىزنى لالەنىڭ قەبرىسىگە تەكشى سانجىپ، ئېشىپ قالغان بىر دەستىنى ئالدىغا قويدۇق، قەبرىنىڭ باش تەرىپىگە بىر تال ياغاچ سانجىپ، ياغاچقا لالە دوختۇرخانىدا چىگىپ ياتقان قىزىل ھېلىلە ياغلىقىنى لېنتا قىلىپ چىگىپ قويۇپ، ئېغىر سۈكۈتتە تۇرۇۋشتۇق، شۇ تاپ دوستلار لالەگە دېمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇنىسىز ئىدا قىلىۋاتقىنىدا مېنىڭ يۈرىكىممۇ ئازابلىق پىچىرلاۋاتاتتى: «جېنىم لالە، ئۆزۈڭ ئېيتقان ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنىڭ، سېنى شۇ كەچۈرمىشلەرگە سۆرەپ كىرگەن شېرىن سۆز، ئالدامچى ئەرلەرنىڭ، سېنىڭ بەختىڭگە ئولتۇرغان باغرى تاش ئانىلىرىنىڭ، پاك ۋە گۈزەل ئارمانلىرىڭنى بەربات قىلغان ئاغزى سېسىق غەيۋەتخور، ئىغۋاگەرلەرنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۇشۇپ، مۇرادى ھاسىل بولۇپ، ئېغىزلىرى يۇمۇلغاندۇ، شۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەندەك بىر ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىسىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ توزۇتقان قاتىل ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بىلسىمۇ بەزىلىرى ئىچىدە كۈلۈۋاتقاندۇ. . . بەزىلىرىنىڭ يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ قويغان ـ تۇتقانلىرىنى بىلمەي قېلىۋاتقاندۇ. . . يەنە بەزىسى قەلبىدە سۆيگەن گۈلىنى دەسسەپ ـ چەيلىگەنلىكى ئۇچۇن يۈرىكى ئەلەمدىن ئۆرتىنىۋاتقاندۇ؟ . . . بۇ رەزىل ئىنسانلار ھازىر قانداق ھېسسىياتتا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى قولى قان قاتىللار، ئۇلار قانۇنىنىڭ ئالدىدا جازالانمىغىنى بىلەن، ۋىجدان ئالدىدا چوقۇم جازاغا تارتىلىدۇ. قۇدرەتلىك ئاللامۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارغا كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەن سېنىڭ ئاشۇ ئازابلىق كەچۈرمىشلىرىڭنىڭ گۇۋاھچىسى، سىرداش دوستۇڭ، تەسەللىچىڭ

بولغىنىم بىلەن ساڭا نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلــى كۆپ ياردەم قىلالمىدىم، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. ھاياتتا ئەڭ يېقىن دوستۇڭغا ياردەم قىلاي دەپمۇ ياردەم قىلالمايدىكەنسەن، لالە. كېيىنكىنى بىلگىنىم بىلەن بۇنداق تېز كېتىشىڭنى بىلمەپتىكەنمەن، بىلسەم تۇنۇگۇن يېنىڭغا بارغاندا، نەچچە يىل يېنىڭدا ساقلىغان خەت ـ چەكلەرنى ماڭا بەرگەچ «ئاداش بۈگۈن يېنىمدا قونۇپ قاله» دېسەڭ مەن غەپلەتتە قالغاندەك «ئاداش بۈگۈن باللارنى ئۇرۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ ئەته قوناي» دەپ كېتىپ قالماسكەنمەن، سەن بۈگۈن قارا تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كېتىشىڭنى بىلگەنمىدىڭ؟ لالە، مەن سەن ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەپتىمەن. شۇ تاپتا چىدىغۇسىز ئازاب تىرناقلىرى يۈرىكىمنــى قاناتماقتا. ئەمدى سەن بىــلەن مۇڭدىشىپ ماڭغان كوچىلاردا يالغۇز مېڭىش، سەن بىلەن بىرگە كۈلگەن كۈلكىلەرنى يالغۇز كۈلۈش، يىغىلارنى يالغۇز يىغلاش مەن ئۈچۈن نەقەدەر ئېغىر، مەن نەقەدەر غېرىب. . . شۇ تاپ مەن دۇنيادا يەككە ـ يېگانە قالغاندەك بولۇپ قېلىۋاتــــمەن. لالە يەرلىكىڭدە تېنچ يات، قىــزىڭ زىلالەدىن ئەندىشە قىـــلما. . . ئىشەنگىنكى، مەن سېنىڭ ئورنۇڭدا قىزىڭنىڭ ئانىسى بولىمەن، خــەير، ئــاللا ســاڭــا بــۇ دۇنيــادا بــەرمىگەنلىرىنى ئۇ دۇنيادا بەرگەي. . . »

بىز ماشىنىغا چىقىپ زاراتگاھلىقتىن چوڭ يولغا چىققاندا، لالەنىڭ گۈلگە ئورالغان قەبرىسىگە قارىسام، لالەنىڭ قىزىل ياغلىقى خۇددى لالەنىڭ ئۆزى گۈللۈك ئىچىدە تۇرۇپ بىزگە خوش دەپ قول پۇلاڭلىتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

شۇنداق قىلىپ لالەنىڭ ئۈچ، يەتتە نەزىرلىرىمۇ يىغا ـ زارە ئىچىدە بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلاردىكى كوت ـ كوت غەيۋەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ، «ئۆلۈمدىن كېيىن ئۈچ كۈن سۆز، تويدىن كېيىن ئۈچ كۈن سۆز» دېگەندەك ئاخىرى ھەممـــــــى تۈگــــدى. غەيۋەتخورلارنىڭ ئاغزىمۇ بېسىقتى، ياق بېسىقتى دېگەندىن كۆرە

يەنە قايسىبىر شور پېشانە، بەختسىز ئۇچۇن پەتتنە ـ پاسات تارقاتقىلى كەتتى دېسەم توغرا بولغۇدەك. لالەنىڭ يەتتە نەزىرىسى تۈگىگىچە بېشىمغا ئاق ئارتىپ هازىدار بولۇش جەريانىدا، كەلگەن پەتىچىلەردىن بولسۇن، قولۇم ـ قوشنىلاردىن بولسۇن، تەگتۇش ساۋاقداشلاردىن بولسۇن لالە توغرىسىدا لىللا گەپ قىلغانلىرى ناهايىتى ئاز بولدى. مەن ئۇلارنى بىر ـ ئىككى ئېغىز هالال سۆزلىرىم بىلەن مەرهۇمنىڭ رەهىمسىز تەقدىر، رەزىل ئادەملەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەن ئاقكۆڭۈل ۋاپادار ئىنسان ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرۇپ بولالماي مەرهۇمنىڭ روهىنى قورۇندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئازاب ۋە خىيالدىن قۇتۇلالمىدىم. مەن كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئاللاهقا ئىلتىجا قىلدىم. «ئېھ قۇدرىتى ئۇلۇغ ئاللاھ، مەن بىر ئاجىز بەندەڭ تۇرۇپ سېنىڭ دەرگاهىڭغا كەتكەن يەنە بىر ئاجىزەڭنىڭ ئازاپلىق كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ۋىجدانسىز، رەزىل، ئالدامچى، غەيۋەتخور بەندىلىرىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ زەهەرلىك تىللىرى بىلەن مەرهۇمنى ئازابلاپ يەرلىكىدە ياتقۇزمايۋاتقان گەپتان مەمەدانلىرىمىزغا: ئىنساب قىلىڭلار، قولۇڭلاردىن كەلسە چالا ئېچىلىپ توزىغان ئاشۇ چىرايلىق گۈل لالەنىڭ ئۇ دۇنيالىقىنى تىلەڭلار! بىچارە ئاخىرەتتە بولسىمۇ ئارام ئالسۇن! دېمەكچى. بىراق مەنمۇ بىر ئاجىز بەندەڭ، قولۇمدىكى قەلەمنىڭ قۇربى شۇ ئارمانلىرىمغا يەتكۈزەلەمدۇ بىلمەيمەن. قۇدرەتلىك ئاللا قەلىمىمگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلغايسەن! »

لالە ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىر مەهەللىدە چوڭ بولۇپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداش هەم ئەڭ يېقىن سىرداش دوستلاردىن ئىدۇق. . . مەن ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا ئۇنىڭ نومۇرى ئازراق كەملەپ قېلىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ئىشقا كىرگەنىدى. ئۇ چاغلاردا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن بىلەن ئالىي مەكتەپ ئىمتىهانىدىن

ئۆتەلەيدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىگەنلەرمۇ بەك ۋايىم يەپ كەتمەي تېزلا ئىشقا ئورۇنلىشىپ كېتەلەيتتى. ئوقۇشقا كەتكەن ساۋاقداشلار ئوقۇشىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تەتىلىگە كەلگەندە، ئوقۇشقا بارالماي قالغان ساۋاقداشلار بىزنى ئۆيلىرىگە چاقىراتتى ـ دە، ئولتۇرۇش باشلىنىپ كېتەتتى. شۇ ئولتۇرۇشلاردىلا ساۋاقداشلار ئىچىدە، نەچچىسى لالەگە تەڭلا مۇھەببەت تەكلىپى قويدى. بىراق لالە ھەممىسىنى رەت قىلدى. قىزلار ئىچىدە بىرەر ئولتۇرۇشلاردا بىرى ئارتۇقراق تانسىغا تارتىپ، يېقىنچىلىق قىلىپ قويسا، ياكى سىرتقا چاقىرىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلسا، ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي ھاياجانلىنىپ كېتىدىغان، ئەگەر كۆڭلى خالىمىغان بىرسى تانسىغا تارتسا ئېغىزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ تانسىغا تۇرماي ئۆزىنى كۆرسىتىدىغانلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىراق بىزنىڭ لالە بۇنداق خاراكتېردىن مۇستەسنا ئىدى. تۈز كۆڭۈل، خۇشخۇي بولغاچقىمۇ ھەرقانداق مۇناسىۋەتنى ئاشۇ يېقىملىق كۈلكىسى، بىرەر ئېغىز چاقچىقى ئارقىلىق ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن رەنجىتمەي ساقلاپ قالالايتتى. بىرلىرى يېنىدا ئۆزىنى گەپتە چېقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ پەرۋايى پەلەك ھالدا زىلۋا بويلىرىغا ياراشقان ئۇزۇن قارا ئۆرۈمە چاچلىرىنى لەپىلدىتىپ، ئاپئاق نازۇك بارماقلىرىدىن قاش چىقىرىپ، قويۇق كىرپىكلىرى قورشاۋىدىكى چىرايلىق قارا كۆزلىرىدىن سازغا ماس ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ، لەرزان ئۇسسۇل ئويناپ چۆرگىلەپ كېلىپ، ئاشۇ ئۆزىنىڭ غەيۋىتىنى قىلىۋاتقان دوستلىرىدىن بىرسىنى ئۇسسۇلغا تارتىپ «قوپۇشە، پاتەمخانلار» دەپ ئۇسسۇلغا تارتىپ قوياتتى، كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشەتتى. بۇگۈنمۇ رۇستەمنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇشتا لالە رۇستەمنىڭ ئاپىسىغا ياردەملىشىپ، قورۇمىلارنى قورۇشۇپ بەردى. چۈنكى لالە رۇستەم بىلەن قوشنا ھەم بىر سېختا ئىشلەيتتى. ئۇنىڭسىزمۇ لالەنىڭ چاققانلىقى، قولىنىڭ تەملىكلىكى

بىلەن كۆپىنچە ئولتۇرۇشلىرىمىزدا ئۇنى ساھىبخان قازان بېشىغا چاقىرىۋالاتتى. بۈگۈنمۇ رۇستەمنىڭ ئاپىسى لالەنىڭ چاققان، چىۋەرلىكىنى تىلغا ئېلىپ «خەپ، كېلىن قىلىۋالمايدىغان بولسام» دەپ چاقچاق قىلغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن رۇستەم بىلەن ئەمدىلا ئىچ ـ پەش تارتىشىپ يۈرگەن نۇرايىنىڭ ئەرۋايى ئۇچتى. سەزگۈر لالە نۇرايىنىڭ ئۆڭۈپ ـ ئۆچۈپ ئولتۇرغان چىرايىغا قاراپ ھەممىنى سېزىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەربىر يېڭى قورۇما كەلگەندە بىر تەخسىنى نۇرايىنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ‹كېلىنچەككە ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرمىسەك بولماس›، دەپ چاقچاق قىلىپ قويدى. چايدىن كېيىن تاماق پىشقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئۈستەللەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۇسسۇل ـ تانسا ئوينىغىلى باشلىغاندا، رۇستەم لالەنى تانسىغا تارتىپ ئالدىغا كەلگەندە لالە ناھايىتى چاققانلىق بىلەن:

— ساۋاقداشلار، بۈگۈنكى بۇ ساۋاقداشلار يىغىلىشى رۇستەمنىڭ ئۆيىدە بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن رۇستەم ئاۋۋال نۇراي بىلەن بىر پەدە ۋالىسقا چۈشسە قانداق؟ — دېدى.

— بۇ ئاجايىپ ئورۇنلۇق تەكلىپ بولدى، — دېدۇق بىز.

شۇنىڭ بىلەن رۇستەم نۇرايىنىڭ ئالدىغا باردى، نۇراي نازلانغان ھالدا ئورنىدىن تۇردى. نۇرايىنىڭ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرغان لالە قۇلىقىمغا ئاستا:

— ئاداش، ئورۇنلاشتۇرۇشۇم جايىدا بولغاندۇ؟ — دېدى.

مەن رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويدۇم. شۇ كۈنى ئالدىنئالا قىلىشىۋالغان مەسلىھەتىمىز بويىچە، لالەنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. بىز ئورۇنلارنى سېلىپ ئۈنئالغۇنى بوش قويۇپ، ئىچ كىيىملىرىمىز بىلەنلا، يوتقاننىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كەتتۇق. پاراڭ تېمىسى لالەنىڭ ئۆزىگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭغا:

— سەن ھازىر تاللىق باغقا كىرىپ قالدىڭ، قايسىنى تاللاشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىسەن، ئاخىرى قول يەتمىگەن ئاچچىق شاپتۇل

بولۇپ قالما جۇمۇ، — دېدىم.
— ياق كەۋسەر، چوقۇم شىرنىلىك تاتلىق شاپتۇل بولىمەن، — دېدى ئۇ پىخىلداپ كۈلۈپ.
— نېمە دېدىڭ، قايسى ئامەتلىك يىگىتكە رىشتىڭ باغلىنىپ، تاتلىق شاپتۇل بولۇپ قالدىڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭ بەختتىن جىلۋە قىلىپ تۇرغان بوتا كۆزلىرىگە قاراپ.
— يائاللا، سېنىڭ شۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىڭدىن ھېچقانداق سىر يوشۇرالمايمەن، ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ مەخپىيەتلىكىمنىمۇ ئەڭ ئاۋۋال سەن كىتاب خالتىسى بىلىۋالدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئالدىغا تاشلانغان توم قارا ئۆرۈمە چاچلىرىنى بوش ئۆرۈگەچ.
— دوستەك، بۇگۈن شۇ سىرلىرىمىزنى تۆكۈشكىلى تاتلىق ئۇيقۇمىزدىن كېچىپ ئولتۇرغاندۇق؟ — دېدىم ئۇنىڭ بېقىنىنى چىمدىپ. ئۇ ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ھەمدە چامدىنىنى ئېچىپ بىر كونۋېرتنى ئېلىپ ئىچىدىن چىرايلىق قاتلانغان خەتنى ماڭا ئۇزاتتى:
— ئاۋۋال ئۇنىڭ خېتىنى كۆرۈپ چىق، — دېدى، مەن لالەنىڭ قولىدىن ئالغان خەتنى زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدىم:
سالام لالە! ياخشىمۇ سەن. ياخشى كۆرۈشنىڭ قانچىلىك ئازابلىق ھەم شېرىنلىكىنى سېنى ياخشى كۆرگەندىن كېيىن سېزىۋاتىمەن. بىلەمسەن، ئۆمرۈمدە پەقەت سېنىلا تۇنجى قېتىم شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران...
يۈرىكىمنى ئۆرتەۋاتقان تۇنجى سۆيگۈنىڭ تۇگىمەس مۇڭلىرىنى، ساڭا ئېغىزدا ئىزھار قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قەغەزگە تۆكۈشكە مەجبۇر بولدۇم. لالە، سەن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى بەخت، خۇشاللىق ۋە گۈزەللىك ئىلاھىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىڭنى بىلەمدىغانسەن؟ بۇنى بىلگىن ياكى بىلمىگىن سەن ھامان مېنىڭ پاك قەلبىمدە، گۈزەل

تەسەۋۋۇرۇمدا مەن بىلەن مەڭگۈ بىللە!

ئەپسۇس رېئاللىقتىچۇ؟ مەن بۇ توغرىلىق سۆزلەشتىن قورقىمەن، سېنىڭ ماڭا پەرۋامۇ قىلىپ قويماسلىقىڭ مېنى تېخىمۇ قورقىتىۋاتىدۇ. مەيلى سەن ماڭا قانداق مۇئامىلىدە بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، مەن سېنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېسابلايمەن. مېنىڭچە ياخشى كۆرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر بەخت، دۇنيادىن كىمنى ياخشى كۆرۈشنى بىلەلمەي ھېس - تۇيغۇسىز يەپ - ئىچىپلا ئىشقىسىز ياشىغاندىن كۆپ ياخشىغۇ؟

لالە، سېنىڭدىكى قايسى كۈچ مېنى ساڭا شۇنچە مەھكەم باغلىۋالغاندۇ؟ مەن ھازىر سېنى ئويلاشتىن باشقىسىنى بىلمەيمەن. پەقەت سەنلا مەن ئۈچۈن يارالغاندەك، خىيالىمدا سەنلا، كۆڭۈل ئېكرانىمدا سەنلا ئەڭ يارقىن سىزىلغان گۈزەل سۈرەت. . .

سېنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىڭنى چەكسىز سېغىنىپ:

قۇدرەت.

1987 - يىلى نويابىر. قەشقەر

لالە، بىرىنچى قېتىملىق خېتىمگە جاۋاب خەت يازمىغان بولساڭمۇ، مەن يەنىلا زور تاقەت بىلەن ئىككىنچى پارچە خېتىمنى يېزىۋاتىمەن. بۈگۈن قەشقەرنىڭ ئاسمىنىدا قىش ئەلچىسى بولغان تۇنجى قار ياغدى. بۈگۈنكى بۇ قار مېنى خىلمۇخىل ھېسلارغا سالماقتا. تەبىئەت مەۋجۇداتلىرى ئىچىدىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زىمىستان قىشنىڭ ئەلچىسى ئاپئاق قار ئىدى. مەن ئۇنى گۈزەل باھاردىكى رەڭدار گۈللەردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، قار — ئانام بەرگەن ئوغۇز سۈتتەك ئاق، يېڭى دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقتەك پاك ئىدى. مەن ھازىر بۇ ئاقلىقنى ۋە پاكلىقنى سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىن بايقىيالىغىنىم ئۈچۈن شۇنچە بەختىيارمەن.

مېنىڭ غۇبارسىز ئاق لالەم، ئاڭلاۋاتامسەن؟

قارنىڭ ئاقلىقىنى سېنىڭ قۇربان ھېيتتا كىيگەن ئاق گىرىپ كۆڭلىكىڭگە، قارنىڭ پاكلىقىنى بىرمۇ قارا چېكىت ئۇرۇلمىغان غۇبارسىز قەلبىڭگە، كۆمۈشتەك جىسمىڭغا ئوخشىتىمۋاتىمەن. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىلقى قارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. چۈنكى ئاق قار خىيالىمدا سەن ئاق لالەم ئىدىڭ... قارلارنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە قاراپ، ئاق كۆمۈش ئۇۋۇندىلىرى ئارىسىدىن سېنىڭ يۈرىكىڭنى ۋە شۇ يۈرىكىڭدە كىم ۋە نېمە بارلىقىنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

ياغقىن، ئاپئاق قارلار ياغقىن! بۇ كۆزنىڭ كۆڭۈلسىز بورانلىرىدا توپا ـ چاڭ ۋە ئىس ـ تۈتەك بىلەن بۇلغانغان تەبىئەتنى ئۆزۈڭنىڭ ئاپئاق جىسمىڭ بىلەن پاكلىغىن. دائىم قارا ئىس ـ تۈتەكلەرنى كۆرۈپ زېرىككەن كۆزلەرنى ئۆزۈڭنىڭ ئاقلىقىڭ بىلەن قاماشتۇرغىن... ياغقىن قارلار، ياغقىن، تۈنجى مۇھەببەتنىڭ تاتلىق ئازابلىرىدا ساڭا تەلپۈنىۋاتقان كۆز گۆھەرلىرىمنىڭ كىرپىك نەۋكەرلىرىگە قونۇپ، ئۇنىڭ ھىجران ياشلىرىغا قوشۇلۇپ ئاققىن...

بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدىم، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان كۆمۈش ئۇۋۇندىلىرى يۈزلىرىمگە، كۆزلىرىمگە تىترىتىپ سۆيۈشكە باشلىدى. مەن مەست بولۇپ كۆزلىرىمنى يۇمدۇم... لالەم سەنچۇ؟ سەنمۇ ئاپئاق قارنى ياخشى كۆرەمسەن؟ بۇگۈن مايتاغدىمۇ قار يېغىۋاتامدۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا سەنمۇ بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆزلىرىڭنى يۇمغىن، ئاپئاق قارلار سېنىڭ ئاپئاق يۈزلىرىڭگە، جىنەستىدەك لەۋلىرىڭگە سۆيۈپ قويسۇن...

لالە، شۇ تاپتا بالىلىق چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. بىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىزغىچە بىر سىنىپتا شۇنچە ئىجىل، ئىناق ئۆتكەنىدۇق. سەبىي چاغلار ئىكەنتۇق. بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ، بىر يولدا مېڭىپمۇ، ھەتتا مەكتەپنىڭ سەنئەت

كۆرەكلىرىدە بىرگە ئويۇن قويۇپمۇ ھېچقانداق غەيرىي خىياللاردا بولماي خۇشال ياشاۋاتاتتۇق، شۇ بىر قېتىملىق تەڭ كېچىكىپ قېلىشىمىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ بىزنىڭ تولۇق ئوتتۇرىغا ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلىرىمىز ئىدى. چۈشتىن كېيىنكى بىرىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىنكى دەم ئېلىشتا كۈن بەك ئىسسىق بولغاچقا ئوغۇللار سۇخانىغا سوغۇق سۇدا بېشىمىزنى يۇيۇشقا باردۇق، مەن بېشىمنى يۇيۇپ ئەڭ ئارقىدا قاپتىمەن. باللار سىنىپقا كىرىپ ئولتۇرۇپ بوپتۇ. يۈگۈرۈپ سىنىپ ئالدىغا كەلگىنىمدە سەن قارشى تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كەلدىڭ، بىز سىنىپقا بىرگە كىردۇق. ئەدەبىيات دەرسى ئىدى، ھېلىقى گەپنى ئايماي قىلىدىغان تۇرداخۇن مۇئەللىم مۇنبەردە گىدىيىپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىزگە بىر ھازا قارىغاندىن كېيىن:

— ئىككىلىرى نەگە بېرىشتىلا؟ — دەپ سورىدى ئاۋازىنى سوزۇپ. سەن جاۋاب بەرگۈچە مەن ئالدىراپلا:

— سۇخانىغا، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— يۈرەككە ئوت كېتىپ، مەيدىلىرىگە سۇ چاچقىلى بارغانمۇ؟ — دېدى مۇئەللىم چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

تۆۋەندە ئولتۇرغان ساۋاقداشلار پاراققىدە كۈلۈشتى. بەزىلىرى تېلىقىپ - تېلىقىپ كۈلۈشتى.

— مۇئەللىم، مەن سۇخانىغا باللار بىلەن بارغانىدىم، — دېدىم سۆزۈمگە تۈزىتىش بېرىپ، باللار يەنە كۈلۈشتى. ساڭا قارىسام يۈزلىرىڭ كىيىۋالغان قىزىل گىرىپ كۆڭلىكىڭ بىلەن رەڭ تالىشىپ قىزىرىپ كېتىپتۇ، تال - تال كىرپىكلىرىڭ ئارىسىدىكى بوتا كۆزلىرىڭ نارازىلىق يامغۇرى تۆكەيلا دەپ قاپتۇ. مۇئەللىممۇ سېنىڭ ئەلپازىڭدىن ئەنسىرىدىمۇ، ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ دېمەكچى بولغان سۆزىنى يۇتۇۋېتىپ:

— ئولتۇرۇشسىلا، — دەپ ئىجازەت بەردى.

شۇ ئىشتىن كېيىن ساۋاقداشلار «يۈرىكىگە ئوت كېتىپ سۆخانىغا بارغانلار» دېگەن گەپنى پۇرستى كەلسىلا گەپكە قوشۇۋېلىپ، بىزنى تېرىكتۇرىدىغان بولۇۋالدى. سەنمۇ شۇ ئىشتىن كېيىن ماڭا تەبىئىي مۇئامىلە قىلمايدىغان بولۇپ قالدىڭ. ئۇنى ئاز دەپ بىر كۈنى ئەتىگەندە سىنىپقا كىرسەم سەن يېنىمدىكى ئورنۇڭنى ئالدىڭدا ئولتۇرىدىغان گۈلگىنە بىلەن ئالماشتۇرۇۋاپسەن، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى يېقىنچىلىق بارغانسېرى سۇسلاشتى. سەن بىلەن بىر پارتىدا يېقىن ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىغان كۈنلەر ئاخىرلاشتى. سېنىڭ شېتىللىك قىلىپ كۈلۈشلىرىڭ، مېنىڭ پو ئېتىپ سېنى كۈلدۈرۈشلىرىم، تۈگىمەس غەمسىز پاراڭلىرىمىزنىڭمۇ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، شۇ كۈنى سېنىڭ گۈلگىنە بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇۋېلىشىڭغا ھەرگىز يول قويماسكەنمەن. باھار غۇنچىلىرىغا ئوخشاش كۈندىن ـ كۈنگە چىرايلىقلىشىۋاتقان گۈزەل رۇخسارىڭ مېنىڭ قەلبىمدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر ئاشىقلىق تۇيغۇسىنى قوزغىغاندا، بىز تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتۇق. قېرىشقاندەك سىلەر بىزنىڭ مەھەللىدىن بىنا ئۆيگە كۆچۈپ كەتتىڭلار. ئەمدى مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشتە ماڭىدىغان يولىمىزمۇ بۆلۈنۈپ كەتتى. ساڭا تەلپۈنۈشتىن پەيدا بولغان ئىچكى ھېسسىياتىمنى قانداق ئىپادىلەشنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلەردە، تولۇقسىزدىكى ساۋاقدىشىمىز خۇشتار مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئۇ ماڭا ناھايىتى تەسلىكتە:

— ئاداش، ساۋاقداشلىق ھەم دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىر ئىشتا ماڭا ياردەم قىلغان بولساڭ، — دېدى.

— ئەگەر قولۇمدىن كەلسىلا، سەندىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن، — دېدىم جاۋابەن. مېنىڭ جاۋابىمدىن كېيىن خۇشتارنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ

كۆزلىرىدىن كۆلكە ئۇچقۇنىدى.

— مەن لالەگە مۇھەببەت تەكلىپى قويۇپ دېگەنىدىم.

— قايسى لالەگە؟! بۇ سوئالنى سوراۋېتىپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

— سىلەرنىڭ سىنىپىڭىزدىكى لالەچۇ، ئۇنىڭ بىلەن سەن خېلى يېقىنمىغۇ؟

خۇشتارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يېلى چىققان توپتەك لاسسىدە بولۇپ قالدىم، خۇددى يۈرىكىمنى بىرى سۇغۇرۇۋېلىپ ئېلىۋالغاندەك ئازاپتىن تولغىنىپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— مېنى قايسى جەھەتتىن ياردەم قىل دېمەكچى؟ — دېدىم. شۇ چاغدا ئاۋازىم شۇنچە ھەسرەتلىك چىقىپ كەتتى، بىراق خۇشتار بۇنى سەزمىدى. ئۇ بىر خىل ئوڭايسىز ھالەتتە:

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، مېنىڭ پوچىركام سەت ھەم سەنچىلىك قاملاشتۇرۇپ خەت يازالمايمەن، شۇڭا قاتۇرۇپ بىر خەت يېزىپ بەرگەن بولساڭ، — دېدى يېلىنغان تەلەپپۇزدا.

ئاھ لالە! بۇ تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىمۇ ياكى جازاسىمۇ؟ شۇ چاغدا چىرايىمنى تۇرۇپلا، خۇشتارغا لايىقىدا جاۋاب بېرىپ، ئۇنى ئارقىغا قايتۇرۇۋېتەلەيتتىم، بىراق بۇ مەرتىنىڭ ئىشى ئەمەس، يەنە كېلىپ خۇشتارنىڭ ساڭا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشى ھەقلىق ئىدى، چۈنكى مەن بۇ ھەقتە ساڭا ھېچ نەرسە دېمىگەنىدىم. پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ئولتۇرۇپ ساڭا خۇشتار نامىدىن مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يازدىم. توۋا دەيمەن لالە، ئۇ خەتنى خۇشتارغا يېزىپ بېرىۋاتامدىم ياكى ئۆزۈم ئۈچۈنمۇ؟ بىلمەي قالدىم. «قەلبىڭدە نېمە بولسا، قەلىمىڭدىن شۇ تامىدۇ» دېگەنىدەك، خەتنى يېزىپ بولۇپ خەتنىڭ خۇشتارغا مەنسۇپلۇقىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئازابتىن ئوتتا كۆيگەن قىلدەك تولغىنىپ كەتتىم. خۇشتار ماڭا تەشەككۇر ئېيتقىنىچە خەتنى ئېلىپ كەتتى. مەن شۇ چاغدا خۇشتار ئۆزىگە

مەنسۇپ خەتنى ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلاۋاتقان ئەڭ قىممەتلىك نەرسەمنى ئېلىپ كەتكەندەك بىر خىل ئازاپتا پۇچىلاندىم. . . شۇ كۈنى دەرسلەردىمۇ زېھنىمنى يىغالماي گاراڭ يۈردۈم. ئەتىسى كەچلىك مۇزاكىرىگە بالدۇر كېلىپ سىنىپتا كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، پارتامغا پاققىدە قىلىپ تەگكەن ئاۋازدىن چۆچۈپ قارىسام، سەن قاتلانغان قەغەزنى پارتامغا زەردە بىلەن ئۇرۇپ، قاپقارا كۆزلىرىڭدىن غەزەپ ئۇچقۇنلار چاچرىتىپ تۇرۇپ:

— قۇدرەت، مەن سەن بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇپ تۇرۇپ، سېنىڭ قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىڭنى بىلمەپتىمەن. بۇ سېنىڭ پوچىركاڭ! ئېيتىپ قوي ئۇنىڭغا! تېخى ئالدىمدا ئوقۇيدىغان ئالىي مەكتەپلەر بار. باشقا ئىشلارغا ۋاقتىم يوق! — دېدىڭ. شۇ چاغدا ئاۋازىڭ تىترەپ كەتتى. مەن تەييارلىقسىز بولغاچقا گەپ قىلالماي قالدىم، سەن ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ سىنىپنىڭ ئىشىكى يېنىغا بارغاندىلا ئېسىمگە كېلىپ:

— لالە، ئۇ خەت خۇشتارنىڭ بولغان بىلەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىققان، — دېدىم. سەن شاققىدە توختاپ ماڭا قايرىلىپ قاراپ:

— سەن سۆزلىرىڭنى ئەمەس، يۈرىكىڭنىمۇ خۇشتارغا بېرىۋەتتىڭمۇ؟ — دېدىڭ ـ دە، بۇلاقتەك كۆزلىرىڭدىن ئىككى تامچە ياش مەڭزىڭگە دومىلاپ چۈشتى، كۆزلىرىڭدىكى ياشلارنى كۆرسەتكۈڭ كەلمىدىمۇ، قانداق قايرىلغان بولساڭ شۇنداق تېز بۇرۇلۇپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتىڭ.

لالە، مەن ئازاب بىلەن خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھېسسىياتتا ئارقاڭدىن قاراپ قالدىم. سەن شۇندىن باشلاپ ماڭا پەقەتلا گەپ قىلماس بولۇۋالدىڭ. بىراق مەن قەلبىمدىكى ئاجايىپ ساپ ۋە ئاجايىپ شېرىن مۇھەببىتىمنى خۇددى قۇياش ئۆز جىسمىدا مۇقەددەس ئوتنى ساقلاپ لاۋۇلداپ تۇرغانغا ئوخشاش

قەلبىمنىڭ پىنھان جايلىرىدا ساقلاپ بۈگۈنگىچە كەلدىم. خىيالىمدا ئالىي مەكتەپلەرنى بىرگە ئوقۇساق دېگەن ئارمانلىرىم بولغان بولسىمۇ، كاج تەقدىر ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ، ئىككى پەن قالغاندا سەن تۇيۇقسىز سوقۇر ئۈچەي ئوپېراتسىيىسى بولۇپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىڭ. شۇنىڭ بىلەن نومۇرۇڭ تۆۋەن بولۇپ قېلىپ، ئالىي مەكتەپكە بارالماي قالدىڭ. مەكتەپ بېغىدا دەرس تەييارلاۋېتىپ، ئاشخانا ـ ياتاق ئارىلىقىدا ئالدىراش كېتىۋېتىپمۇ خىيالىمدا سەن. ھامان سېنى سېغىنىمەن، سېغىنىش ئىستەكلىرى مېنى قىينىغان چاغلاردا، خۇدا نېسىپ قىلىپ كەلگۈسىدە ھاياتنىڭ ئۇزۇن يوللىرىنى بىرگە بېسىشتەك شېرىن ئارمانلار بىلەن ئۆزۈمنى بەزلەيمەن. لالە، خېتىم بەك ئۇزىراپ كەتتى. ئادەتتە باشقىلارغا خەت يازسام گەپ تاپالماي قالىمەن. ساڭا خەت يازسام دېمەكچى بولغانلىرىمنى دەپ بولالماي خېتىم ئۇزىراپ كېتىدۇ. نېمىشقا خەت يازمايسەن؟ لالە، خەتتىن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭا بىر قارىغىنا؟ سەن يوشۇرغاننى كۆزلىرىڭ يوشۇرالمايتتى. ئەپسۇس، خەت يەنىلا يېرىم دىدارلىقنى قىلدى. سېنىڭ ئاشۇ ئاپەت تېرىغۇچى چىرايلىق كۆزلىرىڭنى چەكسىز سېغىنىپ:

قۇدرەت

يانۋار، قەشقەر

مەن خەتنى ئوقۇپ ھاياجان ئىلكىدە يېنىمدا ئوڭدىسىغا يېتىپ تورۇسقا قاراپ، خىيالغا پاتقان لالەنىڭ قاشتېشىدەك سۈزۈك يۈزىگە، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان بوتا كۆزلىرىگە قاراپ:

— لالە، سەن نېمانچە بەختلىك! ئۇ ئاخىرى راست گېپىنى قىپتۇ، مەن ساڭا شۇ چاغدىلا دېگەنغۇ، ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ. . . — دېدىم ئۇنىڭ ياستۇققا يېيىلىپ تۇرغان قوڭدۇزدەك قارا، يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ، ئالمىدەك رەڭدار يۈزلىرىنى بوش نوقۇپ ئەركىلەتتىم.

— كەۋسەر! بىلەمسەن، مەن مۇشۇ خەتلەرنى تاپشۇرۇپ

ئالغاندا قانداق هالەتتە هاياجانلاندىم. مەن خەتنى ئىش ئۈستىدىلا تاپشۇرۇپ ئالدىم، خەتنى ئوقۇپ ئۆزۈمنى تۇتالماي ئىسەدەپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. خىزمەتداشلىرىم مېنىڭ يىغامغا قاراپ، يۈرتىدىن بىرەر قايغۇلۇق خەۋەر كەلگەن چېغى دەپ ئەنسىرەپ جىم ئولتۇرسا، خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا ئۆزۈمچە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتىپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئىسمىنىدىكىلەر سىېنى يىغلىتىپ ھەم كۈلدۈرگەن خەتنى بىزمۇ كۆرۈپ باقمىز دەپ تالىشىپ، خەتنىڭ بۆرجەكلىرى يىرتىلىپ كەتتى. بىرىنچى خېتىنى تولا ئوقۇپ ماڭا ياد بولۇپ كەتتى. بىراق نېمىشقىكىن جاۋاب خەت يازالمىدىم. نېمە دەپ يېزىشنى ئويلاپ بولغۇچە ئىككىنچى خەت كەلدى. ئاڭغىچە قىشلىق تەتىلدە كېلىمدۇ دەپ يازمىسام، ئەمدى رەنادىن خەت كەپتۇ، ئۇلارنىڭ قىشلىق تەتىل ۋاقتى بەك ئازكەن، شۇڭا ئۆيىگە كەلمەيدىغان بولۇپتۇ، ئەمدى يازمىسام بولمىغۇدەك. ئاداش، نېمە دەپ يازارمەن؟

— نېمە دەپ يازاتتىڭ، كۆڭلۈڭدىكى گەپلىرىڭنى يازسەن.

— بولىدۇ، مەن ئاۋۋال يازاي، سەن كۆرۈپ باقارسەن.

تەتىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى، ئاپام بىلەن پېچىنە پۇشۇرۇۋاتاتتۇق، لالە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئاپام قولۇمدىكى خېمىرنى ئېلىپ:

— ئايرىلىدىغان كۈنلىرىڭلار كەلدى، ئوبدانراق پاراڭلىشىۋېلىڭلار، — دەپ بىزنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى.

— بۇ تەتىلمۇ بىردەمدىلا تۈگەپ كەتتىمۇ؟ ئىشلەيمەن دەپ سىېنى كۆپمۇ ئىزدىيەلمىدىم، — دېدى ئۇ پەلتۇسىنى سالغاچ.

— نەدىكىنى، ھېلىمۇ ئىسمىنىمدىن چۈشسەڭلا مەن بىلەن بىللە بولدۇڭ، ئۆيقۇڭغىمۇ قانمىدىڭ، ئەمدى مەن كەتكەندە تازا قانغۇدەك ئۇخلىۋال.

— شۇ، سەن كەتسەڭ ئىشلەپ، ئۇخلاپ ئۆتىمسەم كىم بار

دەيسەن مۇڭدىشىدىغان!
— سەنمۇ يالغۇز ئەمەس، ھېلىقى خەتلەر بارغۇ!
— ھە، راست مەن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت يازغانىدىم كۆرۈپ باق، قاملاشتىمۇ؟ بولىدۇ دېسەڭ ئەۋەتىمەن.
— پاھ، نېمىدېگەن ياخشى، مەن ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇشنى بەك ياخشى كۆرىمەن.
مەن لالەنىڭ قولىدىكى خەتنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

سالام قۇدرەت، ياخشىمۇ سەن؟ ئارقا - ئارقىدىن يېزىلغان ئىككى پارچە خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئالەمچە شادلانغان بولساممۇ، ۋاقتىدا خەت يازالماي قالدىم، ئەپۇ قىل!
قۇدرەت، ھەيرانمەن، ئادەمنىڭ شېرىن خىياللىرى، گۈزەل ئارمانلىرىمۇ رېئاللىققا ئايلىنىدىغان كۈنلەر بولىدىكەن. خۇشتار قولۇمغا ھېلىقى خەتنى بەرگەندە خەتنى ئېچىپ، سېنىڭ قولىيازماڭنى كۆرۈپ، قەلبىمدە تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز شېرىن تۇيغۇ قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، دەقىقە ئىچىدە خەتنى ئوقۇپ ئاخىرىدىكى خۇشتار دېگەن ئىمزانى كۆرۈپ، شۇنداق تېز غايىب بولدى. شۇ كۈنى كېچە ئازابلىق تۇيغۇلار ئىچىدە، ئۇخلىيالمىدىم، ئەتىسى كەچلىك مۇزاكىرىدىن كېيىن ساڭا خەتنى تاشلاپ بېرىپ چىقمۇۋاتسام كەۋسەر ئۇچراپ قالدى. كۆزلىرىمدىكى ياشنى كۆرۈپ، نېمە بولغانلىقىمنى سورىغاندا، مەن كەۋسەرگە ئېيسىلىپلا يىغلاپ سالدىم، شۇندىن بۇيان قەلبىمدىكى بۇ غۇبارسىز تۇنجى مۇھەببىتىمنى پاختا ئىچىدە ئوت ساقلىغاندەك يوشۇرۇپ، سەن بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىپ كەلدىم. ئىچىمگە پەقەت سىغمىغان چاغلاردا كەۋسەرگە ھالىمنى تۆكىمەن. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن مېنى ئۈمىدلەندۈرەتتى. سىلەر ئوقۇشقا ماڭغاندا، مەن بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويغاندەك نەچچە كۈن يىغلىدىم.
قۇدرەت، ئادەم بەك خۇشال بولۇپ كەتسىمۇ، تىلى گەپكە

كەلمەيدىكەن، شۇ تاپتا قەلىمىمۇ قەغەز ئۈستىدە راۋان ماڭمايۋاتىدۇ. سەندىن خەت كەلمەستە، مەن سەن بىلەن خىيالەن مۇڭدىشىپ ئۆزۈمنى بەزلىگەن بولسام، ئەمدى سەن بىلەن كۆرۈشىدىغان مىنۇتلارغا تەقەززا بولۇۋاتىمەن. توۋا، مەن نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن؟ بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ بىرگە ئويناپ چوڭ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ئالدىڭدا ياسالمىلىق قىلىپ نازلانمىدىم. بەلكىم سەنمۇ بۇنداق رەڭۋازلىقنى ياقتۇرمايسەن، راست گەپنى دېسەم سىنىپتا دېگەن «خەت خۇشتارنىڭ نامىدا بولغىنى بىلەن سۆزلەر مېنىڭ يۈرىكىمدىن چىققان» دېگەن سۆزۈڭلا ماڭا مۇشۇ كۈنگىچە ساڭا بولغان ئۈمىدىمنى يوقاتماسلىققا سەۋەب بولدى. سېنى ئەڭ سېغىنغان كۈنلىرى خۇدا بۇيرىغان بىر كۈنى قۇدرەت يۈرىكىدىكى سۆزىنى ماڭا ئۆزىنىڭ نامىدا دەيدۇ دەپ ئۆز - ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. قۇدرەت قەلبىمدىكى تۈنجى مۇھەببىتىمنى ساڭا قوش قوللاپ سۇنسام، سەن ھاياتىنىڭ ئۇزۇن يوللىرىدا ماڭا بىر ئۆمۈر ۋاپادار ئاشىق بولالارسەنمۇ؟ ئەگەر ئۆزۈڭگە چوقۇم ئىشەنچىڭ بولسا، مەن سېنىڭ لالەڭ، ئۆمۈرلۈك مەشۇقۇڭ، سېنىڭ يۈرىكىڭدىن، سېنىڭ سۆيگۈڭدىن سۇ ئىچىپ ئەبەدىي سولمايدىغان لالەڭ!

خەيرى - خوش، ئاللا ئامان قىلغاي دەپ:

لالەڭ.

مايتاغ، فېۋرال

مەن خەتتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، لالەنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، بەختتىن تىترەپ تۇرغان تەبەسسۇم بۇلىقىدەك چىرايلىق لەۋلىرىگە قارىدىم. مەن بۇ خەتتە ئۇنىڭ ئازراق نازلىنىشىنى خالايتتىم. مېنىڭچە يولىدا ئىپادىلەنگەن نېزىقاش قىزلارغا يەنە بىر خىل نازاكەت ئاتا قىلاتتى. لېكىن سۆيگۈ نازاكەتتىن غالىب كەپتۇ.

مۇھەببەتنىڭ شادلىقى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى.

ئۇنىڭغا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا گويا ئاشىقلاردەك قاراپ قاپتىمەن.

— ئادەمنى خىجىل قىلىپ نېمانچە قارايسەن؟ بولماپتىمۇ؟

— ياق، ئاداش خېتىڭ بەك ياخشى يېزىلىپتۇ، شۇنچە سەمىمىي، مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى نېمدېگەن ئۇلۇغ؟ قەلبىڭدىكى بەخت كۆزلىرىڭدىن ئۇچقۇنداپ سېنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۇرۇۋېتىپتۇ، شۇڭا قاراپ قاپتىمەن، — دېدىم لالەنىڭ سوئالىغا جاۋابەن.

— يائاللا، ئەدەبىياتچى دېگەن ئاجايىپ مۇبالىغىلەشتۇرۇۋېتىدۇ.

— شۇنداقمۇ؟! — بىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

شۇنداق قىلىپ لالەنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى پاك، گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن باشلاندى. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە قۇدرەت كەلگەندە نۇراي، رۇستەم، رەنا، گۈلگىنە، ئالىم، لالە، قۇدرەت قاتارلىق ساۋاقداشلار بىرلىكتە كېسەك شەكىللىك ئۇنىئالغۇدىن بىرنى ئېلىۋېلىپ تاغلارغا چىقىپ، يېزىلارغا بېرىپ، شاد كۈلكىلەرگە كۆمۈلۈپ ئوينىدۇق. بۇ سەيلە - ساياھەتلىرىمىزدە، لالە بىلەن قۇدرەتنىڭ شادلىقى چەكسىز ئىدى. بىز كوللېكتىپ بىرگە ئويناۋاتقان بولساقمۇ، ئۇ ئىككىسى تۇرۇپلا تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئورمانلىققا كىرىپ كېتىپ يوقاپ كېتەتتى. بىز بىر چاغلاردا قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ ئالدىمىزدا پەيدا بولغان بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنى كۆرگىنىمىزدە مەسلىكىمىز كېلەتتى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. قۇدرەتمۇ ئوقۇشىنى تاماملاپ مايتاغقا قايتىپ كېلىپ باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ خۇشال ھەم بەختلىك ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن سىرتتا ئوقۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولالمايتتىم. تەتىلدە، بايراملاردا

كەلگەندە بىرگە ئوينايتتۇق. لالە قۇدرەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. مەن بەكمۇ مۇلايىم، سەۋرچان سۆھبەتداش ئىدىم. لالە مېنى كۆرۈش بىلەنلا «قۇدرەت ئۇنداق قىلدى، قۇدرەت مۇنداق دېدى، قۇدرەت ئانى ياخشى كۆرىدۇ، قۇدرەتنىڭ بۇنىڭ بىلەن خوشى يوق...» دەپ سۆزلەيدىغان بولسا، ئاڭلىغاچ باشقا خىياللارغا كېتىپ قالاتتىم. بىر ئىش زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن بىر قىشلىق تەتىلدە لالە ئىككىمىزگە بىر جۈپ شارپا بىلەن پوسما توقۇتقاچ كەلدىم. شۇ يىلى مەكتەپتە شۇنداق شارپا ئوراپ، پوسما كىيىش مودا بولۇپ كەتكەنىدى. لالە ئۆيگە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەندە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلسام ئۇ خوش بولۇپ يۈزلىرىمگە سۆيۈپ كەتكەنىدى. ئوقۇغۇچى ۋاقىتتا ئۆزۈمدىن ئېشىنىپ ئۇنىڭغىمۇ توقۇتقاچ كېلىش ئاسانغا توختىمىغانىدى. نەچچە قېتىم بىر يەرلەرگە بارساق لالە ئۇنى كىيىپ بارمىدى، قىزلار مېنىڭ شارپام بىلەن پوسمامنى ياخشى كۆرۈشتى. مەن بىر كۈنى لالەدىن:

— ھەي ھېلىقى پوسماڭ بىلەن شارپاڭنى كىيگىنىڭنى كۆرمىدىمغۇ؟ بىر جۈپ كىيىپ يۈرەرمىز دېسەم، ياكى ياخشى كۆرمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— مەنغۇ بەك ياخشى كۆرگەنىدىم، بىراق قۇدرەت...

— ھە، قەدىرلىك قۇدرىتىڭ نېمە دېدى؟ — دېدىم ئاچچىقىم بىلەن.

— «نېمە ئۇ كىچىك بالىدەك» دەپ كىيگۈزمىدى.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ مىگەمدىن كىرگەن تۇتۇن تاپىنىمدىن چىققاندەك بولۇپ كەتتى.

— سەن ھېلىتىنلا قۇدرەتنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ كەتتىڭ؟! ئۇ ئەمدى سېنىڭ مېڭىش — تۇرۇشۇڭ، گەپ - سۆزلىرىڭدىن ئۆتۈپ كىيىنىشىڭنىمۇ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالدى دېگىن، سەن كىم؟ ئادەممۇ ياكى بويىنىدىن باغلىسا

ماڭمىدىغان كالىمۇ؟ بىرەر ئىشنىمۇ ئۆز خاھىشىڭ بويىچە قىلالمامسەن؟ — دېدىم جىلە بولۇپ.

— ياق ئۇنداقمۇ ئەمەس، ئەمدى شۇ «قايناقسۇ ئىچ، كۆڭلۈڭ تېنچ» دەپ، بىكار خاپىلىق بولمىسۇن دەيمەنغۇ؟!

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى تېخىمۇ جىلە قىلىۋەتتى.

— لاله، مېنى تولا تېرىكتۈرمەي زۇۋانىڭنى يىغ! سەن ئەمدى قۇدرەت ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىدىغان، ياقتۇرمىغاننى تەڭ ياقتۇرمايدىغان كۆندۈرۈلگەن ئىتقىلا ئوخشاپ قاپسەن! سەن ئۇن يىل تەربىيە كۆرگەن ئادەمدەك ياشىمامسەن؟ — ئاچچىقىم چىرايىمغا چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

— كەۋسەر، بۇنچىلا ئاچچىقلاپ كەتكۇدەك ئىش بولمىدىغۇ؟ مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى بوش ھەم يېقىملىق چىقتى. ئۇ چىرايلىق كۆزلىرىدىن بەختلىك ئىكەنلىكىنى ماڭا كۆز — كۆز قىلغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. شۇندىلا مەن ئۆزۈمگە كايىدىم، ھاياجانلانماي ئۆزۈمنى بىلەي، بەلكىم مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقانلىقىم ھەم ئەدەبىياتتىن ئىبارەت ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىلەن ھەپىلىشىدىغان نازۇك پەن بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق ھاياجانلىنىۋاتقاندىمەن. بەلكىم لالەمۇ خاتا قىلمىغاندۇ، ئۇ ئۇيغۇر ئانىلىرىمىزنىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەرلەرگە ئۇن - تىنسىز ئىتائەت قىلىشىنى داۋاملاشتۇرماقچىدۇ، مەنچۇ؟ مەن بۇ ئەنئەنىلەرگە قارشىمۇ؟ ياق! توۋا مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم؟ ئۇلار تېخى تۇرمۇش بوسۇغىسىدىن ئاتلىمىغان تۇرسا... مەيلى نېمىلا بولسۇن ئۆز خاھىشىمنى دوستۇمغا مەجبۇرىي تاڭماسلىقىم كېرەك. شۇنىڭدىن كېيىن مەن لالەنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماس بولدۇم، لالەمۇ مەن بار جايلاردا قۇدرەتنىڭ تەرىپىنى كۆپ قىلماس بولدى.

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى، يەنە بىر قىشلىق تەتىلدە كەلگەندە،

لالەنى باشقىچە بىر روھىي ھالەتتە كۆردۇم. ئۇنىڭ بۇرۇنقى سورۇننى بىر ئالمىغان كۆلكىلىرى ئازلاپ، ئولتۇرسا خىيالغا پېتىپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ، چىرايىمۇ باشقىچىرەك ئورۇقلاپ كۆزلىرىنىڭ نۇرى خىرەلىشىپ، مەڭزىدىكى قىزىللىقلار يوقىلىپ، تاتىراڭغۇ بولۇپ قاپتۇ.

— لالە مىجەزىڭ يوقمۇ؟ ئەجەب ئورۇقلاپ كېتىپسەنغۇ؟

— شۇ، تاماق سىڭمەي قىينىلىۋاتىمەن.

— دوختۇرغا بېرىپ كۆرۈندۈڭمۇ؟

— كۆرۈندۈم.

— نېمە دەپ دىئاگنوز قويدى؟

لالە جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئاپئاق ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ ئىسسەدەشكە باشلىدى. شۇ تاپتا كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ كېسەل دېگەن ساقىيىدۇ، شۇنىڭغىمۇ يىغلامسەن.

مەن ئۇنىڭ ئالىقانلىرىنى يۈزىدىن ئاجراتماقچى بولۇپ قولىنى تۇتتۇم.

— ياق، ئاداش مەن بەك نومۇس قىلىۋاتىمەن... ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىدا ئاتا - ئانامنى مەندەك بىر قىزنى باقىقىنىغا تويغۇزىدىغان بولدۇم!

مەن شۇندىلا لاسسىدە بولۇپ قالدىم، ئۇنىڭغا شۇ تاپتا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي قالدىم ھەم تەسەللى بەرگۈمۇ كەلمىدى.

— كەۋسەر، سەن كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ئەڭ ئىشەنچلىك دوستۇم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلامدىكىن دەپ ئالدىڭغا كېلىشىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئېقىۋاتقان ياشقا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشتى، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى.

— جېنىم دوستۇم، مەن. . . مەن ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ — مەن ئېچىنغان هالدا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى ئالقانلىرىم بىلەن سۈرتتۇم.

— مەن كۈيتۇنگە بېرىپ بالىنى ئالدۇرۇۋېتەي دېگەنتىم، سەن يېنىمدا بىرگە تۇرۇشۇپ بەرگەن بولساڭ، قورقۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ بىچارىلەرچە قىياپەتتە.

شۇ كۈنى لالە، قۇدرەت، رۇستەم ئۈچىمىز كۈيتۇنگە كىرىپ باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ كۆزدىن يىراقراق بىر دوختۇرخانىنى ئىزدەپ تاپتۇق. دوختۇر لالەنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن لالەگە:

— قان بېسىمىڭىز تۆۋەنكەن، بالىنى قىرىپ ئېلىش خەتەرلىك، مۇبادا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ چىقسا ئاقىۋىتىگە ئىگە بولالمايمىز، — دېدى.

مەن شۇ يەردىلا «دوختۇر، سىز بۇ گەپنى بالىنىڭ دادىسىغا دەڭ» دەپلا تۇغۇت بۆلۈمىدىن چىقىپ كارىدوردا بىزنى ساقلاپ تۇرغان قۇدرەتنى دوختۇرنىڭ قېشىغا كىرگۈزدۇم. ئارىدىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇلار قايتىپ چىقىشتى.

قۇدرەتنىڭ كەيپىياتى ناهايىتى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، لالەنىڭ چىرايىدىكى قورقۇمسىراشتىن ئەمدىلىكتە ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. قۇدرەت بىزنى بىر ئاشخانىغا باشلىدى، تاماق شىرەگە كەلتۈرۈلگەندە قۇدرەت لالەگە قاراپ:

— هە، دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭغۇ، بالىنىڭ ساق - سالامەت تۇغۇلۇشى ئۈچۈن ئوزۇقلىنىشنى كۆپەيت، — دېدى.

— ۋۇي، بۇ يېگىلىققۇ؟ بالىنى ئالدىغان بولدۇڭلارمۇ؟ — سورىدى رۇستەم هەيران بولۇپ.

— شۇنداق، مانا ماۋۇ بىر ئىستاكان پىۋىنى بالىمىزنىڭ ساق - سالامەت تۇغۇلۇشى ئۈچۈن كۆتۈرۈۋەتتىم! — دېدى قۇدرەت بىر ئىستاكان پىۋىنى تىن تارتماي ئىچىۋەتكەندىن كېيىن قولى

بىلەن ئىستاكاننى ئايلاندۇرۇپ، — بەلكىم سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مەنمۇ نىكاھسىز تۇغۇلۇپ قالغان بالا. بولغۇسى ئاتا - ئانام مېنى تېپىپ قويۇپ تەقدىرىمگە ئىگە بولماي تاشلىۋېتىپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى ئاتا - ئانام بېقىۋاپتىكەن، شۇلارنى ھەربىر ئويلىغىنىمدا، ئۇلارغا بولغان نەپرىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، ئاشۇنداق ۋاپاسىزلارنىڭ بالىسى بولۇپ قالغىنىمغا بەكمۇ ئېچىنىمەن. بۇ تەقدىر ماڭا كەلگەندە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى، بۇمۇ خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىراق مەن ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بالامغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن، خەلقئالەم ئالدىدا لالە بىلەن توي قىلىپ، بالامنى ئۆزۈم بېقىپ تەربىيىلەيمەن، بالام قىز بولۇپ قالسا ئۇنى چوقۇم ئوقۇتۇپ دوختۇر قىلىمەن، ئوغۇل بولۇپ قالسا تەنھەرىكەتچى قىلىپ چىقىمەن! — دېدى.

قۇدرەتنىڭ سۆزلىرى مېنى بەك ھاياجانغا سېلىۋەتتى، قۇدرەت ئەمدى كۆڭۈل ئېكرانىمدا ۋىجدانلىق، مەرد ئەركەك بولۇپ گەۋدىلەندى.

— سىلەرنىڭ پاك، تۇنجى مۇھەببىتىڭلارنىڭ مېۋىسى بولغان بۇ بالاڭلارنىڭ بۇ دۇنياغا ساق - سالامەت كۆز ئېچىشىنى، سىلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھلاردىن بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن، — دېدىم پىيالەمدىكى چاينى قۇدرەتنىڭ ئىستاكانى بىلەن لالەنىڭ پىيالىسىگە سوقۇشتۇرۇپ.

شۇنداق قىلىپ قىشلىق تەتىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى لالە بىلەن قۇدرەتنىڭ توي خېتى ئالغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئاددىي بىر قەھۋەخانىدا قۇدرەت، لالە، رۇستەم تۆتىمىز سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردۇق، شۇ تويدا قۇدرەت توي خېتى ئالغانلىقىنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن لالەنىڭ قولىغا بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك سېلىپ قويدى، شۇ مىنۇتتا مەن لالەگە قاراپ قالدىم، ئۇنىڭ چىرايى خۇشاللىقتىن گۈلدەك ئېچىلىپ، چىرايلىق كۆزلىرى بەختتىن نۇرلىنىپ كەتتى، ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان غۇنچىدەك ھال رەڭ لەۋلىرى ھاياجاندىن

سۇس تىترەيتتى، مەن دوستۇمنى مۇبارەكلەپ يېنىك قۇچاقلاپ سۆيدۇم، ئاپئاق، نازۇك بارماقلىرىنى ئالقانلىرىمغا ئالدىم. ئۇنىڭ قوللىرىمۇ يېنىك تىترەيتتى، لالە قۇلىقىمغا ئاستا پىچىرلاپ: «كەۋسەر، مەن بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن، تووا، ئاخىرى مۇرادىمغا يەتتىم — هە» دېدى. مەن دوستۇمنىڭ كۆزىگە قارىدىم، ئۇ بەختىيار كۆزلەر خۇشاللىق يامغۇرىنى تۆكەيلا دەپ تۇراتتى. شۇ كۈنى كېچىچە لالە توغرىلىق كۆپ ئويلاندىم، لالە بىر ئۆمۈر قۇدرەت ئۇچۇنلا ياشارمۇ؟ ئەگەر قۇدرەتتىن ئايرىلىپ قالسىچۇ؟ ياق، خۇدايىم ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىگەيسەن. مەن لالەنىڭ هەددىدىن ئارتۇق ئاق كۆڭۈللۈكىدىن زىيان تارتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم.

بۇ مەۋسۇملۇك ئوقۇشىمىز بەك ئالدىراش ئۆتتى، 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇبقا پىراكتىكىغا كەتتۇق. لالەنى ئويلاپ يۈرگەن بولسامۇ ئۇنىڭ ئىشلىرىنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر ئالالمىدىم. 7 ـ ئايدا پىراكتىكامنى تۈگىتىپ مايتاغقا قايتىپ كېلىپلا ئاپامدىن:

— هە راست، لالەنى كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— كۆردۈم بالام، گۈلدەك چىرايى زەپىرەڭدەك سارغىيىپ كېتىپتۇ، نېمە بولدىكىن ئۇ قىزغا. . . — دېدى ئاپام.

مەن ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. ئۇمۇ مېنىڭ كەلگىنىمنى ئاڭلاپ ئالدىراپلا بىزنىڭ ئۆيگە مېڭىپتىكەن. بىز يولدىلا ئۇچراشتۇق. ئۇ ئالدىمغا كېلىپلا ۋىلىسىپتتىن چۈشتى. ئۇچىسىغا قىزىل يوللۇق شىپىڭ تاۋاردىن تىزىنى بېسىپ تۇرغىدەك ئۇزۇنلۇقتا خالتا كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ، ئۆزى ئورۇقلاپ كېتىپتۇ، ئىككى تال ئۆرۈم چېچى تېقىمىدا سويلاپ تۇرۇپتۇ. ئورۇقلۇقىدىن كۆزلىرى ئىچكىرىلەپ، قىرلىق بۇرۇنلىرى تېخىمۇ ئېگىز لەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. كۈن بەك ئىسسىق هەم ۋېلىسىپت مىنىۋالغاچقا پېشانە ـ بۇرۇنلىرى ئۇستىدە

تەر تامچىلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپلا يۈزۈمنى يۈزىگە ياقتىم.

— جېنىم لالە تېنچلىقمۇ؟

— . . . . .

ئۇ ھاسىرەپ جاۋاب بېرەلمىدىمىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش مېنىڭ يۈزلىرىمنى نەمدىدى.

— ھەي يىغلاڭغۇ، ئەمدى ئانا بولۇپ قالدىڭ، يىغلىساڭ ئۇيات بولىدۇ.

مەن ئۇنى مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يىغلاۋاتىدۇ دەپ شۇنداق چاقچاق قىلغانىدىم. بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ كوچىدا تۇرغانلىقىنى ئۇنتۇغاندەك ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— ھەي، نېمە بولدۇڭ؟ خەقلەر قاراۋاتىدۇ، جۇر بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىكى ۋېلسىپىتنى ئېلىپ.

ئۆيگە كىرگەندىن كېيىنمۇ ئۇ بىر ھازاغىچە ئۆزىنى باسالماي يىغلىدى.

— جېنىم ئاداش، يىغلاۋەرمەي گەپ قىلساڭچۇ؟ — دېدىم جىددىيلىشىپ.

— ئۇ . . . ئۇ توي خېتىنى قايتۇرىمىز دەۋاتىدۇ، ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن. . . ئاداش ئۆلۈۋالغۇم كېلىۋاتىدۇ. . . — ئۇ يەنە يىغلاشقا باشلىدى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، چىشلىرىم كىرىشىپ كەتتى.

— لالە، گەپنى ئوچۇقراق دېگىنە، زادى نېمىشقا توي خېتىنى قايتۇرىمىز دەيدۇ؟

— ئۇنىڭ ئاپىسى قوشۇلماپتۇ، ئاپىسىنىڭ دېيىشىچە قورساقتىكى بالا قۇدرەتنىڭ ئەمەسمىش. . . شۇڭا، قۇدرەتمۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرۈيدۇ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشۈپ باقاي، نېمە دەيدىكىن، بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆرمەكتىن باشقا ئامال

يوق، چىداملىقراق بول، يىغلاش بىلەن ھېچقانداق ئىش ھاسىل بولمايدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

شۇ كۈنلەردە قۇدرەتنى تاپالماي بەكمۇ تېرىكتىم. تەتىل بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئەپسىز ئىدى. نەچچە كۈنگىچە ئۇنى كوچىلاردىن ئىزدەپ ئاخىرى بازارنىڭ ئالدىدىكى بىليارت ئويناۋاتقان يەردە ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. يول بويىدا تۇرۇپ بىر كىچىك بالا ئارقىلىق ئۇنى يېنىمغا چاقىرتتىم. ئۇ كەلگىچە ئۆزۈمگە «كەۋسەر، سوغۇققان بول، ئۆزۈڭنى تۇتىۋال» دەپ تۇردۇم. قۇدرەتمۇ ناھايىتى بىر قولاشمىغان ھالدا ئالدىمغا كەلدى.

— كەۋسەر قاچان كەلگەنتىڭ؟ — سورىدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ.

— كەلگىلى بىر ھەپتىدەك بولۇپ قالدى.

— ئەجەب كۆرمەپتىمەنغۇ؟

— لالە دېمىدىمۇ، ئۇ كۆرگەنتىغۇ؟ — دېدىم ئۆزۈمنى پەرۋاسىز كۆرسىتىش مەقسىتىدە.

— ئۇنى كۆرمىگىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ھەي، كەۋسەر سەن بەزى ئىشلارنى بىلمەيسەن.

— شۇ، مەن بىلمىگەن ئىشلارنى بىلەي دەپ كەلدىم، جۇر، ماڭغاچ پاراڭلىشايلى، — دېدىم.

قۇدرەت گەپ قىلماي ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى.

— ھە، دېگىنە، نېمە ئىشلار ئۇ مەن بىلمىگىدەك؟

— شۇ، چوڭلارنىڭ ئىشى بولمامدۇ، توي قىلىشقا قوشۇلماي. . .

— ھەي سەن ئوغۇل بالىمۇ — ئەمەسمۇ؟

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— نېمىشقا ئۆزۈڭ قىلغان ئىشقا ئىگە بولمايسەن؟

— كەۋسەر، مەن ئىگە بولمىغىنىم ئەمەس، بۇ چوڭلارنىڭ

ئىشى، ئاپام يىغلاپ، سەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلساڭ مەن رازى ئەمەس دەپ بەكلا. . .

— ھەي، تىلىڭنى چاينىماي دېگىنە، قورساقتىكــــى بالا كىمنىڭ؟

— مېنىڭ.

— ئۇنداقتا، نېمىشقا ئاپام ـ دادام دەپ مىچىلدايسەن؟

— ياق سەن خاتا چۈشەنمە، مەن ئاپامنى قايىل قىلىپ ئاندىن توي قىلاي دېگەن، شۇنىڭغىچە لالە ئالدىراپ كېتىۋاتىدۇ.

— ھەي، ئۇنىڭ قورسىقى يوغىناپ كېتىۋاتسا، ھېلىمۇ ئاپاڭ ھەممە خەققە يايغىلى تۇرۇپتۇ، لالەنىڭ دادىسى ئۇقۇپ قالسا ئۆلۈم جېدىلى چىقىدۇ، توي قىلمىغان قىز ئۇچۇن بۇ سەت ئىــش ئەمەسمۇ؟ ئوغۇل بالا بولساڭ تېزرەك بىر ئامال قىلىپ، ئاددىي بولسىمۇ توي قىلىپ ئۇنى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كەت! — دېدىم كەسكىنلا.

— بولىدۇ، مەن يەنە بىر تىرىشىپ باقاي، — دېدى ئۇ.

قۇدرەت بىلەن كۆرۈشۈپ ئاردىن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، لالەمۇ ئىشقا بېرىپ ـ كېلىش جەريانىدا بەزى گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىماسلىــققا سالدى. ئۇنىــــڭ ئۆيــــگە بارسام ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋېلىپ «ئۇ ئۇنداق دېدى، بۇ مۇنداق دېدى» دەپ دەرت تۆكۈپ يىغلاپ ئىچىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتــى. ئۇنداق گەپلەرنى قىلغانلار پاكىز، پەزىلەتلىك ئادەملەر بولماستىن، لالەدەك قىزلارنى دەريا بويىغا ئاپىرىپ سۇغارماي كېلىدىغانلار، توۋا جاھان نېمە بولۇۋاتىدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالدىم.

كېيىن ئۇقسام لالەنىڭ ئېيى توشۇپ، توغۇتىغا ئاز قالغاندا دادىسى باراتكام ئەھۋالنى ئۇقۇپ قېلىپ، لالەنى ئاپىسى بىلەن قوشۇپ ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋېتىپتۇ، ئۇلار لالەنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتۇ.

شۇ كۈنى زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ھاۋا ناھايىتى تۇتۇق ھەم

تىنجىق بىر كۈن ئىدى، بالكوندا كىتاپ كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، رەنا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كىرىپ كەلدى:

— ئاداش، لالە يەڭگىۋالدى، — دېدى كارىدوردا تۇرۇپلا.

لالەنى ياتاقتا ياندۇرۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇ بەك ھالسىزلىنىپ چارچاپ كەتكەچكە ئېغىر ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، بىز يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى خۇددى قەدىمىي ئاسار ئەتىقىنى كۆرگەندەك ئاۋايلاپ تۇتۇپ سىنچىلاپ كۆرۈشكە باشلىدۇق.

— توۋا، ئۆمرۈمدە بۇنداق چىرايلىق بوۋاقنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم جۇمۇ، — دېدى رەنا.

— راست، ماگىزىنلاردىكى تىزىپ قويغان قونچاقتىلا ئوخشايدىكەن، — دېدىم مەنمۇ سۆيۈنۈپ.

— لالە تۇغۇلغاندا بۇ قىزىدىنمۇ چىرايلىق تۇغۇلغان، — دېدى لەيلىخاچام ئېغىر خورسىنىپ، — چىرايلىق تۇغۇلغاننىڭ نېمە پايدىسى، خۇدايىم بەختىنى بەرمىسە بىكار كەن! — لەيلىخاچامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى قىزىنىڭ چىرايىنى تاماشا قىلىۋاتقان قۇدرەتكە تەگدى بولغاي، قۇدرەتنىڭ چىرايى ھۆپپىدە قىزاردى.

— لالە بەشىنچى كۈنى دوختۇرخانىدىن چىقتى، ئۇنى مايىتاغىنىڭ خىلۋەترەك جايى ھېسابلىنىدىغان 2 ـ رايوندىكى كونا بىر ئۆيگە ئېلىپ باردۇق. ئۆي قۇدرەت، خۇشتار، رەنا، نۇراي قاتارلىق دوستلارنىڭ ئۆز ئۆيلىرىدىن بىر نەرسىلەرنى ئەكىلىپ جابدۇشى بىلەن ئادەم تۇرغىدەك ھالغا كەلگەنىدى. لالە بىلەن بوۋاقنى ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەمدى تاماق قىلايلى دېسەك بۇ ئەمدىلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆي بولغاچقا ئۇنى تاپساق بۇ يوق، خۇددى «ئالتە ئۆيدىن ئۇن تىلەپ، ئەلگەكنى تاپسام تەڭلە يوق» دېگەندەك ئىش بولدى. ئاخىرى رەنا بىلەن نۇراي ئۆيلىرىدىن لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكەلمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قۇدرەتنىڭ دادىسى بىر قويىنىڭ گۆشى بىلەن بىر چېلەكتە تۇخۇم كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. بىچارە ئادەم ۋېلىسىپىت مىنىپ كەلگەچكە تەرلەپ،

ھەسرەپ كېتىپتۇ، ئۆيگە كىرىپ لالەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ، بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى.

— قاۋۇلاڭكا، بوۋاق كىمگە ئوخشاپتۇ؟ — دەپ سورىدىم قەستەن.

— قىزىم، بالا دېگەن ئانىسى بىلەن دادىسىغا ئوخشايدۇ. قاش - كۆزلىرى، بۇرنى، ئاقلىقى ئانىسىغا، يۈزلىرىنىڭ يۇملاقلىقى، ئىڭەك، ئېغىزلىرى دادىسىغا ئوخشاپتۇ، ھە، بۇ يېڭى مېھماننىڭ ئىسمى نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— راست، ئالدىراشچىلىقتا ئىسمىنىمۇ ئويلاشماپتۇق، — دېدۇق بىز تەڭلا لالەگە قاراپ.

— سىلەر ئويلاشمىغان بىلەن مەن ئويلاشقان، — دېدى لالە قىزىغا مېھرى بىلەن قاراپ.

— قېنى دەپ باقە، قىزىڭغا نېمە دەپ ئىسىم قويماقچى؟ — دەپ سورىدىم قىزىقىپ.

— زىلالە.

— قاۋۇلاڭكا، بالىنىڭ ئىسمىنى سىلى قويۇپ بەرسىلە بوپتىكەن؟ يەنە قاچان چوڭلارنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ بولغىچە، — دېدى لەيلىخاچام بىر خىل ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

— بوپتۇ، ھازىرچە «قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە» تۇرۇپ تۇرسۇن، نەۋرەمنىڭ ئىسمىنى ئۆزۈم قويۇپ بېرەي، — دېدى قاۋۇلاڭكام.

قاۋۇلاڭكام بالىنىڭ ئىسمىنى قويۇپ بېرىپ ئۆيدىن ئۇزاپ چىقىش ئالدىدا لەيلىخاچامغا «تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ، لەيلىخان، بالىنىڭ قىرىقى توشقاندىن كېيىن، باشقا قائىدىلىرىنى قىلىپ ئالدىڭىزغا بارارمىز» دەپ ئۆزرە ئېيتىپ قايتتى.

بىز دوستلار بىرىمىز ئۇن، بىرىمىز ماي دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆيىمىزدىن ئوغرىلىقچە توشۇپ، لالەنىڭ ئۆيىگە ئەكېلىپ كەم - كۈتلىرىنى تولۇقلاپ تۇردۇق. قۇدرەتمۇ تەتىل

بولغاچقا كۈن ـ كۈنلەپ بوۋاقنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايتتى، مەن لالەنىڭ يەڭگىگىنىگە ئون بەش كۈن بولغاندا تەتىلىم توشۇپ ئۈرۈمچىگە ماڭدىم.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئاخىرقى يىلىم بولغاچقا دەرسلەر بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. لالەنىڭ ئەھۋالىدىنمۇ خەۋەر تاپالمىدىم، ئۇنىڭ تاغىنىڭ كەينىدىكى كونا بىر ئۆيدە قىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ قالغان ھالىتىنى ئويلىسام‌لا ئىچىمنىڭ بىر يەرلىرى ئىچىشىدۇ. شۇنداق ئالدىراش كۈنلەرنىڭ بىرىدە لالەدىن خەت كېلىپ قالدى، مەن ناھايىتى ئالدىراش ھالدا خەتنى ئېچىپ ئوقۇدۇم.

قەدىرلىك دوستۇم كەۋسەر، ياخشىمۇسەن؟ بەلكىم ئاخىرقى ئوقۇش يىلى بولغاچقا دەرسلىرىڭ تازا ئالدىراشتۇ، ھە؟ مەندىن ئەھۋال سورىساڭ خۇداغا شۈكرى، يامان ئەمەس كېتىۋاتىمەن، قىزىم زىلالەمۇ خېلى تېمەن چوڭ بولىۋاتىدۇ. كەۋسەر سەن ئۈرۈمچىگە كېتىپ، ئاز كۈندىن كېيىن دادامنىڭ بىزگە ئىچى ئاغرىپ قالدىمۇ، قوشنىمىزدىن بىرسىنى ئەۋەتىپ بىزنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدى. بىراق مەن ياتقان ئۆيگە كىرمىدى، پەقەت سىرتتىن يېمەك ـ ئىچمىكىمنى ئەكېلىپ ، ئاپامغا دېگەن بولۇپ ماڭا ئاڭلىتىپ «قىزىڭغا قۇۋۋەت بولىدىغان تاماقلارنى قىلىپ بەرگىن، سۈت بىلەن تۇخۇمنى ئۈزۈلدۈرمەي ئىچسۇن» دەپ تۇرىدۇ.

ئاداش، مەن ھازىر بىز ئۇچۇن مەقسەت ـ مۇددىئاسىز كۆيۈنىدىغان، كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشى يەنىلا شۇ ئاتا ـ ئانا ئىكەنلىكىنى تونجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىمەن. ئاتا ـ ئانامنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى ساماندەك سارغايغان مىسكىن ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى تۇغمەس ئىزا ـ ئاھانەتكە قويغانلىقىم ئۈچۈن ئېيتقۇسىز ئازابلىنىمەن. قوشنا ـ قولۇملار يوقلاپ، داستىخان كۆتۈرۈشۈپ كىرسە، نومۇستىن ئۆلمىسلا دەپ قالىمەن، ئۆز ـ ئۆزۈمدىن يىرگىنىمەن. ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن كۆزۈمگە قاراپ چوڭ

قىلغىنىنغا مۇشۇنداق جاۋاب قايتۇرغىنىم ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئۆزۈمگە ئۆلۈم تىلەيدىغان بولۇپ قالدىم. چەكلىك ئۆمرۈمدىن بۇنداق چەكسىز ئازابلارغا دۇچار بولۇش ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن. ھە راست، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا قۇدرەتنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۆيگە ئەلچى ئەۋەتتى، ئەلچىلەر توينىڭ گېپىنى قىپتىكەن، دادام «توينى كېيىن باللار ئۆزلىرى قىزنىڭ بۇشۇك تويىغا قوشۇپ قىلىۋالسۇن، قۇدىلار پەقەت ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇلماننىڭ قائىدىسى بولغان نىكاھىنى قىلىپلا بالىنى يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن!» دەپ جاۋاب بەردى. كەۋسەر، دادامنىڭ ئازاب ئارىلاش تىترەڭگۈ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئوتتا كۆيگەندەك تولغاندىم، مەن ئەقىلسىز، ۋاپاسىز، ئۆزۈمنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز قىممىتىمنى، ئىپتىخارىمنى قۇدرەتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئەتىۋارسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم، ئاداش سېنىڭ «لالە، سەن ئۇنى ياخشى كۆردۇم دەپلا نېمە دېسە ھە دەيدىغان ئۇنىڭ كۆندۈرۈلگەن ئىتىمۇ؟ شۇنداق قىلىۋەرسەڭ، ئاخىرى زىيان تارتىپ قالارسەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەي» دېگەن سۆزلىرىڭ ئېسىمگە كەلسىلا يۈرىكىم ئەنسىز تېپىرلايدۇ، مەن شۇنداق ۋاقىتسىز قۇربان بەرگىنىم ئۈچۈن قەدىرسىزلىنىپ، قۇدرەتتىن ئايرىلىپ قالارمەنمىكىن دەپ بەك قورقىمەن. شۇنداق بولسا، مەن قانداق قىلارمەن؟ لالە ئوقۇشۇڭ ئالدىراش، ۋاقتىڭ قىس بولسىمۇ مەندەك كەم ئەقىل دوستۇڭنى ئۇنتۇماي خەت يېزىپ تۇر، مەن ساڭا دېيەلىگەن گەپلەرنى باشقىلارغا دېيەلمەيدىكەنمەن.

ئاداش خوش، كۆرۈشكىچە ئامان بول!

لالە

1988 ـ يىلى 25 ـ سېنتەبىر مايتاغ

دوستۇم لالە، ياخشىمۇسەن؟ سېنىڭ خېتىڭدىن ئارزۇ، ئۈمىد، ئىستەك ۋە ئازاب بىلەن تولغان بىر دۇنيانى كۆرگەندەك

بولدۇم، ئاداش كۆڭلۈم يېرىم بولدى. لالە سەن مېنىڭ دوستۇم بولساڭمۇ، كۆڭلۈڭ ئاغرىسىمۇ راست گەپنى قىلاي. بۇ ئىشتا سېنىڭمۇ باش تارتىپ بولالمايدىغان مەسئۇلىيىتىڭ بار، بىز قىزلار ياخشى نام، ئابرۇيىنىڭ ھەرقانداق گۈزەللىك، زىبۇ زىننەتتىنمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇ خۇددى باھاردا ئېچىلغان گۈلدەك، بىرلا شامال چىقسا توزۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك ئىدى. سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلىشىڭ، سېنىڭ خۇسۇسىي گۆھىرىڭ بولغان قىزلىق نام، شەۋكىتىڭنى جېنىڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا ئاسرىشىڭ كېرەك ئىدى. بىراق سەن قۇدرەتنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈڭدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويدۇڭ. ئاداش شېكىسپىرنىڭ مۇنداق بىر ئەقلىيە سۆزى بار «ئايال ئەگەر ئازراقمۇ قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىلمىسە، باشقىلار ئۇنى ئۆمۈرۋايەت ئەخمەق قىلىدۇ» . راست ئەمەسمۇ؟ سەن ھەممە ئىشتا ئۇنىڭغا يول قويۇۋەتكەن ئىدىڭ. ئاخىرى قانداق بولدى؟ ئېسىڭدىمۇ؟ مەن بىر قېتىم ساڭا «بالدۇر ئېچىلغان گۈل بالدۇر توزۇيدۇ دېگەن گەپ بار، سەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭگە ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ قويساڭ بولارمىكىن» دېسەم، سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ «سەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقىنىڭ ئۈچۈن كىتابىي سۆزلەرنى تولا قىلىسەن. مۇھەببەتنى ئانچە چۈشەنمەيسەن، سەنمۇ بىرنى ياخشى كۆرۈپ مۇھەببەتلەشكىنىڭدە ماڭا مۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتىڭ» دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويغانىدىڭ. بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى ئېچىنىشقان يەرگە تۇز سەپكەندەك ئۆتكەن ئىشلارنى تەكىگەننىڭ پايدىسى يوق، مەن بىر كىتابتا ئوقۇغان «ئەرلەر ئاياللار ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتسا، ياكى بۇيرۇقۋازلىق قىلسا، ئاياللار باش ئەگمەسلىكى، ئەرلەر قاپىقىنى تۈرسە ئاياللار كۈلۈمسىرىمەسلىكى، ئەرلەر تىكىلىپ قارسا، ئاياللار يەرگە قارىۋالماسلىقى كېرەك، چۈنكى بۇ خىل ئىتائەت قىلىش ھەرىكەتلىرى ئەرلەرنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىدۇ» دېگەن

سۆزنى، تۇرمۇشۇڭدا پايدىلىنىشقا سۇندۇم، قايغۇرمىغىن ئاللا بۇيرۇسا، ھامان بىر كۈنى بەخت، خۇشاللىق ساڭا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. سېنى سېغىنىپ: كەۋسەر.

ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي لالەدىن يەنە خەت كەلدى. بۇ قېتىمقى خەت خېلى كۆپ يېزىلغىنىغا قارىغاندا، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولغاندىمۇ؟ مەن تەشۋىش بىلەن كونۋېرتنى ئاچتىم، خەت مۇنداق يېزىلغانىدى.

سالام دوستۇم كەۋسەر، سەندىن باشقا ھەممىسى ۋە مەن ئۆزۈممۇ ئۆزۈمدىن زېرىكتىم، بىزار بولدۇم. ئاداش دۇنيادا ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن ئەڭ ئىشەنگەن ئادەملىرىنىڭ ئۆزىدىن زېرىكىشىدىن، يۈز ئۆرۈشىدىن، تاشلاپ كېتىشىدىن ئارتۇق ئازاب ھەم ئاھانەت يوقمىكىن دەپ ئويلايمەن، شۇنداق ئېغىر ئازابلارغا دۇچار بولۇۋاتقاندا، ھەممە ئادەم ماڭا قاراپ مەسخىرىلىك كۈلۈۋاتقاندەك بىلىنىۋاتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە سەن يېنىمدا يوق، بەك غېرىبسىنىپ كەتتىم. ئەگەر قۇچىقىمدا ئېمىتىۋاتقان قىزىم بولمىغان بولسا، ئۆرۈمچىگە بېرىپ، ساڭا بارلىق دەردلىرىمنى تۆكۈپ يىغلاپ ئىچىمنى بوشىتىۋالاتتىم. مەن شور پېشانىنىڭ تەلىيىگە بۇ يىل قىشلىق تەتىلدىمۇ قايتىپ كەلمىدىڭ، ئاداش مېنىڭ بېشىمغا كېلىۋاتقان بۇ كۈلپەتلەرنىڭ قايسى بىرىنى دەپ بېرىپ بولاي. ئاھ، خۇدا مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى، ئاھۇ - پەريادلىرىمنى كۆرۈۋاتامسەن! ساڭا ئۆتكەنكى خېتىمدە دېگەندەك نەچچە كۈندىن كېيىن قۇدرەتنىڭ دادىسى بىر نەچچە موللىنى باشلاپ كېلىپ، قۇدرەت، خۇشتار، رەنا قاتارلىق بىر نەچچەيلەننىڭ قاتنىشىشى بىلەن نىكاھىمىزنى ئوقۇپ، بىزنى ئاددىيغىنا ياسىغان ئۆيگە ئېلىپ باردى.

بىراق بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇدرەتنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئەمەس بەلكى تەشكىلنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن بولدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ زورلىشى بىلەن

بولغاچقا، مەن ئانچە خۇشال بولۇپمۇ كەتمەدىم، كۆڭلۈمدە قۇدرەتنىڭ ئاپىسى ۋە تۇغقانلىرىنىڭ مېنى شۇنچە يامان كۆرۈپ ئەخلاقىمدىن قۇسۇر تاپقىنىغا، خۇدايىم بۇيرۇسا، قۇدرەت بىلەن ئىناق ئىجىل ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كېلىنلىك بۇرچۇمنى ياخشى ئورۇنداپ، كېيىن قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرمايدىغان بولسام دەپ ئويلىغانىدىم.

ئەپسۇس، ئۇلار ماڭا ئازراقمۇ پۇرسەت بەرمىدى. ھە دېسىلا قۇدرەتنى چاقىرتىپ ئەكېتىپ، مېنى بالام بىلەن يالغۇز قالدۇرۇپ قويىدى. مەن نەچچە قېتىم قۇدرەتكە:

— چوڭ ئۆيگە بىزمۇ بارايلى، ئاپاڭ قانداق ئەيىبلىسىمۇ چىدايمەن، شۇ بالادا قىزىمىزنى كۆرسە، قىزىمىزغا مېھرى چۈشۈپ قالسا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزمۇ ياخشى بولۇپ قالار، — دېسەم قۇدرەت:

— نېمانچە قىزىق گەپ قىلىسەن، ئاپام سېنى ئېتىراپ قىلمايۋاتسا، بالاڭغا قانداق مېھرى چۈشەر! — دەپ چىقىپ كەتتى، نەچچە قېتىم قىزىمنى باغرىمغا بېسىپ يىغلاپ قالدىم، سەۋرى قاچام توشقان بىر كۈنى مەنمۇ ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ:

— ھە بوپتۇ، ئاپاڭغۇ مېنى، بالىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەن، بۇنىڭغا مەيلى، چۈنكى تونۇشقان جايدا ئۇ يوق! ئەمما سەنچۇ؟ سەنمۇ ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان بالاڭنى ئېتىراپ قىلماسەن؟ — دېدىم ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ.

— ۋۇي، نېمانچە ۋىلقىرايسەن، ئەمدى ھۇنىرىڭ چىقىۋاتامدۇ؟ خۇددى «سۇتتىن ئاق، سېغىزخاندىن ساق» تەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟ — دېدى ئالدىمغا قۇدرەتمۇ ھۆرپىيىپ كېلىپ.

— مېنىڭ ئاقلىقىمنى، ساقلىقىمنى بىلمەمتىڭ؟ نېمە بولسام سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بولدۇم — دېدىم مەنمۇ.

— ھىم، مەن بىلەنلا بولغان بولساڭ مەيلىتىڭغۇ؟

قۇدرەتنىڭ بۇ گېپى بىلەن تەڭ مېڭەم زىڭىلداپ كۆزلىرىمگە

قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

ئاچچىقىمدا كېكەچلەپ كەتتىم.

— سەن نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — دېدىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— سېنىڭ كەچلىك ئىسمېنىدىن قايتقاندا خوشتارنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرغىنىڭنى كۆرگەنلەر باركەنغۇ؟

خوشتار دېگەن ساۋاقدىشىمىز تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ماشىنىسىدا مەن يالغۇز ئەمەس، بىزنىڭ سىمېندىكى خوشتارنىڭ يۈرگەن قىزىنىڭ دوستلىرى بىلەن چىقىۋالغانغۇ؟

— ئۇ بۇرۇن ساۋاقدىشىڭ بولسا كېيىن ساڭا ئاشىق بولغانلارنىڭ بىرسىتىغۇ؟

— بۇرۇن ماڭا تەلەپ قويغانلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاشىقلىرىم بولۇپ قالدىمۇ ئەمدى؟ — دېدىم تېرىكىپ.

— مەن بىر ئەركەك، بىلىپ قوي، سەن ئۇنداق بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا باشقىلار بىلەن يۈرسەڭ مېنىڭ كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ! بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرمۇ سېنى شۇڭا كېلىن قىلغۇسى يوق! — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

— سېنىڭمۇ مېنى ئايال قىلغۇڭ يوقمۇ؟

— يوق!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. دوستۇم كەۋسەر، مۇھەببەت شۇنداق سىرلىق مۆجىزىمۇ؟ ئۇ باشقىلارنىمۇ مەندەك ئەقلىدىن ئازدۇرامدىغاندۇ؟ بىراۋنى ياخشى كۆرۈش بەدىلىگە ئۆز قەدىر-قىممىتىنى، كىشىلىك ئىززەت-غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرامدىغاندۇ؟ مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا مۇھەببەتتىن باشقا نەرسە يوقمىدۇ؟ مۇھەببەت سىغقان يۈرەكتە ئەلۋەتتە تېگىشلىك نەپرەتمۇ بولۇشى كېرەكتىغۇ، قەلبىدە ئاز-تولا نەپرىتى يوق كىشىنى ئادەم دېگىلى بولاتتىمۇ؟ ئۇ نامەرد ئۆز ئىلكىدىن بولغان بالىدىن تېنىپ، ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر ھاقارەت قىلدى، شۇ چاغدا ئۇنى چايناپ

پۈركۈۋېتىشىم كېرەكتىمۇ؟ ئۇمۇ قولۇمدىن كەلمىدى. ھېچ بولمىغاندا، جان - جېنىمدىن ئۆتكۈدەك بىر نەچچە ئېغىز ئاچچىق گەپ قىلىۋېلىشقىمۇ قۇربىم يەتمەي، ئۇنىڭدىن ئەيمىنىپ مەڭدەپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئېسىمنى يىغىپ قارىسام قۇدرەت ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە قايتا ئاياغ باسمىدى. مەن يەنە ئاچچىقى يېنىپ قالسا كىرىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ھېچكىمگە تىنماي نەچچە كۈننى قىزىم بىلەن يالغۇز ئۆتكۈزدۈم. بىر كۈنى قىزىمنى ئىمىتىپ ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭ ئاپىسى ئىشىكنى چەكمەستىنلا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ:

— يۇقىرى ئۆتسىلە ئاپا، — دەپ دېۋانغا باشلىدىم.

— ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق، — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، مەن ئوغلۇمنى ئارزۇ - ئارمانلاپ بېقىپ، ئاخىر سەندەك بۇزۇق جالاپقا تاشلاپ بېرىدىغان ئەخمەق خوتۇن ئەمەس. مەنچۇ ئوغلۇمغا ئەركەك چىۋىن قونمىغان، «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك قىز ئېلىپ بېرىمەن، سەن بۇ ھارامدىن بولغان بالاڭنىڭ دادىسىنى تېپىۋال! بالامغا دانىكادەك چاپلىشىۋالما، ئۆتمەس ماتا، زولاپ ساتا. . .

جېنىم كەۋسەر ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن. . . ئۇنىڭ ئاغزى ئىككى كېسەك قويسا ھاجەتخانا بولغۇدەكلا بىر ئېغىزكەنكى، ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەپ، ۋارقىراپ - جارقىراپلا كەتتى. قولۇم - قوشنىلارنىڭ كىرىپ ئۇ خوتۇننى ئېلىپ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىنىڭ كېسەل كارۋىتىدا ئاسما ئوكۇل سېلىنغلىق ھالەتتە يېتىپتىمەن، بېشىمدا ئاپام بىلەن دادام يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ماڭا نېمە بولدى؟ — دېدىم ئۇلارغا قاراپ.

— ھېچ ئىش يوق قىزىم، سېنى ئاللا يەنە بىر قېتىم بىزگە قايتۇرۇپ بەردى، خۇدايىم بىلىپ ئۇ باغرى تاش خوتۇنغا بالا يۈزى

كۆرسەتمەپتىكەن، بىزنى يىغلىتىۋالدىم دېگەن بىلەن خۇدا بىر كۈنى ئۇنىڭغىمۇ كۆرسىتىمدۇ... — دېدى ئاپام يىغلاپ تۇرۇپ. دادام چاچلىرىمنى سىلاپ كەپ - سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر ھەپتە كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتتىم. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە يۈرەكتە چاتاق باركەن، دوختۇرنىڭ دىئاگنوزىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەك يېرىم بولدى. شۇ كۈنلەردە تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ يوقلاشتى. ئىشىككە شۇنداق تەلمۈرىمەن، ئۇنى كىرىپ قالامدىكىن دەپ. يىراقتىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشلىرىنى تىڭشاپ ئىشىككە بويۇنداپ قارىغان ۋاقتىمدا ئۇ كىرىپ قالغان بولسا مەن ساقىيىپ كېتەرمىدىمكىن دەپ ئويلايمەن. شۇ كۈنلەردە ماڭا دوختۇرنىڭ دورا - ئوكۇلىدىنمۇ ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتى ئەڭ ياخشى داۋا بولالايتتى... بۇنى پەقەت ئۆزۈملا بىلىمەن، ساڭىلا دېيەلەيمەن. ئەپسۇس ئۇ كەلمىدى، كېلەلمىسىمۇ ھېچ بولمىغاندا بىرەرسىدىن مېنى سوراپمۇ قويماپتۇ. بىر ئاي بولغاندا دوختۇر كېسەلخانىدىن چىقىشىمغا رۇخسەت قىلدى. دوختۇرخانىدىن چىقىشتىن بۇرۇن دوختۇر ماڭا خۇشال - خۇرام يۈرۈشىمنى، ئارتۇق خاپا بولماسلىقىمنى، بولمىسا يۈرەك كېسىلىمگە دورا - ئوكۇلنىڭمۇ پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى تاپىلىدى. ئاداش، شۇ مىنۇتتا مەن قىزىم زىلالەنى ئويلىدىم. مەن بىرەر ئىش بولۇپ كەتسەم زىلالە كىملەرنىڭمۇ قولىغا قالار؟ مەن شۇ شور پېشانە قىزىم ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىم، ئۇزۇنراق ياشىشىم كېرەك. ئاھ قۇدرەت! سەن مېنىڭ يۈرىكىمگە ئاشۇ ۋاپاسىزلىق خەنجىرىنى سانجىمىغان بولساڭ، مەن بۇنداق ئاقىۋەتلەرگە قالماس ئىدىم... مەن شۇلارنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزگەچ كۆزۈمنى تۇتالماي يىغلىدىم.

— قىزىم، يىغلاپ نېمىگە ئېرىشەلەيسەن، كېسىلىڭنى ئېغىرلاشتۇرىۋالىسەن، دوختۇرخانىدىن چىقساڭ قانداق قىلاي دەۋاتىسەن، — دېدى ئاپام نەرسە - كېرەكلىرىمنى يىغىشتۇرغاچ.

— ئاپا، ئەگەر دادام ماڭا باغرىنى ئاچسىلا، قىزىم بىلەن سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەتكۈم بار، — دېدىم كەسكىنلا.

دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيگە كىرسەم دادام زىلالەنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا چىقتى، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، يىغلىغان پېتىم دادامنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. ئاھ دادامنىڭ باغرى نېمىدېگەن كەڭ، نېمىدېگەن ئىللىق ھە؟ دادام قىزىم ئىككىمىزنى باغرىغا مەھكەم باستى.

— دادا مېنى كەچۈر، مەن ئەقىلسىز، سىلەرنــى يەرگە قاراتتىم، — دېدىم ئېسەدەپ تۇرۇپ.

— بالام، بۇمۇ ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان تەقدىر، مەن ھايات تۇرسام، ھەرگىز بوينۇڭنى قىسماي كۆلۈپ ياشىغىن. . . — دېدى بوغۇلۇپ تۇرۇپ، دادامنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار قىزىم ئىككىمىزنىڭ يۈزلىرىگە تامچىلىدى.

قۇدرەت بىلەن ھېسابتا تۆت ئاي ئۆي تۇتقان بولدۇق، قىزىم ئالتە ئايلىق بولغاندا ئاجراشتۇق. سوت قىزىمغا قۇدرەتنىڭ ئايدا 30 يۈەن بېقىش ھەققى بېرىشنى بېكىتتى.

— كەۋسەر، مەن ساڭا دېمىسەممۇ شۇ تاپتا قانچىلىك دەرىجىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلدىڭ. پەقەت ئانىــلىـــق مۇھەببەت، پەرزەنتلىك مەجبۇرىيەتلا مېنى ئازابلىرىمغا ھاي بېرىپ كۈلۈپ ياشاشقا ئۈندەۋاتىدۇ.

ئاداش ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا خەت يېزىپ دەردىمنـــى تۆكۈپ ۋاقتىڭنى ئالدىم، مېنىڭ سەندىن باشقا دەردلىرىمنى تۆكىدىغان، ماڭا تەسەللى بېرىپ يول كۆرسىتىدىغان باشقا يېقىن ئادىمىممۇ يوقكەن، دەردلىرىمنى تۆكۈپ سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. سېنى ئوقۇش پۈتتۈرسە ئۇرۇمچىدە قالىدىكەن دېگەنگەپ بار، راستىمۇ؟ كاملىنى مايتاغقا كېلىشكە قوشۇلدى دەۋاتاتتىڭغۇ؟ ۋاقىت چىقىرىپ ماڭا خەت ياز، سېنىڭ خەتلىرىڭ ماڭا تەسەللى بېرىپ قالار.

لالەنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ گېلىمغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولدۇم، كۆرۈۋاتقان كىتابىمنى قولۇمغا ئالسامۇ زادى زېھنىمگە چۈشمىدى. توۋا، ئادەملەر نېمانچە ۋاپاسىز، نېمانچە رەھىمسىزلىشىپ كەتتى؟ مۇھەببەت شۇنداق قەدىرسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ مۇھەببەت ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان بىر ۋاپادار قىز ئاخىر شۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇۋاتسا نېمە بولغىنى؟! خىيالىمدا قۇدرەتكە نەپرەت ياغدۇرۇپ لالەگە ئىچ ئاغرىتاتتىم. سەن ئەخمەق، سەن ساددا، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك نەرسەڭنى قۇربان قىلىپ ئاخىرى يوپۇرماقسىز دەرەخكە ئايلاندىڭ... مەن ئاخىرى قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئېغىر ئازابلارغا قالغان دوستۇمغا خەت ئارقىلىق بولسىمۇ تەسەللى بېرىش قارارىغا كەلدىم. شۇندىلا ئۆزۈممۇ سەل يەڭگىللەپ قالغۇدەكمەن.

سالام، دوستۇم گۈللالە، ياخشىمۇ سەن؟

ئاداش، خېتىڭنى ئوقۇپ سېنىڭ بەختسىز بولۇپ قالغىنىڭغا ئىچىم بەكلا ئېچىشتى. كۆز ئېكرانىمدا چىرايلىق كۆزلىرىڭدىن ياش تۆككەن هالدا، ئوماق قىزىڭنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغان بىچارە هالىتىڭ پەيدا بولغاندا، ئۈتتا كۆيگەن قىلدەك تولغاندىم. بىراق بۇنداق بەختسىزلىكىڭگە ئېچىنىپ، يۈرىكىم سەن ئۈچۈن يىغلاۋاتقان بولسىمۇ نېمە پايدىسى؟ ساڭا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىدىم. راستىنى دېسەم «تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ» ، مانا بۇ بىز بىرەر ئىش ئۈستىدە مەغلۇپ بولغاندىلا ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىدىغان تىنچلاندۇرۇش دورىسى، هازىرچە مەنمۇ ساڭا شۇ دورىدىن بېرىپ تۇراي، ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى خۇشاللىق ۋە خاپىلىق ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، سەن ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىڭگە هاي بېرىپ كەلگۈسىڭگە ئۈمىدۋار بول، بۈگۈن كەچ كىرىپ، قۇياش پاتقان بولسا، ئەتە يەنە قۇياش كۆتۈرۈلۈپ تاڭ ئاتىدۇ. سەن تېخى ئەمدىلا 21 ياشقا كىردىڭ. ئالدىڭدا يەنە نۇرغۇن

تاڭلار ساڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرىدۇ. بەلكىم شۇ سېخىي تاڭلار قوينىدا ساڭىمۇ تېگىشلىك بەخت نېسىۋىسى باردۇر. ئاداش، كىم بىلىدۇ، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، قۇدرەت قىلغان ۋاپاسىزلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ ئالدىڭغا كېلىپ گۇناھىنى تىلەمدۇ. . .

شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىشلار ئوڭشۇلۇپ كېتەر. سېنى خۇشتارنىڭ ماشىنىسىغا چىققىنىڭنى تىلغا ئېلىشى بىر نامەردلىك، قۇرۇق بانايى ـ سەۋەب. سەن كۆپ ئازابلانماي، ئاتا ـ ئاناڭ، بالاڭ ئۈچۈن خۇشال ـ خۇرام ياشىغىن. ئاداش، مەن ئوقۇش پۈتتۈرسەم ئۈرۈمچىدە قالغۇم يوق دېيەلمەيمەن، قانداقلا بولمىسۇن بۇ چوڭ شەھەردە بەش يىل ئوقۇدۇق، بىزنىڭ باشتا ئۈرۈمچىنى تىللاپ، يۇرتنى سېغىنىپ يىغلايدىغان نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمىز ئەمدىلىكتە ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي، يۇرتىدىكى توپىلىق يوللاردىن بىزار بولۇپ ئۈرۈمچىدە قېلىشقا يول مېڭىۋاتىدۇ، بىراق مەن كېتىمەن، چۈنكى مەن مەرھۇم ئۇستازىمىز جالالىدىن مۇئەللىمگە ئوقۇش پۈتتۈرسەم مايتاغقا كېلىپ ئوقۇتقۇچى بولىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. گەرچە ئۇستازلىرىمدىن، ساۋاقداشلىرىمدىن، ئانا مەكتىپىمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىسىمۇ ئامال يوق! ۋەدەمدە تۇرۇشۇم كېرەك. كەلگۈسى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەشكە جالالىدىن مۇئەللىمدەك ئاخىرقى نەپسىگىچە ئۆزۈمنى بېغىشلىشىم كېرەك. لالە كۆپ سۆزلەپ ۋاقتىڭنى ئالدىم، خەيرى ـ خوش، قىزىڭ زىلالەنى مەن ئۈچۈن سۆيۈپ قوي.

سېنى سۆيۈپ

كەۋسەر

مەن خەتنى يېزىپ بولۇپ، پوچتىدىن سېلىۋېتىپ، سەل يەڭگىللىگەندەك بولۇپ، كۇتۇپخانىغا قاراپ كېتىۋاتاتتىم.

— كەۋسەر، — ۋارقىرىدى بىرسى تونۇش ئاۋازدا. ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام گۇلگىنە ماتېماتىكا فاكۇلتېتى تەرەپتىن

كېلمۋاتاتتى.
— نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — سورىدى مەندىن.
— پوچتىخانىغا، لالەگە خەت سېلىۋېتىپ كەلدىم.
— ئۇنىڭ ئىشلىرى قانداق بوپتۇ؟
مەن گۈلگىنەگە لالەنىڭ بەختسىزلىكىنى سۆزلەپ بەرگەچ يىغلاپ سالدىم، گۈلگىنەنىڭمۇ ناھايىتى ئاچچىقى كەلدى.
— مۇشۇنداق ۋاپاسىز ئوغۇللارنى ئويلىسام مەڭگۇ توي قىلغۇم يوق! بىچارە لالە قۇدرەتنى بەك ياخشى كۆرەتتى، قۇدرەتتىن ئايرىلىش ئۇنىڭغا تازا ئېغىر كەلگەندۇ — ھە؟ — دېدى گۈلگىنە قاپقارا بۇدرە چاچلىرىنى قوللىرى بىلەن تارىغاچ.
— كەچلىك تاماق يېدىڭمۇ دېدى، — گۈلگىنە.
— ياق، لالەنىڭ خېتى بىلەن گېلىمدىن تاماق ئۆتىدىغاندەك ئەمەس، شۇڭا كۇتۇپخانىغا ماڭغانىدىم، — دېدىم مەن.
— مەنمۇ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرۇپ كەچلىك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ، شۇڭا سىرتتىن تاماق يەپ كىرەي دەپ ماڭغانتىم، بىرگە پاراڭلاشقاچ تاماق يەپ كىرەيلى، — دېدى گۈلگىنە چاپىنىمنىڭ يېڭىدىن تارتىپ.
بىز پاراڭلاشقاچ داشۆنىڭ ئالدىدىكى بىر ئاشخانىغا كىردۇق.
— ھە، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، سەن ئوقۇش پۈتتۈرسەڭ كېتىدىغىنىڭ ئېنىق بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى گۈلگىنە تاماق يېگەچ.
— ھەئە، كېتىمەن.
— كامالچۇ؟
— بىلمەيمەن، — دېدىم خىيال بىلەن.
— نېمىشقا بىلمەيسەن؟
— ئاداش، مەن كەتسەم ئۇمۇ مايتاغقا كېتىمەن دەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى، مەكتەپىدە ياكى دوختۇرخانىلاردا قالسا

ئۇنىڭ ئىستىقبالى بولاتتى. شۇڭا، ئۇنى كېتىنىڭ دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. بىلمىدىم، بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى قانداق بولاركىن.

— مايتاغنىڭ دوختۇرخانىسىمۇ خېلى چوڭ، كامالغا ئوخشاش ياخشى ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلارغا موھتاج تۇرسا، مائاشىمۇ يۇقىرى، كامال مايتاغقا كەتسە ھەرگىز زىيان تارتمايدۇ.

— بۇ سىنىڭ قارىشىڭ، مەن ھەرگىز ئۇنداق دېيەلمەيمەن، — دېدىم مەن.

— ھە، ئۆزگىچۇ؟ قانداق قىلاي دەيسەن؟

— مەن ئالدى - ئارقامغا قارىماي كېتىمەن.

— دىلىزاتچۇ؟

— گۈزەل يۇرتى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلغۇسى يوقكەن.

— ئاخىرى قانداق قىلماقچى بولىۋاتىسەن؟

— كېيىن يا ئۇ، يا مەن ئاتا - ئانىمىز قوشۇلغاندا يۆتكىلىدىغان بولىۋاتىمىز، — دېدى گۈلگىنە غەمكىن ھالدا، — بۇ يەرگە بەش يىلنىڭ ئالدىدا شۇنداق بىر غەمسىز، خۇشال كەلگەنىدۇق ، مانا ئەمدى دۇمبىمىزگە ئېغىر يۈكنى ئارتىۋېلىپ قايتىدىغان بولدۇق، ئادەم چوڭ بولمىسا ياخشى ئىكەن، — دېدى.

— ئويلاپ باقسام، ھەممىدىن بەك لالەگە ئۇۋال بولدى، بىز ئوقۇش پۈتتۈرمەي تۇرۇپلا ئۇ بىر بالىنى قۇچاقلاپ، ئېرىدىن ئاجراشقان تۇل ئايال بولۇپ قالدى، — دېدىم ھەسرەت بىلەن ئۇھسىنىپ.

— توۋا، گۈللالە دېسە قايسى يىگىتنىڭ قولى يېتەر دەيدىغان، ئېگىز شاختىكى گۈلىمىزنىڭ شۇ قۇدرەتنىڭ قولىغا چۈشۈپ، ۋاقىتسىز ئېچىلىپ. . . — گۈلگىنە گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويدى.

ئوقۇشىمىز پۈتۈپ، مايتاغقا كېلىپ خىزمەتكىمۇ كىرىپ بولدۇق. مەن ئوتتۇرا مەكتەپكە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى،

گۈلگىنە باشلانغۇچ مەكتەپكە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى بولدى. گۈلگىنەنىڭ يۈرگەن يىگىتى ئۈرۈمچىدە قالدى، كامال بولسا بۇ يەردىكى دوختۇرخانىغا ئىشقا چۈشتى. تۇرمۇش ئۆز رىتىمى بويىچە داۋاملاشماقتا ئىدى، بىزنىڭ يېقىن ئۆتىدىغان ساۋاقداشلىرىمىز ئىچىدە نۇراي بىلەن رۇستەملا توي قىلىپ بولغانىدى. لالە بولسا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. قۇدرەت ئوغۇل ساۋاقداشلار بىلەن ئارىلاشقان بىلەن قىزلار بار يەرگە كەلمەس بولدى. قۇدرەت بىلەن تۇنجى ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىدا ئوقۇتقۇچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن تانسا كېچىلىكىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق، ئۇ بۇرۇنقىدەك بەك ئوڭايسىزلىنىپ كەتمىدى. مەن سالام قىلغاندىن كېيىن:

— مەن تېخى سېنى دوستىغا قارىلىق تۇتۇپ، ماڭا گەپ قىلماسمىكىن دېگەنتىم، — دېدى مەن بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ.

— قىلغان ئىشلىرىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ۋىجدانىڭ كۆتۈرگەن بولسا بىزدە نېمە ئامال، ھەر ھالدا ساڭا قارىغاندا قىزىڭنىڭ بەختى بار ئىكەن، — دېدىم.

— نېمە دېمەكچىسەن؟ — دېدى قۇدرەت ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك ئاتا - ئاناڭ سېنى تېپىپ قويۇپ، ئىگە بولماي خەققە بېرىۋېتىپتىكەن، سېنىڭ قىزىڭنىڭ دادىسى ئىگە بولمىغان بىلەن ئاق كۆڭۈل ئانىسى، كۆيۈمچان بوۋىسى بىلەن مومىسى ئىگە بولۇپ بېقىۋاتىدۇ، — دېيىشىم بىلەن تەڭ مۇزىكا تۈگەپ قالدى. قۇدرەتنىڭ چىرايى تامدەك تاتارغان بولسىمۇ، ئامالسىز ئورنىغا كەتتى. ئۇنىڭ ئوسال ھالىتىنى كۆرۈپ، ئىچىم بوشىغاندەك بولۇپ، سەل يەڭگىللەپ قالدىم. ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇمغا گۈلگىنە قۇلىقىمغا:

— ئاداش قۇدرەت بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قالدىڭمۇ، ئەجەب چىرايلىرى تاتىرىپ كەتتىغۇ؟ — دېدى پىچىرلاپ. مەن گۈلگىنەگە

قۇدرەتكە دىگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەرسەم، گۇلگىنە پىخسىلداپ كۇلگىنىچە:

— تازا جايىدا ئەدىبىنى بىرىپسەنغۇ؟ — دىدى خۇش بولۇپ.

لالەگە بۇ گەپلەرنى دىمىگەن ئىدىم، چۈنكى خىيالىمدا ئۇلار هامان بىر كۈنى ئاچچىقى يانغاندا يارىشىپ قالىدىغاندەكلا بىلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بارسام ئالدىمغا پىلتىڭلاپ مىڭىپ كەلگەن زىلالەنى قولۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوماق چىھرىگە تويماي قاراپ كىتىمەن. زىلالە قۇدرەت بىلەن لالەنىڭ ئەڭ چىرايلىق جايلىرىنى تارتقان بولۇپ، قارلىغاچىنىڭ قانىتىدەك قېشى بىلەن قىرلىق بۇرۇنى ئۆز ئەينى لالەگە، ئويچان كۆزلىرى، يۈز قۇرۇلۇشى، ئېغىزى قۇدرەتنىڭ ئۆزى ئىدى. توۋا مۇشۇنداق ئۆز پۇشتىدىن تانغان نائەھلىگىمۇ خۇدا بالا بىرىدىكەن دەپ ئويلاپ كىتىمەن. شۇنداق قىلىپ زىلالەمۇ مومىسى بىلەن بوۋىسىنىڭ ھىمايىسىدە ئەتىۋارلىق نەۋرە ئەمەس، قىزى ئورنىدا چوڭ بولۇۋاتاتتى. لالە بولسا قىزىغا خۇددى سىڭلىسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك قارايتتى، زىلالەمۇ ئۇنى ئاچا دەپ تىلى چىققاندى. ئۆز بالىسىنى بالام دىيەلمىگەن ئانا بىلەن ئۆز ئانىسىنى ئاچا دەپ تىلى چىققان قىزىغا قاراپ ئۆپكەم ئۆرۈلدى. توۋا مۇشۇمۇ تەقدىرمۇ؟ ئادەملەر ئېرىشىشكە تېگىشلىك نەرسىگە ئېرىشەلمىسىلا تەقدىردىن كۆرىدۇ، ئۆزلىرىگە شۇ «تەقدىر» ئاتالغۇسى ئارقىلىقلا تەسەللى بىرىدۇ. مەن شۇ خىياللار بىلەن ئولتۇرسام لالە چاي دەملەپ كىردى.

— ئاداش چىيىڭنى رەناللارنىڭ ئۆيىگە بىرىپ ئىچەيلى، — دىدىم قولىدىكى چەينەكنى ئېلىپ.

— قانداق، نۇرايىلارنىڭ ئۆيىگە بىرەر ئىش بىلەن بارامدۇق؟ — دىدى ئۇ پاقالچىقىغا ئېسىلغان زىلالەنى كۆتۈرگەچ.

— گۇلگىنەنىڭ يىگىتى دىلزات ئۇرۇمچىدىن كەپتىكەن،

نۇراي بىلەن رۇستەم ئۆيىگە چاقىرىۋاپتۇ. نۇراي ماڭا ساڭا ئۇقتۇرالمىغانلىقىنى دەپ بىرگە ئىلىپ كېلىشىمنى تاپىلىغان ئىدى، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىكى زىلالەنى قولۇمغا ئالغاچ.

— ئۇ سورۇندا يەنە كىملەر بار؟

— سەن، مەن چىمەن بىلەن ئالىم، گۈلگىنە، دىلزاتلار بار باشقا ئادەم يوق! — دېدىم چۈشەندۈرۈپ.

— كامالچۇ؟

— ئۇ بۈگۈن ئوپېراتسىيىگە كىرەتتىكەن، كەچرەك بارماقچى، يەنە بىرسىنى سورىمايسەنغۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گۇمان بىلەن قاراپ.

— ئەگەر ئۇ بولسا، مەن بارماي ئاداش، ئۇ شۇنداق دەپلا قولۇمدىكى قىزىنى قايتا قولىغا ئېلىۋالدى.

— سېنى نېمە دەيدىكىن دەپ شۇنداق قويدۇم، ئەگەر ئۇ بولغان تەقدىردىمۇ بېرىۋېرىشىڭ كېرەك. ئۇنىڭ ئالدىدا سېنىڭ يۈز كېلەلمىگۈدەك ئىشىڭ يوق! ئۇ ئۆزىدە بولغاچقىلا سەن بار يەردىن قېچىپ يۈرىدۇ، — دېدىم.

شۇنداق قىلىپ نۇراينىڭ ئۆيىگە كەتتۇق. ئاددىي ئەمما رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان چىرايلىق خانىدە دىلزات، گۈلگىنە، نۇراي، رۇستەم، رەنا، ئالىملار بىزنى ساقلاپ ئولتۇرغانىكەن. توۋا بىز ئۆيگە كىرىشىمىز هامان لالەگە هەيران قالدىم، ئۇنىڭ ئاجايىپ تەشنالىق بىلەن زارىققان كۆزلىرى ئۆي ئىچىدە كىمنىدۇر ئىزدەيتتى. بۇلۇڭ - پۇچقاقلارغا، هۇجرا، ئاشخانىلارغا تىكىلەتتى، چىرايى دەممۇدەم ئۆزگىرەتتى. تىترەۋاتقان پۈتلىرىغا كۆزۈم چۈشۈپ بىچارىگە ئىچىم ئاغرىدى.

— باشقىلار كەلمىدىمۇ؟! — دېدى ئۇ ئاخىرى ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا خۇددى پەرياد قىلغاندەك بىر خىل ئاۋازدا. بىر - بىرىمىزگە تەڭلا قاراشتۇق. بۇ هالدا ئۇنىڭغا

چاقچاق قىلىشىنىڭ ئەلۋەتتە ئورنى قالمىغانئىدى.

— كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، سەل تەخىر قىلايلى، — دېدى نۇراي پىيالىلەرگە چاي قۇيغاچ.

ئۆزىنى يوقاتقان لالە تەكەللۇپسىزلا قىززىق چاينى سۇمۇرۇۋىدى، چاي ئۆپكىسىگە كېتىپ، قېقىلىپ كەتتى. بىز ئىختىيارسىز خۇددى يىغلىغاننىڭ ئورنىدا ئايانچلىق بىر ئاۋازدا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. لالەگە قارىۋىدىم، ئۇنىڭ ئىككى تامچە يېشى ئېقىپ چۈشۈپ، بېشى تىزلىرى ئۈستىدە ساڭگىلاپ قالدى.

شۇ چاغدا ئىشىك يەڭگىل چېكىلدى. ھالسىزلانغان لالە بېشىنى شۇنچىلىك تېز كۆتۈردىكى، ئۆزىمۇ قاڭقىغاندەك تۇرۇپ كەتتى. ساھىبخان بولغاچقا ئەلۋەتتە ئىشىكنى نۇراي ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدە قۇدرەت گويا كامىرغا يالاپ كېلىنگەن مەھبۇستەك جۈرئەتسىز ھالدا يەرگە قاراپ تۇراتتى. شۇئان لالەگە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايى لاۋۇلداپ يانغان ئىدى، چاقنىغان كۆزلىرىدىن ئۆي باشقىچە يورۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

قۇدرەت، دىلزات، رۇستەم، ئالىملار بىلەن كۆرۈشۈپ قىزلار بىلەن تىلى كالۋالىشىپ، گەپلىرى قولاشمىغان ھالدا ئىسەنلىك سوراپ سالاملاشتى. نۆۋەت لالەگە كەلگەندە ئۇ شۇنچىلىك ھودۇقتىكى، لالەگە قارىغاندەك قىلسىمۇ نۇرسىز، ئىپادىسىز كۆزلىرىدە ئۇ چوقۇم لالەنى كۆرمىدى.

كامالمۇ ئۆزلۈكىدىن قالماي كەلدى، قىزىل دېگەندەك ھاراقمۇ ئىچىشىپ باقتۇق. ئۇنىڭغۇ قويۇشتۇق، تانسىمۇ تانسىغا، ئۇسسۇلمۇ ئۇسسۇلغا ئوخشىمىدى. ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك ياڭرايدىغان بۇرۇنقى كۈلكە - چاقچاقلىرىمىز بۈگۈن نەگە كەتتىكىن؟ پاراڭلىرىمىزمۇ پەقەت قولاشمىدى. لالەنىڭ سۆيگۈ ئازابى ھەممىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تاراپ كەتتىمۇ، سورۇندىن ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز قايتتۇق.

بىر چاغلاردا سورۇندىن قايتقىنىمىزدا قۇدرەت لالەنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن قەستەن يولنى ئۇزارتقىلى ئۇنى قولتۇقلىغان ھالدا باشقا مەھەللە، باشقا تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتەتتى. بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن زوقلۇنۇپ، ھەۋەسلىنىپ قاراپ قېلىشاتتۇق. ئۇلار شۇ چاغدا كۆزىمىزگە خۇددى ئاي دالادىكى خىيالىي سۈرەتتەك شۇنچىلىك گۈزەل ۋە شۇنچىلىك بەختىيار كۆرۈنەتتى.

بۇگۈنچۇ؟ نۇرايىنىڭ ئۆيىدىن چوڭ يولغا چىقىشىمىزغا قۇدرەت دۇدۇقلاپ، چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى دەپ يوقىلاڭ بىر باھانە تاپتى ـ دە، بىز بىلەن تۈزۈكرەكمۇ خوشلاشمايلا ئۆيى تەرەپكە كېتىپ قالدى. لالە شۇئان مۇرەمگە بېشىنى قويۇپ مېنى قولتۇقلىۋالدى. ئۇ شۇ تاپتا مېنى قولتۇقلىۋالدى ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۈمىدسىزلىكتىن ھالسىزلانغان ۋۇجۇدىنى كۆتۈرەلمەي ماڭا يۆلىنىۋالغانىدى.

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى. ساۋاقداشلار كەينى ـ كەينىدىن توي قىلىشقا باشلىدى.

نويابىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدىكى قار چۈشىۋاتقان بىر كۈنى، لالە ئىككىمىز يەنە بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ تويىدىن بىللە قايتتۇق. ئۇ بۈگۈن تويدىمۇ بەكلا غەمكىن ئولتۇردى. مەن بىلەن يانمۇيان كېلىۋېتىپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋاتتى. ئۇنى قولتۇقلىۋالغانىدىم. ئۇ شۇنداقتىمۇ نېمىگىدۇر پۈتلىشىپ مۇدۇرەيتتى، كۆزلىرىدىن ئېپىتىپ تۆكەتكۈسىز بىر مۇڭ ـ ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ئاداش قارىغىنا، نېمانچە چىرايلىق قارلىق كېچە بۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ چىرايىغا قارىماي تۇرۇپ، — سەيلى قىلغاچ بىردەم ئايلىنامدۇق؟

— ئايلانساق ئايلىنايلى، مۇڭدىشىمىز. لېكىن، ماڭا سەيلە

ياراشمايدۇ، — دېدى ئېغىر ئۇھسىنىپ.

— ھەممە كىشىگە يارىشىدىغان سەيلە ساڭا نېمىشقا ياراشمىغۇدەك؟

ئۇ شۇنداق تېز بىر قەدەم ئېلىپ ئالدىمنى توستى. كۆزلىرىدىن ئادەمنى تىترەتكۇدەك بىر چاقناش پارلىدى.

— سەن دوستۇمتىڭغۇ، ئىككى دۇنيالىق دوستۇمتىڭغۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ ماڭا نېمىشقا دېمەيسەن؟

لالەنىڭ بۇ قەھرلىك سۆزلىرىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

— نېمە دەيدىغانسەن؟ مەن نېمىنى بىلىپ تۇرۇپ ساڭا دېمەپتىمەن، ئۇنداق ئۇۋال قىلما ماڭا!

— ئۇ كۆزلىرىمنىڭ ئىچىگە ياش تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن شۇنداق تىكىلدىكى. . . ئۇ كۆزلەردىكى ھەممىنى سۆزلەپ تۇرغان ئەلەملىك چاقناشلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزۈمنى قاچۇردۇم.

— ئۇ توي قىلىدىغان بوپتۇ، — دېدى لالە خۇددى يوچۇقتىن ۋىژىلداپ كىرگەن شۇۋىرغاندەك بىر ئاچچىق ئاۋازدا.

— كىم؟

— كىم؟ قۇدرەتچۇ؟ !

— كىم بىلەن؟

لالە يىغا ئارىلاش كۈلۈمسىرىدى.

— گۈلگىنە بىلەن.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟ — بېشىم پىرقىراپ، قۇلىقىم ۋاڭشىپ كەتتى، قار لەپىلدەپ چۈشىۋاتقان ئاسمانغا قارىدىم، مۇزدەك قار ئۇچقۇنلىرى شۇ تاپتا يۈزۈمگە، كۆزلىرىمگە ئەمەس، دەل يۈرىكىمگە چۈشىۋاتقاندەك بىلىندى.



— كەۋسەر، جېنىم دوستۇم، بىلەمسەن؟ — دېدى لالە

بوينۇمغا ئېسىلىپ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — مەن گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ كەتسەممۇ ئۇ ھامان مېنى ئىزلەپ كېلىدىغاندەك، لالە مېنى كەچۈر قىزىمىزنى ئۆزىمىز باقايلى، دەپ ئالدىمغا كېلىدىغاندەك بىلىنىپ ئۇنىڭدىن ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزمىگەن ئىدىم، قۇدرەت گۈلگىنە بىلەن توي قىلىدىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، يەر - جاھان چۆرگىلەۋاتقاندەك كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. مەن نەچچە كېچە ئۈنسىز يىغلىدىم. نېمانچە تولا ياش بۇ؟ خۇددى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۆز يېشى بىلەن پۈتۈلگەندەك. دوستۇم، توي قىلسىمۇ مەن تونۇمايدىغان بىرى بىلەن توي قىلسا بولمامدۇ؟ ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلىپ قېرىشقاندەك كىچىكىمدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان دوستۇم بىلەن توي قىلىشى مېنى تېخىمۇ ئازابلىدى. بۇ يۇرتتا، بۇ جاھاندا ئۇنىڭغا باشقا قىز تېپىلماسمىدى؟ مەن پەقەت چىدىماي قالدىم. مېنىڭ ئىچىم بەك تارمۇ ياكى ئۇنى تېخىچىلا سۆيەمدىمەن، بۇنى بىلمەيمەن، كەۋسەر جېنىم ئاداش، مەن نېمانچە بەختسىز، نېمانچە شور پېشانە!

قار لەپىلدەپ چۈشۈۋاتاتتى. بىر كۈنلۈك ھاياتىمن كېيىن ھالسىرىغان بۇ كىچىك شەھەر قاتتىق ئۇيقۇدا ئىدى. دۇنيادا پەقەت لالە ئىككىمىزلا باردەك ئۇزۇن كەتكەن ئاسفالت يولنىڭ چىراغ نۇرى ئاستىدا ئىككىمىز يالغۇز تۇراتتۇق، دوستۇمنىڭ ھازىرقى ھالىغا قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن يىغا ئۆرلەپ كېلىۋاتاتتى. يىغامنى زورىغا بېسىپ:

— لالە، — دېدىم ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ، — سەن نېمانچە ئەخمەق؟ ئۇ سېنى شۇنچە خارلىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېلىغىچە ياش تۆكۈۋاتقىنىڭ نېمىسى؟ ئەگەر ئۇ سېنىڭ سۆيۈشىڭگە ئەرزىگۈدەك ئەر بولسا قانچىلىك ئەقىدە قىلساڭ مەيلىتى. ئۆز سۆيگۈنىدىن ھەتتا ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىدىن تانغان ۋاپاسىزغا لەنەت ئوقۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق كىشى بىلەن توي قىلماقچى بولغان گۈلگىنەگە كۈل، ئۇنىڭ

كېيىنكى يىغىسى ئۆزىنىڭ شورى. يىغلىما دوستۇم، غەيرەتلىك بول، سەنمۇ باشقىلارغا قارىلىق تۇتۇپ يۈرىۋەرمەي كۆڭلۈڭگە يارىغۇدەك بىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ توي قىلىۋال.

— توي قىلىۋال دېگىن، — دېدى لالە مىيىقىدا ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — «باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەپتىكەن، ھاياتىمدا تۇنجى سۆيگەن يىگىتىمدىن كەلگەن ۋاپا شۇ تۇرسا، باشقىلاردىن نېمە كۈتەلەرنى كۆرەرمەن. ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلىگەن بولسام باشقىسى مەيلىتى .

بىز شۇ كۈنى كەچتە ئىككى سائەتتەك قارلىق كوچىلارنى ئايلىنىپ بىر - بىرىمىزگە قىيالمىغان ھالدا ئۆيلىرىمىزگە قايتتۇق.

ئەتىسى ئىشتىن چۈشۈپلا گۈلگىنەنىڭ ئۆيىگە ماڭدىم. يولدا كېتىۋېتىپ گۈلگىنەنىڭ باشقا بىر قۇدرەت ئىسىملىك بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى بىزنىڭ ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ خاتا بولۇپ قېلىشىنى تىلىدىم. ئىككىمىز چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ پاراڭلىرىنى قىلغاندىن كېيىن گەپنى مەن تەشتىم.

— گۈلگىنە يېڭى بىر گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ؟

ئۇنىڭ شوئان بويۇنلىرىنى بويلاپ پۈتۈن يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈردى.

— ساڭا بۇ ئىشلارنى نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى گۈلگىنە كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ پىيالىمگە چاي قۇيغاچ، - ئۆزۈمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ.

— ئۇ ساڭا ئوچۇقلا توي قىلايلى دېدىمۇ؟

— ياق، بۇ ئىشنى دەسلەپتە ئىككى ئائىلىدىكى چوڭلار تاپتى، بۇ گەپ بلشتا ماڭىمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. لېكىن، ۋاقىت ھەممىنى يېڭىدىكەن. ئىككىمىز بىر ئىشخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ مىجەزىمىز كېلىشىپ قالدىمۇ، ياكى تەقدىر دېگەن شۇنداقمۇ، بىلمىدىم

يېقىنلىشىپ قالدۇق. شۇنداقتىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇششاق سۆزلىرىدىن، دوستلارنىڭ تاپا ـ تەنىلىرىدىن ئەنسىرىدىم. ئەڭ مۇھىمى گۈللالەنىڭ يۈزىگە قانداق قارار مەن دەپ ئازابلاندىم. ئۇلار ئاجىراشقىلىمۇ ئۈچ يىل بوپتۇ. ياراشقان بولسا شۇڭغىچە يارىشىۋالاتتى، قۇدرەتنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ لالە بىلەن يارىشىۋېلىشىغا پەقەت قوشۇلمايدىكەن. ئويلاپ باقسام باشتىلا ئۆيدىكىلەرنىڭ رەنجىشىدىن قورقماي ئۇرۇمچىدە قېلىپ، دىلزات بىلەن توي قىلسام بوپتىكەن. ئەمدى ئەتراپىمغا قارىسام ھېچ ماڭا ماس كەلگۇدەك بىرەرى يوق. قىز بالا بەك جىق ئوقۇپ كەتسە، نەزىرى ئۇستۇنلىشىپ قالامدۇ ياكى ھازىرقى ئوغۇللار ئوقۇغان قىزلار بىلەن ياشاشنى خالىمامدۇ بىلمىدىم. ئويلاپ باقسام قۇدرەت قانداقلا بولمىسۇن ساۋاقدىشىم ھەم كەسپداش بولغاچقا چۈشىنىشىمىز يەنىلا چوڭقۇر ئىكەن. كۆڭۈل دېگەنمۇ ئاجايىپ نەرسىكەن، راست گېپىمنى قىلسام ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن.

— مۇنداق دېگىن، — دېدىم ئىختىيارسىز ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — قۇدرەتنىڭ نېمە خىسلىتى باردۇ، قىزلار ئەجەب ئاسان ياخشى كۆرۈپ قالىدىكىنە؟ «ئىت ئۇرغۇچىسىغا ئامراق» دېگەندەك ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىغا يەنە سەندەك بىر ياخشى قىزنى ئۇچراشتۇرغىنىنى دەيمىنا؟ — دېدىم مەن ئازاب بىلەن.

— سەن خاتالىقنى بىر تەرەپكىلا قويۇۋالما، لالەنىڭمۇ كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرى باردۇ؟

— توغرا دېدىڭ دوستەك، ئۇنىڭ خاتالىقى قۇدرەتنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆزىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ ئۇنىڭغا بارلىقىنى بېغىشلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن قۇدرەتنىڭ ئالدىدا قەدىرلەنمىدى، ئاداش سەن ئۇنى ھەر قانچە ياخشى كۆرسەڭمۇ، ئۆزۈڭدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋەتمە، سەن ئۆزۈڭنى قانچە قەدىرلىسەڭ باشقىلارنىڭمۇ قەدىرلىشىگە ئېرىشەلەيسەن، — دېدىم.

— بەلكىم دېگەنلىرىڭ توغرىدۇ، — دېدى گۈلگىنە

— ھەممە

ئادەمنىڭ چىرىغى ئۆزىگە يورۇيدىكەن. ئەمدى باشقا تاللىشىم، باشقا ئىلاجىم يوق.

— بوپتۇ ئاداش، بۇمۇ ئاللانىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىدۇ، سەن بولساڭمۇ بەختلىك بول، — دېدىم ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ.

بىر شائىرنىڭ «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ» دېگىنىدەك، ئادەم ئۆمرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ رەڭدارلىقىغا، خىلمۇخىللىقىغا ئۆزىمۇ ئەشەنمەي ھەيران قالىدىكەن. بىردە يىغلىتىپ، بىردە كۈلدۈرىدىغان ھايات قىسمەتلىرى ھادىسىلەرگە نېمىدېگەن باي — ھە!

توۋا ئادەم دوزاخقىمۇ كۆنۈپ قالارمىش. لالەمۇ بەزىدە يىغلاپ، بەزىدە كۈلۈپ دېگەندەك ئۇ بەختسىزلىكلەرگىمۇ كۆنۈپ قالغاندەك قىلاتتى. مېنىڭمۇ بىر ئۆي بېشىمغا كىيىلىپ، باللىق بولغاندىن كېيىن لالەنى بۇرۇنقىدەك كۆن ئارىلاپ ئىزدىيەلمەيدىغان بولدۇم، كوچا كويلاردا ئۇچرىشىپ قالساقمۇ ئانچە ئۇزۇن مۇڭدىشالمايتتۇق، ئۇ قۇدرەت بىلەن گۈلگىنە توي قىلغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى كۆڭلىمىز يېقىن دوستلارنىڭ يىغىلىش چايلىرىغا بارماس بولىۋالدى. مەنمۇ ئۇنى زورلىيالمىدىم. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنى سېخىدىكى ئۆزىدىن كىچىكرەك بىر بالا بىلەن مۇھەببەتلىشىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، گەپنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى بىلىش ئىستىكىدە ھەم ئۇنى ئوتتەك سېغىنىپ يۈرگەن بىر كۈنى، لالە خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئۆيگە ئۆزى كىرىپ كەلدى.

— كەۋسەر، تېز بولۇڭ، لالەنىڭ بېشىدىن ياغاچ ئۆشتىۋېتىڭ، — دېدى كامالمۇ خۇشاللىقىدا.

بىز كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن كامال لالە ئىككىمىزگە پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن باللارنى ئويناتقىلى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى، ئىككى دوست ئۆيدە يالغۇز قالدۇق. مەن

لالەنىڭ ئۆدۆلىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا ئۇزاق تىكىلدىم، ئۇ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنىدى.

— سارالى، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟ نېمانچە قارايسەن ماڭا؟ — دېدى ئۇ شادلىقتىن كۆزلىرىنى چاقنىتىپ.

— خانىم، يېڭى گەپلەرنى ئاڭلايمەنغۇ؟

— راست خانىم، لېكىن بەك كېچىكىپ ئاڭلاپ قالدىلا.

— كىمۇ ئۇ؟ مەن تونۇمامدىمەن؟ — جىددىي سورىدىم.

— تونۇيسەن، — دېدى لالەمۇ بەختلىك كۈلۈمسىرەپ.

— زادى كىم، تېزراق دېگىنە.

— شېرئەلى.

— قايسى شېرئەلى؟

— گۈلگىنەنىڭ ئىنىسىچۇ.

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟! — بېشىمنى ئارقامغا تاشلاپ شۇنداق كۈلدۈمكى، كۆزلىرىمدىن ياش چىقىپ كەتتى، لالە مەندىنمۇ ئاشۇرۇپراق ئىچ - ئىچىدىن چىققىلىپ كۈلۈۋاتاتتى.

— توۋا، توۋا، نېمە دەۋاتىسەن لالە، — دېدىم كۈلكىمدىن توختاپ ياشلىرىمنى سۈرتۈپ، — ئۇ ماڭقا تېخى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ يۈرەتتىغۇ؟

لالە شۇنداق كۈلدىكى، ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن پارتلاپ چىققان ئاۋازىدىن چۆچۈپ كەتتىم.

— ماڭ . . . ماڭقا ئەمەس ئاداش، — دېدى لالە ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتالماي، — ئۇ دېگەن ھازىر راۋۇرۇس يىگىت، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە ئوت!

— ماقۇل، شۇنداقمۇ دەيلى. ئۇ سېنىڭدىن جىقلا كىچىكقۇ؟

— جىق ئەمەس، پەقەت 5 ياشلا كىچىك.

— كۆزۈڭگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قاپتۇ، سارالى! — دېدىم لالەنىڭ مەڭزىگە نوقۇپ، — سەن تۇرمۇشنىڭ خاپىلىقىنى ئاز

تارتتىڭمۇ؟ ئەمدى بولسىمۇ بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن، يېشى چوڭراق، هالىڭغا يېتىدىغان بىرسىنى تاپساڭ بولمامدۇ؟ بۇ كىچىك ماڭقاڭ سېنىڭ دەردىڭنى تارتامدۇ، سەن ئۇنىڭ دەردىنى تارتاسەنمۇ؟

— بىللە تارتىمىز، — دېدى ئۇ تېخىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — «كۆيۈشكەندە تەڭ كۆيگەن، بىللە تارتىلى دەردنى» دەپ شۇ خانىم!

ئۇنىڭ چىرايىغا باشقىدىن قاراپ چىقتىم، خۇشاللىقنىڭ ئادەمنىڭ چىرايىغا بۇنداق تېز تېپىدىغانلىقىنى هازىرغىچە سەزمەپتىكەنمەن. ئېقى ئاق، قىزىل قىزىل بۇ دوستۇمنىڭ چىرايىغا بۇرۇن قايسى كۆزۈم، قايسى نەزىرىم بىلەن تىكىلگەن بولغۇيتتىم؟ يائاللا! نېمانداق چىرايلىق نەرسە بۇ.

— ساڭا هازىر نېمە دېسەم بولار، لاله — دېدىم ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىپ، — سەن دېگەن بىر بالىسى بار چوكان، ئۇ دېگەن ئەمدى خىزمەتكە چىققان، تېخى توي قىلمىغان بىر بالا، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاپ كۆردىڭمۇ؟

— ئويلاپ كۆردۈم، — دېدى ئۇ بىر هازا جىم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، — ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئېيتتىم، بىراق ئۇنىڭ ئىرادىسى بەك چىڭ، بولمىسا نەچچە قېتىم رەت قىلدىم. بىچارە بالا پۇتلىرىمغا ئېسىلىپ تاشنى ئېرىتكۈدەك دەرىجىدە يىغلاپ ـ يالۋۇرۇپ تۇرىۋالدى.

ئۇۋالىغا قالماي دېدىم، ھەتتا شىرئەلى «بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر توي قىلىشىمىزغا قوشۇلمىسا ئۆيدىن يېنىپ چىقىپ سىز بىلەن بىرگە ياشايمەن» دەيدۇ. ئويلاپ باقسام قۇدرەتتىن ئايرىلىپ بەش يىلغىچە ئارقامغا كىرگەن، توي قىلىش تەكلىپىنى قويغانلارنىڭ هېچقايسىسى قۇدرەتنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغاندەك نەزىرىمگە سىغمىغانىدى. شىرئەلى بىزنىڭ سېخقا بۆلۈنۈپ كېلىپ، ماڭا شاگىرتلىققا بېرىلگەندىن كېيىن تۇرمۇشۇمغا يېڭى بىر مەنە

قوشۇلدى، كەيپىياتىمدا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. ھايات باشقىچە گۈزەللىشىپ، ھەممە نەرسە ماڭا كۈلۈپ قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. خۇدا ھەققى ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىپ قېلىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمەيتتى. كېچىلىك ئىسمىنىغا چىققاندا بىز ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشىدىغان بولۇپ كەتتۇق. ئۇ «لالەھەدە» دەيدۇ، مەن «ئۇكام» دەيمەن. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن شۇنى بىلدىمكى، ئارىمىزدا تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولمىغان بىر يېقىنچىلىق پەيدا بولۇپ قالدى. دەسلەپ سەزمەپتىمەن، ئۇنى بىردەم كۆرمىسەم سېغىنىدىغان، قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەسلى مۇھەببەت دېگەن شۇ ئىكەن. مۇھەممەت پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۆزىدىن 15 ياش چوڭ خەدىچە ئانىمىزنى نىكاھىغا ئاپتىكەنغۇ؟ قىسمەت شۇنداق ئوخشايدۇ دوستۇم، مەن بىلەن ياخشى كۆرگەن يىگىتىمنىڭ ئاخىرى گۈلگىنەنىڭ ئىنىسى بولۇپ چىققىنى يامان بولدى. گۈلگىنە مېنىڭ ئېرىمنى ياخشى كۆرۈپ توي قىلدى. مەن ئۇنىڭ ئىنىسىنى ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسام نېمىسى خاتا؟ جېنىم دوستۇم، سەن ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇغان ئايال. بۇ ئىشتا مېنى سەن بولساڭمۇ قوللا، بۇ ماڭا تۇرمۇشتا، ھاياتتا قىلغان ئۇنتۇلماس ياردىمىڭ بولۇپ قالسۇن...

بۇ شەيدايى دوستۇمنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك، ئېقىن سۇدەك راۋان ھەق سۆزلىرى ئالدىدا يەنە نېمە دېيەلەيتتىم. ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مەڭدەپ قاپتىمەن. خۇشال بولۇشۇمنى ياكى خاپا بولۇشۇمنى بىلەلمەي ئۇنى گاراڭ ھالەتتە ئۇزىتىپ قالدىم.

ھاياتتا شۇنداق بىر كىشلەر باركى، ئىنسانلار بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشنىڭ ناھايىتى قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، بۇ مۇشەققەتنى تارتقاندىن كۆرە باشقىلار ئۈستىدىن خالىغانچە يەكۈن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ دىلىغا ئازار بېرىش، ئىشلىرىنى بۇزۇش،

سۆز ـ چۆچەك قىلىش ئارقىلىق ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئىشىغا توپا چاچىدۇ، كۆلكىسىنى يىغىتا، غەلىبىسىنى مەغلۇبىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. لالەنىڭ بۇ قېتىمقى خۇشاللىقىمۇ ئەنە شۇنداق كىشىلەر تەرىپىدىن بىر يىلغا بارا ـ بارماي كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەمگە ئايلاندى. گۈلگىنەمۇ قانداقلا سورۇندا ئولتۇرساق لالەنى سۆكۈپ تىللايدىغان بولدى. ئادەملەرنىڭ نادانلىقىغا ھەيرانمەن، لالەنىڭ شىرئەلىگە بولغان مۇھەببىتىنى گۈلگىنەدىن ئۆچ ئېلىش دەپ يەكۈن چىقارغان ئاشۇ دۆت ئادەملەرگە بىردە ئاچچىقىم كەلسە، بىردە ئىچىم ئاغرىيدۇ. ئەگەر ئۇلار مۇھەببەتنىڭ پۈتۈن روھى بىلەن بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ھەممە نەرسىسى بىلەن خالاش، قارشىلىق قىلغىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىستەكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا، شۇنى چۈشەنگۈدەك ئەقلى بولغان بولسا، نۇرغۇن بەختسىزلەرنىڭ بەختى ئېچىلغان بولماسمىدى؟ مېنىڭ ئاشۇ مۇھەببەتنى چەكسىز قەدىرلىگەن ۋاپادار دوستۇم بۇنچە ئاسان توزۇپ كەتمەي پورەكلەپ ئېچىلماسمىدى؟!

مەن ئاڭلىغان بىر شۇم خەۋەردىن مەشئۇم قىسمەتنىڭ كۆيدۈرگۈچ چاقمىقى بېشىم ئۈستىدىلا قاراسلاپ يانغاندەك بولدى. لالەنىڭ ئۆيىگە يىقىلىپ ـ قوپۇپ دېگەندەك بارسام ئۆيى قۇلۇپلاقلىق تۇرۇپتۇ. قوشنىسى نىساخان ھەدە مېنى كۆرۈپلا ئالدىمغا ئالمان ـ تالمان يۈگۈرۈپ كەلدى.

— سىزمۇ ئاڭلاپسىزدە، — دېدى چىرايىمنىڭ ئوسال، ھالىمنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرۈپ، — بىچارە لالەگە بەك تەس بولدى، بەك سەت بولدى.

ئادەتتە ئۆپچۆرىسىگە قارىمايلا ئاغزىنى قويمۇۋېتىدىغان ئۇ ئايال نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىماساممۇ، مەن ئاڭلىغان ئەھۋالنى خۇددى قاپتىن ياڭاق تۆكۈلگەندەك سۆزلەپلا كەتتى.

— تو ۋا خۇدايىم، شىرئەلىنىڭ ئۆيدىكىلەر نېمانچە ئەسكى

خەق، — دېدى نىساخان ھەدە باشقىلارنىمۇ ئاڭلىسۇن دېگەندەك يۇقۇرى ئاۋازدا، — بىچارە لالە ئەتتىگەن كېچىلىك ئىسسىقىدىن چۈشۈپ مەھەللىگە كېلىشىگە شىرئەلىنىڭ ئانىسى بىلەن ھاممىسى قاياقتىن پەيدا بولدى، بىلمەي قالدۇق، لالەنى باسماقداپلا چاچلىرىنى يۇلۇپ بەك ئۇرۇپتۇ. ئەگەر قوشنىلار ئارىغا كىرىپ ئاجرىتىۋالمىغان بولساق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويامتىكى ئۇ ھارازۇللار، ئۇرغاننى ئاز دەپ، ئاغزىنىڭ بىزەپلىكىچۇ، مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق يامان خوتۇنلارنى ئاڭلاپمۇ، كۆرۈپمۇ باقماپتىكەنمەن، شىرئەلىنىڭ ئاپىسى نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ » ھەي! بۆشۈكىدە بۇزۇلغان قېرى جالاپ! تېخى مۇشۇكتەك ئوغلۇمنى ئازدۇرۇپ ئۆزۈڭگە ئەر قىلامتىڭ؟ بالا قىلامتىڭ؟ شىرئەلىچۇ، مەن راۋۇرۇس شۇمەك سېلىپ چوڭ قىلغان يىگىت. ساڭا ئوخشاش كېتىۋېتىپ كوندە بىرنى تۇغۇدىغان بۇزۇق مېكىيانغا چۈشۈپ قالغان ئوغلۇم يوق. ئەگەر بۇنىڭدىن كېيىن غىت قىلسايدىغان بولساڭ، سېنى تىنجىتمايۋاتقان ھېلىقى بىر نېمەڭگە دەزمال يېقىپ پۈتەي قىلىۋېتىمەن. . . »

بۇ گەپلەرنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي سورىدىم:

— شىرئەلىمۇ كەپتىكەنمۇ؟

— كېيىنرەك كەلدى، لېكىن ئاپىسىنى «بولدى قىل» دېيەلمەي بىر چەتتە دومسىيىپ قاراپ تۇرغانتى مەن چىدىماي:

— ھەي لەقۋا، ئوغۇل بالا بولساڭ ئاپاڭغا مەن لالەگە كۆيەك، ئۇ بولمىسا ئۆلۈپ قالىمەن دەپ مەلىگە كېلىپ يېتىۋالغىنىڭنى دېسەڭ بولمامدۇ؟ دەۋەتتىم. ئاڭغىچە لالە ئايلىنىپ قېلىپ لەيلىخانلار چىقىپ ماشىنا بىلەن دوختۇرغا ئېلىپ كەتتى، — دېدى نىساخان.

يىغا ئارىلاش ۋارقىراپ كەتتىم.

— لەنەت! مىڭ لەنەت سېنىڭدەك ئەرلەرگە!

— توغرا دەيسىز، ھازىر ئەرلەرنىڭ ئەركىكى قالمىدى، —

دېدى نىساخاچاممۇ.

مەن شۇئان تاكسى توسۇپ دوختۇرخانىغا باردىم. پەلەمپەي باسقۇچلىرىنىڭ ئىككى - ئۈچنى بىر ئاتلاپ بالنىتسىقا كىرسەم لالە ئېغىزىغا ئوكسىگېن نەيچىسى سېلىنغان هالدا يېتىپتۇ. ئۇ مېنىڭ ئىشىكتىن كىرگىنىمنى كۆرۈپلا يېرىم ئوچۇق كۆزىنى يۇمۇۋالدى، لەيلىخاچام بوينۇمغا ئېسىلىپ ئۈن قويۇپ يىغلىۋەتتى.

— بىزگە نېمە كەلگۈلۈك، نېمە تارتقۇلۇق بۇ، قىزىم كەۋسەر! قورسىقىمغا پاتقان بىر تال قىزىم جاهانغا پاتمامدۇ ئەمدى! . . .

دوختۇرلار بىزنى كارىدورغا چىقىرىۋېتىشتى، لالە مەن كەتكىچە بولغان ئارىلىقتا كۆزىنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى. هەر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپلا لالەنى بىر قېتىم يوقلاپ تۇردۇم، ئۇ هامان خىيالچان قارا كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ جىممىدە يېتىۋالاتتى. بۈگۈن ئاخىرى زۇۋانغا كەلدى.

— مېنى كەچۈر دوستۇم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدىن ياشلىرىنى سىرغىتىپ، - مەن ئۆلدۈم، ئۆلۈپ بولدۇم، كەۋسەر! مۇشۇ بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئاتا - ئانام ماڭا، مەن ئاتا - ئانامغا يىغلىماي تۇرۇپ قارىشالمايۋاتىمىز. يۈرىكىممۇ كۈندىن - كۈنگە مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ، مەندىن رازى، بول دوستۇ0ۇم!

ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئىچ - ئىچىمدىن بوغۇلۇپ يىغلاشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمىدى. قايتىشقا تەمشەلگىنىمدە لالە قولۇمغا ئېسىلىپ تۇرۇپ:

— بۈگۈن قېشىمدا قونۇپ قالغىنە، دەيدىغان گەپلىرىم بار ئىدى، — دېدى.

— ئاداش، بۈگۈن مەندىن رەنجىمە، كامال كېچىلىك دىجورنى ئىدى، باللارغا قارايدىغان ئادەم يوق، ئەتە كېلىپ قوناي بولامدۇ؟

— دېدىم ئۇنىڭ مەڭزىدىكى ياشلىرىنى سۈرتكەچ.

— ئۇنداق بولسا بىردەم ئولتۇرغىن، بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا يېلىنغاندەك بىر تەرىزدە قاراپ.

— بولىدۇ، مەن قايتىشقا ئالدىرىمايمەن، — دېدىم ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى تۈزىگەچ.

— كەۋسەر، تومپۇچكامنىڭ تارتمىسىدىكى قارا قول سومكىسىنى ئالغىنە، — دېدى ناھايىتى پەس ئاۋازدا. مەن تارتمىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىكى كىچىك قول سومكىسىنى كۆرۈپلا تونۇدۇم، ئۇ قۇدرەت قەشقەردە ئوقۇۋاتقاندا لالەگە ئالغاچ كەلگەن تۇنجى سوۋغىتى ئىدى. سومكىنى ئېلىپ لالەگە سۇندۇم. ئۇ سومكىنى مەيدىسىگە قويۇپ بىردەم دېمىنى ئېلىۋالماقچىدەك كۆزلىرىنى يۇمدى. كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىدىن ياش سىرغىپ قۇلاقلىرىغا ئېقىپ چۈشتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئازابلىرىغا قاراپ يۈرىكىم ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۈنسىز ياش تۆكتۈم... ئاھ خۇدا، دۇنيادا شۇنچە ئازابتا تۆكۈلىۋاتقان بۇنداق ئۈنسىز ياشنىڭ ئادەمگە بۇنچە ھۇزۇر بېغىشلايدىغانلىقىنى تېخى ھېس قىلماپتىكەنمەن. يۈرىكىم يىغلاپ تۇرۇپ، جېنىم لالە، يىغلا، يۈرىكىڭدىكى سۆيۈملۈك كىشلىرىڭ سوۋغا قىلغان زەرداب، قانلار كۆز ياشلىرىڭ بىلەن چىقىپ كېتىپ كېسىلىڭ يېنىكلىشىپ قالار، دەپ نىدا قىلاتتى. ئۇنىڭ يېنىك ئېسەدەشلىرى پەسەيگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتتۈم.

— لالە، كۆزلىرىڭنى ئاچقىنا، چىرايلىق كۆزلىرىڭ يىغلاشقا يارالغاندەك تولا يىغلاپ كەتتىڭ، ئىچىڭمۇ بوشاپ قالغاندۇ؟ سېنى يىغلاپ يېنىكلىۋالسۇن دەپ مەيلىڭگە قويۇپ بەردىم، ئەمدى بولدى قىل، — دېدىم.

دۇنيادا دەرد ـ ئەلەم ئىچىدىكى دوستۇڭنىڭ مەجبۇرىي كۈلۈش ئۈچۈن تىرىشقىنىنى كۆرۈشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئازابلىقىنى لالەنىڭ سولغۇن يۈزى، قاپقارا قاشلىرى ئاستىدىكى يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىپ خۇمالىشىپ قالغان چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ

هېس قىلىۋاتىمەن. ئۇ ماڭا قاراپ شۇنداق بىر كۈلۈمسىرىدىكى ئۇنىڭ بۇ بىچارە كۈلۈمسىرەشلىرىگە قاراپ يۈرەكلىرىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. . .

— كەۋسەر، — دېدى ئۇ قولىدىكى سومكىنى ماڭا تەڭلەپ، ـ بۇنى سەن ساقلاپ قوي، ئۇنىڭ ئىچىدە مەن يېزىپ قويغان بىر پارچە خەت بار، كېيىنچە ئۇنىڭغا بېرىشنى توغرا كۆرسەڭ، پۇرسىتى كەلسە بەرگىن، قالغانلىرى زىلالە چوڭ بولغاندا ئاپىسىنى چۈشىنىۋېلىشى ئۈچۈن ياردىمى بولۇپ قالار. . . ئاداش شۇ قىزىمغا بەك چىدىمايۋاتىمەن، ئاپام ـ داداملاردىن كېيىن قالسا قانداق قىلار. . . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش سىرغىپ چۈشتى. . .

— لالە سەن نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسەن؟ نەدىكى خىياللارنى قىلمىغىنە! زىلالەنى ئۆزۈڭ بېقىپ قاتارغا قوشىسەن، — دېدىم يىغلىۋەتمەسلىككە تىرىشىپ.

— كەۋسەر، شۇ تاپتا ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن سۆزلىرىم بار ئىدى. بىراق دەپ بولالمىغۇدەكمەن. بەزىدە مەن خاتا قىلدىممۇ؟ دەپمۇ ئويلىدىم. ئەگەر خاتا دېيىلسە مەن ئۇنى ئەقلىم بىلەن ئەمەس تەلۋىلەرچە سۆيۈپتىمەن، ئۇنىمۇ مېنى شۇنداق سۆيىدىغۇ دەپ بارلىقىمنى بېغىشلىۋېتىپتىمەن. بىراق مەن ئۇنىڭدىن پەقەت سەممىي بىر قەلبتىن ئۇرغۇغان پاك مۇھەببەت كۈتكەن ئىدىمغۇ؟ . . . ئۇ مۇھەببەت ناملىق خەنجىرى بىلەن يۈرىكىمنى يارىلاندۇردى. بىلەمسەن، كەۋسەر، مېنىڭ يۈرىكىمدە ئۇنىڭ شۇ ياۋۇز خەنجىرى تېخى سانجىقلىق . . . ئاداش سەن مەندىن نەپرەتلەنسەڭمۇ مەيلى، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتكەن ئاشۇ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمنىلا ھاياتىمدىكى ئەڭ مەنىلىك، بەختلىك چاغلىرىم دەپ ھېسابلايمەن. ئويلاپ باقسام ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن مەن بەكمۇ يالغۇز، مەنىۋى جەھەتتىن چىدىغۇسىز يالغۇزچىلىق تارتتىم. . . مانا ئەمدى ھەممىنى ئارقامغا تاشلاپ

كېتىدىغان بولدۇم. شۇنچە قىسقا ھاياتىمدا سۆيۈپتىمەن... ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ زور ئازاب بولامدۇ؟... كېيىنكى ئىشلارنى نېمە دەيمۇ چۈشەندۈرەرمەن؟ خۇدايىم بەرسە ھەممىسىنى بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ...، — ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي ھەسرەت كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلدى.

— لالە دېمەكچى بولغانلىرىڭنى مەن چۈشىنىمەن. مەن ساڭا شۇنى دەپ قوياي، قۇدرەت سېنى ھېلىمۇ سۆيىدۇ، بىراق ئۇنىڭدا چىن دىلىدىن سۆيگەن ئادىمىنى قوغداش، قەدىرلەشتەك جاسارەت يوق! ئۇنىڭدا ئەركەكلىك كەم! قۇدرەتتە كەم نەرسىلەر شىرئەلىدە بولغان بولسىمۇ، سەن... — سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ سالدىم.

لالەگە قارىسام ئۇنىڭ ھالى سەل پەسلەپ قالغاندەك، نەپەسلىرى تېزلىشىپ، پېشانىسى تەرلەپ قالدى، دوختۇرنى چاقىردىم، كارىدوردا تۇرغان لەيلىخاچامۇ كىردى. دوختۇر تەكشۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن سېسترالار ئۇكۇللارنى ئالماشتۇرۇپ قويدى، ئۇ ئەمدى ئۇيقۇغا كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇيقۇدىكى سولغۇن چىرايىغا ئۇزمەي قاراپ تۇرغاندىن كېيىن لالە بەرگەن سومكىنى ئېلىپ ئېغىر قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ ئۆيگە قايتتىم.

مەن كەم ئەقىل، باغرى تاش خوتۇن ئاخىرقى نەپەسلىرىدە مەن بىلەن ئەنە شۇنداق ۋىدالىشىۋاتقان بەختسىز دوستۇمنى تاشلاپ قايتىپ كەپتىمەن.

ئەتىسى سەھەردە يۈرىكىمنى زەھەردەك ئېچىشتۇرۇپ جىرىڭلىغان تېلېفون دوستۇم لالەنىڭ خۇددى لالىدەك نازۇك، لالىدەك گۈزەل، ئەمما دەرد - ئەلەمدىن زەئىپلەنگەن ۋۇجۇدىنىڭ بۇ پۈتمەس - تۈگىمەس ئازابلارنى ئاخىرى كۆتۈرەلمىگىنىنى ماڭا ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ھەيۋە بىلەن جاكارلىدى.

دوستۇم لالەنىڭ ماتىمىدە ئاق رومالنى بېشىمغا ئەمەس،

خۇددى يۈرىكىمگە ئورىغانداك بولدۇم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۆز يېشىم بىلەن ئېرىپ تۈگەيدىغانداك ئىدى. بىراق، ئادەم دېگەن ھەممىگە چىدايدىكەن، بىر نەچچە يىل ئۆتتى. مەن دوستۇم لالە بىلەن قولتۇقلىشىپ ماڭغان شۇ كوچىلاردا مېڭىپ، دوستۇم بىلەن تەڭ چوڭ بولغان مۇشۇ شەھەردە ئۇنىڭسىز يەنە ياشاۋاتىمەن.

## خاتىمە

لالە ئۆزىگە بىر قېتىممۇ كۈلۈپ قارىمىغان بۇ دۇنيا بىلەن ئەبەدىي خوشلاشقان بولسىمۇ، شۇم قىسمەتلەر خۇددى ئەجەل قۇشىدەك ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئۈستىدىن يەنە ئەگىپ كېتەلمىدى.

زىلالە توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى ئىدى. بىر كۈنى دەرستىن چۈشۈپ سىنىپتىن چىقىۋاتاتتىم، پەرھات مۇئەللىم ئالدىمغا ئالدىراش كېلىپلا:

— كەۋسەر سىزگە دوختۇرخانىدىن تېلېفون كەپتۇ! — دېدى ھاسىراپ تۇرۇپ.

— نېمە، نېمە ئىشكەن؟ — دېدىم پەرھات مۇئەللىمنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى كۆرۈپ ئەنسىز ھالدا.

— زىلالە ھادىسىگە ئۇچراپتۇ.

— قانداق ھادىسىگە؟

— قۇدرەتنىڭ دەرسكەنتۇق باللارنى كوچا ئايلاندۇرۇپ يۈگۈرتكىلى سىرتقا ئېلىپ چىقىپتىكەن، يولدا قاتناش ھادىسىگە ئۇچرىغان ئوخشايدۇ.

مەن بۆلۈمگە ماتېرىياللىرىمنى ئەكىرىپ قويۇپ، دوختۇرخانىغا يۈگۈردۈم. زىلالە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە باش - كۆزى قاتمۇقات داكا بىلەن ئورالغان ھالدا يېتىپتۇ. مەن كىرىشىمگە قۇدرەت چىرايلىرى تاتارغان ھالدا ئالدىمغا كېلىپ:

— كۆرمەمسەن كەۋسەر، بۇ كېلىشمەسلىكنىڭ دەل مېنىڭ دەرس ۋاقتىمدا يۈز بەرگىنىنى، — دېدى ئەيىبكارلارچە.

— كىمنىڭ دەرسىدە بولسۇن بولغۇلۇق بوپتۇ، بالىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

— ئەنە، ھوشسىز ياتىدۇ.

— ۋەقە قانداق يۈز بەردى؟

— تاكسى شوپۇرى ماشىنىسىنى خاتا ھەيدەپ بىر چوڭ يۈك ماشىنىسىدىن قاچۇرىمەن دەپ زىلالەنى سوقۇپ يولنىڭ چېتىگە ئاغدۇرىۋەتتى.

ئاڭغىچە كامال زىلالەنىڭ يېنىدىن چىقىپ قېشىمىزغا كەلدى.

— تېلېفوننى سىز قىلغانمۇ؟

— ھەئە.

— بالىنىڭ ئەھۋالىچۇ؟

— سۇنغان يەرلىرى يوق، بېشى يېرىلىپ قان كۆپ چىقىپ كېتىپتۇ، قان بەرمىسەك بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا قان بېرەيلى! — دېدىم مەن كامالغا جىددىي قاراپ.

— مېلىلا جىددىي ئوپېراتسىيە بولۇپ قېلىپ زىلالەگە توغرا كېلىدىغان قاننى شۇ بىمارغا قويۇۋەتكەنتۇق، ئىسكىلاتتا زىلالەگە توغرا كېلىدىغان قان تۈگەپتۇ.

— ئاپلا ئىسكىلاتتا قان يوقمىكەن، ئەمدى قانداق قىلارمىز، كامال؟! — دېدى قۇدرەت ئەنسىز ھالدا كامالغا قاراپ.

— ئىسكىلاتتا قان يوق دېسە ئەجەب چۆچۈپ كەتتىڭغۇ؟

— ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مىقتەك قادالدىم، — ئىسكىلاتتا بولمىسا سىنىڭ تومۇرۇڭدىچۇ؟ سىنىڭ تومۇرۇڭدا ئېقىۋاتقىنى قان بولماي ئېرىقنىڭ سۈيىمۇ، ئاپىسىنىغۇ تۈگەتتۇق، ئەمدى شۇ مەرھۇمنىڭ يالدامىسى بولغان بۇ بالىنىمۇ قۇتقۇزۇۋالمامسەن؟!

— مەن، مەن... مېنىڭ قېنىم توغرا كېلەمدۇ، ئاۋۋال تەكشۈرۈپ بېقىڭلار.

— نېمە دېدىڭ؟!

— نېمە؟ نېمە دېدىڭ؟!

شۇ چاغدا ئەلەمدىن بوغۇلۇپ چىرايىم لاۋۇلداپ ياندىغۇ دەيمەن. قۇدرەتكە قوللىرىمنى شىلتىپ ۋارقىراپ كەتتىم:

— — سەن تولا خۇپسەنلىك قىلما، قۇدرەت! ھېلىغىچە ئۆزۈڭنى زىلالەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دەپ يۈرەمسەن؟ بىلىپ قوي! كارىۋاتتىكى سەكراتتا ياتقان بالا سېنىڭ قېنىڭ، سېنىڭ ھالال پەرزەنتىڭ، ئۇنىڭغا سېنىڭ قېنىڭ توغرا كەلمىسە جاھاندا يەنە كىمنىڭ قېنى توغرا كېلىدۇ؟ بۇتتەك تۇرماي تېز بول، قان بەر!

بومبىدەك پارتلىغان بۇ كەسكىن خىتابتىن دوختۇرلارمۇ ھەيران قېلىشتى. كامال ماگا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىشقا كۆز ئىشارىتى قىلىپ قويۇپ، قۇدرەتنى قان ئېلىش ئۈچۈن باشلاپ كىرىپ كەتتى. بالىنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك پىرقىراپ تۇرغىنىمدا سېستىرالار ھايال ئۆتمەي يېرىم بوتۇلكا ئىسسىق قاننى كۆتۈرۈپ كىرىپ زىلالەنىڭ تومۇرىغا سالدى، سول بىلىكىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان قۇدرەتمۇ بىر ئىشتىن كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك ھاياجانلانغان ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇ زىلالەنىڭ بېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە شۇ دەم زىلالەگە نىسبەتەن ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل مۇھەببەت، بىر خىل شەپقەت پارلاپ تۇراتتى. دوختۇرلار قۇدرەتنى ياندىكى بىر بوش كارىۋاتتا ياتقۇزۇپ قويدى. شۇ چاغدا بىر ئىشنى ئېسىمگە ئېلىپ، بايا ئىش ئۈستىلىمنىڭ تارتمىسىدىن ئېھتىماللىق ئۈچۈن ئېلىۋالغان مەرھۇم دوستۇم لالەنىڭ ئامانىتى ھېلىقى خەتنى قۇدرەتكە سۇندۇم.

— بۇ خەتنى ئوقۇغاچ ياتقىن.

— نېمە خەت بۇ؟

— ئوقۇساڭ بىلىسەن.

قۇدرەت بىر خەتكە، بىر ماگا سىرلىق بىر گۇمان بىلەن دەممۇدەم قاراپ قويۇپ خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. مەن كۆز

قۇيرۇقۇمدا پات ـ پات قۇدرەتكە قاراپ قويغاچ زىلالەنىڭ بىشىدا تۇردۇم. خەت مۇنداق باشلانغانىدى:

«قۇدرەت، مەن يېزىۋاتقان بۇ خەتنى سەن تاپشۇرۇپ ئالغىنىڭدا مەن بەلكىم ئالىقاچان ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىپ بولارمەن. ئۇ چاغدا ئازابلانساڭمۇ، پۇشايمان ياشلىرىنى تۆكسەڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. مۇشۇ ئاخىرقى كۈنلىرىمدە بولسىمۇ، سەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ بىر مۇڭدىشىۋالغۇم، ھەتتا سىنىڭ قۇچىقىڭدا كۆزلىرىڭگە قاراپ تۇرۇپ جان بەرگۈم بارلىقىنى بىلسەڭتى. . . ئەپسۇس، بۇ مۇمكىن ئەمەس، پەقەت مۇمكىنچىلىكى يوق ئارمانلار. . . بىر شور پېشانە بەختسىز ئايالنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەشنالىقىنىمۇ بۇ رېئاللىق ئېتىراپ قىلمىسا. . .

قۇدرەت! ئادەمنىڭ ئۆز قەلبىنى، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى تىڭشاشقا موھتاج بولىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن. بۇنداق چاغدا ھېچكىم، ھېچنېمە خىيالىڭنى بۇزالمايدىكەن، قەلبىمدە كۆمۈلۈپ قالغان خاتىرىلەرنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن پۈتۈن بەدىنىم شۇنداق چارچىغان ئىدىكى! . . . ئۇ ھارغىنلىقىنى پەقەت مۇشۇنداق يالغۇزلۇق ۋە جىمجىتلىق ئىچىدىلا ھېس قىلدىم. بىر چاغلاردا چىن قەلبىمدىن سۆيگەن ھەم سۆيىمگەن، سۆيۈملۈك ھەم نەپرەتلىك ئادىمىمنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە چىن قەلبىم بىلەن ئەسلەش، سېغىنىش، ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى بارلىق ھەسرەتلىرىمنى تۆكۈپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاشلارمۇ مەندەك بىر نەچچە كۈنلىكى قالغان بىر بەختسىز ئايالغا ئاچچىق بىر لەززەت، تاتلىق بىر ئازاب بېغىشلاۋاتىدۇ. كېسەل كارىۋىتىدا ئوڭدامغا يېتىپ سەن بىلەن بىرگە ئۆتكەن كۈنلەرنى بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتىم.

بۈگۈن كېچە خۇددى كۈندۈزدەك ئايدىڭ ئىدى. ياتاقنىڭ دېرىزىسىدىن چۈشكەن ئاي شولىسى ياتاقنى نۇرغا چۆمدۈرگەن ئىدى. قەلبىمدە ئاجايىپ تاتلىق ئەسلىمىلەرنى قوزغاتقان بۇ ئاي

بىز ئىككىمىزگە تالاي قېتىم مۇشۇنداق كۆلۈپ قىرىغانىدى. بۈگۈن ئاخشام غېرىبسىنغان هالدا ئايغا قاراپ ئولتۇرۇپ سېنى شۇنچىلىك سېغىنىدىمكى. . .

قۇدرەت ئېسىڭدىمۇ؟ سەن مېنى هاياتىمدا تۇنجى قېتىم سۆيگۈ قۇچاقلىرىڭدا ئەركىلىتىپ مەست قىلغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا يۈرىكىمگە ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر زەهەرلىك خەنجەرنى قاداپ قويۇپ كەتتىڭ. بۇ خەنجەرنى يۇلۇپ ئېلىشقا ئۆزۈمنىڭ قۇربى يەتمىدى. سەن بولساڭ ئۇنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىشنىڭ ئورنىغا مېنىڭ شۇ خەنجەر زەربىسىدىن ئازابلىق تولغىنىشلىرىمنى تاماشا قىلدىڭ. جاهاندا تۇغۇلۇپ ئۆلمەيدىغان كىم بار؟ مەن شۇ خەنجەر زەربىسىدىن ئاخىرەتكە كېتىۋاتىمەن. خەيرىيەت، ئۆلسەممۇ سېنىڭ قولۇڭدا، سېنىڭ خەنجىرىڭدە ئۆلىدىغان بولدۇم. مەن بەختلىكمەن. لېكىن قۇدرەت! قانداقلا بولسۇن مۇشۇ دۇنيادا بىر مەسۇمە ئوماق قىز ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈمىزدىن نىشانە بولۇپ قالدى. شۇ بىچارە قىز مېنىڭدىن ئەۋۋەلى ئاللاغا، ئاندىن ساڭا ۋە سېنىڭ ۋىجدانىڭغا ئامانەت!

قۇدرەت! بۇ ئەلڭ ئاخىرقى ئۆتۈنۈشۈم بولۇپ قالسۇن. باياتىن بېرى ياتاقنىڭ دېرىزىسى ئالدىدا تۇرۇپ ئايغا، ياق ئايغا ئەمەس ساڭا قاراپ چارچاپ كەتتىم. پۈتۈن بەدىنىم ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، كارىۋىتىمغا بېرىۋالغۇدەك ماجالىم يوق. مېنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتىمغا ئۆز قولۇڭ بىلەن ياتقۇزۇپ قويغىنە. . . ؟ تېز كەل سېنى بەك ساقلاپ كەتتىم. . . ئەلۋىدا.

سېنى سۆيگەن هەم سۆيەلمىگەن بەختسىز لالەڭ.

مەن هېلىغىچە خەت ئوقۇۋاتقان قۇدرەتتىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم، ئۇنىڭ چىرايى دەممۇدەم ئۆزگىرىپ نەچچە قېتىم قول ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتتى. ئاخىر كارىۋاتتىن شۇنداق شىددەت بىلەن قاڭقىپ تۇردىكى كۆز يېشىدا پارلىداپ كەتكەن كۆزلىرىنى چاقنىتىپ ئالدىمغا كەلدى.

— كەۋسەر، بۇ خەتنى نېمىشقا ھېلىغىچە ماڭا بەرمىدىڭ؟ — دېدى ئاغرىنغان تەلەپپۇزدا.

— ھېلىمۇ كېچىكمىدۇق قۇدرەت، مەن مۇشۇنداق بىر پەيتنى كۈتۈپ تۇرغانىدىم.

قۇدرەت شۇ ھامان زىلالەگە ئۆزىنى تاشلىدى.

— خان قىزىم، جېنىم قىزىم، مېنى كەچۈر . . . مەندەك بىر پۇشتىدىن تانغان ۋاپاسىز داداڭنى كەچۈر! — دېدى يىغلاپ تۇرۇپ.

زىلالە لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى ـ دە، جانسىز قوللىرى بىلەن قۇدرەتنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ:

— رەھمەت دادا! — دېدى.

قۇدرەت ئەمدى ئەرلەرگە خاس بوم ئاۋازى بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى.

— زىلالە نېمە دېدىڭ؟ مېنى دادا دېدىڭمۇ؟

— بۇرۇنلا بىلەتتىم دادا، ئاپام ماڭا دەپ بەرگەن، سىزدە گۇناھ يوق، گۇناھ ئاپىڭىزدا، ئاپىڭىزنىڭ قىز بالا بىلەن خوشى يوقكەنتۇق، ئاپامنى قىز تۇغدى دەپ. . .


— بولدى قىزىم، گەپ قىلماڭ، مېنىڭ يۈرىكىمنى ئەزمەڭ. . .

مەن بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا يەنە تاقەت قىلالماي كارىدورغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتىم، شۇ يۈگۈرۈشىمدە ئۇدۇل لالەنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ «لالە، خاتىرجەم بول، قىزىڭ دادىسىنى تاپتى! » دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. كارىدورغا چىقىشىمغا لەيلىخاچام بىلەن باراتكاممۇ ئۆزلىرىنى تۇتالمىغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپتۇ. قىز بىلەن دادىنىڭ ئۇزۇنراق مۇڭدىشىشىۋېلىشىنى كۆزدە تۇتقان كامال ئۇلارنى ئىشخانىسىغا باشلاپ ماڭغاندا لەيلىخاچام ماڭا قاراپ «مۇشۇ كۆرۈنۈشنى لالە بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئارمىنىم يوق ئىدى، كەۋسەر» دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى.

بىر چاغدا يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان قۇدرەت كارىدورغا چىقىپ ئالدىمغا كەلدى — دە، ئۆكسۈپ تۇرۇپ:

— رەھمەت كەۋسەر، سەن بۈگۈن ماڭا يەتكۈزگەن ئامانەت مېنىڭ بىر دېڭىزنىڭ سۈيىدىمۇ پاكلانمايدىغان ۋۇجۇدۇمنى پاكلىدى، — دېدى قوللىرىمغا ئېسىلىپ، بەختىيارلارچە كۈلۈمسىرەپ.

— قۇدرەت، سەنمۇ ئەمدى ھەقىقىي ئەركەككە، ھەقىقىي دوستۇمغا، ھەقىقىي دادىغا ئوخشىدىڭ ساڭىمۇ، رەھمەت، — دېدىم ئۇنىڭ دولىسىغا دوستلارچە ئۇرۇپ.



# ئانا تىل ئىككىنچى ۋەتەن

بىر نەچچىمىز چېچىمىزنى ياساتقىلى ساتىراشخانىغا كىرگىنىمىزدە ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان بىر قازاق ساۋاقدىشىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ بىز بىلەن ناھايىتى قىزغىن سالاملاشتى، بىز نۆۋەت كۈتكەچ ئوقۇغۇچىلىق چاغلىرىمىزدىكى قىززىق ئىشلارنى دېيىشىپ ئولتۇراتتۇق، ساتىراشخانىغا يەنە بىر قازاق چوكان كىرىپ ھېلىقى قازاق ساۋاقدىشىمىز بىلەن قازاقچە سۆزلىشىپلا كەتتى. ئۇلار چاچلىرىنى ياسىتىپ بولۇپ بىر يەرگە بارماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ ساتىراشخانىدىن چىقىپ كەتتى. سۆيۈنۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى قازاق ساۋاقدىشىمىز بىزگە ئۇيغۇر تىلىدا، قازاق دوستىغا ئانا تىلىدا سۆزلىدى.

— سىلەر دىققەت قىلدىڭلارمىكىن، مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولدى، بۇرۇن بۇنىڭغا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيتتى، — دېدى دوستۇم ساتىراشخانىدىن چىقىپ كەتكەن قازاق قىزلارنى ئىما قىلىپ.

— شۇنداق، بۇرۇن ئۇ «قازاقچىنى ئانچە بىلمەيمەن، تاغلارغا تۇغقانلارنىڭكىگە بارسام ئۇلارنىڭ بەزى سۆزلىرىنى چۈشىنەلمەي قالىمەن» دەيتتى. بۈگۈن ئۆز تىلىدا شۇنداق راۋان سۆزلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ مەسلىكىم كەلدى.

— بۇنىڭغا شۇنچە ھەۋەسلىنىپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ — دېدى يېنىمىزدىكى يەنە بىر دوستىمىز.

— ئۇنداقتا ساڭا ئوخشاش «ئەبجەش» سۆزلىگەنلەرگە

ھەۋەسلەنسەك بولاتتىمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ ھېچ نەرسىدىن ھاياجانلىنالمايدىغان ئىپادىسىز كۆزلىرىگە نەزىرىمنى ئاغدۇرۇپ.

— فەنجېڭ (ئىش قىلىپ دېمەكچى) مەن ئۇنداق ئىشلارغا ئانچە قىزىقمايمەن، ئاغزىمغا قايسى خىل تىل تېز كەلسە شۇنى دەيمەن، — دېدى ئۇ يەنە «ئەبجەش» سۆزلەپ.

بىر كۈنى، دوختۇرخانىدا ئالىي مەكتەپتىكى مەكتەپدىشىم (قازاق مىللىتىدىن) بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ يولدىشى دورىلارنى ئېلىپ قېشىمىزغا كېلىپ مەن بىلەن ئۇيغۇرچە سالاملىشىپ بولۇپ، ئايالىغا دورا ئىچىش جەريانىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى (قازاقچە) يەتكۈزۈپ قويۇپ ئىشقا ئالدىراپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن ئۇلارغا قاراپ قاپتىمەن. مەكتەپدىشىم:

— ئەجەب قاراپ كەتتىڭغۇ؟ بىرەر خام ماتېرىيالغا يولۇقۇپ قالمىغانسەن؟ — دېدى چاقچاق قىلىپ.

— خام ئەمەس، ئانا تىلىنى قەدىرلەپ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ ياخشى بىر ئۈلگىسىگە ئۇچرىشىپ قالغىنىمغا خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ.

— توغرا تەھلىل قىلغىنىڭغا رەھمەت. سەن بىلىسەن، مەن كىچىكىمدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، ئالىي مەكتەپكىچە ئۇيغۇرچە مەكتەپتە ئوقۇدۇم، بۇ جەرياندا مەن ئاساسەن ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا بىلىم ئالدىم. شۇڭا ئۇيغۇرلارغا بولغان مۇھەببىتىم ناھايىتى چوڭقۇر. ھازىرمۇ ئۇيغۇر دوستلىرىم، ئۇيغۇر خىزمەتداشلىرىم، ئۇيغۇر قوشنىلىرىم بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىناق كېتىۋاتىمەن. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ ئانا تىلىنى تاشلىۋەتسەم توزكور بولمامدىمەن؟ سەنمۇ گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈۋاتقانسەن؟ دۇنيادا بەزى تىللار يوقىلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ، مەن بىر زىيالىي ھەم تىل - ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغان، تىلنىڭ بىر مىللەت ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن، ئانا

تىلىمنى قەدىرلەشتە باشقىلارغا ئۆلگە بولۇشۇم كېرەك دەپ ئويلايمەن. شۇڭا قېرىنداشلىرىم بىلەن بىر يەردە بولغان چاغلىرىمدا ئانا تىلىمىزدا سۆزلىشىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. بالامنى خەنزۇچە مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردىم، ئەمما ئائىلىدە قازاق تىلىدا ساۋادىنى چىقاردىم، تەتىللەردە قازاقچە كىتابلارنى ئوقۇتۇۋاتىمەن. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆز مىللىتىمىزنىڭ تىلىنىلا ئەمەس، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى، قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنى ھەم ئىنچىكە ھېسسىياتلىرىمىزنىمۇ چۈشىنىپ ماڭىدۇ ھەم ئىككى تىللىق بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يولدا يالغۇز كېتىۋاتقان بولساممۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئانا تىلنى قەدىرلەش توغرىسىدا ئېيتقانلىرى خىيالىمنى رام قىلىۋالغانىدى.

— ئاداش ۋاقتىڭ يەتسە دېيەنخۇا ئۇرۇپ تۇرە!

— شياۋ فەنيى، گۇڭزو بەك ماڭدېخېڭ ئوخشىمامدۇ؟

— فىڭيىرىڭىزنى تولى قىلىۋېتىپ ئولتۇرىڭە؟

— بالام، ئايىغا سالام قىل.

— ئايى خو.

— بالىڭىزنىڭ تىلى خەنزۇچە چىقتىمۇ نېمە؟

— ۋاي كەپ قىلماڭ، ئۆزۈمنىڭ خەنزۇچە بىلمەي تارتقان خاپىلىقلىرىم ئۈچۈن بالامنى تىلى چىقىشى بىلەنلا خەنزۇچە تورسوغا بەرگەنتىم، ئۇيغۇرچىغا قارىغاندا خەنزۇچىنى راۋان سۆزلىيەلەيدۇ. بالام بەرگەن سوتۇمنى ئاقلىغۇدەك، كەلگۈسىدە ئىستىقبالى ياخشى بولىدۇ.

— ئىستىقبال قايسى تىلدىكى مەكتەپتە ئوقۇشتا ئەمەس، بالىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىدا.

— بالىڭىزنى قايسى تىلدا ئوقۇتۇشىڭىز سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدىكى ئىش، ئەمما ئۆزىڭىزنىڭ ئانا تىلىڭىزغا مۇنداق سەل قارىماڭ، كەمسىتىدىغان گەپلەرنى قىلماڭ، ئۇيغۇر تىلىمىز بىزدەك بىر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇلۇغ

مەدەنىيەتلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇۋاتقان ئۇلۇغ تىل! ئانا تىلىمىز بولىدىكەن بىز دۇنيادا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىمىز، مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە يېڭى مەدەنىيەتلەرنى ئاتا قىلىمىز.

— مەن ئۇنداق گەپلەرنى چۈشەنمەيمەن، ئىشقىلىپ ماڭا ئوخشاش خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلمەسلىكتىن، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالمىسىلا بولدى.

مەن قەدەمدە بىر ئۇچراۋاتقان يۇقىرىقىدەك مۇنازىرىلەرگە دۇچ كەلگىنىمدە، قەلبىمدە مىللەت، ئانا تىل تۇيغۇسى «نامرات» ئادەملەرنىڭ ئۆز بالىلىرىنى ئۆز تىلىدىن باشقا تىلدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ ھەممىگە قادىر، ئاجايىپ تالانتلىق ئادەم قىلىپ چىقىپ كېتىشى ناتايىن. چۈنكى ئاۋۋال ئۆزىنى چۈشىنىپ، ئۆزىنى سۆيەلىگەن ئادەم باشقىلارنى چۈشىنىپ سۆيۈشنى بىلىدۇ. ئۆز مىللىتىنى سۆيگەن ئادەم باشقا مىللەتنىمۇ سۆيۈشنى بىلەلەيدۇ. ئۆزىنى سۆيۈشنى، ئۆز ئانا تىلىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەمدىن باشقا مىللەتنى سۆيۈشى ياكى باشقا بىر مىللەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىش قىلىپ، قالتىس تۆھپە يارىتىپ بېرەلىشى مۇقەررەرلىك ئەمەس. ئانا تىل دېگەن ئىككىنچى ۋەتەن دېمەكتۇر، ئۆز ۋەتىنىنى سۆيمىگەن ئادەمدىن باشقا بىر ۋەتەنگە نېمە ۋاپا كېلەر؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالىمەن.

ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا مەن ئۈرۈمچىگە ئۆگىنىشكە بارغاندا مەلۇم بىر پېشقەدەم ئالىم، تىل تەتقىقاتچىسى بىزگە ئانا تىل توغرىسىدا لېكسىيە سۆزلەپ «بىز بۇرۇن بالىلىرىمىزنى ئۇيغۇرچە مەكتەپ يوق يەرلەردە ئامالسىز خەنزۇچە مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا بەرگەنتۇق. ھازىرقى ياشلار ئۇيغۇرچە مەكتەپ بوسۇغىسىدا تۇرسىمۇ، بالىسىنى نەچچە بېكەت قاتناپ خەنزۇچە مەكتەپلەرگە بېرىۋاتىدۇ. بىز بالىلىرىمىزغا ئىگە بولالىغان بىلەن نەۋرىلىرىمىزگە ئىگە بولالمىدۇق، دەم ئېلىش كۈنلىرى نەۋرىلەرنى ئوتتەك سېغىنغاندا ئالدىمغا يېيىپ، دەپ يۈگۈرۈپ كەلسە سېغىنىشلىرىم ئاللىقاياقلارغا

غايىب بولۇپ، قەلبىمنى بىر ئەندىشە، يەنى ئانا تىلىمىز مۇشۇ نەۋرىلىرىمىزنىڭ قولىدا قانسىراپ تۈگەرمۇ؟ دېگەن ۋەھىمىلىك پىچىرلاشلار ئىگىلىۋالدى. ھازىر مىللىي مائارىپىمىزنىڭ سۈپىتى ياخشى. خەنزۇچە ۋە چەت ئەل تىللىرىنى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش، كۇرسلاردا ئوقۇش جەريانىدا تولۇقلاپ كېتەلەيتتــــى. چۈنكى، مائارىپ بىر مىللەتنىڭ تىل ھەم يېزىقىنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھەم داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز ئۆزىمىزنىڭ مائارىپىنى ئۆزىمىــز قوللاپ داۋاملاشتۇرمىـــــاق، باشقىلار كېلىپ داۋاملاشتۇرۇپ بېرەمدۇ؟ تىل، مائارىپ دېگەننى باشقىلار سېلىپ بېرىدىغان قورۇلۇش ئەمەس، باشقىلار قېزىپ بېرىدىغان نېفىت ياكى كۆمۈر ئەمەس، بۇنى پەقەت ئۆزىمىــزلا قەدىرلەپ قوللىشىمىز، ساپ ساقلىشىمىز ھەم بېيىتىپ مېڭىشىمىز كېرەك. بالىلىرىم، سىلەر زىيالىيلار مۇشۇ يولدا باشلامچــى بولۇشۇڭلار كېرەك» دېگەنىدى.

— ئاپا، بىڭشياڭنى خەنزۇچە نېمە دەيدۇ؟

— بىڭشياڭ دەيدۇ.

— لياڭتەينى خەنزۇچە نېمە دەيدۇ؟

— لياڭتەي دەيدۇ.

— توبانى خەنزۇچە نېمە دەيدۇ؟

— توبا دەيدۇ.

— ئاپا سىز مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمەي قالدىڭىز، مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى ئەمەس خەنزۇچىسىنى سوراۋاتىمەن.

مەن قىزىمنىڭ ھەممىنى بىلىشكە قىــــزىقىــــۋاتقان قارا كۆزلىرىگە، خۇددى بىر پۈتىغا خورۇم ئۆتۈك، بىر پۈتىغا لاتا خەي كىيىپ ماڭالماي يىقىلىپ چۈشۈپ ئوسال بولغان ئادەمدەك، تەستە تىكىلدىم.

— قىزىم، سىزنىڭ سوئالىڭىزنى چۈشەندىم.

— ئەمىسە نېمىشقا خاتا جاۋاب بېرىسىز؟ — دېدى قىزىم

چاڭىلداپ سۆزلەپ.

— مېنىڭ جاۋابىم خاتا ئەمەس، بىراق ئۇيغۇرچە ئىسىملارنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە ئىسىملارنى قوللانغىنىمىز خاتا.

— ئەجەب قىززىق، بىز ئۇيغۇر تۇرۇپ نېمىشقا ئۇيغۇرچە دېيىشنى بىلمەيمىز؟

مەن مەكتەپكە ئەمدىلا قەدەم باسقان قىزىمنىڭ ھەممە نەرسىنى بىلىشكە ئالدىراپ، سورىغان سوئاللىرىغا قايسى ئۇسۇلدا چۈشەندۈرۈشنى ئويلىنىپ قالغان چاغلىرىمدا، ھېلىقى ئاتاقلىق تىلشۇناس، ئالىمنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىپ، مېنىمۇ مۇنداق بىر ئەندىشە. يەنى، ئانا تىلىمىزنى ھېلىتىنلا قۇراق چاپاندەك ھەر خىل تىللار بىلەن قۇراشتۇرۇپ ياماپ، بالىلىرىمىزنىڭ سەبىي، ئەمما ھەق سوئاللىرىغا جاۋاب ئىزدەۋاتقىنىمدا، بىز كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمە دەرمىز؟ ئۇلار بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قان - تەرى، ئەقىل - پاراستى بەدىلىگە ئىجاد قىلىپ ھەم بېيىتىپ، تولۇق، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگەن شۇنداق بىر گۈزەل تىلىمىزنى ئاسرىماي، پەرۋىش قىلماي مۇشۇنداق مېيىپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپسىلەر، سىلەر بىر تىلنىلا ئەمەس بىر مىللەتنى خاراب قىلماقچىمۇ؟ دېگەن سوراقلىرىغا قالارمىزمۇ؟ دېگەندەك ئازابلىق خىياللار مېنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالدى.

تىل ئۆگىنىش، قوش تىللىق بولۇش ئىلغارلىق، ئەمما ئۆز ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىش نومۇس. ئانا تىلىنى تولۇق بىلىپ بولالمىغان بالىلارغا باشقا مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆگىتىپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدا خەت يېزىش ئەمەس، ھەتتا سۆزلىشىشنىمۇ بىلمەيدىغان قىلىپ قويۇش بۇ تىل ئۆگىنىش ئەمەس، تىل تۈگىتىش بولامدۇ؟

# مەكتەپتىكى مۇھەببەت

رېستوراندىن چىققان قىز - چوكانلار ئاق قۇشقاچلاردەك ۋىچىرلىشىپ، بىر - بىرىمىزگە سۆز بەرمەي خوشلاشقاندىن كېيىن، ھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. مەن بىلەن خوشلىشىپ يان تەرەپتىكى كوچىغا كەتكەن ئادىلە توساتتىن مېنى چاقىردى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ تېز - تېز قەدەم ئېلىشلىرىغا قاراپ چوقۇم ماڭا دەيدىغان مۇھىم بىر گېپى بارلىقىنى چەزىملەشتۈردۈم.

— نېمە گەپتى ئۇ؟ ئەتىگە قالدۇرۇشقا بولمايدىغان؟ — دېدىم ئۇ يېنىمغا كەلگەندىن كېيىن.

— ئاداش، بۈگۈن بەك چىرايلىق ئايدىڭ بوپتۇ، كېتىۋېتىپلا، سەن بىلەن مۇڭداشقىم كېلىپ قالدى، شۇنداق دېدى - دە، مېنى قولتۇقلىۋالدى. مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ئاي شولىسىدا نۇرلانغان يوغان كۆزلىرىگە قاراپ:

— ئادىلە، بۈگۈن بەكلا چىرايلىق بولۇپ كېتىپسەن، — دەۋەتتىم، ئىختىيارسىز.

— ئەجەب گەپ قىلىسەنغۇ، باشقا چاغدا سەتمىدىم؟ — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

— ئۇنداق ئەمەس، سەن ئەسلىمۇ چىرايلىق، لېكىننزە بۈگۈن ئاشۇ تولۇن ئايدەك نۇرلىنىپ ئېچىلىپ كېتىپسەن، — دېدىم ئۇنىڭ يۇمىلاق يۈزلىرىنى دوستلۇق مېھرىم بىلەن بوشقىنە چىمدىپ قويۇپ.

ئۇ ئاسماندىكى ئايغا قارىغانچە تۇرۇپ قالدى.

— ھەي، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدىم ئۇنى نوقۇپ، ئادىلە ئويچان كۆزلىرىنى ماڭا يۆتكەپ ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتتى.

— ئادىلە، ھېلىلا رېستوراندا گۈلدەك ئېچىلىپ ئويناۋاتاتتىڭ، بىردەمدىلا جىمىپ قاپسەنغۇ؟ بىرى بىلەن رەنجىشىپ قالمىغانسەن؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— ياق، شۇنداق خۇشال ئويناۋاتقاندا رەنا ئەدىنىمۇ « مەكتەپتىكى مۇھەببەت» دېگەن ناخشىنى تەلەپ قىلدى. . . بىلمەيمەن، شۇ ناخشا بىلەن تەڭلا يۈرۈكىمدىكى كونا جاراھەتلىرىم يەنە قوزغىلىپ قالدى. مەن شۇ چاغدىلا ناخشىنىڭ ئادەم قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان بۇ قۇدرىتىگە قايىل بولدۇم. باشقىلار ئويناۋاتىدۇ. پەقەت مەنلا ئاشۇ مۇڭلۇق ناخشا باشلىغان لىرىكىلىق چىغىر يوللارنى ئايلىنىپ چىقتىم. جېنىم ئاداش مەن زادى قانداق ئىنسان؟ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتىم دەپ يۈرگەنىدىم، ئۇنتۇيالماپتىمەن. راستتىنلا. . . — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا جىمىپ قالغان ئوخشايمەن، كېيىن بىردىنلا ئېسىمگە كەلگەندەك بولۇپ:

—ئادىلە، ئۆيۈڭگە تېلېفون قىلىۋېتىپ، بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قالامسەن ـ يە؟ — دېدىم ئالدىمىزدىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان بىنانى شەرەت قىلىپ.

—ياق ئاداش، ماڭا بىردەم ۋاقتىڭنى بەرسەڭلا بولدى. سەن بىلەن ئايدىڭ كېچىدە ئازراق مۇڭدىشىۋالسام ئىچىم بوشاپ قالار دەپ قىزلاردىن ئايرىلىپ سېنىڭ قېشىڭغا قايتىپ كەلدىم، —دېدى ئۇ ماڭا يېلىنغاندەك قىلىپ.

—ئاداش، مېنىڭمۇ مۇشۇنداق گۈزەل ئايدىڭ كېچىدە ئۆيگە كەتكۈم يوقتى. ئۆي، بالا، خىزمەت، قائىدە ـ يوسۇن قوغلىشىپلا ئۆتىدىكەنمىز. بىرەردەم ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ مۇڭداشمىغىلىمۇ

خېلى ئۇزۇن بوپتۇ. بۈگۈن ھاۋامۇ سالقىن ئىكەن، بىردەم ئايلانغاچ مۇڭدىشايلى، — دېدىم كۈلۈپ.

ئادىلە ئاسمانغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى:

بۈنىڭدىن توپتوغرا يەتتە يىل بۇرۇن بۈگۈنكىدەك بىر گۈزەل ئايدىڭ كېچىنى سەھرادا ئۆتكۈزگەنلىكىم بىر ئۆمۈر يادىمدىن چىقمايدۇ.

بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئىلمىي ماقالىلەرنى تاپشۇرۇۋېتىپ بىكار بولۇپ قالدۇق. تەقسىماتىمىز ئېلان قىلىنىشقا خېلى ۋاقىت بار ئىدى. بىز ساۋاقدىشىمىز شادىمان تەكلىپى بىلەن ئۈچ قىز، ئۈچ ئوغۇل بولۇپ A ناھىيىسىگە باردۇق. ئۇ قۇربان ھېيت مەزگىلى بولغاچقا ئويۇنىمىز قىزىپ كەتتى. بىز ناھىيىدىكى ئويۇنىمىزغا خاتىمە بېرىپ شادىماننىڭ يېزىسىغا قايتماقچى بولدۇق. قىزلار ئېشەك ھارۋىسىدا بارىمىز دەپ چىڭ تۇرۇۋالدۇق. شۇنىڭ بىلەن كەچكە يېقىن ئېشەك ھارۋىسىدىكى كۆڭۈللۈك سەپىرىمىزنى باشلىۋەتتۇق. ھارۋا ناھىيە بازىرىدىن چىقىپ ئىككى تەرىپىدە كەڭرى ئېتىزلىقلىرى بار ئۇزۇن سوزۇلغان توپىلىق يولدا كېتىۋاتاتتى. ھارۋىكەش ئالدىدا، قالغان ئۈچ جۈپ قىز - يىگىت بىر - بىرىمىزگە دۈمبىمىزنى قىلىپ كەينىمىزدە ئولتۇردۇق.

— ھەي، مۇشۇنداق چىرايلىق ئايدىڭدا كۆڭۈلدىكى كىشىلەر بىلەن ئولتۇرۇپمۇ خىيال سۈرەمدۇق. زۇۋان سۈرۈشمەمسەن! — دېدى ھېكمەت مىجەزىدىكى شوخلۇقىنى سىغدۇرالماي قاتتىق ئاۋازدا.

— ئۇنداقتا شادىمان بۇ سۈتتەك ئايدىڭ كېچىگە ئاتىغان مىسرالىرىڭ بولسا ئوقۇمامسەن؟ — دېدىم مەن.

شېئىر دېگەننىچۇ، شىرە ئالدىدا قولىمىزغا رومكا ئېلىپ تۇرۇپ ئوقۇيمىز، —دېدى شادىمان سالماق ئاھاڭدا ماڭا قاراپ.

— ئۇنداقتا نېمە قىلىمىز؟ —دېدى ھېكمەتكە دۇمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان ئانار ئۆرۈلۈپ.

— قىز بالا دېگەننىڭ غەلۋىسى تولا، ئەتىگەندىن بۇيان ئېشەك ھارۋىسىدا ئولتۇرساق لەرزىكلىق بولىدۇ، كۆڭۈللۈك بولىدۇ دەپ چۇرقىراشتىڭ، ئەمدى ھارۋىغا چىقمۇېلىپ تاڭگا چىشلىۋالغاندەك ئولتۇرۇشقان، خىيالىمچۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يالغۇز قالغاندىلا سۆرۈڭلار. ھازىر بىردەم بولسىمۇ كۆڭۈللۈك ئويناپ كۈلىدىغان ۋاقىت، —دېدى دولقۇن بىزگە قاراپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزنى قايتا رۇسلىدى.

— بولدى دولقۇن قايىنىما، بىزمۇ ئويناپلى دەپ كەلگەن، — دېدىم مەن يېنىمدىكى ئانارغا كۆز ۇمنى قىسىپ، —دوستلار، مۇشۇ ئايدىڭ كېچىدىكى ساياھىتىمىزگە بىر لەرزىكلىق ناخشا قوشۇلسا قانداق بولار؟ —دەپ سېنىڭ ناخشاڭنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ —دېدىم.

— قانداق بولاتتى، بۇلبۇل گۈللۈك باغقا كەلگەندەك پەيزى ئىش بولىدۇ، دېدى دولقۇن.

— ھە، ناۋاتتەك گەپ بولدى. دىلبەر ئۇنداق بولسا يېنىڭدىكى ئۇنىڭالغۇغا لېنتا سالامسەن؟ —دېدى ھېكمەت دىلبەرگە دولقۇننى شەرەت قىلىپ.

— چاتاق يوق، —دېدى دىلبەر ھەم دولقۇننىڭ قولىقىنى بۇرىماقچى بولۇپ قولىنى ئۇنىڭ قولىقىغا ئاپاردى.

دولقۇن ئۇنىڭ قولىنى تۇتىۋېلىپ تۇرۇپ:

—ھەي، بۇرادەرلەر، لېنتا سېلىنىشتىن بۇرۇن قويىدىغان تەلىپىم شادىمان بىلەن ھېكمەتمۇ قوشۇلسۇن، بۇ ئادەمسىز ئېتىزلىقتا مەن يالغۇز كاكىرىماي يەنە، —دېدى كۈلۈپ.

دولقۇننىڭ سۇنىڭ شىلدىرلىشىدەك يېقىملىق، بۇلبۇلنىڭ خۇش ئاۋاسىدەك مۇڭلۇق، سۈزۈك ئاۋازى ئاپئاق ئايدىڭ كېچىدىكى سەپىرىمىزگە يېڭى بىر ھۆسن قوشتى.

ھەر ئاخشىمى ئەسلەپ سېنى،
ئايغا قارايمەن.
ئاسماندىكى تولۇن ئايدىن،
سېنى سورايمەن.

ناخشا يۈرەكلەرنى چېكىپ ئۆتتى. ھېسسىياتقا باي دوستلار ناخشىنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىغا كەلگەندە خىجىل بولۇشنى ئۇنتۇپ ئالىتاغىل ئاۋازلىرىمىز بىلەن جۆر بولدۇق. بۇ ئالىتاغىل ئاۋازلار ئىچىدىن يەنىلا دولقۇننىڭ يېقىملىق ئاۋازى قۇلاققا ئۇرۇلۇپ، ھېسسىياتىمىزنى ئۇرغۇتاتتى.

مۇڭلۇق ناخشىسى...

بىز ناخشا، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن كېتىپ بارغاندا، بىردىنلا يىراق جايدا يېنىپ تۇرغان غۇۋا چىراغ نۇرىغا كۆزۈم چۈشتى. ئادەمزات يوق جاڭگالدا ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەستە؟ ئادەمنى بىر ئاز سۈر باسقاندەك بولۇپ، شادىماننى ئاستا نوقۇپ:

— شادىمان، ئاۋۇ چىراغ نۇرىنى كۆردىڭمۇ؟ — دېدىم شىۋىرلاپ.

— ھەئە كۆردۈم، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا.

— مەن سەل قورقىۋاتىمەن، — دېدىم يەنە شىۋىرلاپ.

— نېمىشقا؟

— جاڭگالدا قانداق چىراغ بولىدۇ، جىنمىكىن دەپ...

شادىمان قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

— ئادەم بولغاندىن كېيىن چىراغ بولمامدۇ؟ — دېدى.

— شۇ جاڭگالدا ئادەملەرگە نېمە بار؟ زېرىكمەمدۇ

قـورقامدۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەي.

— ئۇلار زېرىكمەيدۇ، قورقمايدۇ چۈنكى — ... شادىمان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەستىن ماڭا مەنىلىك قارىدى.

— دېمەمسەن، چۈنكى —... نېمە؟ — دېدىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلمەكچى بولۇپ.

— چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە يىمىرىلمەس مۇھەببەت بار، — دېدى شادىمان سۆزلىرىنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ.

— شادىمان، گەپنى باشتىن قىلغىنە، بىزمۇ ئاڭلايلى، — دېدى ھېكمەت گەپكە ئارىلىشىپ.

— مېنىڭ تولۇقسىزدىكى ساۋاقدىشىم ئابلەي يەنە بىر يېزىغا مەشرەپكە بېرىپ شاراپەت ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ كېيىن مۇھەببەتلىشىپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا زادىلا قوشۇلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يىگىت مۇشۇ جاڭگاللىقتىن جاي ئېلىپ، ئۆي سېلىپ قىز بىلەن نىكاھ قىلىپ ئىككى يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشاۋاتىدۇ. قىز ئۇستا تىككۈچى، يىگىت ئۇستا ياغاچچى بولغاچقا ئۇلار ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپ، بازاردىن تىككۈچىلىك دۇكىنى ئېچىۋالدى. ئۇلار ئەتىگەندە موتسىكلىت بىلەن بازارغا كىرىپ ئىشلەپ كەچتە مۇشۇ جاڭگاللىقتىكى ئارام گاھىغا قايتىپ كېلىدىكەن، يېقىندا يەنە بىر نەچچە جۈپ ياشمۇ، بۇ يەردىن جايلىق ئاپتىمىش. بۇ يەرگە نېمىدەپ ئىسىم قويۇپتۇ دېمەمسىلەر؟

— ھە نېمە ئىسىم قويۇپتۇ؟ — دېدى ئانارمۇ قىزىقىپ.

— «ئاشىق ـ مەشۇقلار مەھەللىسى».

— پاھ، ئەجەب رومانتىك.........

— ھەي دىلبەر، تەقسىماتتا بىر يەرگە بۆلۈنەلمىسەك بىزمۇ مۇشۇ «ئاشىق ـ مەشۇقلار» مەھەللىسىدىن جاي ئېلىپ

كېلىۋالامدۇق! — دېدى دولقۇن دىلبەرگە قاراپ. دىلبەر ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى.

— ھەي چالى قوشى گەپ قىلمايسەنغۇ؟ تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىر ئەمەسمۇ يە؟ — دېدى ھېكمەت. سوئال نەزىرى ئانار ئۈنى نوقۇدى. ھېكمەت ئانارغا قارىدى.

— غوجام، ئۆپكىلىرىنى بېسىۋالسىلا بوپتىكەن. باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئۇنچىۋالا ئارىلىشىپ كەتمىگۈلۈك، —دېدى ئانار رەنجىپ.

—ۋۇي، ھېلىلا جانجىگەر ساۋاقداش، سىــرداش دوستلار ئىدۇق. ئەمدىزە «باشقىلار»غا ئايلىنىــــپ قالدۇقمۇ؟ —دېدى ھېكمەت ھەممىمىزگە تەكشى قاراپ.

—ھەي، مۇشۇنداق گۈزەل كېچىدىمۇ كۆڭۈلسىــز گەپ - سۆزلەرگە ئورۇن بېرەمدۇق؟ ھەممىمىزگە مۇشۇ يەردىن جايلىق ئېلىپ قويسۇن، تەقسىماتىمىزدا كېلىشەلمىسەك شەھەردە ئۆسكەن خان قىزلار كۆنەلىسىلا مەشەدە ياشايلى، قانداق؟ ھازىر مەن ناخشا باشلايمەن. سىلەرمۇ تەڭكەش قىلىسىلەر، —دولقۇن شۇنداق دەپلا ناخشىنى باشلىدى:

ئاپئاق ئايدىڭغا چىقسام،
ئاي ماڭا ھەمراھ بولسا.
مەن ئۆزۈم يالغۇز ئوغۇل،
يار ماڭا مۇڭداش بولسا.

ھەممىمىز ناخشىغا قوشۇلدۇق، بىرىنىڭ كەينىدىن بىــرى ئۆلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار بىلەن بىردەمدىلا كامالىلارنىــڭ مەھەللىسىگە كېلىپ قاپتۇق. ھېچقايسىمىزنىڭ ئۆيگە كىــرىپ ئۇخلىغىمىز يوق ئىدى.

—ھە، قېنى ئۆيگە كىرىپ ئارام ئالامسىلەر؟ —دېدى شادىمان بىزگە قاراپ.

—مۇشۇنداق گۈزەل كېچىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزۈش بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولماسمۇ ئاغىنە، —دېدى ھېكمەت.

—ئوھوي، دېگەنلىرىڭ دۇرۇس. مەنمۇ مۇنداق گۈزەل كېچىنىڭ قاتىلى بولۇشنى خالىمايمەن ئەلۋەتتە. قېنى بىزنىڭ خان قىزلىرىمىز نېمە دەيدېكىن، —دېدى شادىمان بىزگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

—بۇنداق گۈزەل ئايدىڭ كېچىلەرنى ئوغۇللارغا قارىغاندا، بىز قىزلار تېخىمۇ قەدىرلەيمىز، ئەپەندىملەر، —دېدى ئانار جاۋابەن. بىز كۆلۈشتۇق.

ئىشىك ئالدىدا كىچىك بىر كۆل، كۆلنىڭ ئەتراپىدا مەجنۇنتاللار بار ئىدى. ھۆسنىگە تولغان تولۇن ئاينىڭ كۆلگە چۈشكەن ئەكسى بىزگە تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈندى. كۆلنىڭ يېنىدىلا يوغان بىر تۈپ ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چىملىقتا ئەدىيال سېلىپ ئولتۇردۇق. دەسلەپتە بىر ـ بىرىمىزگە گەپ بەرمەي چۇرقىراشتۇق، ناخشا ئېيتىشتۇق. كېيىن ئۆزلۈكىمىزدىن جىمىپ قالدۇق. بۇ جىمىپ قېلىشنىڭ مەلۇم مەقسىتى باردەك قىلاتتى. دولقۇن بىلەن دىلبەر بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغىلىپ كۆل ئەتراپىنى ئايلانغىلى كەتتى. ئانار بىلەن ھېكمەتمۇ باشقىلار ئاڭلىمىغىدەك بوش ئاۋازدا ئۆز پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

— ئادىلە ئۇسسىدىڭمۇ؟ —سورىدى شادىمان.

— قانداق دەيسەن؟

— مەن بەك ئۇسساپ كەتتىم، ئۆستەڭگە بېرىپ سۇ ئىچىپ كېلەيلى، — شادىمان مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا، قولۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. بىز قول تۇتۇشقىنىمىزچە سوقما تاملارنى بويلاپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن شىلدىرلاپ سۇ ئېقىۋاتقان

ئۆستەڭ بويىغا كەلدۇق. ئۆستەڭنىڭ گۈرۈلدەپ ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۈزۈك سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدۇق. مەن سۇغا قانغاندىن كېيىن قارىسام، شادىمان تېخىچە ئېگىشىپ سۇ ئىچىۋېتىپتۇ. مەن سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ، چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا قۇيدۇم - دە، قېچىپ كەتتىم. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، مېنى قوغلىدى. مەن قېچىپ پاكار سوقما تامنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا تۇتۇلۇپ قالدىم. ئۇ مېنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى. مەن بۇ تۇنجى قېتىملىق قۇچاقلىشىشتىن قورقتۇم ھەم خىجىل بولدۇم. ئۇنىڭ كۈچلۈك قوللىرىدىن قېچىپ كېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ كۆرسەممۇ كار قىلمىدى. بىر خىل ھاياجان ھەم قورقۇش بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. يېنىك ئۆكسۈدۈم. . .

— نېمە بولدى، ئادىلە؟ — شادىمان قولىنى ئاستا بوشىتىپ مېنى ئۆزىگە قاراتتى.

— بىلمەيمەن، تىترەپ كەتتىمغۇ، —دېدىم ئوڭايسىز ھالدا.

شادىمان مېنى خۇددى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك قولتۇقۇمدىن كۆتۈرۈپلا مەن يۆلىنىپ تۇرغان پاكار سوقما تامغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ھەمدە قوللىرىمنى چىڭ تۇتۇپ كۆزلىرىمگە تەلمۈرۈپ قارىدى.

— ئەمدىچۇ، ياخشى بولۇپ قالدىڭمۇ؟ —دېدى مۇلايىملىق بىلەن.

مەن جاۋاب بەرمەستىن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالدىم. شۇ تاپ نېمىدىن بۇنچە ھالسىزلىنىپ قالغىنىمنى بىلمەيتتىم. يۈرىكىم تېخىچىلا رىتىمسىز دۈپۈلدەيتتى. كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ مۇھەببەتكە تولغان ئويچان كۆزلىرىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شۇ تاپ ئۇنىڭ ماڭا ئېيتالمايۋاتقان بىر ئازابلىق

خىياللىرى باردەك قىلاتتى.

— ئادىلە، كۆڭلۈمگە ئارام بەرمەيۋاتقان بىر خىيال بار، ساڭا ئېيتسام بولارمۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن.

— سېنىڭ مۇشۇ چىرايلىق كۆزلىرىڭ، ياڭراق كۈلكىلىرىڭ، مەندىن ھامان بىر كۈنى يىراقلىشىپ كېتىدىغاندەك، بىر قورقۇنچلۇق تۇيغۇ يېقىندىن بېرى ماڭا ئارام بەرمەي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى كامال ئەنسىز كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا؟ —سورىدىم مەن ھەيران بولۇپ.

— ئۈرۈمچىدە قېلىشىڭغا ئۆيدىكىلىرىڭ قوشۇلمايدىكەن. بۇ يەرگە بۆلۈنۈپ كېلىشكە ھازىرچە بولمىسا. . . يۇرتۇڭدا بىرسى سېنى ساقلاپ تۇرغاندەكلا خاتىرجەم ھەم، غەمسىز كۆرۈنىسەن، — دېدى شادىمان كۆڭلىدىكىنى چىقىرىپ.

— كامال، «باشقا كەلسە باتۇر» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، ھازىر قۇرۇق غەم يېگەنىنىڭ نېمە پايدىسى. ۋاقىت - سائىتى كەلگەندە ئىرادىمىز مۇستەھكەم بولسىلا، ئىشلار چوقۇم ھەل بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ —دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئۈمىد بېغىشلاپ.

— مەيلى نېمىلا بولسۇن سېنىڭ باشقا بىرسىگە تەۋە بولۇپ كېتىشىڭنى خىيالىمغا كەلتۈرۈشتىنمۇ قورقىمەن.

— شادىمان، مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن، ساڭىمۇ ئىشىنىمەن، شۇڭا يۈرىكىم توق. قايغۇسىز كۈلۈپ يۈرگىنىممۇ شۇ.

ئارىمىزنى بىردەملىك سۈكۈت باستى. مەن بۇ جىمجىتلىقنى بۇزماق بولۇپ ئېغىز ئاچتىم.

— قارا، شادىمان ئاي بۈگۈن ھۆسنىگە تولۇپ بەك

چىرايلىقلىشىپ كېتىپتۇ.

— ئەڭ چىرايلىق ئاي يېنىمدا تۇرسا ئاسمانغا قاراپ نېمە قىلىمەن، —ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، مېنى باغرىغا چىڭ بېسىپ، ھارارەتلىك لەۋلىرىنى ئوت بولۇپ قىززىغان لەۋلىرىمگە مەھكەم ياقتى...

— شادىمان، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىپ باقايلى.

بىز قول تۇتۇشۇپ ئۇچمە دەرىخى تۈۋىگە قايتىپ باردۇق، ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەتكەن ئىكەن، شادىمان پېشانەمگە يېنىككىنە بىرنى سۆيۈپ ئوغۇللار ياتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن قىزلارنىڭ يېنىغا كىرسەم ئۇلار جىمجىت ئۇيقۇدا ئىكەن، مەن ئاستا سۇپىغا چىقىپ ئورنۇمغا كېلىشىمگىلا ئۇلار بىردىنلا كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھەي، سەن خەق تېخى ئۇخلاشماپسەن ـ دە — دېدىم بوش ئاۋازدا.

— ياق، پەقەت ئۇيقۇمىز كەلمەيۋاتىدۇ. دىلبەر ئىككىمىز سېنىڭ غېمىڭنى يەۋاتىمىز، — دېدى ئانار.

— مېنىڭ نېمە غېمىمنى يەيسىلەر؟

— دىلبەر، مېنىڭچە سەن يۇرتۇڭغا كېتىپ، كېيىن كېلىمەن، دېگەننى قويۇپ، ئامال بار ئۈرۈمچىدە قال. بولمىسا... — دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېمەستىن ئانار ئېغىر ئۇھ تارتتى.

— مەن شۇنداق ئويلاپ باقساممۇ ھازىر ئۈرۈمچىدە قالسام بولمايدۇ. ئاپامنىڭ ئالدىدا باشقا قىزى يوق... بىر نەچچە يىل بولسىمۇ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئالدىدا خىزمىتىدە بولمىسام يۈز كېلەلمەيمەن.

— ئاتا ـ ئاناڭ سېنىڭ تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇشۇڭنى

تىلەيدىغاندۇ؟
—تىلىگەن بىلەن. . . ئانار، سىزنىڭ ئاتا ـ ئانىڭىز ئوقۇغان زىيالىيلار بولغاچقا سىزنىڭ ھېكمەت بىلەن بولغان بولغۇسى ئىشىڭلارنى چۈشىنىپ، ئۇرۇمچىدە قېلىشىڭلارغا يول قويۇشاتتىدۇ. مېنىڭ دادام بۇ يولدا ماڭسىمۇ، ئاپام جاھىل قوشۇلمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ توي قىلماي يۈرۈۋەرسەم، ئاخىرى چوڭقىيىۋاتقان يېشىمغا قاراپ، ئامالسىز ماقۇل بولامدىكىن دېگەن ئۈمىدىمۇ مەندە يوق ئەمەس.
— دىلبەر، سەن دېلىغۇللۇق قىلماي، دولقۇننى خوتەنگە ئېلىپلا كەت يا ئاقسۇدا قال. دولقۇننىڭ ئاتا ـ ئانىسى يوق ئۇنى داغدا قويساڭ بولمايدۇ، — دېدىم.
— چالىقۇشى، گەپ قىلمايسەنغۇ؟
— ھازىر نېمە دېيەلەيمەن، پەقەت پېشانىمىزگە كەلگەننى كۆرمەي باشقا ئامال يوق، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ. بۇ گەپ بىلەن ھەممىمىز جىمىپ كەتتۇق كېيىن ھەممىمىز ئۆز خىياللىرىمىزنى تامام ئېيتىپ ئاندىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئوخشايمىز.
ئەتىسى چايدىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.
ئاخىر بىز كۈتكەن مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. تەقسىماتىمىز ئېلان قىلىندى. ھېكمەت بىلەن ئانار ئۇرۇمچىدە قالدى. قالغان ھەممىمىز ئۆز يۇرتىمىزغا قايتتۇق.
تەقسىمات خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن ھەممىمىز ياتاققا قايتىپ كىردۇق. بۇ يەردە خۇشاللىقتىن يۈرىكى سەكرەۋاتقانلارمۇ، ئاچچىق ئازابتا يۈرىكى ئېچىشىۋاتقانلارمۇ بار ئىدى. بىر چاغدا كامال ياتاققا كىرىپ كەلدى. ئۇمۇ ئۆز يۇرتىغا قايتماقچى ئىدى. بىز پەقەت كېيىنچە يا مېنىڭ يۇرتۇمغا ياكى بولمىسا كامالنىڭ يۇرتىدا ھامان جەم بولالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، ئۆز ـ ئۆزىمىزگە

بىر ئاز بولسىمۇ تەسەللى بېرىشتۇق. ياتاقنىڭ ئىشىكى يوغان ئېچىلىپ ھېكمەت، دولقۇنلار كىرىپ كەلدى.

— ھەممىڭلار جىمىپ كېتىپسىلەرغۇ؟ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئويۇڭلار يوقمىدى يە؟

— دولقۇن، تولا سۆزلىمىگىنە بېشىمنى ئاغرىتىپ، — دېدى ئانار جىلە بولۇپ.

— ئاز قالدى، ئەمدى تولا سۆزلەيدىغان دولقۇننى دورىلىققىمۇ تاپالمايسەن، ئۆرۈمچىلىك، — دېدى دولقۇن.

— بولدى، گەپ قىلماڭلار! — دىلبەر شۇنداق دەپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلاپ كەتتى. ئانار ئىككىمىزمۇ ئاران تۇراتتۇق. بىزمۇ يېرىلدۇق.

— ھە يىغلاڭلار، ئومۇمىي خور باشلاندى، — دېدى دولقۇن.

بىزنىڭ يىغىمىز باشقا قىزلارنىمۇ تەسىرلەندۈرگەن ئىدى. ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنى قۇچاقلىشىپ خېلى بىر ۋاققىچە كۆڭلىمىزنى بۇزۇپ كۆز يېشى قىلىشتۇق. شۇ چاغلارنى ئويلىسام ھېلىمۇ مېنى يىغا تۇتىدۇ. باشتا دولقۇن بىلەن دىلبەر ئاقسۇغا بېرىپ شۇ يەردە خىزمەت ئىزدەيدىغان بولدى. ئۇلارنى يولغا سالدۇق. ئاندىن مېنى ئۇزاتتى. ئانار، ھېكمەت، كامالار بىلەن خوشلىشىپ يىغلاۋاتسام، ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر ماڭا قاراپ ھەيران بولۇشتى. شۇ چاغلارنى ئويلىسام ھەممىمىز شۇنداق يىغلاڭغۇ بولۇپ كېتىپتىكەنمىز.

خىزمەتكە ئورۇنلىشىپ بىرىنچى قېتىم دولقۇندىن، ئاندىن دىلبەر، ئانارلاردىن خەت كەلدى. خەتلەر كۆز يېشىم بىلەن يۇيۇلدى.

— شۇندىق ياخشى يۇرۇپىمۇ نېمىشقا توي قىلالمىدىڭلار؟ — سورىدىم ئادىلەنىڭ بىر قەۋەت ياش پەردىسى قاپلىغان كۆزلىرىگە قاراپ.

— ئۇ توغرىلىق گەپ قىلسام، گەپ بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ ئاداش، ئاساسلىق سەۋەب ئىككىمىزنىڭ ئىككى يۇرتلۇق بولۇپ قالغىنىمىزدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئاپىسى: «قىز بالىنىڭ يۇرتى يوق مۇشۇ يەرگە كەلسۇن» دېسە، مېنىڭ ئاپام: « بىر تال قىزىمنى ياقا يۇرتقا بەرمەيمەن» دەپ ئىككىمىزنىڭ بىر بولۇش ئارزۇيىمىزنىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقتى. مەن ئاخىرى يۇم - يۇم يىغلاپ تۇرۇپ ئايرىلىش خېتىنى يازدىم.

— ئۇ جاۋاب خەت يازدىمۇ؟

— ياق، ئۇ ئۆزى كەلدى. ئۇ كەلسىمۇ ئاپام يەنىلا قاتتىقلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىر ئۇ ئۈمىدسىز كەتتى.

— ھېلىقى دوستلىرىڭ توي قىلالىدىمۇ؟

— ئانار بىلەن ھېكمەتلا توي قىلالىدى. دىلبەر ئاقسۇدا ئۇزاقراق تۇرۇپ خىزمەت ئىزدىمەيلا يۇرتىغا كېتىپ قاپتۇ. كېيىن باشقا بىرسى بىلەن توي قىلىۋالدى.

— دولقۇنچۇ؟

— ئۇ، تېخىچىلا بويتاق يۈرىدۇ.

— دىلبەر بەختلىكمىكەن؟

— ئۇ ماڭا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «ئادىلە، ئويلاپ باقسام بەختلىككەنمەن، يولدىشىمنى ياخشى كۆرۈپ كەتتىم. سەنمۇ رومانتىكلىق خىياللاردا ئۆزۈڭنى ئازابلاپ يۈرمەي توي قىلىۋال» دېگەنىدى.

— بوپتۇ ئادىلە، قانداق قىلىسەن، ئەمدى ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ رېئاللىققا يۈزلەنگىن، — دېدىم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— ھازىرغۇ جىق تۈزۈلۈپ كەتتىم. ۋاقىت ئۇنتۇلدۇرالمىسىمۇ يىراقلاشتۇرالايدىكەن. بىراق بەزى چاغلاردا يولدىشىم بىلەن رەنجىشىپ قالسام ھەممە نەرسە سەت كۆرۈنۈپ ھېلىقى سەھرادىكى

جاڭگالغا سېلىنغان ئۆيدە يىرتىق كىگىز، پۇچۇق چىنەم بولسىمۇ شۇ كامال بىلەن ياشىسام دەپ ئويلاپ قالىمەن.

— يەنە بىر رەنجىشىپ قالساڭ راستىنلا كېتىپ قالما يەنە؟ — دېدىم كۈلۈپ.

—ياق، توۋا دېگىن. مەن چوقۇم ئوغلۇم ئۈچۈن مېھرىبان ئانا، يولدىشىم ئۈچۈن ۋاپادار ئايال بولۇشقا تىرىشىمەن. خۇدادىن تىلەيدىغىنىم ماڭا بەرمىگەن شۇ بەختىمنى ئوغلۇمغا ئاتا قىلغاي، — دېدى ئادىلە ھاياجان بىلەن سۆزلەپ. مەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتىم. بىز ئەتراپىنى سۈتتەك يورۇتقان تولۇن ئايغا قارىدۇق. ئاي بىزگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلاتتى.

1998 ـ يىلى يانۋار مايتاغ



# رېستوراندىكى كۈلكە ۋە ھەسرەت

دوست دېمە بولسا ئۇ راھەتتە ئىناق،
ئايرىلسا سېنىڭدىن غۇربەتتە يىراق.
سايەڭگە نەزەر سال تەپەككۇر بىلەن،
يورۇقتا بىللە يۇ، زۇلمەتتە يىراق.
— «ئۆمۈر مەنزىللىرى» دىن

قىزىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ يېزىق ئۈستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغىنىمغا خېلى بولغان بولسىمۇ، كۆڭلۈمدىكى دېلىغۇللۇق مېنى بىر ھازاغىچە ئاۋارە قىلىپ، يېزىش ھەۋىسىمدىن ئىككىلەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

لېكىن ئۆيۈمنىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىن خىيالىي ئاڭلىنىۋاتقان ھېلىقى يېقىمسىز كۈلكىلەر، ھاياسىز چاقچاقلار كەيپىمنى بۇزۇپ، ئەسەبىيلىرىمنى قاقشاتسا، ۋىژدانىم ھامان قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا قىستايتتى... ئاخىر خاراكتېرىمدىكى تەۋەككۈلچىلىك، قېنىمدىكى تۇغما ھەۋەسنىڭ دادىللىقى بىلەن يېزىق ئۈستىلىمگە مۈكچەيدىم.

ئېسىمدە قېلىشىچە شۇ كۈنى پەيشەنبە ئىدى. بىر دوستىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن رېستورانغا بارغانىدىم.

رېستوراندا ئون نەچچە ئۈستەللىك مېھمانلار بولۇپ، يېنىمىزدىكى ئۈستەلدىكىلەرنىڭ پاراڭ - كۈلكىلىرىنى ئىچىمگە

سىغدۇرالماي ۋەيت ـ ۋەيت دېيىشلىرى باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇۋاتاتتى. ئەتراپقا نەزەر سالدىم. بۇ غەلىتە كۈلكە ـ چاقچاقلاردىن ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان چىرايى تىكەنلىشىپ، كۆزلىرىدە نەپرەت، كەمسىتىش ۋە بىزارلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— پاھ ماۋۇ «گاۋداڭ» چوكانلارنىڭ بۈگۈنكىسى قايسى چېيىدۇ؟ — سورىدى يېنىمدىكى دوستۇم. — ئۇلارنىڭ چېكىمدىن ئاشقان شوخلۇقىدىن بىزار بولغاندەك چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— ئاۋۇ ھەدىمىزنىڭ بالىسى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپتىكەن، شۇ بالىسىنى ئۇزىتىش چېيىكەن، — دېدى يەنە بىر دوستىمىز.

— ئەمىسە ئۇ ئۇستەلدە ئۇزىتىدىغان بالىنىڭ ئۆزى يوققۇ؟

— بالىسى ئۇچۇن ئاپىسىنى ئۇزىتىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئالىي مەكتەپكىمۇ بالىسى بارماي ئانىسى بارىدىغان ئىشلار چىقىمىغاندۇ ـ ھە؟

كەينى ـ كەينىدىن دېيىلىۋاتقان مەسخىرىلىك چاقچاقلاردىن بىزنىڭ ئۇستەلدىمۇ كۈلكە ياڭرىدى.

— ۋاي نېمە دەيدىغانسەن، بۈگۈ بالىسىنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىقىنى تەبرىكلىگۈدەك خۇشاللىق ئىشكەن، بەزى زاڭلار ئۈلۈمگە خام تاۋاق ئېلىپ كەلگەنلەرنى رېستورانغا باشلايدىغان بولۇۋالدى، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر ئەمدى؟

— ئىشقىلىپ نېمە يىغىلىق بولسا مۇشۇ ئوخشىغان چوكانلار ئىجاد قىلىشىدۇغۇ؟

— ئاداش، ئۇلار دېگەن دەم ئېلىشقا چىقتى. بالىلىرىمۇ قولدىن چىقتى، كىم بىكار، مۇشۇلار بىكار، بىكارچىلىقتا خىيالىغا كەلگەن ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلەر ھەقاچان...

— ئۇلارنىڭ بىكارچىلىقتا ئىجاد قىلغان قائىدىلىرىگە

بويسۇنىمىز دەپ ئىشلەۋاتقان بىزدەك بىچارىلەرنىڭ كەشمىز چۈشۈپ قالىدىغان ئوخشايدۇ.

دەل شۇ چاغدا ۋالىس مۇزىكىسى بىلەن تەڭ تانسا باشلىنىپ كەتتى، مەنمۇ دوستۇم بىلەن ۋالىس مۇزىكىسىغا لەرزان پىرقىرىغىنىمچە ئەتراپتىكى ئۈستەللەرگە قارىدىم. ئون نەچچە ئۈستەللىك مېھمانىنىڭ ئون ئۈستەلدىكى ئايال مېھمانلار قالغىنى ئەرلەر بولۇپ، ئاياللار ئاساسەن ۋالىسقا پىرقىراۋاتاتتى، ئەرلەرنىڭ بەزىسى بىخۇدۇك ئولتۇرۇپ خۇددى تىياتىرخانىدا ئويۇن كۆرۈۋاتقان تاماشىبىندەك بىزنىڭ تانسا ئويىنىشىمىزنى تاماشا قىلىشسا، بەزىلىرى چىلاشقۇدەك ئىچىۋېلىپ بىر - بىرىگە مەيدىلىرىنى يېرىتىپ قەلبىنى ئىزھار قىلىشىۋاتاتتى. مۇزىكا ئاخىرلاشتى، ئاياللار ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇۋېتىپمۇ يەنە بىر قىقاس چىقىرىپ كۈلۈشتى.

مەن مۇزىكا ساداسىغا چۆكۈپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتىم. بىر چاغدا رېستوراننى لەرزىگە سېلىپ دېسكو مۇزىكىسى چېلىنىپ سورۇندىكىلەرنىڭ بەدەنلىرىنى يېنىك تىترىتىشكە باشلىدى. بىزنىڭ ئۈستەلدىكى قىزلارمۇ بىر - بىرىگە شەرەت قىلىشىپ ئورۇنلىرىدىن تۇراي دەۋاتقاندا يېنىمىزدىكى ئۈستەلدىكى ھېلىقى چوكانلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرسى ئورنىدىن دەس تۇردى - دە، ناھايىتى ياڭراق ئاۋازدا:

— مەرھۇم دوستىمىز ×× نىڭ روھىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ دېسكوسىنى بىر ئويناپ بېرەي! — دېيىشى بىلەن ئۈستەلدىكى چوكانلار قىقاس چىقىرىپ كۈلۈشتى، ھېلىقى چوكان مەيدانغا چۈشۈپ قويغان ئۆپكىدەك ئوخشىغان يەرلىرىنى لىغىرلىتىپ، دېسكو ئويناشقا باشلىدى. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئۈستەلدىكى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇۋاتقانلارمۇ لاسسىدە بولۇپ

ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

— تۇۋا بۇ ئايالنىڭ نېمە دېگىنىدۇ؟ ئۆينىسمۇ ئۇ مەرھۇمنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي ئۆينىسچۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ئاۋۇ ئۇستەلدىكىلەرنىڭمۇ كۈلۈۋاتقىنىنى كۆرمەمسىلەر؟

— مەرھۇمنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى دوست تارتىشىپ بىرگە ئوينىغان يېقىن دوستلىرىغۇ ئۇ، ھېچ بولمىسا ئۇ پۇل تۆلىگەن تاكسىلاردىغۇ ئولتۇرۇشقان بولغىيتتى...

— تۇۋا دەيلى ئاداشلار، بۈگۈن ئۇ مەرھۇمنىڭ ئىككىنچى ئازنا ئاخشىمى، ئۇنىڭ ئازراق قارىسىنى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى روھىنى قورۇندۇرۇپ مۇشۇنداق ئاممىۋى سورۇندا ئىسمىنى ئاتاپ... تۇۋا ئادەملەر نېمانچە رەھىمسىزلىشىپ كەتتى؟...

بىز شۇنداق دېيىشكەچ كۆزلىرىمىزگە ئاچچىق ياشنى يوشۇرۇپ ھەسرەتلىك مۇڭغا پاتتۇق. تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان بىر ئاچچىق ئازاب ئىسكەنجىسىدە ياشلىرىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يۇمغىنىم بىلەن كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئاشۇ مەرھۇمە ھەم شۇ ئۇستەلدىكى كۈلكە چولپانلىرىنىڭ سىيماسى كىنو لېنتىسىدەك كۆرۈنۈۋاتاتتى.

شۇ رەھىمەتلىكمۇ مۇشۇ ئۇستەللەردە نۇرغۇن قېتىملاپ ئولتۇرۇپ مۇشۇ دوستلىرىنى ھەم پۈتۈن رېستوراندىكىلەرنى كۈلدۈرگەنىدى. مانا مۇشۇ ئۇستەلدىكى دوست - يارەنلىرىنى كۈلدۈرگەن چوكان باشقا ئۇستەلدىكى ئەقلى - ھوشى بار ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئازاب خەنجىرى سانجىدى. ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا بولغان ئىشەنچىسىگە گۇمان سېلىپ قويدى...

— دوستەكلەر، بىر - بىرىمىزگە گۇمان بىلەن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتۇقمۇ؟ سائەت بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ قايتايلى.


— شۇنداق قىلايلى، ئەجەب خۇشال كېلىپ چىۋىن يەۋالغاندەك غەش قايتىمدىغان بولدۇق...

— ئاداش ئەنسىرىمە، بىز قىيامەتلىك دوستلار، جۇمۇ!

— ئاداش، ئادەم شۇنداق دېگەنلەردىن بەكرەك قورقىدىكەن!

ئاچچىق بىر كۈلكە بىلەن ئورنىمىزدىن تۇرۇشتۇق، يولدا كېتىۋېتىپ كۆڭلۈم پەرىشان هالدا يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلدىم. ئىنسان ئۈچۈن بىر - بىرىدىن جىلۋىدار كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار ئىچىدىن ئۆز يۇلتۇزىنى تاپماق قىيىن بولغىنىدەك، كىشىلىك هاياتتا ئادەملەر ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ هەقىقىي دوستىنى تاپماقنىڭ قىيىنلىقىنى ئازاب بىلەن هېس قىلدىم.

بۇ دۇنيادىن ئايرىلىپ تېخى كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپ، هايات چېغىدا مەنپەئەت يەتكۈزگەن دوستلىرى تەرىپىدىن مەسخىرىسىگە قېلىۋاتقان مەرهۇمەنىڭ ئاشۇنداق مەنىسىز كۈلكىلەر ئىچىدە ئۆتكەن كاج تەقدىرىگە ئېچىندىم.



# بىز قاچان چوڭ بولىمىز؟

كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋاتاتتىم. ئالدىمدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان 29 ـ 30 ياشلاردىكى ئىككى خانىم ئاپتوبۇستا گويا ئۆزلىرىدىن باشقا ھېچكىم يوقتەك بىھۇدۇك پاراڭغا چۈشتى.

— ئاداش، ئاڭلىسام تويۇڭ يېقىنلىشىپ قاپتۇ. تەييارلىقلار پۈتۈپ قالغاندۇ؟

— تەييارلىقلارغۇ پۈتۈپ قالغانتى، ئوغۇل تەرەپ ئوتتۇز مىڭ يۈەن خەجلەپ يېڭى ئۆينىمۇ ئېلىپ بولغانتى. شۇ ئۆينى زىننەتلەشكە كەلگەندە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۇلنىڭ ھەممىنى ئۆيۈڭگە خەجلىۋەتسەك تويۇڭغا قانداق قىلىمىز، دەپ غىڭشىۋاتقۇدەك. مەن ئۇنىڭغا:

— ئۆيىمىزنى زامانغا لايىق زىننەتلىمىسەك توينى قىلمايمەن، — دېدىم.

— ئاداش، ئوغۇل تەرەپ يېڭى ئۆي ئېلىپ يەنە تويۇڭلارنى قىلىپ بېرەيلى دەۋاتقاندىكەن، ئۆي زىننەتلەيدىغان پۇلنى بىرەرسىدىن قەرز ئېلىپ تويدىن كېيىن قايتۇرۇۋەتسەڭلار بولمىدىمۇ؟

— توۋا دېگىنە، تويدىن كېيىنكى پۇللارنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، ئوت!

— قانداق ئوت؟

— تويدىن كېيىن ئۆيىمىزگە تېلېۋىزور بىلەن كىر ئالغۇنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئېلىپ بېرىدۇ. قالغان توڭلاتقۇ، ئۈنئالغۇ،

سىڭئالغۇ، VCD، كومپيۇتېر دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىمىز ئالىدىغان گەپ. ئەڭ مۇھىمى تويدىن كېيىن ساياھەت قىلىدىغان ئىشلار چىقتى، جەنۇبنى بىرەر ئاي ساياھەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە پۇل كېتىدۇ، پۇلنىڭ بېشىدا ئەنە شۇنداق ئوتلار كۆيۈۋاتىدۇ.

«راست ئوت كۆيۈۋېتىپتۇ، ئوت ئۇ پۇلنىڭ بېشىدا ئەمەس، مۇشۇنداق ئىنسابسىز بالىلارنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان بىچارە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بېشىدا كۆيۈۋېتىپتۇ...» دېدىم مەن ئىچىمدە.

— بالاڭنى يەسلىگە بەردىڭمۇ؟ — دېدى پۇلنىڭ غېمىدە ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقان خانىم يېنىمدىكى ھەمرىيىمدىن.

— بالامنى ئاپام، دادىلار بېقىپ بېرىۋاتىدۇ، يەسلىگە بېرەيلى دېسەك ئۇلار: «ئىشلەۋاتقان تۇرساڭلار، بالىنى يەسلىگە ئاپىرىپ ئەكىلىمەن دەپ بەك جاپا تارتىپ كېتىسىلەر» دەپ زادىلا ئۇنىمايۋاتىدۇ. ئىككىنچىسىنى تۇغسام ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بېقىپ بېرەمدىكىن دەپ چېكىپ باقسام قېيىنانام دېگەن جادى «بالام، بالاڭلارنى بىز بېقىپ بەرسەك، سىلەر ئاتا ـ ئانا بولغاننىڭ تەمىنى بىلەلمەي قالىسىلەر، ئىككىنچى بالاڭلارنى بولسىمۇ ئۆزۈڭلار بېقىپ ئاتا ـ ئانا بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىڭلار، شۇندىلا بىزنىڭ قەدرىمىزگە يېتىسىلەر، بىزمۇ ئىشلەپ تۇرۇپ تۆت بالىنى بېقىپ قاتارغا قوشقان» دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى. دۇنيادا شۇنداقمۇ كۆيۈمسىز ئاتا ـ ئانا بولامدۇ؟...

بۇ ئىككى خانىمنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ۋۇجۇدۇم زىلزىلىگە كەلدى. خىيالىم چىگىشىپ ئۆزۈم چۈشىدىغان بېكەتتىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپتىمەن. دۇنيادىكى ئەڭ مۇقەددەس مۇھەببەت — ئاتا — ئانا بىلەن پەرزەنت مۇھەببىتىنى ئەڭ ئەرزىمەس، ئادەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەت ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويغان ھېلىقى

چاكمنىلارغا بىر تۇرۇپ ئىچىنسام، بىر تۇرۇپ نەپرەتلەندىم.


شۇ ئاتا ـ ئانىلار بىزنى ئۆتكەنكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەردە ئەڭ ئاخىرقى لوقمىسىنى خۇددى كەپتەردەك ئاغزىلىرىدىن ياندۇرۇپ، پېشانىسىدىن تەرنىڭ ئورنىغا سۈت بىلەن قان تامدۇرۇپ باققان ئەمەسمىدى؟ بىزلەر پەرزەنت ئىكەنمىز، ئادەم ئىكەنمىز شۇلارنىڭ ئەجرىگە يارىشا جاۋاب قايتۇرۇش ھەققىمىز يوقمىدى؟ ئۇلارنىڭ تازا ئويناپ ـ كۈلمىگەن گۈزەل ياشلىق پەسلى، نىملا قىلسا يارىشىدىغان نۆۋەر چاغلىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان ئاپەتلىك قارا بورانلىرىدا خاراب بولغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدىكى ئۆمۈر قۇياشى پېشىن بولۇپ قىرىلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغان چاغلاردا يەنىلا بىزنىڭ ئۆيىمىزنىڭ، تويىمىزنىڭ غېمىدە بالىلىرىمىزنىڭ غەلۋىسى ئىچىدە مۇشەققەت پاتقىقىغا پېتىشىنىڭ ئورنىغا چىرايلىق، پاكىز كىيىنىپ، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇشىدىغان، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىشىدىغان، يارىشىملىق ئاق چاچلىرىنى تەنتەنە قىلىپ خىزىر ۋە پەرىشتە سىياقىدا جۈپ ـ جۈپ بولۇپ كەچكى كۆكۈل ئېچىشلارغا قاتنىشىش ھوقۇقى يوقمىدى؟ . . .

دوستلار، ئىنساب قىلايلى. ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ياشلىقىدا بىز ئۈچۈن، تۇرمۇش ئۈچۈن، جەمئىيەت ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. بىز ئاڭلاپ ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە جاپا تارتتى. ئەمدى ئازراق دەم ئالسۇن. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە چىدىمايدىغان پىسخىكىسىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارغا ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان تەلەپ شەرتلەرنى قويمايلى. ئۇلار ياشاشقا قانمايۋاتقانسېرى ئۇلارنى قىيناپ، بالدۇر قېرىتىپ ئۆلۈم گىرداۋىغا ئىتتەرمەيلى. بىر چاغلاردا ئىنسابىمىزغا كېلىپ ئۇلارغا يېگۈزەيلى دېسەك سىڭمەيدىغان، كىيگۈزەيلى دېسەك ياراشمايدىغان، ئوينىتايلى

دىسەك ماڭالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا ئۇلار بۇ دۇنيادىن ئاللىقاچان كېتىپ قالىدۇ... ئۇ چاغدا بىز بېشىمىزنى تاشقا ئۇرۇپ ھەرقانچە تەسىرلىك قوشاقلارنى قېتىپ يىغلىساقمۇ ئۇلار قايتا كۆزىنى ئاچالمايدۇ... مەڭگۈلۈك ھەسرەت يۈرىكىمىزنى بىر ئۆمۈر مۇشۇك تاتىلىغاندەك تاتىلايدۇ. بىزمۇ چوڭ بولۇشىمىز، بالىلىرىمىزنى ئۆزىمىز بېقىپ، ئائىلە يۈكىمىزنى ئۆزىمىز كۆتۈرۈپ باقايلى، شۇ چاغدىلا ئاتا ـ ئانا بولماقنىڭ قانچىلىك جاپالىق ۋە ئۇلۇغلۇقىنى تونۇپ ئۇلارنىڭ قەدرىگە ھەقىقىي يېتىمىز.

سۆزۈمنى ھۆرمەتكە سازاۋەر شائىرىمىز مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرىكىدىكىنى ئىزھار قىلىپ بەرگەن مۇنۇ بىر كۇبلېت شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن.

بالا دېسە بېرىپ كەلدۇق جىمىنى،
كەپتەر باقسا توشۇپ بەردۇق دېنىنى.
ئۆي ئايرىسا سوقۇپ بەردۇق تېمىنى،
شۇ ئىشلارنى بىلەمدىكىن باللار.



# پىغانلىق ناخشا

مېنىڭ بۇ كۆركەم بەش قەۋەتلىك بىناغا كۆچۈپ كەلگىنىمگە بىر ئايدىن ئاشتى، يوللىرىغا رەڭلىك خىش ياتقۇزۇلغان بۇ ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئالدىدا رېشاتكىلىق باغچا بولۇپ، ياز كىرىشى ھامان گۈللەر ئېچىلىپ، دەرەخلەر سايە تاشلاپ تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا قولۇم - قوشنىلارنىڭ ھەممىسى چۈشتە، كەچتە ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى ئائىلىسى بويىچە دېگۈدەك پەسكە «كۆچۈپ» چۈشىدۇ - دە، باغچىدىكى قىزىل سىرلانغان بالداقلىق ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ ھال - مۇڭ قىلىشىدۇ، ئۆيلىرىدىن ئېلىپ چۈشكەن چىنە - چەينەكلىرىدە چاي ئىچىشىدۇ، قەرت، شاھمات ئوينىشىدۇ. بەزى دەم ئېلىش كۈنلىرى گىلەم - ئەدىياللارنى سېلىشىپ دۇتار، تەمبۇر چېلىشىدۇ. ھەر قېتىم يېڭى ئاڭلىنىدىغان خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشىپ، ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. سىرتتىن كەلگىنىمدە، بۇ مەنزىرىگە قاراپ زوقلىنىپ كېتىمەن. لېكىن، يېڭىياچى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇلارغا ئارىلىشالماي، كۆڭلۈمنى غېرىبلىق چۇلغايدۇ — دە، قىيالماستىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىمچە ئۆيۈمگە كىرىپ كېتىمەن.

بىنانىڭ كىرىش ئېشىكىدىكى نومۇرلۇق قۇلۇپقا ئاچقۇچ سېلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. پەلەمپەي باسقۇچلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ 4 - قەۋەتتىكى ئۆيۈمگە چىقىۋېتىپ، 2 - قەۋەت ئوڭ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئالدىدا ئىختىيارسىز توختاپ قالىمەن. بۇ

هال ئۆيۈمدىن پەسكە چۈشۈۋاتقان چاغلاردىمۇ تەكرارلىنىدۇ.
بىر ناخشا، دۇتارغا تەڭكەش قىلىپ ئايال كىشى ئېيتىۋاتقان سېھىرلىك بىر ناخشا مېنى ئاشۇ ئىشىك تۈۋىدە ئەنە شۇنداق ئىختىيارسىز هالدا داۋاملىق تۇتۇپ قالىدۇ.
بۈگۈن ئىشخانامدىن نېمىشقىدۇر كۆڭۈلسىز قايتىپ كەلدىم. بىنانىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقان قوشنىلارنىڭ قىيقاس - چۇقانلىرى خۇددى مېنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بىنانىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېدىم، ئاۋۋالقىدەكلا ۋەھىمىلىـــــك تاراقلاش، گۇپۇلدەش، ئىككىنچى قەۋەتتىن يەنە ھېلىقى ناخشا ئاڭلاندى. يۇقىـــرىغا يۈگۈرگەندەك چىقىپ، ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە كۆزۈمنى يۇمدۇم.

قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قالدىم،
ئوتۇنچى ئاپىرىپ ساتسۇن.
خېرىدارىم كېلىپ قالسا،
غېرىب - بىچارە دەپ ساتسۇن.

دۇتارنىڭ خۇددى زېمىننىڭ تەكتىدىن چىقىۋاتقاندەك ئېغىر بوم ئاۋازى، تولغىنىپ سىلىق ئېقىـۋاتقان دەريا سۈيـــــنـــــى ئەسلىتىدىغان ناخشىنىڭ مۇڭى، ماڭا شۇ دەمدە خۇددى تاقەتسىز پەريادقا، بىهوشلۇقتىكى رىتىملىق بۇقۇلدىغان يىغىغا، جاراھەتلىك يۈرەكتىن ئاققان زەردابنىڭ خىيالىي شىرىلدىشىغا ئوخشاپ كەتتى.
ئىختىيارسىز ئىشىكنى چەكتىم، ناخشا مۇڭىنىڭ ئاخىرقى تىترەپ توختاشلىرى شەربەت قىيامىنىڭ شىرىنىســـــدەك تەستە ئۈزۈلۈپ ئىشىك ئېچىلدى.
ھەيران قالدىم. ئالدىمدا ئىشىك ئاچقان كىشى كۆرۈنمەيتتى.
— خېنىم، ئۆيگە كىرسىلە.

پەسكە قارىدىم، بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە، دەل تىزىم ئاستىدا، مەندىن خېلىلا پەستە قىرىق نەچچە ياشلاردىكى، قاش ـ كۆزلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قاڭشارلىق بىر ئايال ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئايال پولنى تىرەجەپ ئىككى قەدەمچە كەينىگە سىلىققىنا سىرىلدى. يېنىمدىكى بۇ بىچارە شۇ دەمدە يېرىم كۋادرات مېتىر دائىرىدىكى چاقلىق تاختاينىڭ ئۈستىدە ئىكەن.

— خېنىم ئۆيگە كىرسىلە.

ئۆيگە قانداق كىرگىنىمنى بىلمەيمەن. بېشىم پىر ـ پىر ئايلىنىپ، ۋۇجۇدۇم زىلزىلىگە كەلدى. ئايال ئۆيگە كەينىمدىن كىرىۋاتسا كېرەك، ئارقا تەرىپىمدىن پول ئۈستىدە خۇددى بوۋاقنىڭ كۆلكىسىدەك يېقىملىق غىرىلداش ئاڭلاندى.

ھاياجاندىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرىم بىلەن ئۆيگە زەن سالدىم. ئاددىي سەرەمجان، لېكىن شۇنچىلىك رەتلىك، شۇنچىلىك پاكىز. ئۆينىڭ ئىچىنى ھەسەن ـ ھۈسەندەك رەڭدار ۋە خۇش پۇراقلىق ھاۋا بىلەن ھاياتنىڭ پىغانلىق پەريادىدا تىنىغان ھېلىقى ناخشىنىڭ تېخى سىڭىپ ئۈلگۈرمىگەن ئاخىرقى مۇڭلىرى كېزىپ يۈرۈيدۇ.

— خېنىم ئولتۇرسىلا.

ئالدىمدىكى ھېلىقى چاقلىق تاختاي ئۈستىدە ئەپچىللىك بىلەن قاتلىنىپ ئولتۇرغان ئۆي ئىگىسىگە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرغان مۇڭ ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسىيات مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان ھېلىقى ناخشىنى ئېسىمگە سالدى.

— كەچۈرسىز ھەدە، مەن ئۆيىڭىزگە تەكەللۇپسىزلا ئۇسۇپ كىرىپ سالدىم، — دېدىم ساپاغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، يان ئۆي تەرەپكە بويۇنداپ قارىغاچ.

قوشنام كۆڭلۈمدىكىنى سېزىپ قالدى.

— سىڭلىم، بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا كىشى يوق.

مەن شۇئان ھېلىغىچە چاقلىق تاختاي ئۈستىدە ئولتۇرغان قوشنامغا قايتىدىن زەن سالدىم. بۇژغۇنلاپ تۇرغان قاپقارا بولۇق چاچ، قارلىغاچ قانىتىدەك قايرىما قاش، قىياقتەك تال - تال كىرپىكلەر ئاھۇدەك قارا كۆزلەر، ئىلىپتەك قاڭشار ۋە چىمدىپ قويغاندەك يۇمران، ئوماق لەۋلەر، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چىرايلىق كۆكسى. . . ئاھ خۇدا، دېدىم ئىچىمدە، مۇشۇنداق گۈزەللىكنى ئايىماي بېرىپسەنۇ، ئاخىرىدا شۇنداق گۈزەل ۋۇجۇدنى چاقلىق تاختاينىڭ ئۈستىگە بەند قىلغىنىڭ نېمىسى؟ . . .

— ھەدە، بايا دۇتارنى كىم چالدى؟ ناخشىنى كىم ئېيتتى؟

قوشنامنىڭ يۈزىگە بويۇنلىرىنى بويلاپ قىزىللىق يۈگۈردى.

— سىڭلىم، بىلىپ تۇرىمەن، سىز ھازىر دۇتار بىلەن ناخشىدىن بەكرەك مېنىڭ ھالىمغا قىزىقىپ قېلىۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، تۇرۇپ قالدىم.

— سىڭلىم، — دېدى قوشنام ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — سىزگە ھەممىنى دەپ بېرەي، سىز ئاڭلىغان ئۇ دۇتارنى مەن چالدىم، ناخشىنى مەن ئېيتتىم. كۆرۈپ تۇرۇپسىز سىڭلىم، يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، دەرد - ھەسرەت ئەنە شۇنداق چالغۇزىدۇ، ئېيتقۇزىدۇ. مەنمۇ ئاجايىپ ئادەمخۇمارمەن. ئەسلى قائىدە بويىچە سىز كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ئاۋۋال مەن سىزدىن ھال سوراپ ئالدىڭىزغا كىرىشىم كېرەك ئىدى. مېنى خىجىل قىلىپ سىز ئاۋۋال يوقلاپ كىرىپسىز، كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، سىڭلىم. خۇدا بۇيرۇسا تۇغقاندىن چارە يېقىن قوشنا بولۇپ، ئاچا - سىڭىلدەك ئۆتەرمىز.

قوشنام چاقلىق تاختىيىنى غىرىلدىتىپ يۈرۈپ، ئاشخانا ئۆي

بىلەن مېھمانخانا ئۆي ئارىلىقىدا قاتناپ ماڭا داستىخان راسلىماقچى بولدى.

— ھەدە، — دېدىم سەل جىددىيلىشىپ، — بۇنداق قىلىسىڭىز ھازىرلا چىقىپ كېتەي، بۇنچە ئاۋارە بولسىڭىز مەن ئولتۇرالمىغۇدەكمەن. ئەسلىدە سىز بىلەن تونۇشۇپ، ھال - مۇڭ بولاي دەپ كىرگەنىدىم، مېنى بەكلا خىجىل قىلغۇدەكسىز.

— كۆڭلىڭىزنى چۈشەندىم سىڭلىم، — دېدى قوشنام كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىر سىز ئۈچۈن ئاددىي داستىخان سالماق ماڭا ھېچقانچە گەپ ئەمەس. بىلەمسىز، مەن مۇشۇنداق تۇرۇپ ئۆيۈمدە يەسلى ئېچىپ، نەچچە ئون بالىنى بېقىپ ھۆددىسىدىن چىققانمەن. مۇشۇ تاپتا سىزنىڭ ناخشامدىن كۆرە بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى تېزراق ئاڭلىغىڭىز كېلىۋاتىدۇ. بولىدۇ، سۆزلەپ بېرەي، ئۇنىڭسىزمۇ ئىچىم سىقىلىپ تۇراتتى، بۈگۈن بىر مۇڭدىشايلى، سىڭلىم. ھە قېنى، ئاۋۋال چايغا بېقىڭ.

قوشنام ھېلىقى تاختاي ئۈستىدە تۇرۇپلا شۇنداق ئەپچىللىك بىلەن چاي قۇيۇپ، مەزەگە تەكلىپ قىلدى - دە، ئۆزى لاسسىدە بولۇپ، خىيالغا چۆمۈپ كەتتى. تال - تال كىرپىكلىرى ئۇچىدا سۈزۈك تامچىلار يالتىرايتتى.

— مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ سىڭلىم، — دېدى قوشنام ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — دېمىسەم تېخى ئىسمىمنىمۇ بىلمەيسىزغۇ دەيمەن. «ئېتىمنى بەختىيار قويدۇم، خۇدا بەرمەيدۇ بەختىمنى» دېگەندەك، ئاپام رەھمەتتى ئىسمىمنى ئارزۇگۈل قويۇپتىكەن. ئەسلى گەپكە كەلسەك، تالا - تۈزگە ئاسان چىقالمايمەن، ئۆزۈمنىڭمۇ ئانچە چىققۇم يوق. ئۇ بار چاغلاردا چاقىلىق ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئانچە - مۇنچە سىرتلارغا ئېلىپ چىقىپ، سەيلە قىلدۇراتتى. . . ئەمدى ئۇمۇ ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىپ مۇشۇنداق

يالغۇز قالدىم.

— ئارزۇگۈل ھەدە، ئۆزىڭىزنى روھلۇق تۇتۇڭ، خۇشال پاراڭلىشايلى، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا يىغلاپ يېشى توشامدۇ كىشىنىڭ.

— ۋاي سىڭلىم، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، — «ھەر كىم ھەر نېمە دەيدۇ، دەرد كەلگەننى بىلمەيدۇ». مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئاجىز بېشىمغا ئون يىگىت كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرد - ئەلەم كەلدىغۇ. ئۆزۈمگە ھەيرانمەن، بەك چىڭ ئايالكەنمەن. ئىچىمدە روزا تۇتۇپ، تېشىمدا ھېيت ئويناپ، دۇتارىم بىلەن مۇڭدىشىپ، ناخشام بىلەن يىغلىشىپ ئۆزۈمنى ئالداپ كېلىۋاتىمەن.

قوشنامنىڭ كۆزلىرىدىن يەنە ياش قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ھەيران قالدىم. ئۇ يىغلىۋېدى، چىرايى قىزىرىپ، نۇرلىنىپ، چىرايلىق كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، ماڭا گۈزەل بىر سۈرەتتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. چىرايلىقنىڭ يىغىسىمۇ چىرايلىق بولىدىكەن — ھە!

ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم - دە، مەڭزىدە دومىلاۋاتقان ياشلىرىنى قولياغلىقىم بىلەن سۈرتتۈم.

— ئارزۇگۈل ھەدە، — دېدىم ئۆزۈممۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، — مەنمۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىغانمەن. دەردلىرىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، يەڭگىللەپ قالارسىز. قولۇمدىن كەلسە ياردەم قىلارمەن، ھېچبولمىسا تەسەللى بېرەلەيمەن.

— رەھمەت، سىڭلىم، — دېدى ئۇ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى باشلاپ.

مەنمۇ ئەسلىدە سىزگە ئوخشاش بېجىرىم ۋە چىرايلىق تۇغۇلغان ئىكەنمەن. مومامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بوۋاق چاغلىرىمدا

قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ قىزلىرى مېنى بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ، سائەت ـ سائەتلەپ كوچىلاردا خۇددى قونچاقتەك كۆتۈرۈپ ئوينىتاتتىكەن. ئەقلىمنى بىلسەم، ئۆيدە بىر ئەر كىشى — قاش ـ قاپىقىدىن قار ـ مۇز تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قولىدىن تاماكا چۈشمەيدىغان، بەش مېتىر يەردىن هاراق پۇرايدىغان، دائىم چېچىلىپ، ۋارقىراپلا يۈرۈيدىغان قارا، چوقۇر، خام سېمىز بىر كىشى بار ئىدى. ئەنە شۇ كىشى مېنىڭ دادام ئىدى. ئاپام بولسا ئەكسىچە شۇنچىلىك زىلۋا، كەمسۆز، مۇلايىم ئايال ئىدى. گۆدەك چاغلىرىمدىن تارتىپلا دادامنىڭ ئاپامغا بىرەر قېتىم ئادەمچە مۇئامىلە قىلغىنىنى بىلمەيمەن. زەهەردەك ئاچچىق سۆزلەر، تاپا ـ تەنىلەر، سەۋەبسىز باسماقلاپ ئۇرۇشلار. . . لېكىن، ئاپامنىڭ شۇنچە زۇلۇمغا ئۇچرىغان چاغلاردىمۇ زالىم ئېرىگە بىرەر قېتىم قاش كۆتۈرۈپ قارىغىنىنى بىلمەيمەن. بىچارىنىڭ چىرايلىق يۈزلىرىدىن هامان جىلراهەت، تاياق ئىزى نېرى بولمايتتى. سىڭلىم، مەن هازىرغىچە ئاپامدەك چىرايلىق، خۇشپىچىم، يارىشىملىق، مەرى ئىسسىق ئايالنى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇنچىلىك گۈزەل ئاپامنىڭ قىسقىغىنا ئۆتتۈز نەچچە يىللىق ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ ئىچىدىن چىقىرىپ كۈلەلمەي، خورلۇق ئىچىدە ياشاپ ئۆتكىنىگە بەك ئېچىنىمەن. رەهمەتلىك ئاپامنىڭ نېمكەش ئەتلەس كۆڭلىكىنى كىيىپ، توم، ئۇزۇن چاچلىرىنى تېقىملىرىغا چۈشۈرۈپ تاقىلداپ مېڭىشلىرىنىڭ ئۆزىلا بىر سەنئەت ئىدى. كوچىدا ئۇچرىغان هەرقانداق ئەرلا ئەمەس هەتتا ئاياللارمۇ ئاپامنىڭ ئارقىسىدىن بىر قېتىم قايرىلىپ قارىماي كېتەلمەيتتى. ئەمدى بىلسەم، ئاپامنىڭ هەددىدىن ئارتۇق گۈزەللىكى ۋە رايىشلىقى ئۆزىگە دۈشمەن بولغانىكەن. كۆڭلى قارا، باغرى تاش دادام ئاپامنى شەپقەتسىزلەرچە كۈنلەپ، تاياق ئاستىدا هالىنى قويمايتتى. مومام

يىغلاپ تۇرۇپ ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگىنى ئېسىمدە. تېخى يېشىمغا توشمىغان چاغلىرىم ئىكەن. دادام بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ، ئادىتى بويىچە ئۆيگە كەلمەيلا ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىپ، كىچىك بىر قاۋاقخانىدا هاراق ئىچىپتۇ. بىر چاغدا ئارىدىكى بىر مەست رومكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ: «ئاشۇ ئەتلەس كۆڭلەك، سۇمبۇل چاچ، قارا كۆزلۈك ئايجامال ئۈچۈن ئىچىمەن... ئۇ كۆزۈمگە بىر پارچە ئوت كۆرۈنىدۇ. ئاشۇ پەرىشتە قانداق گۈزەلنىڭ قوينىدا ياتىدىغاندۇ دەپ هەسرەت چېكىمەن، شۇ هەسرىتىم ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم!» دەپ ۋالاقلاپتۇ. دادام شۇ يەردىلا ئۇ ئۇلپەتدىشىنى ئۇرۇپ، ئۇدۇل ئىككى چىشىنى تۆكۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆيگە غەرق مەست كېلىپ، ئاپامنىڭ ئۇخلاۋاتقان يېرىگىلا ياۋايىلارچە ئېتىلىپتۇ — دە، ئاپامنىڭ يېنىدا ياتقان مېنى بايقىماي مېنىڭ پۇتۇمنى يوغان ئۆتۈكلىرى بىلەن دەسسىۋېتىپتۇ. ئون نەچچە كۈن هوشسىز يېتىپتىمەن. دادامنىڭ تايىقى زەربىسىدە ئاپامۇ ئاغرىپ يېتىپ قاپتۇ. دادامنىڭ مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا نەدە چولىسى، ئەنە شۇ بەختسىز ئائىلىدە ساق تۇغۇلۇپ، مانا مۇشۇنداق مېيىپ بولۇپ قالغانىكەنمەن. قانداقمۇ ئۇنۇتاي، يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىمغۇ دەيمەن، ئاپام كىچىك بىر دوختۇرخانىدا سېستىرا ئىدى. بىر كۈنى ئاپام مومام يۇرتتىن ئەۋەتكەن ئوتقاشتەك چىرايلىق بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەسنى چامادانىدىن ئېلىپ دادامغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئانام ئارزۇگۇل ئىككىمىزگە ماۋۇ ئەتلەسنى ئەۋەتىپتىكەن، ماشىنىچىغا بېرىپ قويايمىكىن، ئالدىمىزدىكى هېيتتا كىيەرمىز، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— ئانالڭ ئەۋەتىپتۇ ـ دە، ئەكەلە ئەتلەس دېگەن قانداق نېمىكىن كۆرۈپ باقاي، — دادام شۇنداق دەپ قولىنى ئاپامغا

ئۆزاتتى، ئاپام ئەتلەسنى ئىككى قوللاپ دادامغا بەردى. دادام ئەتلەسنى كۆرۈپمۇ قويماستىن گۇرۇلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشكە پۇرلاپ سېلىۋەتتى. ئاپام ناھايىتى بىچارىلەرچە:

— بۇ نېمە قىلغانلىرى؟ — دېيىشى بىلەن تەڭ، چاي ئىچىۋاتقان دادام شۇ ھامان نان چىلاقلىق چىنىسىنى ئاپامغا ئاتتى ـ دە، ئېتىلىپ كەلگەن پېتى ئاپامنىڭ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۆي ئىچىدە بىچارىنى خۇددى ئەسكى پالاستەك سۆرەشكە باشلىدى.

— ھەي بۇزۇق قانجۇق، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ كىمگە، قايسى ئاشناڭغا چىرايلىق كۆرۈنەي دەيسەن؟ — دەيتتى ئۇ ئاپامنى ئۇرۇپ تۇرۇپ. ئاكام مەكتەپتە، ئىنىم كىچىك، نېمە بولۇۋاتقاننى بىلمەيدۇ. دادامنىڭ پەيلىدىن قورقۇپ قوشنىلار كىرەلمەيدۇ. مەن ماڭالمىغاچقا ئۆمىلەپ كېلىپ دادامنىڭ پۇتىغا ئېسىلدىم.

— جېنىم دادا! ئاپامنى ئۇرما، ئاپام ئۆلۈپ قالىدۇ.

— ئۆلسۇن دەپ ئۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يولۋاستەك ھۆركىرەپ، — سەنمۇ ئۆل، مېنى تولا ئاۋارە قىلماي، — دېدى ئۇ، مېنىمۇ بىرنەچچىنى دەسسەپ.

ئاپام شۇ ھامان ئۆزىنى مېنىڭ ئۈستۈمگە تاشلىدى.

دادام ئاپامنىڭ بىقىنىغا بىرنەچچىنى تېپىۋىدى، ئاپام ئۈستۈمدە ھوشسىز يېتىپ قالغاچقا، مەن تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قالدىم. ئاپام بىلەن ئىككىمىزنىڭ قايسى چاغدا ھوشىمىزغا كېلىپ، مەن ئۇنىڭ ئاستىدىن قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن.

يەنە ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي، قاچقاننىڭ ئورنىدا بالكونغا چىقىۋالدىم. ھېلىقى ياۋۇز مەخلۇقنىڭ دادا بولۇپ قالغىنىغا ئەقلىم يەتمەيتتى. مېنىڭمۇ دادام بولغانغۇ؟ شۇمۇ دادا ئىدىغۇ؟ ئۆمرىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، بارلىقىنى ئائىلىگە، پەرزەنتلىرىگە پىدا قىلغان دادامنىڭ خىزىر سىياقىدىكى ئۇلۇغۋار سىيماسى كۆز

ئالدىمغا كەلدى. جان ـ جىنىمنى سۆيۈندۈرۈۋېتىدىغان ئەركىلىتىشلىرى، ھەتتا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققاندىن كېيىنمۇ بېشىمدا پەرۋانە بولغان رەھمەتلىك دادامنىڭ قەبرىسى بار تەرەپكە بىر ھازاغىچە ئالەمچە سېغىنىش بىلەن قاراپ تۇردۇم. بالكون رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ قانچىلىك تۇرۇپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. كەينىمدە يەنە چاقىلىق تاختاينىڭ سىلىق غىرىلدىشى ئاڭلاندى.

— سىڭلىم، تاققا ـ تۇققا سۆزلەپ، سىزنىمۇ بىئارام قىلىپ قويدۇم. ھەي، بىز ئايال خەقنىڭ شۇنداق كۆڭلىمىز يۇمشاق بولىدىكەن.

قايرىلىپ قارىدىم. قوشنامنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنىڭ ئۇچىدا شەبنەمدەك ئېغىر تامچىلار، لېكىن يۈزىدە يېنىك، چىرايلىق تەبەسسۇم، يىغا بىلەن تەبەسسۇم تەڭ جىلۋە قىلغان بۇ گۈزەل چىرايغا تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

دىلكەش قوشنام ئېچىنىش ۋە سېغىنىش بىلەن تولغان كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرماقچى بولۇۋاتاتتى. مەن سافاغا كېلىپ، ئاۋۋالقى جايىمدا ئولتۇرۇشۇمغا، ئۇ چاقىلىق تاختىيىدا غىرىلدىغىنىچە ياتاق ئۆيگە كىرىپ، ئۆزى بۇيرۇتۇپ ياساتقاندەك ئەپچىلگىنە بىر دۇتارنى قۇچىقىدا ئېلىپ چىقتى. لېكىن، كۆزلىرىدە يەنە ياش، چىرايىدا مېنى بەزلىمەكچى بولغان تەبەسسۇم.

— سىڭلىم، «دۇتار بىلەن ئۇسسۇل، خۇدا بىلەن رۇسۇل» دەيتىكەن. دۇتارىم بىلەن ناخشامنى ئاڭلىماقچى ئىدىڭىزغۇ، ئەمدى ئۇنىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى ـ دە، يەنە نېمىنىدۇر ئېسىگە ئېلىپ، بىر پەس خىيالغا پېتىپ قالدى.

— بىزنىڭ ئۇ ئائىلىدە بەختلىك چاغلىرىمىزغۇ بولغان، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — ئۇنداق چاغلار دادام

قەبەرلەردىدۇر مەست بولۇپ يېتىپ قالغان ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئۆيگە كېلەلمىگەن چاغلاردا بولاتتى. ئاپام بىچارە ھەممىمىزنىڭ باشلىرىنى سىلاپ، ماڭلاي ۋە مەڭزىلىرىمىزگە نۆۋەت بىلەن سۆيۈپ چىقاتتى. ئاندىن بىزنى چۆرىسىگە ئولتۇرغۇزۇپ دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتاتتى. قاچانلاردا ئۇنچىلىك يېتىشكىنىنى بىلمەيمەن. ئەقلىمنى بىلسەم ئاپام ياخشى غەزەلخان ۋە ئۇستا دۇتارچى ئىكەن. مەن يەتتە ياش چاغلىرىمدىن تارتىپ كۈندۈزى ئۆيدە يالغۇز قالغاچقا ئاپامنىڭ دۇتىرى ماڭا ئەرمەك ئىدى. بىرنەچچە يىل تىرىشىشتىپ يۈرۈپ، ئون يېشىمدىلا قولاقچا ياققۇدەك دۇتارچى ۋە ناخشىچى بولۇپ قالدىم.

قوشنام سۆزىنى توختىتىپ، دۇتار تارلىرىغا بارماقلىرىنى تەگكۈزۈۋىدى، تاڭ قالدىم. دۇتاردىن ئەمەس گويا يارىلانغان كۆڭۈلنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىۋاتقاندەك ئېغىر، دەردلىك سادا ياڭرىدى. ئارقىدىنلا دۇتاردىن مەن ھېلىغىچە ئاڭلاپ باقمىغان قايسىدۇر بىر ئاھاڭنىڭ ئەزىم دەريانىڭ گۈرۈلدىشىدەك ھەيۋەتلىك پائۇزىسى باشلاندى. ئاھ! دۇتارغا ئەگىشىپ ناخشا باشلاندى. دۇتارغا ئەگەشكەن ناخشا بۇلبۇلنى داغدا قويىدىغان سۆزۈك، باھار سەلكىنىدەك لەرزان ئاۋازى، دولقۇنلۇق، رەڭدار ئاھاڭ...

ئاشىقمەن، غېرىبمەن شىپاسىز،
مىسكىنمەن، بىچارە پاناھسىز.
دۇنيادا تىغدەكلا تەنها مەن،
گۈل بېغىم لەيلىسىز، رەناسىز.

بۇ كۈيلەرنىڭ، بۇ ناخشىنىڭ قايسىمىزنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. كۆزلىرىمدە لىققىدە قايناق ياش،

بىراق سۇرتۇشكە ماجالىم يوق. ئۆزۈمنىڭ ھېلىغىچە ناخشا ـ مۇزىكىنى، سەنئەتنى بۇنچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭدىن بۇنچىلىك ھەقىقىي ھۇزۇر ئالالايدىغانلىقىمنى بىلمەيدىكەنمەن. بۇ ناخشا بالىلىق چاغلىرىمنى، ھېلىغىچە ياشاپ ئۆتكەن ھاياتىمنى، رەنجىشىم، سۆيۈنۈشلىرىمنى، يىغلىغان ۋە بەختىيارلارچە كۈلگەن چاغلىرىمنى، ھىجرانىمنى ئەڭ يارقىن رەڭلەر بىلەن ئېسىمگە سېلىپ ئۆتتى. بۇ ناخشا ماڭا دۇنيانى سۇرەتلەپ بېرىۋاتاتتى، ھاياتنى سۈپەتلەپ بېرىۋاتاتتى. ئىنسانلارغا ھەر قەدەمدە بىر بەخت ۋەدە قىلىپ، ئاخىرىدا ھېچقايسىسىغا ئىگە قىلمايدىغان تۇراقسىز ۋە ۋاپاسىز تەقدىرنى كۆزۈمگە كۆرسىتىۋاتاتتى.

نازۇك بارماقلار تارىلارغا لەرزان ئۇرۇلۇپ، ناخشا تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

> تۇغۇلغان، تۆرەلگەن گۇناھمۇ،
> ئېسىگە ئالمىدى خۇدامۇ.

نېمە بولغىنىنى، نېمە قىلغىنىمنىمۇ تازا بىلەلمىدىم. قانداقچە بولدى، ئېتىلىپ بېرىپ دۇتارغا ئېسىلغىنىمچە پەرياد قىلدىم:

— بولدى قىلىڭ! ئەمدى بولدى قىلىڭ!

كۆكرىكى ئېغىر نەپەسلەر بىلەن تولغان قوشنامنىڭ بېشى ئاستا ـ ئاستا دۇتار ئۈستىگە ئىگىلىپ چۈشتى، بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆيدە بىردىنلا يېنىك ئېسەدەشلىرىمىز ئاڭلاندى.

بىر چاغدا قوشنام ئۆكسۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

— سىڭلىم، مەنغۇ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ئاپام ئۈچۈن ۋە ئۆزۈمنىڭ غېرىبلىقىغا يىغلايمەن. سىز نېمىگە شۇنچىۋالا يىغلايسىز؟

— مەن مەنمۇ. . . — دېدىم، يىغامنى باسالماستىن — نېمە بولدۇمكىن بىلمەيمەن. بەزىدە شۇنداق يىغلايمەنكى، بىر ئاز يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئىچىم بوشاپ سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولىمەن. بەلكىم بۈگۈن سىز ۋاپاسىز دادىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىسىڭىز، دادامنى، ئاشۇ ۋاپادار دادامنى سېغىنىپ قالغاندىمەن. مەن دائىم ئېغىر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، دادام ھايات بولغان بولسا بۇنداق بولمايتتى، دەپ ئويلايمەن. بۈگۈنمۇ پىغانىم ئۆرلەپ قاپتىكەن، سىزگە تەسەللى بېرىمەن دېگەن ئادەم ئالدىڭىزدا يىغلاپ سالدىم، ئاجىزلىقىمنى كەچۈرۈڭ.

— ۋاي سىڭلىم، «تەقدىرى ئەزەل، مۇتلەق ئەجەل» دەپتىكەن، ئۆلمەيدىغىنىمىز يوق، ئۇ كۈن ھەممىمىزگە بار. سىزنىڭ دادىڭىز دوختۇرخانىدا ياكى ھەرقايسىڭلارنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزگەندۇ. لېكىن، مېنىڭ شۇ چىرايلىق ئاپامچۇ؟ بىچارە ئاپامنى ئاشۇ ۋەھشىي قاتىل دادام ئۆز چېچىغا يۆگەپ، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ئەمەسمۇ، سىڭلىم.

— ھەدە، بۇ قانداق گەپ.

قوشنام كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدە ياشلىرىنى سۈرتكەچ سۆزىنى باشلىدى:

— كۈز كۈنلىرى ئىدى. بىر كۈنى كەچكىچە سىم - سىم يامغۇر ياغدى. ھاۋا ئېچىلىدىغاندەك ئەمەس. ئۆيدە ئىنىم ئىككىمىز زېرىكىپ تۈزۈك ئويۇن تاپالماي ئۇنى - بۇنى قىلىپ باقتۇق. ئىنىم ئويناۋاتقان ياغاچ مىلتىقنى تۇتقىنىچە بىرنەچچىنى ئەسنەپ جايىدىلا ئۇخلاپ قالدى. نېمىشقىدۇر مېنىڭ كۆڭلۈممۇ بۈگۈنكى ھاۋادەك تۇتۇق ئىدى. قانداقتۇر كۆڭۈلسىز، ئېغىر تۇيغۇلار خۇددى قارا بۇلۇتلاردەك كۆڭلۈمگە يوپۇرۇلۇپ كېلەتتى. ئاخىرىدا بىر ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يولغا قارايدىغان دېرىزىمىزدىن

سىرتقا نەزەر سالدىم. ئاسماندا توتەك ئاربلاش كۆل رەڭ بۇلۇتلار ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىگە تورۇلۇپ - تورۇلۇپ، پەسلەپ كېلەتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرىدىن خۇددى يىغلاۋاتقان كىشىنى ئەسلىتىپ يامغۇر تامچىلايتتى. كوچىدا ئادەم يوق دېگۇدەك ئىدى. تۇيۇقسىز يىراقتىن كېلىۋاتقان ئاپامنى كۆرۈپ قالدىم. ئاھ، ئاپام! . . . تۇتۇق ھاۋا ئاستىدىكى بۇ ئادەمسىز كوچىغا ئۇنىڭ يالغۇز سىيماسى شۇنچىلىك ياراشقان ئىدىكى، يۇلغۇن چېچىكى رەڭلىك، يارىشىملىق پىلاتى يوپكىسى، ئېگەكلەپ چىگكەن گاز ياغلىقى، كېيىكتەك سۆلەتلىك مېگىشلىرى، تېقىمىدا نۆۋەت بىلەن ئىككى ياققا تاشلىنىپ تۇرغان توم ئىككى تال چېچى، كونا بولسىمۇ پۇختا، ئارا پاشنا تۇپلىيىنىڭ تاقىلدىغان رىتىملىق زىل ئاۋازلىرى . . . ئاشۇ كۈندىكى ئاپامنىڭ شۇ قىياپىتىنى — كۆز ئالدىمدا ئەبەدىي قېتىپ قالغان ئاشۇ گۈزەل سۈرەتنى قانداقمۇ ئۇنتاي. ئۆمىلەپ چىقىشقا ئامالىم بولمىدى. ئەگەر ماڭالىغان بولسام ئۆيدىن ئېتىلىپ چىققىنىمچە ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلماسمىدىم. ئۇنىڭمۇ شۇ چاغدا بىر كۈنلۈك ھاردۇقى چىقماسمىدى. . . شۇنداقتىمۇ ئۇۋۇسىغا قايتىۋاتقان ئانىسىنى كۆرگەن قۇش بالىسىدەك جايىمدا تەلپۈنۈپ تىپىرلاپ كەتتىم.

ئاپام ئۆيگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادامىمۇ كەلدى. ئادىتىم بويىچە ئۇن - تىنسىز غىزالاندۇق. تاماقتىن كېيىن دادام ئۇشتۇمتۇت:

— كىنو كۆرۈپ كېلەيلى. بېلەت ئېلىپ كەلدىم، — دېدى. بۇ تۇيۇقسىز ئىلتىپاتتىن ھەممىمىز ھەيران قالدۇق. ئىنىم شادلىقتىن ئوغلاقتەك قىيغىتىپ سەكرەپ كەتتى. ئاپام ماڭا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن :

— مېنىڭغۇ كىنوغا بارغۇدەك ھالىم يوق، بەك چارچاپ

قالدىم. بىراق، ماۋۇ بالا تالا - تۇزگە چىقالماي زېرىكىپ كەتتى، بارساق بارايلى، — دېدى .

شۇ چاغدا ئۇنبەش ياشلاردا ئىدىم. كىنوخانىغا بارغۇچە ئاپام كۆتۈرۈپ باردى. بىر نەچچە يەردە مېنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ دېمىنى ئېلىۋالدى. دۇمبىسىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ ھالسىز ھاسىراشلىرىنى ئاڭلاپ كىنوغا كەلگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ ئۇنسىز يىغلىدىم. لېكىن، دادام بىزگە بىرەر قېتىم قايرىلىپ قاراپمۇ قويماي ، كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كىنو مۇھەببەت پاجىئەسى تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ تەسىرلىك چەت ئەل فىلىمى ئىكەن. ئۇزۇن يىللىق ئايرىلىش، سېغىنىش ۋە نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەردىن كېيىن قىز - يىگىت ئەمدىلا ئۇچرىشىپ تۇرۇشىغا يىگىتنىڭ قوراللىق كۇشەندىلىرى ئۇنى قىزنىڭ كۆز ئالدىدىلا باغلاپ مېڭىۋىدى، ئاۋۇ قىزدىن بۇرۇن كىنو كۆرۈۋاتقانلار تۇشمۇتۇشتىن بۇقۇلداپ يىغلاشقىلى تۇردى. سەزمەي قاپتىمىز، مەنمۇ، ئاپاممۇ يىغلاپتۇق. بىر چاغدا دادامغا قاراپ سالدىم. يائاللا! نېمانچە دەھشەتلىك، سۇرلۇك چىراي بۇ! يۇرەك - باغرىم مۇزلاپ، پۇتۇن بەدىنىم قېتىپ قالغاندەك بولدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر ئوت - بىر شەپقەتسىزلىك ئاپامنى كۆيدۇرۇپ كۇل قىلىۋەتكۇدەك دەرىجىدە چاقنايتتى. بىلىپ تۇراتتىمكى دادام ئاپامنىڭ يىغىسى ئۇچۇن ئۇنى كىنودىكى چەت ئەللىك يىگىتتىنمۇ كۇنلەپ قىساس تۇيغۇسىغا تولغانىدى. كىنوغا قانداق كەلگەن بولساق شۇنداق قايتتۇق. ئۆيگە كەلگەندە ئاپام ئىختىيارسىزلا لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. كۆزلىرىدە قورقۇنچ، تەشۋىش، بىر ئاجىزانە يالۋۇرۇش چىقىپ تۇراتتى.

— ھەي، زۆھرە! ! !

ئۇلارنىڭ ياتاق ئۆيىدىن دادامنىڭ سوغۇق، قوپال ئاۋازى

ئاڭلاندى. ئاپام ئالاقزادە بولۇپ ئۇكام بىلەن ئىككىمىزگە كۆزلىرىنى تولدۇرۇپ يېنىپ - يېنىپ قارىۋالدى-دە، ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا:

— بالىلىرىم، ئىشىكنى ئىچىدىن چىڭ تاقاپ يېتىڭلار جۇمۇ، — دېدى بوش ئاۋازدا.

ئاپام دادامنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن مېنى نېمىشقىدۇر قورقۇنچ بېسىپ پەقەت ئۇيقۇم كەلمىدى. قانداق چاغدا ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، تاڭغا يېقىن چۈش كۆرۈپتىمەن. مەن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بىر مەھەللە، ئەتراپتا نۇرغۇن كىشىلەر. يوغان بىردەرەخقە سىلىنغان توم، قارا ئارغامچىدا ئاپام ھەدەپ ئىلەنگۈچ ئۇچۇۋاتقۇدەك. ئۇ ھەر قېتىم كۈچەپ يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقاندا ئاپئاق شايى كۆڭلىكىنىڭ پەش - ئېتەكلىرىگە يەل تولۇپ كۆپۈپ كەتكۈدەك. بىر چاغدا ئاپامنىڭ بوينى تۇيۇقسىز ئارقانغا يۆگىشىپ، ئۇچۇشتىن توختاپ مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالغۇدەك. ئارقىدىنلا ھېلىقى دەرەخ يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇلۇپ، قاراسلاپ يىقىلغۇدەك، «ئاپا! ! !» دېگىنىمچەۋارقىراپ ئويغاندىم. پۈتۈن بەدىنىمنى قارا تەر بېسىپ كېتىپتۇ. دادامدىن قورقۇپ ئاپامنى چاقىرالماي ئىممنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدىم. بىر پەستىن كېيىن بىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى كۈچەپ ئىتتىرىلدى. ئۈن چىقىرالمىدىم. ئارقىدىن دېرىزە تىرىقشىغاندەك بولدى، قارىسام يوغان بىر قول دېرىزىنىڭ قاپقىقىنى قايرىغىلى تۇرۇپتۇ.

يىغا ئارىلاش ۋارقىرىدىم :

— كىم! ؟ ئالىم، ئۇكام قوپ بىرسى بىزنىڭ دېرىزىگە يامىشىۋاتىدۇ!

پالاق - پۇلۇق قىلغان ئاۋازدىن كېيىن ھېلىقى قول يوقىدى، ئىنىم ئىككىمىز ئۈن چىقىرالماي يوتقانغا پۈركىنىپ بىرھازا

ياتتۇق. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتمىگۈ دەيمەن ئىشىك قاتتىق ئۇرۇلدى.

— ئارزۇ، ئارزۇ ئىشىكنى ئېچىڭلار!

بۇ ئەنسىز ئاۋاز كېچىلىك ئىسسىقىدىن كەلگەن ئاكام ئادىلنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئالىم ئورنىدىن قاڭقىپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى. ئاكامنىڭ چىرايىدا قان يوق تامدەك تاتىرىپ كېتىپتۇ، قولىدا بىر ۋاراق قەغەز.

— ئارزۇگۈل، خەۋىرىڭ بارمۇ، بۇ خەت !

— خەۋىرىم يوق، نېمە خەتكەن ؟

دادامنىڭ خېتى. دالان ئۆيگە تاشلاپ قويۇپتۇ ئوقۇپ باقە، ئاكا.

— ئا . . . ئادىل باللار ساڭا قالدى . . . — ئاكام ئالاقزادە بولۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى — ئۇنىڭ نېمە دېگىنى بۇ؟! ئاپام قېنى، ئاپام؟!

— ئاپام ئىشقا كەتكەندۇ، ئاكا.

ئاكام يىلپىزدەك بوغۇلۇپ ھۆركىرەشكە باشلىدى.

— ياق، ئاپام ئىشقا كەتمىدى! ئاپام مۇشۇ ئۆينىڭ ئىچىدە!!!

كارىۋاتتىن ئۆزۈمنى تاشلاپ، دۈمىلاپ چۈشتۈم . ئاكام قازناق ئۆيدىن ئېلىپ چىققان پالتىدا ئاپام ياتقان ئۆينىڭ قولۇپىنى بىر ئۇرۇشتىلا ئاچتى.

تېخى يەتتە ياشتىكى ئىنىمىز ئالىم نېمە بولغاننى چۈشىنەلمەي داڭ قېتىپ ئىشىككە قىستىلىپ ئۈچىمىز تەڭلا ئېتىلىپ كىردۇق. ئۆي شۇ پېتى تۇراتتى. باشقا ئۆزگىرىش يوق. پەقەت يوتقان - كۆرپە يىغىدىغان كارىۋات قالايمىقان، ئېگىز - پەس ئىدى. ئاكامنىڭ قوللىرى تىترىگەن ھالدا دەسلەپتە ئەدىيالنى، ئاندىن

يوتقان ـ كۆرپىلەرنى بىر ـ بىرلەپ قايرىشقا باشلىدى. بىر . . . ئىككى . . . ئۈچ . . . ئاكام تۆتىنچى يوتقاننى قايرىپلا «ئاپا!» . . . دېگىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى. قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن كارىۋاتنىڭ پۇتلىرىغا جان ـ جەھلىم بىلەن يۆگىشىپ يۇرۇپ ئۈستىگە چىقتىم. ئاپامنىڭ كۆزلىرى، ھېلىقى چىرايلىق كۆزلىرى ھامان ئوچۇق تۇراتتى.

شۇنچە خورلۇق، مۇشەققەتلەر ئىچىدە ئۆتۈپمۇ تېخى ياشاپ قانمىغان كۆزلىرى بۇ دۇنياغا قىيالماستىن قاراپ تۇراتتى. جاۋغىيىدا بىرنەچچە تامچە قان، چىرايى ئاقىرىپ، تېخىمۇ سوزۇلۇپ خىيالىي تۇسكە كىرىپتۇ. ئاھ، خۇدا! بۇ نېمە ئىش؟ ئۇنىڭ ھېلىقى ئۇزۇن، توم قارا چاچلىرى خۇددى بوغما ئىلاندەك نەچچە يۆگەلگەن ھالدا بوينىدا تۇراتتى. نېمىدەپ، قانداق نالە قىلغىنىمنى خۇدا بىلىدۇ. ئاپامنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئۇنى بىھوشلۇقتا پۇرىدىم، ھىدلىدىم . . .

ئىنىم ئالىم قورقۇپ تالاغا قېچىپ چىقىپ يىغلىغان ئوخشايدۇ. قولۇم ـ قوشنىلار كەينى ـ كەينىدىن كىرىپ ئۆيگە تولۇپ كەتتى. بىرى مېنى خۇددى بوۋاقتەك كۆتۈردى ـ دە، ئاپامنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ پەسكە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. يەنە كۆزلىرىمنىڭ كۆرۈۋاتقىنىغا، ئاۋازىمنىڭ چىقىۋاتقىنىغا، باشقىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ھەر ھالدا تىرىك پېتى ئۆملەپ، دومىلاپ يۇرگىنىمگە ھەيرانمەن. شۇنداقتىمۇ بىر نەچچە قېتىم ئايلىنىپ قېلىپ ئۇپپۇر ـ توپۇرنىڭ ئارىسىدا دەسسىلىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئاكامغا قارىسام تامغا يۆلەنگىنىچە چىشلىرى كىرىشىپ ھەيكەلدەك قېتىپ قاپتۇ. كىملەرنىڭ شۇنچە تېز خەۋەر قىلغىنىنى بىلمەيمەن. بىردەمدە ئۆيگە ساقچىلار پەيدا بولۇپ ئاپامنى چارىسلىدىتىپ سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدى.

بىر ساقچىنىڭ:
— بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، ئۆزىنىڭ چېچىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ، قاتىل قېچىپتۇ، تېز قوغلايلى — دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئەگەر ئويغىنىپ، قالمىغان بولسام دادام ئىشىكتىن ياكى دېرىزىدىن كىرىپ ئىنىم بىلەن ئىككىمىزنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتەركەن . . .
ئاڭلىغانلىرىمغا ئىشەنگىم كەلمەي داڭ قېتىپ قالغانىدىم . توۋا! شۇنداقمۇ دادا، شۇنداقمۇ ئەر، شۇنداقمۇ ئىنسان بولامدۇ؟ ئۈچ پەرزەنتىنىڭ ئانىسى بولغان ئايالىنى سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈش، يەنە كېلىپ ئۆز چېچىدا. . . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز پۇشتىدىن بولغان سەبىي پەرزەنتلىرىگە قەست قىلىش . . . ئاھ، خۇدا بۇ قىلمىش، بۇ ياۋۇزلۇققا نېمە دېگۈلۈك !
ئوقۇغان شېئىر، داستانلىرىمدا شائىرلار گۈزەللەرنىڭ چېچىنى ئاشىق يىگىتلەرگە دار، سىرتماق دەپ تەسۋىرلەيتتى. لېكىن، بۇ مەرھۇمەنىڭ چېچى ئۆزىگە سىرتماق بولۇپتۇ.
قوشنامنىڭ ئالدىدا «داداڭلار» دېگۈم كەلمەي قەھرلىك تەلەپپۇزدا:
— ھەدە، ئۇ قاتىل كېيىن قانداق بولدى؟
— يىراق بىر جاڭگالغا قېچىپ بېرىۋاپتىكەنمىش، ساقچىلار ئىككى كۈن ئىز قوغلاپ يۈرۈپ ، تۇتۇپ كەپتۇ، دەپ بىر نەچچە ئايدىن كېيىن ئاڭلىدۇق. ھازىرغىچە قانداق ئېتىلدى، نەگە كۆمۈلدى، قەيرىسىنىمۇ بىلمەيمىز. ئەگەر ھەقىقەتەن قىساس ھەق، قىساس ئادىل بولسا ئاللىقاچان گۆرىدىن توڭگۇز قوپقاندۇ!
خىيال ئاسمىنىدا پارتلىغان چاقماقلارنىڭ ھەيۋەت - لەرزىسىدىن بۇ ئېچىنىشلىق ھېكايە سەرگۈزەشتىلەرنى جىمجىت ئولتۇرۇپ تىڭشىساممۇ گويا شۇ قىسمەتلەرنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدىم.

— كېيىنكى كۈنلىرىڭلار قانداق ئۆتتى، ھەدە؟ بۇ سوئالنى سوراۋېتىپ شۇنچىلىك چوڭقۇر ئۇلۇغ كىچىك تىنىدىمكى، يۈرىكىم ئاغزىمغا ئوخچۇپ چىققاندەك بولدى.

ھەي. . . سىڭلىم، — دېدى قوشنام سالماققىنا باش لىڭشىتىپ، قانداق ئۆتەتتۇق، «جاھاننىڭ بىر يېرى ئۆي، بىر يىغا ـ زار، بىر يېرىدە توي» دېگەندەك يىغلاپ قاقشاپ ئۆتتۇق. جان چىلىڭ يەردىكەن، مانا ئۆلمەي ئولتۇرۇپتىمەنغۇ ئالدىڭىزدا، تېخى دۇتار چېلىپ، ناخشا ئېيتىشلىرىمنى دېمەمسىز؟ — ئۇ شۇنى دەۋېتىپ ئىختىيارسىز مىيىغىدا كۈلۈپ سالدى، — ئاپام شۇنداق بىئەجەل قازا قىلدى. دادام كۆزىمىزدىنمۇ، كۆڭلىمىزدىنمۇ يوقالدى.

ئۈچ بالا ئانىسىنى لاچىن يەپ، چاڭگىلىدىكى بوزۇلغان باچكىلاردەك تۆت تەرەپكە تەلمۈرۈپ بۇقۇلدىشىپ قالدۇق. تەشكىل ئاكامنى رەسمىي ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋىدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىدارىسى بىلەن بىزدىن يىراق بىر شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۆيدە ئىنىم بىلەن ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق. ئاچ ـ توق، ئىسسىق ـ سوغۇق قىلىشىمىزغۇ بىر گەپ ئىكەن، ئەڭ يامىنى كەينى ـ كەينىدىن ئۆلۈم چىققان ئۆي بەك سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق بولىدىكەن. بىر- ئىككى ئايغىچە ئىنىم بىلەن ئىككىمىزنى نۆۋەتلىشىپ قارا باسقىلى تۇردى. بەزىدە ئاپام رەھمەتلىك ئاپئاق كىيىملەر بىلەن ئالدىمىزدا پەيدا بولۇپ باشلىرىمىزنى سىلاپ، ياشلىرىمىزنى سۈرتسە، ئارقىدىنلا دادام ھايات چېغىدىكىدىنمۇ قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك قىياپەتتە رامنى چېقىپ كىرىپ ۋالىلداپ تۇرغان پىچاقنى گېلىمىزگە تاقايدۇ. بۇ يامان چۈشلەر دەستىدىن ئىنىم ئۇخلىسا، مەن ۋارقىراپ يىغلاپ ئويغىنىمەن، مەن ئۇخلىسام ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىنىم يىغلاپ ئويغىنىپ قوينۇمغا بېشىنى

تىقىۋالدۇ. تاپالمىساق ئاچ يۈرىۋەردۇق. ھەر ھالدا قولۇم ـ قوشنىلار قورسىقىمىزدىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

بىر كۈنى دادامنىڭ ئاچىسى ئۆيگە كىرىپلا ماڭا مەسلىھەتمۇ سالماي ئىنىمنى خۇددى ساتقىلى ئېلىپ ماڭغاندەك يېتىلەپ چىقىپ كەتتى. ئاخىرى دۇنيادا ماڭا بىردىنبىر ھەمراھ بولۇپ قالغان ئاشۇ جانجىگەر قېرىندىشىمدىنمۇ تىرىك تۇرۇپ ئايرىلدىم.

ئاچىرلىق، يالغۇزلۇق، ئاچ ـ توق قېلىشلار، كېچىلەردىكى قورقۇپ جاننى ئالىدىغان قارا بېسىشلار بارلـ بارا ھالىمنى قويماي كېسەلگە چاقتۇرۇپ يىقىتتى. قايسى كۈنى، كىملەر ئېلىپ كەلدى، ئۇقمايمەن. بىر چاغدا ھوشۇمغا كېلىپ كۆزۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئۇ چاغدا بۇ كىچىككىنە يەرنىڭ دوختۇرلىرى بىر نەچچە ھەپتىگىچە توغرا دىئاگنوز قويۇپ كېسىلىمنى تاپالماي ئۆزلىرىمۇ ئاۋارە بولۇشتى، مېنىمۇ كۆپ قىينىۋەتتى. كېيىنچە تەكشۈرۈشلىرى توختاپ، بىر خىلدا داۋالاشقا چۈشتى. قانداق كېسەل ئىكەنلىكىمنى ماڭا ئېيتمىدىمۇ ياكى ئۆزۈم سۈرۈشتۈرەلمىدىممۇ ئىشقىلىپ نېمە بولغىنىمنى بىلەلمەي ئىككى ئايغىچە داۋالاندىم.

يالغۇزلۇق، غېرىبلىق ھەممىدىن بەك دوختۇرخانىدا بىلىندى. باشقا كېسەللەرنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى، قېرىنداشلىرى، شىرەم تۇغقانلىرى، ئەل ـ ئاغىنىلىرى كۈن ئارىلاپ يوقلاپ كېلىشىدۇ. ھەر كېلىشىدە، ھەر خىل سوۋغا ـ سالام، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن ياتاق تولۇپ كېتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۇلار كېسەللەرنىڭ كۆڭلىنى ئاسمانغىچە كۆتۈرۈپ كۈلكە ـ چاقچاق، تەسەللىلەر بىلەن روھىنى داۋالايدۇ. مەنچۇ، مەن بۇنداق چاغلاردا بېشىمنى يوتقانغا تىقىۋېلىپ مەرھۇم ئاپامنى، كېسەللىكىمدىن خەۋەرسىز يىراقلاردا يۈرگەن ئاكامنى، مۇشتەك تۇرۇپ باشقىلارنىڭ قولىدا قالغان ئىنىمنى

ئەسلەشتىن، سېغىنىشتىن باشقا ئىلاجىم يوق. ياتاقداشلىرىم ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن تاماقلاردىن «سىزمۇ ئېغىز تېگىڭ» دەپ سۇنۇشىدۇ. شۇئان ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ ئىچ - ئىچىمدىن يىغلاپ قايناپدۇ. بەرگەن تاماقلىرىنى كۆز يېشىمغا قوشۇپ يېگەچكە تەمى قىرتاق، ئاچچىق تېتىيدۇ.

شۇ ئارىدا ھېيت يېقىنلىشىپ مەن بىلەن بىر ياتاقتىكى كېسەللەر بەزىسى ساقايدى، بەزىلىرى ھېيتنى ئۆيدە ئۆتكۈزۈپ ياخشى بولالمىسا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ ئارقا - ئارقىدىن كېتىشتى. يوغان تۆت كىشىلىك ياتاقتا يالغۇز قېلىپ مېنى تېخىمۇ غېرىبلىق باسقىلى تۇردى. ئەلۋەتتە، مېنىڭمۇ ئىللىق ئائىلەم بولغان بولسا - ھە؟ . . . مەن شۇنداق ئويلاپ كۆز يېشىم قۇرىماستىنلا ئۇخلاپ قاپتىمەن. بىر چاغدا ئويغىنىپ قارىسام كارىۋىتىمنىڭ باش تەرىپىدىكى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىدە بىرچىنە ھورى چىقىپ تۇرغان چۆچۈرە تۇرىدۇ. ئۇنى كىمنىڭ قاچان ئەكىرگىنىنى بىلمىدىم. ھەقاچان ياتاقتىن چىقىپ كەتكەن بىرەرسى ئەكىرگەن چېغى، دەپ ئۇ ئاشنى ئىشتىھا بىلەن تەرلىنىپ ئولتۇرۇپ ئىچىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مېنى باشقىچە بىر ھاياجانغا سالىدىغان، تېپىشماقتەك بىر ئىش يۈز بېرىشكە باشلىدى. مەن ئۇخلاپ قالساملا تومپۇچكامنىڭ ئۈستىدە ھۆل، قۇرۇق مېۋە - چېۋە، بىرئىككى جىڭ پىششىق گۆش، ياكى ناۋاينىڭ چىرايلىق نانلىرى، بەزىدە چۆچۈرە، پولۇ دېگەندەكلەر پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولدى. بۇلارنى كىمنىڭ، قاچان ئېلىپ كىرگىنىنى بىلمەيمەن. بىر - ئىككى كۈن تېگىرقىغىنىمچە قول تەگكۈزەلمەي قاراپ ياتتىم. ھورى چىقىپ تۇرغان تاماقمۇ سوۋۇپ قالدى. كېيىنچە ئېھتىياج، ئىشتىھا ئۇلارنى ئاللىقانداقتۇر گۇمانلار بىلەن يېيىشكە مەجبۇر قىلدى. دۇنيادا ئېچىلمايدىغان سىر،

يېشىلمەيدىغان تۈگۈن يوق، بۇ سىرمۇ ئاخىرى بىركۈنى ئېچىلىدى.
چۈشتىن قىيىلغان چاغ، چالا ئۇيقۇلۇق ياتاتتىم. ياتىقىمنىڭ ئىشىكى ئاۋايلاپ ئېچىلدى. بىر كىشى پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سايىدەك كىردى ـ دە، تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە بىر نېمىلەرنى ئاستاغىنا قويدى. نېمىشقىدۇر ئانچە قورقۇپ كەتمىدىم. كۆزۈمنى ئاستا ئېچىپ كىرىپكىلىرىم ئارىسىدىن قارىدىم. يىگىرمە بەش ياشلاردىكى سەل جۇدەڭگۇ، ئوتتۇرا بويلۇق، نېمكەش كىيىملىك بىر يىگىت بىر مېتىر يىراقلىقتىن ئاجايىپ بىر تەلپۈنۈش، تەلەپ بىلەن ماڭا ئەيمىنگىنىچە قاراپ تۇراتتى. باشقىچە بىر سېزىم، جۇغۇلداش بىلەن يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا مېىيىپ بولسامۇ ئون سەككىز ياشلاردىن ئېشىپ ئاللىقاچان ۋايىغا يېتىپ قالغانلىقىمنى سەزدىم. كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەستىن يۇمۇۋالدىم. چۈشۈم ئەمەسلىكىگە ئىشەندىم. يىگىت قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ كەتتى. تۇۋا بىردەمدىلا ھالىمنىڭ ياخشىلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
شۇ كۈندىن باشلاپ كېچىلىرى يۈزۈم ۋىلىلداپ، قىزارغىنىچە پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئېرىتىپ تاشلايدىغان شېرىن خىياللارغا چۆمۈپ ئۇيقۇم قاچىدۇ. كۈندۈزى سېستىرالارنىڭ ئوكۇل سالغىنىنىمۇ بىلمەي بوۋاقتەك ئۇخلايمەن. ئويغىنىپلا تومپۇچكىغا قارايمەن. يەنە شۇ يېمەك ـ ئىچمەك قاراپ ئولتۇرغۇدەك، مېنى مەست قىلغۇچى ھېلىقى نەرسىلەر... خېلىلا ساقايدىم. لېكىن، راستىمنى ئېيتسام ھەرگىز ساقايغۇم ۋە بۇ ياتاقتىن كەتكۈم يوق...
بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاسما ئوكۇلدا ياتاتتىم. مۇشۇ بىنانىڭ كارىدورىدا بىر نەچچە قېتىم كۆزۈمگە چېلىققان ئەر كىشى ھېلىقى يىگىتنى باشلاپ ياتىقىمغا كىرىپ كەلدى. دەرھال كۆزۈمنى ئوڭشاپ كارىۋات بېشىغا يۆلەندىم.

— تىنچلىقمۇ قىزىم، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟، دەپ ئەھۋال سورىدى كىرگەنلەردىن ياشقا چوڭراق بىر كىشى. ھودۇقۇپ تۇزۇكرەك جاۋاب بېرەلمىدىم.

— كېلىڭلار... كېلىڭلار... خېلى ئوڭشىلىپ قالدىم.

— قىزىم، سىز بۇ ياتاقتا قاپسىزدە — دېدى يەنە ھېلىقى كىشى.

—ھەئە! ھەممىسىنىڭ ئائىلىسى بولغاچقا ھېيتنى ئۆيدە ئۆتكۈزگىلى چىقىپ كەتتى.

— ئاتا - ئانا، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداق، تىنكەندەك يالغۇزمەن.

— ھەببەللى، يۇلتۇزۇڭلار بىركەن، — دېدى ئۇ كىشى، — بۇ يىگىتمۇ سىزدەكلا يالغۇزكەن. بىر ھەپتىدەك بولدى...— دەرھال ئۇ يىگىتكە قارىدىم. ئەسلىدىنلا شۇنداقمۇ ياكى شۇ دەمدە ماڭا شۇنداق كۆرۈنۈپ كەتتىمۇ، قاش - كۆز، ئېغىز - بۇرۇنلىرى خېلىلا جايىدا ئەسكەتلىك يىگىتكەن. يەرگە قاراپ تۇرسىمۇ يۈزىگە دەممۇدەم تەپكەن قىزىللىق ئۇنى شۇنچىلىك يېقىملىق كۆرسەتتىكى ئىچ - باغرىم «ۋاژژىدە!» قىلىپ قالدى.

ئۇ كىشىنىڭ باشتىكى گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرمەپتۇ. كېيىنكىلىرىنى باشقا ھەر قانداق شەپە - ئاۋازدىن قىزغىنىپ قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ تىڭشىدىم.

— شۇنىڭدىن بېرى مۇشۇ بۆلۈمدىن، مۇشۇ ياتىقىڭىزنىڭ ئالدىدىن كېتەلمەيدۇ. بەزىدە ئۇنى - بۇنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئىشكنى قىيا ئېچىپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەتكىنىنى كۆرىمەن. تونۇگۈن كارىدوردا ئۇچرىۋېدى، بىر چەتكە تارتىپ سورىدىم:

— ئوكام، ئاۋۇ بۆلۈمدىكى، سەن ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغان ياتاقتىكى كېسەل قىز سىڭلىڭ بولامدۇ؟

— ياق ئاكا، تونۇمايمەن، ئىسمىنىمۇ بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا ئاشۇ بۆلۈگدىن بىرى كېلەلمەيسەنغۇ؟

— ئەمدى. . . ئەمدى ئاكا، ياشلىقكەن. نېمە دېسەم بولا سىزگە. . .

— ھە، مۇنداق — دە، ھەممىنى چۈشەندىم. كىملەردىن قالمىغان ياشلىق، كىملەردىن قالمىغان ئوت بۇ! لېكىننزە. . .

— لېكىن دەپ قالدىڭىزغۇ، ئاكا؟

— ئازراق مېيىپ تۇرامدۇ قانداق؟ بىر نەچچە قېتىم ئۆملىگىنىنى كۆرۈپ قالدىمغۇ؟

— راست كۆرۈپسىز، مېنى ئاشۇ ياتاقنىڭ ئالدىدىن نېرى كەتكۈزمەيۋاتقان دەل ئاشۇ ئىش. بىچارە ئاجىزكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇزكەن، غېرىبكەن. مەنمۇ ئاتا - ئانا خوۋلۇقى كۆرمەي مۇشتەك چېغىمدىن يېتىمچىلىكتە ئۆسكەن بەختسىزمەن. بېشىمنى سىلاپ غېمىمنى يېگۈدەك تۇغقىنىم بولمىغاچقا مۇشۇ ياشقىچە تېخى ئۆيلىنەلمەي يۈرىمەن. شۇڭا، ئاشۇ قىز بىلەن. . . بىر - بىرىمىزنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ بىللە ياشىساق دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم، ئاكا. ئۆزۈم چىش يېرىپ بىر نېمە دېيەلمىگۈدەكمەن. ساۋاب بولار. مېنىڭ ئورنۇمدا، ياق، دادامنىڭ ئورنىدا بىر نېمە دەپ باققىڭىز.

— بولىدۇ، بالام بولىدۇ. لېكىن، تېخىچە كىمگە ئەلچى بولىدىغىنىمنى بىلمەيمەن ئىسمىڭنى دەپ بەرمىدىڭغۇ.

— ئىسمىم مۇساجان.

تۇۋا! ئۆزۈمنىڭ دەردىگە يىغلايمۇ، كىشىنىڭ دەردىگە يىغلايمۇ، دېگەندەك ئۆزۈمنىڭ ھالى ئېسىمدىن چىقىپ، بۇ قىز بالىدەك يەرگە قاراپ تۇرغان مۇساجانغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

— گەپ شۇنداق، سىڭلىم، — دېدى ھېلىقى كىشى گېپىنىڭ

ئاخىردا، — شۇنداق قىلىپ تونۇشقىلى تېخى ئىككى كۈن بولغان بۇ يىگىتكە ئەلچىبولۇپ ئالدىڭىزغا كىرىپ قالدۇق.

— ئەمدى نېمە دەيمەن، ئاكا، — دېدىم مەنمۇ ئارتۇق ناز قىلماي، — ئالدىمغا كىرگىنىڭلارغا رەھمەت! مۇساجان ئېغىرىمنى كۆتۈرۈشكە بەل باغلىغان بولسا، مەنمۇ خىزمىتىنى قىلاي. رىزقى - نېسىۋىمىزنى قوشقان بولسا بەندە تۇرۇپ نېمە گېپىم بولسۇن. ئاۋۋال ساقىياي، ئاكا، ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت.

— سىزگىمۇ رەھمەت سىڭلىم ، — دېدى يەنە بىركىشى - قايماقتەك سۆزلەيدىغان قىزكەنسىز، خۇدا بۇيرۇسا ساقىيىپ كېتىسىز.

راستىنى ئېيتسام شۇ چاغدىلا سەللىمازا ساقايغانىدىم. ئەلچىلەر خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. قىزىق بولغىنى ئەلچىلەرغۇ چىقىپ كەتسۇن، مۇساجانمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستىلىپ بىللە چىقىپ كېتىپ بارىدۇ. تاس قالدىم، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن:

— مۇساجان، ياق، مۇساخان، تولا تارتىنماي سىز قېلىپ قېلىڭ! دەپ ۋارقىرىغىلى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئەلۋەتتە كۈلۈپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، كۈلەلمىدىم.

— لېكىن شۇ كۈنى كەچتە، — دېدى قوشنام كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، — مۇساجان بىر جىگدەك ئۇزۇم ئېلىپ تولىمۇ تەسلىكتە كىرىپ ئۇدۇلۇمدا ئولتۇردى. يەنىلا ۋىلىلداپ قىزىرىپ تۇرىدۇ. گەپ سورىسام شۇنداق، ياكى ياق دەپلا يەرگە قارىۋالىدۇ. كۈلكەم قىستاپ ئاخىر مۇنداق دېدىم:

— مۇساجان، قىز بالىدەكلا تارتىنچاقكەنسىزغۇ.

— ئۇنداققۇ ئەمەس، — دېدى ئۇ قوللىرىنى تىزلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ تېخى يېڭى تونۇشتۇق ئەمەسمۇ؟

كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى سەل كىردەك كۆرۈندى.

— مۇساجان كۆڭلىكىڭىزنى سېلىڭە، يۇيۇپ بېرەي — دېدىم.

— ئانچە كىر ئەمەس، يۇسامۇ ئۆزۈم يۇيۇۋالىمەن.

— سېلىڭا مېنىڭ يۇيغىنىم باشقا گەپ. ئۇ كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ كۆڭلىكىنى سالدى ـ دە، دەرھال چاپىنىنى كىيدى.

چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى ماڭا ئالدىنى قىلىپ ئەتكەن چاغدا كەڭ يەلكىلىرىگە، مەيدىسىدىكى ھەقىقىي ئەركەكلەرگە خاس قاپقارا، يىرىك تۈكلەرگە كۆزۈم چۈشتى.

قوشنام بولارنى سۆزلەۋېتىپ خېلىلا قىزىرىشىپ جۇشقۇنلىشىپ قالغانىدى. بىردىنلا پەرىشانلىشىپ بىر پەس جىمىپ قالدى. ئاندىن بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېلىپ يەنە سۆزىنى باشلىدى: «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دېگەندەك ئىش بولدى. ئەتىسىدىن باشلاپ مۇساجان ياتاققا كىرىپ قويمىدى. تومپۇچكىنىڭ ئۈستىمۇ شامالداپ قۇرۇپ قالدى. كارىۋاتتىن سىرىلىپ چۈشۈپ پات ـ پات كارىدورغا قارايمەن. يا مۇساجان، يا ئەلچىلەر كۆرۈنمەيدۇ.

ئىككى كۈندىن كېيىن ياتىقىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئېڭەك تۈتۈپ ئولتۇرسام، مېنى يىراقتىن كۆرۈپ قالغان چېغى ھېلىقى كىشى كارىدورنىڭ ئۇ بېشىدىن يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ئالدىمغا كەلدى.

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ، سىڭلىم؟

— خۇداغا شۈكرى، مۇشۇنچىلىك تۇرىۋاتىمەن.

— مۇساجاننى سورايسىزغۇ دەيمەن.

— ھە.. ھە، شۇ، ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— ھەي سىڭلىم، نەچچە كۈندىن بېرى ئۇقماپتىمەن. ئۇ

يىگىتنىڭ ئۆزىمۇ كېسەلكەن ئەمەسمۇ جىگىرىدە دەرد باركەن. تۈنۈگۈن چوڭراق بىر دوختۇرخانىغا يۆتكەپ كېتىشتى. ماڭىدىغان چاغدا سىزگە بەك تارتىشقانتى، بىراق سىزنى ئەنسىرىتىپ قويماي دەپ دېگۈسى كەلمىدى. گەپنىڭ ئايىغى تۈگىمەستىلا ئۆمىلىگەنچە ياتىقىمغا كىرىۋالدىم. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتتى. ياتىقىمنىڭ بوسۇغىسى تۈۋىدە نېمىلەرگىدۇر زارىقىپ، تەلمۈرۈپ ئولتۇراتتىم. ھېلىقى كىشى ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ مېنى ياتىقىمغا ئېلىپ كىردى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن:

— ئەلھۆكمۇللىلا! — دېدى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

— نېمە، نېمە بولدى ئاكا؟

— مۇساجان قازا قىلدى.

يەنە نېمىلەرنى دېگىنىنى ئۇقمايمەن. ئەتراپىمدا يەر زېمىن پىرقىراشقا باشلىدى. تېگى يوق بىر غارغا چۈشكەندەك بولدۇم. تامغا يۆلىنىپ ھالسىز يىغلىدىم. ئۇنىڭدىن ئارتۇق ھازا تۇتۇشقا ئامالىممۇ، مادارىممۇ بولمىدى. ئۇ كىشىنىڭ ياتاقتىن قاچان چىقىپ كەتكىنىنى بىلمىدىم. بىچارىنىڭ يالغۇز قەبرىسى نەرلەردە غېرىبسىنىپ قالدىكىن. . .

— ئەمدى ماڭا بۇ دوختۇرخانا، بۇ ياتاق گۆردەك بىلىندى. ھېچكىمگە دېمەيلا ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئۆيۈمگە كەلدىم. ئىچىدىن تاقالغان ئۆيۈم ئالدىدا ئىشىكنى مۇشتلاپ تىلەمچى سىياقىدا بىر ھازا تۇردۇم. مەن كۆرۈپ باقمىغان ياتلا بىر كىشى ئىشىكنى ئېچىپ ماڭا بىر نان تەڭلىدى.

جان - جەھلىم بىلەن ۋارقىرىدىم:

—ئاكا، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟! مەن تىلەمچى ئەمەس. ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم.

— ۋاي، خېنىم نېمە دەيدىغانسىز، بۇ ئۆينى تەشكىل ماڭا

بەرگىملى بىر ئايدىن ئاشتى. مېنىڭ ئۆيۈم دەيسىزغۇ يەنە.

ئۆي - ماكانسىز قالغىنىمنى ئاڭلاپ شۇئان كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ھۆلچىلىك، لاي - پاتقاقلار ئۈستىدە ئۆمىلەپ يۈرۈپ مەھەللە باشقارمىسىغا كەلدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە دادامنىڭ ئاچىسى مېنى ئاللىقاچان يوقىتا چىقىرىپ ئۆيىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقان ھېلىقى تونۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئەمدى مەن نوپۇس رەسمىيىتىنى قايتا بېجىرمىسەم ئۆي ئېلىش ئىشىم ھەل بولمايدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن ئەسكى تاملىق، چەللە - باراڭلار ئاستىدا يېتىپ قوپۇپ بىر نەچچە ھەپتىنى ئۆتكۈزدۇم، ھەر كۈنى بوسۇغىسىنىڭ تۈۋىدە يالۋۇرۇپ ئولتۇرۇپ دەججا ھاممامدىن « يوقىلىپ كەتتى » دېگەن نوپۇس دەپتىرىمنى ئالدىم.

شۇ كۈنى ئۇ خوتۇن قوللىرىنى بېقىنىمغا تىرەپ تۇرۇپ:

— ھەر قايسىڭ ئىنىمنىڭ بېشىغا چىقتىڭ. بۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولۇشما، — دەپ نوپۇس دەپتىرىمنى يۈزۈمگە ئاتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، كونا ھەم كىچىك بولسىمۇ قايتىدىن باش تىققۇدەك ئىككى ئېغىزلىق ماكانغا ئىگە بولدۇم. ئەمما، موھتاجلىق قىستاشقا باشلىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە نېمە قىلارىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرسام، قولۇم - قوشنىلار بەزىلىرىنى يېتىلەپ، بەزىلىرىنى كۆتۈرۈپ دېگۈدەك بالىلىرىنى ئالدىمدىن ئېلىپ مېڭىشتى. بىر قوشنامدىن سورۇدۇم:

— بۇ ئەتىگەندە ھەممىڭلار بالىلىرىڭلارنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭلار.

— يەسلىگە بولمامدۇ خېنىم، يەسلىگە. ئىشىكى يوق

موللامنىڭ قۇلىقى تىچ دېگەندەك سىلىنىڭ بالىلىرى يوق، قۇلاقلىرى تىنچ. بىز ئىشلىمىسەك بولمايدۇ. باللارغا قارايدىغان كىشىمىز يوق.

كاللامغا شۇئان چاقماقتەك بىر خىيال كەلدى.

— شۇنچە يىراق يەسلىگە ئاپىرىپ، ئەكىلىپ يۈرگۈچە مېنىڭ ئۆيۈمگە ئەكىرىپ بەرسەڭلار بولمامدۇ. مەن ھەق دېمىگەندىكىن.

قوشنام پېشانىسىگە ئۇردى.

— ۋاي، راست! نېمىشقا ئويلاشمىدۇق، سىز بىكار ئەمەسمىدىڭىز.

مەسلىھەتلىشىپ ئەتىدىن باشلاپ شۇنداق قىلايلى.

دېگەندەك ئەتىسىلا ئالدىمغا بەش بالا كىردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بالا ئوندىن ئاشتى. ۋاي، ئۇ باللارنىڭ ئوماقلىقى، تاتلىقلىقى... جاپاسى ھەرگىز ئېغىر بىلىنمىدى. شۇنچىلىك پاكىز چىرايلىق باقتىم. ئاتا - ئانىلىرى مەندىن رازى بولۇپ ئىش ھەققىنى ئايانماي قىسىنماي بەردى. تۇرمۇشۇمۇ خېلى كەڭ - كۇشادە ئۆتۈشكە باشلىدى. بىراق، باللار بىر نەچچە يىلدىن كېيىن چوڭ بولۇپ بىر - بىرلەپ مەكتەپكە كېتىشتى.

« خۇدايىمنىڭ بەزى كۈنلىرىدىن ئۆرگىلىپ كېتەي، بەزى كۈنلىرىنىڭ كۆتىگە تېپەي » دېگەندەك ياشاپ مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە تۇغۇلغىنىمغا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى دېگەن، ئەقلىمدىن ئاداشقۇدەك ھاياجانغا چۆمگەن، شادلىقتىن بىھوشلۇق دەرىجىسىدە مەست بولغان چاغلىرىممۇ بولدى. لېكىن، كۈلكەمدىن يىغام، قايغۇم كۆپ بولدى. يالغۇزلۇق، غېرىبلىق، ئاجىزلىقىم سەۋەبىدىن خورلىنىش، كەمسىتىشلەر، ئاچلىق، موھتاجلىق... ئىشقىلىپ بۈگۈننى كەچ قىلسام ئەتە قانداق قىلارمەن، دېگەندەك غەم - غۇسسىلەر خۇددى جاھاندا مەندىن باشقا ئادەم يوقتەك، بېشىم

ئۇستىدىن ئەجەل قۇشىدەك ئەگىپ كەتمىدى.

بىر كۈنى كېچىدە ئاپام، ئاكام، ئىنىم بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆلىنىپ چۇشۇمگە كىرىپ چىقتى. سەھەردىلا ئىشىك ئالدىغا چىقتىم. قارىسام بۇسۇغامدىن ئىككى مېتىردەك يىراقلىقتا، دەل دېرىزەم تۇۋىدە بىر كىشى تۇگۇلۇپ يېتىپتۇ. يېنىدا ئاخشام يەپ - ئىچىپ كېچىدىن قۇسۇپ ياندۇرغان نەرسىلەر. نەزەر سالسام ئۇستۇبشى يامان ئەمەس، ئوتتۇزلاردىن ئاشقان كىشى. ئۇ ئۆمىلەپ كەلگەن شەپەمدىن ئويغىنىپ ئورنىدىن چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى - دە، بېشى قايغاندەك بولۇپ تامنى تۇتۇۋالدى. بىر نەچچە قېتىم تۇگۇلۇپ - تۇگۇلۇپ قۇرۇق ھۆ بولدى. بىر چاغدا قولتۇقى ئاستىدىن مېنى كۆرۈپ قالدى — دە، ماڭا تەتۈر قاراپ تۇرۇپ:

— ئاپلا، سىڭلىم سەت بولدى - ھە، ھەي... مەستلىك، پەسلىك، — دېدى.

ئارقىدىنلا يەنە بىر نەچچە قېتىم قۇرۇق ھۆ بولدى. شۇئان ئۆيدىن بىر چىنە سۇ ئېلىپ چىقتىم.

— ئاكا، ئېغىزىڭىزنى چايقىۋېتىڭ.

— رەھمەت سىڭلىم.

ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدا ئېگىشكىنىچە چىنىنى ئالدى - دە، ئاغزىنى بىر ئىككى قېتىم چايقاپلا ئاشقان سۇنى خۇددى تومۇزدا چۆلدىن چاڭقاپ چىققان كىشىدەك گۇپۇلدىتىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن چىنىنى ماڭا بېرىپ يەنە تامنى تىرىۋالدى.

— ۋاي ئىست! مۇساپىرچىلىق، يالغۇزلۇق، قانداقچە يېتىپ قالدىم بۇ يەردە!

ئۇنىڭ ئۆز - ئۆزىگە غۇدۇراپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم باشقىچە بولۇپ قالدى. شۇئان ئاپامنىڭ «غېرىب ئۆلسە

كىم يىغلار، غېرىبقا غېرىب يىغلار» دەپ ئېيتمىدىغان ناخشىسى ئېسىمگە كەلدى.

— ئاكا، ئۆيگە كىرىڭ، بىر پىيالە چاي دەملەپ بېرەي.

— رەھمەت، سىڭلىم، سىزنى ئاۋارە قىلماي.

— مۇسۇلمانىنىڭ يېتى يوق، ئاكا، تارتىنماڭ. مەنمۇ سىزدەك يالغۇز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىدىن تالادا يېتىپ قاپسىز. ئىسسىقراق چاي ئىچسىڭىز ئوڭشىلىپ قالىسىز، يۈرۈڭ.

ئۆيگە ئالدىدا كىرىپلا چايغا تۇتۇش قىلدىم. ئۇ كىشى ئارقامدىن تارتىنغىنىچە كىردى - دە، سۇپىنىڭ لېۋىدە مۇشتۇملىرىنى تۇمشۇقىغا تىرەپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر نەچچە قېتىم كۆكسىنى تولدۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغاندىن كېيىن ئۆيگە زەن سېلىشقا باشلىدى.

— سىڭلىم، بۇ ئۆيدە راستتىنلا يالغۇزمۇ سىز؟

— شۇ، ئاكا، يالغۇزچىلىق.

— ئاتا - ئانىڭىزچۇ؟

— ئۇلار تۈگەپ كەتكەن.

چاينى دەملەپ پىيالە بىلەن چەينەكنى ئالدىغا قويدۇم.

— ئۆزىڭىز قانغۇچە قۇيۇپ ئىچىڭ . لېكىن، ئالدىڭىزغا قويغۇدەك نېنىم قالماپتىكەن.

ئۇ كىشى چۆچۈگەندەك باش - ئايىغىمغا بىر قاراپ چىقتى. خېلى ئىش، سورۇن كۆرگەن كىشىدەك ئانچە تۇزۇت قىلمايلا چاينى بىمالال قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى، بىر چەتتە قاراپ ئولتۇردۇم. بىر نەچچە پىيالە قىزىق چاي شۇئان پېشانە ۋە بۇرۇنلىرىنىڭ ئۈستىنى تەرلەتتى. يانچۇقىدىن خېلىلا پاكىز بىر ياغلىقنى چىقىرىپ تەرلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن:

— رەھمەت سىڭلىم، مېڭىش - تۇرۇشتا سەل قىيىلىنىپ

قاپسىز. مەن ئامالسىنى قىلاي خوش ئەمىسە، — دەپلا چىقىپ كەتتى.

پېشمىن بىلەن ئىشنىڭ چېكىلدى. ئاچسام ئالدىمدا يەنە شۇ كىشى، قولىدا بىر دەستە نان بىلەن قولتۇقىدا تاختايدەك بىر نەرسە تۇراتتى. ئۇيگە باشلىدىم.

— بۇ نانلارنى بىر ناۋاي تونۇشۇم تۇتقۇزۇپ قويدى، — دېدى ئۇ نانلارنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېتىپ، — بۇنى... بۇنى سىزگە ياساپ كەلدىم.

— نېمە بۇ ئاكا؟

— كۆرۈپ بېقىڭ، قاملىشىپتىمۇ قانداق؟

ئۇ نەرسىنى ئاستاغىنا ئالدىمغا قويدى. دەسلەپتە چۈشەنمىدىم.

— قاراڭ، ئوبدانراق قاراڭ، سىزگە ئەسقاتىدۇ.

يەردە قويۇپ مەن تەرەپكە ئىتتىرىۋېدى، تاختاي غىرىلدىغىنىچە ئالدىمغا كەلدى.

بىر نەرسىنى سېزىپ شادلىقتىن ئويۇنچۇققا قارىغاندەك قاراپ كەتتىم. ئالدى - كەينى سىلىق رەندىلەنگەن، مەن ئولتۇرسام سىغقۇدەك تاختاي. ئوڭ يۈزىنىڭ چەت - چۆرىسىگە بىرلىك ئېگىزلىكتە چىرايلىق قاش گىرۋەك تارتىلىپتۇ. ئاستىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە گىردە ناننىڭ چوڭلۇقىدا پۈختا تۆت پاي چاق...

ھاياجاندىن دېمىم سىقىلىپ كەتتى.

— ئاكا، بۇ؟!

— ھە، ئەمدى ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ بېقىڭا!

ئۈستىگە چىقتىم. تاختاي ئاستىمدا سىلىق تەۋرەپ تۇراتتى. ئانچە كۈچىمەيلا ئىككى قولۇمدا يەرنى ئىتىرىپ بېقىۋېدىم، تاختاي مېنى ئېلىپ شۇنداق راۋان، سىلىق يۈرۈپ كەتتى.

دادىسى قىممەتلىك قونچاق ئېلىپ بەرگەن كىچىك قىزلاردەك شادلىقتىن ۋارقىراپ كەتتىم:

— رەھمەت، ئاكا، رەھمەت! چوڭ بىر ئىشىمنى ئاسان قىلىپسىز. قانداق ئەقلىڭىزگە كەلدى بۇ ئىش؟ كىمگە، قانچە پۇلغا ياساتتىڭىز؟

— پۇل كەتمىدى. چاقلارنى بىر يەردىن ئۆزۈم تېپىپ ياسىدىم.

تاختاينىڭ ئۈستىدىن چۈشكۈم كەلمەيتتى. نېمىشقىدۇر ئۇ كىشىدىن تارتىنىپ، قورۇنۇپ كەتتىم. بىر هازاغىچە ئۆينىڭ ئىچىدە ئالدى ـ كەينىمگە غىرىلداپ مېڭىپ يۈردۈم. شۇنىڭ بىلەن خۇددى شۇ تاختاينىڭ ئۈستىگە تۇغۇلغاندەك ئۇنىڭغا ئۆزلىشىپ، ئۆگىنىپ كەتتىم.

— سىڭلىم، سەل تۇرۇپ يەنە كېلەي، — دەپلا چىقىپ كەتتى ئۇ.

ئۆيدە يالغۇز قالدىم، لېكىن كۆڭلۈم توق. بېشىم ئاسماندا. . . نېمىشقىدۇر تاختاي ئۈستىدە ئولتۇرۇپ كۈلىمەن، يىغلايمەن، هايال ئۆتمەي ئۇ يەنە كەلدى. بۇ قېتىم ئۆيگە ئىشىكنى چەكمەيلا كىردى. بىر خالتىا ئۇن، يەنە بىر خالتىدا بىر نەچچە خىل كۆكتات ۋە ئۇندەك تۇخۇم ئېلىپ كەپتۇ. ئۇلارنى جاي ـ جايىغا قويۇۋىدى، بۇ كىشىنى خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك جىممىدە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتىم. ئۇ يانچۇقىدىن بىر بوتۇلكىنى ئېلىۋېتىپ:

— بۇنى هاراقمىكىن دەپ قالماڭ جۇمۇ. خۇدايىم بۇيرىسا ئۇنى ئاغزىمغا ئالمايمەن. ئازراق ماي ئالغاچ كەلدىم. سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم. بولسا ئالدىرىماي بىر تاماق قىلىڭ. ئۇنىڭغۇچە ئۆيىڭىزنىڭ سەل چالا ئىشلىرى بار ئىكەن قولۇمدىن كېلىشىچە

يۇتتۇرۇپ باقاي، — دېدى.

شۇئان لەگمەنگە تۇتۇش قىلدىم. ئۇ ئالدى بىلەن مەن ئۆملەپ چىقىپ - چۈشىدىغان سۇپىنىڭ ئالدىغا چاققان قىلىپ ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەي ياسىدى. مەن ئادەتتە گورۇندۇق، ساندۇقلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئالىدىغان، قويىدىغان نەرسىلەرنى چاندۇرماي پەسكە گورۇنلاشتۇردى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بويۇم يەتمەي، مېنى قىيناپ ئېگىز گە چىقىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ياۋاشلىق بىلەن قولايلىشىپ ماڭا يېقىنلاشتى.

لەگمەنمۇ پىشتى. ئوتتۇرىغا جوزا قويۇپ تاماققا ئولتۇردۇق. ئۇ تاماققا چوكا سالماي تۇرۇپلا تويۇقسىز ئېغىز ئېچىپ سالدى:

— ھە، خېنىم، ئەمدى تونۇشۇپ قالايلى. ئىسمىڭىز نېمە؟

«خېنىم» دېگەننى ئاڭلاپ، تېنىمدە يەنە بىر خىل جۇغۇلداشنى سەزدىم.

— ئىسمىم ئارزۇگۈل.

— چىرايلىق، تاتلىق ئىسمىكەن. مېنىڭ ئىسمىم مۇسا قارى.

تۇيۇقسىز ۋارقىراپ سالدىم:

— نېمە؟! سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ مۇسا. . . مۇسا قارى.

— ياتقان يېرىم جەننەتتە بولسۇن، شۇنداق مۇسا قارى، دادام شۇنداق قويۇپتىكەن. سىزنىڭ ئىسمىڭىزمۇ دەپ قالدىڭىز، يەنە بىر مۇسا دېگىنىڭىز كىم ئۇ؟

— نەۋرە ئاكام ئىدى، ئۆتكەن يىلى تۈگەپ كەتتەن.

— ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، شۇنداق، ئىسمىم مۇسا قارى. تەكتىم قەشقەردىن. يۇرت كۆرەي دەپ چىقىپ، قاڭقىپ - قاڭقىپ بۇ يەردە توختاپ قالدىم. غېرىب كەلگىنىدىمەن.

شۇنداق قىلىپ تەقدىر مەن ئۇچۇن مۇساجاننىڭ ئورنىغا مۇسا

قارنى ئەۋەتتى. چىقىشىپ قالدۇق. تۇز كۆڭۈل، ئوچۇق يىگىتكەن. ھەر ھالدا بۇنىڭ جىگەر، ئۆپكىلىرى ساقتەك بىلىندى. ھەر كۇنى بىرەر قېتىم ئۆيگە كېلىپ ئىغىرىمنى يەڭگىل قىلىدۇ. كەچ بولغاندا غىپپىدە يوقايدۇ. نەگە بېرىپ، نەدە ياتىدىغانلىقىنى سورىماپتىمەن. ئۇ بىر سەھەردىلا پەيدا بولدى. چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا سامان، پاخالدەك بىر نەرسىلەر كۆزۈمگە چېلىقتى. شۇئان كۆڭلۈمگە بىر ئىشنى پۇكتۇم ـ دە، كەچكىچە بىر ئامال قىلىپ ئۆيدە تۇتۇپ تۇردۇم. كەچتە يەنە قايتىماقچى بولۇۋېدى، كۆزلىرىگە قادىلىپ تۇرۇپ سورىدىم:

— مۇسا قارى، نەدە يېتىپ قوپۇۋاتىسىز؟

ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قاچتى.

— ئىشلەۋاتقان يەردە يېتىۋاتىمەنغۇ.

— مۇسا قارى، نەچچە قازاننىڭ تۇز ـ تەمىنى بىللە تېتىدۇق، راست سۆزلەڭ، نەدە يېتىپ قوپۇۋاتىسىز؟

— ھازىر دېدىمغۇ، شۇ يەردە يېتىپ قوپۇۋاتىمەن.

— مۇسا قارى، — دېدىم ئاغرىنىش بىلەن، — پۈتۈم ئاجىز بولغىنى بىلەن كاللام ساق. ئەتتىگەن قارىسام چاچلىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا سامان، پاخال ئۇۋاقلىرى تۇرىدۇ. بىلىپ تۇرىمەنكى، يېتىپ قوپىدىغان مۇقىم جايىڭىز يوق. بۇ ئۆي ئىككى ئېغىزلىق بولغاندىكىن جېنىمىزنى قىسىنىمىز.

— ھەي، قانداق بولار؟

— قانداق بولاتتى، ئاخىر بىر گەپ بولار.

ئىككىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

شۇنىڭ بىلەن مۇسا قارى قولۇم ـ قوشنا، ئەل ـ يۇرت بېسىققاندا كېلىپ تاشقىرىقى ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈردى. ھەر ھالدا ئىنساب، ئىمانى بار كىشىكەن. مېنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئايىدى.

مۇسا قارىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ساق، سۇزۇك چىقتى. بىر ئاخشىمى كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن بىر لېگەننى قولىغا ئېلىپلا داپنىڭ ئورنىدا چېلىپ ناخشىغا چۈشتى:

ئاللا خالىدەم، ئاللا بوستان چاچ،
ئالدىڭدا قاراپ قاشىڭغا كۆيدۇم.
ئارقاڭدىن قاراپ چاچىڭغا كۆيدۇم،
ئاش ئېتەلمىسەڭ ئۇماچ ئىچەتتۇق.
نان ياقالمىساڭ كۆمەچ كۆمەتتۇق،
ئاللا خالىدەم، ئاللا بوستان چاچ،

. . . . . . . . . . . .

— كۆرمەمسىز سىڭلىم، ئۇ قاقۋاش قەشقەرلىق شۇ ناخشىسى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى ئەلچى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئاددىي بولسىمۇ قائىدە ـ يوسۇن، رەسمىيىتى بىلەن توي قىلدۇق. كۈنلىرىمىز خۇشال، ئىناق ـ ئىجىل ئۆتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئون يىل ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇدۇلدىكى قوشنىمىز كۆچۈپ كېتىپ ئورنىغا يېڭى قوشنا ئالماشتى. بۇ يېڭى قوشنىمىزنىڭ ئۆيىدە جېدەل بېسىقمايدىغان بولدى. ئايال قوشنامنىڭ ۋاي، داد، نالە ـ پەريادى، كېچە ـ كېچىلەپ مەھەللىنى بىر ئالدۇ. بولمىسا ئۆزى شۇنداق ئوڭلۇق، خۇشپىچىم ئايال. ئېرىنى تازا بىلىپ، چۈشىنىپ كەتمەيمىز. بىر كېچىسى مۇسا قارى سىرتقا چىقىپ قايتىپ كىردى ـ دە، مېنى نوقۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ھەي، ئارزۇ، ئارزۇگۈل، ماۋۇ نۇرنىساخاننىڭ ئىشى بولماپتۇ.

— ئۇچۇقراق دەڭا، نېمە بوپتۇ؟

— قاش، قاپىقى يېرىق، ئىچ كىيىمى بىلەن لاغىلداپ تالادا قاپتۇ.

— قانداق قىلىمىز؟

— تالا بەك سوغۇق. ئۆيگە ئەكىرىۋالايلى. يېنىمىزدا ياتسۇن.

شۇ كېچىسى نۇرنىساخان يېنىمدا ياتتى. بىچارە خوتۇن تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى. ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن ئۆيىگە چىقىپلا، چىقىرىۋېتىلگەن بىزنىڭكىگە قېچىپ كىرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىـــۋال» دېگەندەك ئۈچ جان بولۇپ قالدۇق. ئۇلار ئاجراشتى. لېكىن، نۇرنىساخان يەنە بىزنىڭ ئۆيدە، بارا - بارا ئەھۋال باشقىچە، ئۇخلىماي تۇرۇپلا چۈشۈم بۇزۇلۇشقا تۇردى.

بىر كۈنى كېچىسى مۇسا قارى يېنىمدىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ قوپتى - دە، ئاۋۇ خوتۇن ياتقان ئۆيگە شىپىرلاپ كىرىپ كەتتى.

ئاجىز بولسامۇ ئىرادەم ۋە غۇرۇرۇمغا تاڭ قالدىم، ئۆز - ئۆزۈمدىن سۆيۈندۈم.

دېمەك قەتئىي تۇرۇپ ۋاقىتنى سوزمايلا ئاجراشتىم. مۇسا قارىنىڭ يادىكارى سۈپىتىدە چاقىلىق تاختىيىم بىلەن يالغۇز قالدىم. ئۇ كۈنلەردىكى غېرىبلىقىمنى، ھەسرىتىمنى سىـــزگە سۆزلەپ بولالمايمەن. مۇسا قارى ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئاز كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ توي خەۋىرىنى ئاڭلىغان كۈنى پۈتۈن دۇنيا كۆزۈمگە قاراپ قازاننى دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەندەك قاراڭغۇ كۆرۈندى. كۆڭلۈمدە مەن بىر مېيىپ تۇرسام، ئۇنىڭمۇ يەتتە ئەزاسى ساق تاقىلداپ ماڭىدىغان ئاياللار بىلەن ياشىغۇسى باردۇر، ئۇ ھېلىمۇ ئون يىل مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلدى، ئەمدى باشقا ئاياللار ئۇنىڭ خىزمىتىنـــى قىلسۇن، دېگەندەك ئالىيجانابلىق قىلمۇاتقان بولسامۇ، ئەمەلىيەتتە يۈرىكىم ۋاژىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىـــلەن تونۇشقان ئاشۇ

كۆنلەر، بىرگە ئۆدۆل ئولتۇرۇپ بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ يېگەن تۆنجى لەڭمەن، ئۆنىڭ ھەييارلىق قىلىپ ناخشا ئوقۇشلىرى، ئەركەكلەرگە خاس مەرتلىكى، نەچچە مۆڭدىشىپ تاڭغا ئۇلىغان كېچىلەرنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتىم. تووۋا، ئۇ ماڭا ئەرلا ئەمەس بەزىدە ماڭا ئاتا، بەزىدە دوست، بەزىدە قېرىنداش بوپتىكەن...

سېغىنىشىم ئۈچىمگە پاتمىغان بىر كۆنى تاختىيىمنى غىرىلدىتىپ كوچىغا چىقتىم، كۆرگەن - كۆرمىگەن، بىلگەن - بىلمىگەنلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قاراشتى. بىر دوقمۇشقا كەلسەم بۇرنۇمغا بىر نەرسە پۇرىغاندەك قىلدى، قايرىلىپ قارىسام مۇسا قارى بىچارە ئون يىللىق قېرىپتۇ. كىيىملىرى شۆنچىلىك بېزەپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنىمۇ ئالماپتۇ، ئىلگىرىكى شوخلۇق، قىزىقچىلىقتىن ئەسەر يوق. كۆزلىرىدە مۇڭ، تۇرقىدا باشقىچە بىر غېرىبلىق. «كۆرگەن كۆز، يېگەن ئېغىز». ئىچىم ۋاژژىدە ئېچىشتى. كۆڭلۇمدە بۇنى ئەمەس، ئاۋۇ بىۋاپا خوتۇننى مىڭنى تىللىدىم. مۇسا قارى مېنى كۆردىيۇ، كۆرمەسكە سېلىۋالدى. ئالدىغا باردىم.

— قارىم، سىلىنى ماۋۇ چىرايلىق غالتەكلىرى يوقلاپ كەلدى.

— ئۇ ماڭا ھازىرلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك ئۆمچىيىپ قارىدى.

— بولدى قىل ئارزۇگۇل، مېنى ئوسال قىلما. تەڭلىكتە قويما. ماڭا بۇ كۆنلەر ئاز تېخى!

تاختاي ئۇستىدە ئۇنسىز يىغلىدىم. ئاخىرىدا ئۆكسۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم:

— ئىككىمىزنىڭ ئەمەس، تەقدىرنىڭ ئىشىدۇر، مۇسا قارى. بارالىسىڭىز ئۆيگە بېرىپ تۇرۇڭ.

شۇ يەردە يۈرىكىمنىڭ يېرىمى قالغاندەك بولۇپ قايتىپ

كەلدىم.

قاراڭغۇ چۈشكەندە مۇسا قارى نەچچە ھەسسە كىچىكلەپ كەتكەندەك ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ھەيران قالدىم. ئۆي پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى، لېكىن ئۇ بېشىنى چاڭگاللاپ يىغىغا چۈشتى.

— مېنى كەچۈر، ئارزۇگۈل، مەن ئازدىم. مېنىڭ تېخى كۆرىدىغىنىم ئالدىمدا.

ئۇ ئازازۇلدىن بىر ئۆمۈر قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن. ھاياتلا بولسام سېنى تاشلىماي، يوقلاپ تۇرىمەن.

— نېمە يېگىڭىز بار؟ بىر نەرسە قىلىپ بېرەي.

— رەھمەت، گېلىمدىن بىر نەرسە ئۆتمەيدۇ. قانداق قىلىمەن. ھاراقنا بېرىلىپ كەتتىم. مېنى كەچۈر.

ئۇ ئۆكسىگەن پېتى چىقىپ كەتتى. قارىسام ئولتۇرغان يېرىدە ئەللىك سوم پۇل قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆينىڭ تۆت تېمى تۆت تەرەپتىن يۈرىكىمنى غاجاشقا باشلىدى.

شۇ ئىش بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن ئولتۇراتتىم. تېلېفون ئەنسىز جىرىڭلىدى، تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئالدىم. تۇرۇپكىدىن ئەنسىز ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ۋەي، سىز مۇسا قارىنىڭ ئايالىمۇ سىز؟

— ھەئە؟

— تېز دوختۇرخانىغا كېلىڭ، ئۇ ئىش ئۈستىدە يارىلاندى. يارىسى بەك ئېغىر....

تېلېفون قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. قوشنىلىرىمنىڭ ياردىمىدە دوختۇرخانىغا باردۇق. ئەنە جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيى، كارىۋاتتا ياتقان مۇسا قارى، ئۇنىڭ باش قىسمى يارىلانغان بولۇپ داكىلار بىلەن قېلىن ئورىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىشداشلىرى بار

ئىكەن. ئۇلار مېنى كۆرۈپلا:
— ئەنە ئايالى، ئارزۇگۇل دېگىنى مۇشۇ، ئايالى. . .
مەن شۇندىلا ئۇنىڭ مېنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلدىم.
— مۇسا قارى، مانا مەن كەلدىم، كۆزۈڭىزنى ئېچىڭ، مەن ئۇچۇن بولسىمۇ سىز. .
سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەستىن يىغلاشقا باشلىدىم.
— ئارزۇ، مەن بولالمىدىم مەن خاتا. . .
دەل شۇ چاغدا ئەنىسىز بىر يىغا بىلەن ھېلىقى خوتۇن كىرىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا:
— ھە، يارىمىغىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ئۆزۈڭنى سۇركەپ، بۇ يەرگىچە كەلگىنىڭ نېمىسى نومۇسسىز. . . يامان نېمە جۇمۇ بۇ، ساق بولسا قانداق قىلاي بۇ توكۇرنىڭ، خۇدايىم بىلىپ ئېشەككە مۇڭگۈز بەرمىگەندە. . .
ئۇ يەنە نېمىلەرنى دېدىكىن، بېشىم قېيىپ شۇ يەردىلا ئايلىنىپ قاپتىمەن. بىر چاغدا كۆزۈمنى ئاچسام ئۆيۈمدە ياتىمەن، قوشنىلىرىم ئەتراپىمدا ماڭا قاراپ تۇرۇپتۇ.
— مۇسا قارى قانداقراق؟
ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ جىم ئولتۇرۇشاتتى.
— ئۇ. . . ياق، ئۇنداق بولمايدۇ! — مەن چاچلىرىمنى يۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدىم.
— سەن نېمانداق ئەخمەق، ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىغا شۇنچە يىغلايسەن؟ يىغلىما، ئۇنىڭسىزمۇ يىغاڭ يېتەر، ئەلەكمۇللاھ دېگىن، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن ئۇ ۋاپاسىزنىڭ. . .
يېشى بىر يەرگە بېرىپ بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن قوشنام ماڭا شۇنداق تەسەللى ھەم تەنبىھ بەردى.
ئويلىسام ئۇنىڭ قىلغانلىرى ناھايىتى ئەلەم بولغان بولسىمۇ،

ئۇ باشقا بىر ئايال بىلەن ياشاۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلۈمدە ئۇ ھامان ماڭا مەنسۇپ، ھامان مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كېلىدۇ دېگەن ئۈمىد مېنى يەنە ياشاشقا، يەنىلا ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئويلاپ ئۇنى كەچۈرۈشكە ئۈندەيتتى. ئەمدى ئۇ بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈۋەتتىم. ئۇنى ئازراقمۇ ئەيىبلىگۈم كەلمەيدۇ. ئۇنى ھامان سېغىنىمەن، ئۇنىڭغا ھال ئېيتقۇم، ئەركىلىگۈم ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشقۇم، ساقاللىق يۈزلىرىگە يۈزلىرىمنى سۈركەپ تۇرۇپ قولىقىغا شىۋىرلاپ ئەركىلىگۈم كېلىدۇ. شۇنداق چاغلاردا بۇ سېغىنىشلىرىمغا ئۆيۈم تارلىق قىلىدۇ، تاختىيىمىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ پۈتۈن رەستە، كوچىلارنى ئايلىنىپ چىقىمەن، شەھەرنىڭ ئەڭ چەتلىرىگە بېرىپ كېلىمەن. ھەر بىر كوچا، دوقمۇشلاردىن مۇسا قارىنىڭ ئىزىنى ئىزدەيمەن. ئۇنىڭ دىمىغىدا قالغان ھىدىنى پۇرايمەن. بىراق، تاپالمىدىم، ئۇنى ئەمدى مەڭگۈ تاپالمايدىغىنىمنى بىلگىنىمدىن كېيىن دۇتارىمنى قولۇمغا ئېلىپ پىغانلىق ناخشىلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭغا ھازا ئاچىمەن. مېنىڭ ناخشىلىرىم ئۇنىڭ ئۈچۈن...

بۇ ئۆيدىن قانداق خوشلىشىپ، قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن. ئۆزۈمنى دولقۇنلۇق دېڭىز ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن قېيىقتەك ھېس قىلىۋاتىمەن. ئەڭ تەسىرلىك بىر كىنو، گۈزەل تەسۋىرلەر بىلەن تولغان چوڭ بىر رومان ئوقۇغاندەك مەستخۇش بولۇپ قالدىم.

كېچىچە ئۇخلىيالمىدىم. سەھەردە ئۇخلاپ ۋاقىچە ئويغانغان ئوخشايمەن. ئورنۇمدىن تۇرسام پۈتۈن بىنا جىمجىت.

چالا - پۇچۇق يۇيۇنۇپ - تارىنىپ ئىشقا ماڭدىم - يۇ، يەسكە چۈشۈۋېتىپ يەنە يۈرىكىم سىيلىشقا باشلىدى. بۇ تىمتاس بىنادىكى ھېلىقى ئۆيدىن ئاۋۋالقىدىن نەچچە ھەسسە پىغانلىق، مۇڭلۇق بىر

ناخشا ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئىختىيارسىز ئاجايىپ بىر مەھلىيالىق ئىلكىدە كۆزلىرىمنى يۇمۇپ تۇرۇپ تىڭشىدىم :

ئالما گۇلى گۇل ئەمەس،
باشقا قىسسا بىر قۇچاق.
كىشىنىڭ يارى يار ئەمەس،
ئۆلگۇچە جانغا پىچاق.



# مايتاغدا كاككۇك سايرىدى

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئېلىمدا يايرىغان كەيسەم كۆلاھۇ - جەندىمەن.

ئاتاغلىق شائىرىمىز مەرھۇم تېيىپجان ئېلىيوفنىڭ بۇ يالقۇنلۇق مىسرالىرى ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن بالىلىق چاغلىرىمدىلا كۆڭلۈمدە يۇرتۇم مايتاغقا ئۆچمەس بىر مۇھەببەت ئويغىتىپ پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ۋە غۇبارسىز ۋۇجۇدۇمنى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۈزۈلمەس رىشتە بىلەن باغلىغانىدى.

— بىلەمسىز دوستۇم؟ پۈتۈن سۆيگۈلەرنىڭ گۈلتاجى، ھەممە مۇھەببەتنىڭ ئانىسى پەقەت - پەقەتلا يۇرت مۇھەببىتى، ۋەتەن مۇھەببىتى ئەمەسمۇ؟!

— مېنىڭ مايتاغ بىلەن قانچىلىك پەخىرلىنىدىغانلىقىمنى، قانچىلىك ئېتىخارلىنىدىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟ چۈنكى، مايتاغ مېنىڭ ئانا يۇرتۇم. مەن مايتاغنىڭ قىزى. كىندىك قېنىم مايتاغنىڭ قىزغۇچ گۈل تاغلىرىغا سىڭگەن. ئوغۇز سۈتۈمدە مايتاغ نېفىتلىرىنىڭ ھىدى بار. كىچىك چاغلىرىمدا دادام ئىشتىن چۈشۈپ كەلگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتقىنىمدا ئۇنىڭ بەدىنىدىن ماڭا تونۇش، مېنى ئۆزىگە خۇمار قىلىۋالغان ، لېكىن ئۆزۈم ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان بىر خىل ھىد كېلەتتى. ئەمدى ئويلىسام ئاشۇ ھىدلار مايتاغ نېفىتلىرىنىڭ ھىدى ئىكەن. بۇنداق دېسەم باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ ئاشۇ ھىدلار ماڭا

نىسبەتەن ئاخىرغىچە ئىپار ھىدى، دوستۇم.

كېچە چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە دادام ئاپئاق كىيىملىرى بىلەن خىزىر سىياقىدا ئالدىمدا تۇرغۇدەك، ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. دادام مېنى ئەركىلىتىپ ماڭلىيىمغا سۆيدى - يۇ، لېكىن مەندىن رەنجىگەن تەلەپپۇزدا: «قىزىم مەن سېنى قانداق ئۈمىدتە ئوقۇتقان؟ قولۇڭغا قەلەمنى قانداق مەقسەتتە تۇتقۇزغان؟...» دەۋاتقۇدەك.

«دادا مەن يېزىۋاتىمەن، سەن كۆرمىگەن ئوخشايسەن» دېگۈدەكمەن ئالدىراپ چۈشەنچە بەرمەكچى بولۇپ.

— كۆردۈم، يازغانلىرىڭنى مەن قالدۇرماي كۆرۈۋاتىمەن. بىراق سەن، مايتاغ ھەققىدە، مايتاغنىڭ بۈگۈنى ھەم كەلگۈسى ئۈچۈن ھاياتىنى، ياشلىق باھارىنى ئايىماي تەقدىم ئەتكەن مەن ھەم سەبداشلىرىم ھەققىدە ھېچنېمە يازمىدىڭغۇ؟ سەن مايتاغ قىزى ئەمەسمىدىڭ؟...» دەۋاتقاتقۇدەك.

خىجىللىق ئىلكىدە ئويغىنىپ قوياش بىلەن تەڭ مايتاغقا سالام بېرىش ئۈچۈن بالكونۇمغا چىقتىم.

ئۈستۈمدە يىراق دېڭىزلارنى ئەسلىتىدىغان كۆپكۆك ئاسمان. كۆز ئالدىمدا كارۋانلار مەدەنىيىتىنىڭ شاھىدى بولغان تارىخىي قىسمەتلەرنى ئەسلەتكۈچى ھەيۋەتلىك جوڭغارىيە. جوڭغار دالىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا رەڭدار گىلەمدەك مايتاغ. پۈتۈن ھەۋەس - زوقۇم بىلەن نەزەر سالدىم. ئەنە مايتاغدا تەنتەنە قىلىۋاتقاندەك ھەيۋەت بىلەن قەد كېرىپ تۇرغان يېشىل بىنا - مايتاغ نېفىت خىمىيە باش زاۋۇتى ئىشخانىسى. ئاۋۇ تيەنلى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا پاي شىركىتى، لايىھىلەش مەھكىمىسى، رەڭدار بىزەلگەن مەكتەپ، يەسلى، رېستورانلار، تاناپتەك تارتىلغان ئاسفالىت كوچىلار، قايناق بازار، ئاۋات رەستىلەر يىڭنە ئۇچىدەك

يالتىراپ تۇرغان ياپيېشىل چىملىقلار، مايتاغ نېفىتلىرىدەك ئېتىلىپ تۇرغان سۈزۈك فونتانلار ماڭا باشقىدىن ئاجايىپ بىر يۇرت مۇھەببىتى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى بېغىشلىدى.

مەن دادامنىڭ چۈشۈمدىكى رەنجىشلىرىگە خىيالەن جاۋاب بەردىم.

« كەچۈر دادا، مايتاغ ھەققىدە راستىنلا ھېچنىمە يازماپتىمەن. يېزىش ئويۇم بولمىسىمۇ، يېزىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان ئوخشايمەن.

مايتاغدىكى ھەر مىللەت خەلقى 60 نەچچە يىللىق تەرەققىيات جەريانىدا يېمىرىلمەس روھ «مايتاغ روھى»نى ياراتتى. بۇ خىل روھ مايتاغ خەلقىنى بۈيۈك بىر مەقسەت — ئورتاق

تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرلىكتە كۈچ چىقىرىشتىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە قىلدى.

مايتاغ روھى خۇددى زۇمرەت ئىچىدىكى مەۋج ئۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، خۇيزۇ، رۇس. . . قاتارلىق ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان 70 مىڭ كىشىلىك مۇستەھكەم قوشۇن، مايتاغنى 1936 - يىلىدىكى ئاددىي بىر نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدىن بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان ، ئالتە مىليون توننا نېفىت ئايرىش ئىقتىدارىغا ئىگە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 220 مىڭ توننا بولغان ئېتىلىن زاۋۇتىغا، شىنجاڭدىكى تۇنجى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكىلىق نېفىت خىمىيە پاي شىركىتى بولغان تيەنلى يۇقىرى يېڭى تېخنىكا شىركىتىگە ئىگە، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئەڭ چوڭ نېفىت خىمىيە بازىسىغا ئايلاندۇردى. بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردىن بېرى مايتاغنىڭ تەرەققىياتى ئەڭ يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئالغا

ئىلگىرىلەپ، نېفىت خىمىيە ئاساسي كەسپىدە مەبلەغ سالغان مۇقىم مۈلۈك تۈرى 39 تىن ئېشىپ كەتتى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ خۇسۇسىي كارخانا 113 كە، يەككە تىجارەتچى 2000 دىن ئاشتى. مايتاغ زاۋۇت رايونلۇق پارتكومى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مايتاغنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە، مۇھىم ھالقا دەپ بىلىپ خىزمەتنى ئاساسىي مائارىپتىن باشلىدى. نەتىجىدە 200 دىن ئارتۇق ئاز سانلىق مىللەت تېخنىكا ماھىرىنى تەربىيىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاسپىرانت ئىككى نەپەر، ئالىي دەرىجىلىك تېخنىك ئالتە نەپەر، پەن - تېخنىكا يېتەكچىسى تۆت نەپەر، مەملىكەت دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى تۆت نەپەر، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھ ، شىركىتى دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى يەتتە نەپەرگە يەتتى. بۇ خىل يۇقىرى ساپالىق قوشۇن مايتاغ نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇرۇنقى قاقاس مايتاغنىڭ بۈگۈنكى يېشىللىقتا پۈركىنىش نىسبىتى 35% - 47% كە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم، باياشاد تۇرمۇش كەچۈرىدىغان، مۇھىتى گۈزەل شەھەردە كاككۇكلار سايرىماقتا.

بۇ يۈكسىلىش، بۇ غايەت زور نەتىجىلەر تۇرتكىسىدە خىيال قۇشۇم بىردىنلا قاناتلىنىپ يىراقلارغا ئۇچتى.

ئەنە، پۈتۈن جۇڭغار دالىسىنى ئويغاتقان قوڭغۇراق كارۋانلارنىڭ ئالدى كەينىدە تەڭرى تېغىنىڭ شىمال جەنۇبلىرىدىن مايتاغقا يېتىلىشىپ كېلىۋاتقان جۈپ - جۈپ قىز - يىگىتلەر، كىيىم ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بەختلىك ماكان قىلغان گەمە ئۆيلەر، يىلىكلەرنى قايىنىتىدىغان پىژغىرىم ئىسسىق، تىمتاس چۆللۈكلەرنى

تىترەتكەن قەھرىتان سوغۇقلار. . .

قەلبىمدە تۇيۇقسىز ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن بىر گۈزەل سىمفونىيە ئۇرغۇدى . مانا بۇ مايتاغقا پىدايى بولۇپ كەلگەن ئاشۇ قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ئالتۇن قەلەملىرىنى قان تەرلىرىگە چىلاپ جۇڭغار دالىسىغا يازغان بۈگۈنكى ئۇنتۇلماس گۈزەل داستانى ئىدى.

قەلبىمدە ئىپتىخار، دىلىمدا لەززەت، ئەتراپىمدا باھار، دىماغتا ئىپار!

چۈنكى، ھازىر مېنىڭ مەھلىيالىق ئىلكىدە كۆرۈۋاتقىنىم سەھەر قۇياشى ئۆزىنىڭ سېھىرلىك قەلىمىدە سىزىپ چىققان مايتاغدىن ئىبارەت تەبىئەتنىڭ بىر نادىر سۈرىتى ئىدى.

گۈل ئۈستىگە گۈل چېكىلگەندەك بۇ گۈزەل تۇيغۇلىرىمنى يەنىمۇ ئويغىتىپ قەدىمكى باياۋان، بۈگۈنكى گۈلىستان مايتاغ بوستانلىرىدىن كاككۇك سايرىدى. كاككۇك، كاككۇك! . . . سەھەردە ئاڭلىنىپ ۋۇجۇدۇمغا خۇددى شېرىن شارابتەك ئېقىپ كىرگەن بۇ كاككۇكنىڭ ئاۋازى ماڭا ئاخىرىدا مۇنداق شائىرانە ئىلھام بېغىشلىدى؛

ئەمگەك ئەجرىنىڭ بەھرىدىن،
جانلار ئەجەب شاد يايرىدى.
تىلسىم باياۋان بولدى باغ،
مايتاغدا كاككۇك سايرىدى.

# روھىمىز كۈلۈپ تۇرسۇن

ئاشۇ كۈنى رېستورانغا كىرگىنىمىزدە رېستوراندىكى ئۇستەللەرنىڭ ھەممىسى ئايال مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى. بىز كېچىكىپ كەلگەچكە مېھمانلارنى ئارىلاپ ئۆتۈشتىن سەل ئەپسىزلىك ھېس قىلغان ھالدا ئورۇنلىرىمىزغا كېلىپ ئولتۇردۇق. مەن سائىتىمگە قاراپ:

— توۋا! بۈگۈن مايتاغنىڭ خانىم ـ قىزلىرى ئەجەپ ۋاقتىدا رېئايە قىلىپتۇ يا؟ — دېدىم دوستلىرىمغا ھەيرانلىق بىلەن.

— ئاداش، بۈگۈن بۇ سورۇنغا ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئاياللار كەلگەن ئوخشايدۇ.

— ياق، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇنەۋۋەرنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، بالىلىرىنىڭ كەچلىك تاماقىنى قىلىپ بېرىشنى ئەرلىرىگە تاشلاپ قويۇپلا يۈگۈرۈپ كەلگەن چېغى. . .

بىز ئولتۇرغان ئۇستەل ئىككىنچى قەۋەتتە بولغاچقا تۆۋەنگە سەپسېلىپ قاراشقا باشلىدىم. رېستوران خۇددى بىرى باغاق يېزىپ چايغا تەكلىپ قىلغاندەك ئاۋات ئىدى. ئۇستەللەردىكى خانىم ـ قىزلارنىڭ بەزىلىرى دوستلار ئارا، بەزىلىرى قوشنىلار ئارا، بەزىسى خىزمەتداشلار، يەنە بەزىلىرى ساۋاقداشلار ئارا بىر ئۇستەللىك بولۇپ، جەمئىي 40 نەچچە ئۇستەل ئايال مېھمانلار بىلەن لىق تولغانىدى، ئۇستىدىن قارىغاندا ھەربىر ئۇستەلدىكى رەڭگارەڭ كىيىنگەن خانىم ـ قىزلار كۆزۈمگە گويا بىر دەستە گۈلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— ئاداش، بىزگىمۇ سەن خەۋەر قىلغاچقا بۇ يەرگە كەلدۇق، باشقا ئۈستەلدىكىلەرنى گۈلزادەم ئاپپاي تەكلىپ قىلغانمۇ قانداق، نېمانچە كۆپ مېھمان؟ — دېدى يېنىمدىكى دوستلىرىمدىن بىرى.

— شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «تەڭرىتاغ گۈلزارى»، «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا تالانتلىق ئاۋاز ئارتىسى مۇنەۋۋەر ئابلەتنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەسىرلىك كەچۈرمىشلىرىدىن ھاياجانلانمىغان، كۆز يېشى قىلمىغان ئادەم قالمىدى. گۈلزادەم ئاپپاينىڭ دوستلىرىمۇ بىر يىغىلىشتا ئولتۇرۇپ، مۇنەۋۋەرنى مايتاغقا مېھمانغا تەكلىپ قىلساق، دىدارىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، گەپلىرىنى بىۋاستە ئاڭلاپ، ئۇنىڭ قەيسەرانە ياشاش روھىغا مەدەت بەرسەك، نەچچە كۈن مېھمان قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلساق، دېگەن تەكلىپنى قويغان. شۇنىڭ بىلەن گۈلزادەم ئاپپاي دوستلىرىنىڭ تەلىپىنى مۇنەۋۋەرنىڭ خىزمەتدىشى بولغان جىيەنى رىزۋان ياسىنغا تېلېفوندا يەتكۈزۈپتۇ. رىزۋان ياسىن خىزمەتدىشى مۇنەۋۋەرنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ، ئاغرىق ئازابىدىن بىرئاز بولسىمۇ يېنىكلىتىش ئۈچۈن، خىزمەتداشلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، گۈلزادەم ئاپپاي ھەم ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بوپتۇ. بۇ خەۋەر چاقماق تېزلىكىدە گۈلزادەم ئاپپاينىڭ دوستلىرى ئارقىلىق قىزلىرىغا، تونۇشلىرىغا، قولۇم - قوشنىلارغا، قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، مۇنەۋۋەرنى تېلېۋىزور ئېكرانىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىسسىق ياشلىرىنى ئاققۇزغان خانىم - قىزلار بۈگۈن ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرى تەشكىللىنىپ رېستوراندىكى ئۈستەللەرنى تىزىملىتىپ بوپتۇ. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئىشخانامدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ رېستورانغا ئۈستەل تىزىملاتقىلى تېلېفون قىلغىنىمدا، رېستوراندا بوش ئۈستەل قالماپتۇ. بۇ ئۈستەلنى

شۇنداق تەستە قوشۇمچە ئۇستەللەر قاتارىدا تىزىملىتىپ ئالدىم، — دەپ چۈشەندۈردۈم دوستلىرىمغا.

— ئىشخانىڭدىكىلەر كەلمەپتۇغۇ؟

— ئۇلارنىڭغۇ شۇنداق كەلگۈسى بار ئىدى. ئەمما، بۈگۈن بۇ يىغىلىشتا پۈتۈنلەي ئاياللار قاتنىشىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلار ماڭا مۇنەۋۋەرنىڭ «كۆڭۈلدىكى سۆز» پروگراممىسىدا ئېنگلىز تىلى ئۆگەنمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا، بىز گېزىتخانا ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ، چەت ئەل تىلى ئۆگىنىش VCD پىلاستىنكىسىدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ مۇنەۋۋەر ئابلەتكە ئەستىلىك قىلماقچى بولدۇق، — دېدىم دوستلىرىمغا چۈشەندۈرۈپ.

مۇنەۋۋەر ئابلەت سەھنىگە چىقىپ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن مايتاغدىكى خانىم - قىزلارغا قەلب سۆزلىرىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، ناھايىتى جۇشقۇن ھالەتتە بىر قىسىم كىنو - تېلېۋىزورلاردىكى پېرسوناژلارغا بەرگەن ئاۋازلىرىنى دوراپ بەرگەندە، تۆۋەندە ئولتۇرغان خانىم - قىزلار مۇنەۋۋەر ئابلەتكە دەستە - گۈللەرنى تۇتۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈشتى، ئۆكسۈپ يىغلاشتى، سورۇندىكىلەرنىڭمۇ كۆزلىرى ياش ئىدى. شۇ تاپتا، كۆپچىلىك قۇدرىتى يەتسە مۇنەۋۋەر ئابلەتنى مۇشۇنداق قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان لەنىتى كېسەلدىن، يېقىنلىشىۋاتقان ئەزرائىلنىڭ قولىدىن تارتىۋالغۇسى بار ئىدى. توۋا، ئۇنىڭ جاسارىتىگە ئاپىرىن! كۆرمەمسىز، ئۇ يەنە چىرايلىق كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان ھاياتقا بولغان چەكسىز مۇھەببەتنى، قەلبىدىكى يۈرەكلەرنى ئېزىدىغان بەختسىز تەقدىرىنى، تۈگىمەس يىغىسىنى ناھايىتى بەختلىك تۇيغۇدا، خۇددى باھار شامىلىدەك يېقىملىق، خەلق ناخشىلىرىدەك مۇڭلۇق، تاغ -

جىرا سۇلىرىدەك سوزۇك ئاھاڭدا باشقىلارنىڭ تەسىرلىك ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك، ئۆزى ئۇچۇن ھەسرەت چېكىۋاتقان تاماشىبىنلارغا ئاشۇ تاتلىق تەبەسسۇمى بىلەن تەسەللى بەرگەن مۇنۇ جاسارەتلىك، قەيسەر ئايال، بۇگۈنمۇ ئۆزى ئۇچۇن ياش تۆكۈۋاتقان، ئاتەش يۈرەك خانىم ـ قىزلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ ھەم خوشلىشىۋاتقانمىدۇ؟ ياق، ئۇ يەنە شۇنداق قەيسەرلىك بىلەن ھېلىقى تاتلىق تەبەسسۇمى ئارقىلىق «ھايات چەكلىك، مۇشۇ چەكلىك ھاياتىمىزنى قەدىرلەيلى» دەپ تەسەللى بېرىۋاتاتتى.

ئەتىسى دوستۇمنى ئېلىپ، مۇنەۋۋەر ئابلەت بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشۈش ئۈچۈن گۈلزادەم ئاپپاينىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، مۇنەۋۋەر ئابلەت يەنە شۇنداق تاتلىق كۈلكىسى بىلەن بىزنى كۈتۈۋالدى.

— بۈگۈن قانداقراق تۇرۇپسىز؟ ئاخشام سىزنى بەك چارچاپ كەتتى بولغاي دەپ ئويلىدۇق، — دېدىم ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن.

— خۇدايا شۈكرى، خېلى ياخشى تۇرۇپتىمەن.

— مۇنەۋۋەرنىڭ غەيرىتىگە تاڭ قالدىم، كېچىچە پۇت ـ قوللىرى ئاغرىپ پەقەت ئۇخلىيالمىدى، ئەتىگەندە يەنە ھەممىدىن ئاۋۋال تۇرۇپ شۇنداق ئېتىك ئولتۇرىدۇ، — دېدى گۈلزادەم ئاپپاي مۇنەۋۋەر ئابلەتكە بولغان قايىللىقىنى باسالماستىن.

— مەن مايتاغدىكى كۈنلىرىمنى، ئاخشامقى سورۇندىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن. مايتاغ گۈزەل ھەم مەدەنىيەتلىك شەھەر بولۇپلا قالماستىن، ئادەملىرىمۇ ناھايىتى مېھماندوست ئىكەن. ماڭا بەك تەسىر قىلغىنى — خانىم ـ قىزلىرى ناھايىتى جانلىق، جەلپكار ئىكەن. شۇنداق چوڭ سورۇندا ئالدىمغا كېلىپ مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكىنىدىن بەكلا سۆيۈنۈپ

كەتتىم، بەكمۇ خۇش بولدۇم. مېنى مۇشۇنداق گۈزەل شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ، جەڭگىۋار ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن ئەسرا بولۇشقا كۈچ چىقارغان گۈلزادەم ئاپپاي ھەم ئۇنىڭ دوستلىرىغا شۇنداقلا مايتاغدىكى بارلىق خانىم ـ قىزلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن، — دېدى مۇنەۋۋەر ئابلەت.

مۇنەۋۋەر خىزمەتداشلىرىم بىلەن خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشۈپ، بىز بىلەن خوشلىشىپ، ئاپتوبۇسقا چىققان چاغدىمۇ، ناھايىتى روھلۇق، خۇش كەيپىياتتا بىزگە قاراپ نازۇك بارماقلىرىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ «خەير ـ خوش» دېگەن ئىشارەتنى قىلغاندا، يېنىمدا تۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان دوستۇم: ۋىيەي، ئۇنىڭ قىلىقىنىڭ ئاتلىقلىقىنى، دەپلا كۈلۈپ كەتتى.

مەن مۇنەۋۋەرنى چىڭ قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلىــــۋاتقان دوستۇمغا قاراپ، مۇنەۋۋەر ئابلەتنى تېلېۋىزوردا كۆرگەن چېغىمدا ئۆزۈمنى باسالماي ئېسەدەپ يىغلاپ تاشلاپ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ خوشلىشىۋاتقاندا كۆزۈمدىن بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزمىغىنىمدىن سەل ھەيران قالدىم.

مۇنەۋۋەر ئابلەتنى زىيارەت قىلىش جەريانىدا ئۇ ماڭا ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا ۋەھىمىلىك سۆزلەرنــــى قىلمىدى. پەقەت ئۆز ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقاندا، غۇنچىدەك لەۋلىرى تاتلىق كۈلۈمسىرىشلىرىنى يوقاتمــــىغان بولســــىمۇ، ئەپسۇس، ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىــــرىدىن قەلب دەرياسىدىكى پىغانلىرىنىڭ ھەسرەتلىك داۋالغۇشلىرى چاچراتقان تامچىلارنى كۆرگىنىمدە، يۈرىكىم ھەسرەتتىن ئېچىشــــىپ، كۆزلىرىمگە يىغا ئولاشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى چەكسىز ھەسرەت دەقىقە ئىچىدە تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئۇمىدۋارلىققا ئالماشتى، ئۇ تولۇپ ـ تاشقان ئىشەنچ، ئارزۇ بىلەن:

— دوختۇر ماڭا ھەرقانداقلا دورىنى يېگەندە، كېسىلىم چوقۇم مۇشۇ دورا بىلەن شىپا تاپىدۇ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن يەڭ دېگەنىدى. يېقىندا كورلىدىن بىرى ماڭا ئوخشاش كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ، دورا ياساپ ئىچىپ ئۈنۈمىنى كۆرگەندىن كېيىن، شۇ دورىدىن ئاتايىن ماڭا ئېلىپ كەپتۇ. مەن شۇ دورىنى ئىچىۋاتىمەن، خۇدايىم كېسىلىمگە شىپالىق بېرەر...

مۇنەۋۋەر ئابلەتنىڭ ھەربىر سۆزى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ ھەم ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئېيتىلغاچقىمۇ، تىبابەت ئىلمىدە ئۇنىڭ كېسىلىگە داۋاسى يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرساممۇ، بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ، كېسىلى شىپا تاپىدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن يەنە كۆرۈشەلەيدىغاندەك، يېقىملىق ئاۋازىنى داۋاملىق ئاڭلىيالايدىغاندەك ھېس قىلىپ، پەقەتلا يىغلىغۇم كەلمىدى.

ئويلاپ قالدىم، مۇنەۋۋەر ئابلەتتەك يامان كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس، دوستلىرىم، ئۇرۇق - تۇققانلىرىم ئىچىدىمۇ مۇشۇ رەھىمسىز كېسەلگە گىرىپتار بولغان كۈندىن تاكى كۆز يۇمغانغا قەدەر كۆز يېشى قىلغانلارمۇ بولمىدىغۇ. مۇنەۋۋەرچۇ؟ ئۇ يىغلىمىدىمۇ؟ ئۈمىدسىزلەنمىدىمۇ؟ يىغلىدى، ئەمما ئۈمىدسىزلەنمىدى. ئۇ ئەزرائىل ئالدىدا يىغلاپ باش ئەگكەندىن كۆرە، كۈلۈپ تۇرۇپ جان بېرىشنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇ ئەزرائىل بىلەن جىسمانىي جەھەتتىن ئېلىشالمىسىمۇ روھىي جەھەتتىن ئېلىشتى، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى غەلىبىسى بىزنىڭ كۆزلىرىمىزدىن ئىسسىق ياشلىرىمىزنى ئاققۇزدى، قەلبىمىزنى لەرزىگە سالدى. نۇرغۇن باغرى يۇمشاق ئانىلار، قوينى ئىللىق ئاتىلار ئۇنى قىز قىلىۋالغۇسى، ئۇنىڭغا مۇمكىن بولسا ئېزىز جانلىرىنى ئۆتۈنۈپ بەرگۈسى بارلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ ئېيتىشتى. مېنىڭچە مۇنەۋۋەرنىڭ چەكلىك ھاياتى چەكسىز مۇھەببەتكە

ئېرىشتى، مۇھەببەت ئۇنىڭغا يەنە مەدەت، كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى. ئۇ يەنىلا تاتلىق كۈلكىسى، جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئۈمىد تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خۇددى دانكو يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى مەشئەل قىلىپ، قاراڭغۇ ئورمانلىقنى يورۇتۇپ، خەلققە يول باشلاپ ماڭغاندەك خانىم - قىزلارغا ئۈمىد مەشئىلىنى ياندۇرماقتا.

كىشىلىك ھاياتتا مۇشەققەت ۋە بەختسىزلىكتىن ساقلىنىش تەس، مۇھىمى يەنىلا ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىمىزدا، روھىمىزغا تەبەسسۇم ئاتا قىلىپ، بېشىمىزغا ئالەمچە مۇشكۈلاتلار كەلسىمۇ، ئۈمىدىمىزنى يوقاتماسلىقىمىزدا، روھىمىز كۈلۈپ تۇرسۇن، باسقان ئىزىمىزدىن گۈللەر ئېچىلسۇن!



# كۆڭۈلدىكى سۆزلەر

بىر چاغدا مەلۇم بىر كىتابتىن مۇنداق قۇرلارنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە:

— سىز كاتتا رەسسامغۇ دەيمەن؟

— كاتتا ئەمەس، لېكىن رەسسام ئىدىم.

— رەسسام ئىدىم دەيسىز، ھازىر ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— نەتىجە قازىنالمىدىم.

— خېلىلا داڭق چىقارغانتىڭىزغۇ؟

— شۇنداق، لېكىن مەن بۇنى نەتىجە ھېسابلىمايمەن. چۈنكى، مەن نۇقۇل داڭق چىقىرىش ئۈچۈنلا رەسسام بولغان ئەمەس.

— ئۇنداقتا سىز نېمىنى نەتىجە دەپ قارايسىز؟

— رەسساملىقمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ باشقا ساھەسىگە ئوخشاش تەنقىد قىلغۇچىسىغا نىسبەتەن ئاجىز سەنئەت ئىكەن. رەسىملىرىم ئارقىلىق مەن تەنقىد قىلغانلار ئەسەرلىرىمنى مۇتلەق چۈشەنمىدى. لېكىن، رەسىملىرىمدىن زوقلانغانلار، ئۇنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلەر ئەسلا مېنىڭ تەنقىد قىلىش ئوبيېكتلىرىم ئەمەس ئىدى. دېمەك، مەن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمىدىم.

يېقىندىن بۇيان بىرنەچچە پارچە ماقالە ھەم ئەدەبىي ئەسەرلىرىم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، مەنمۇ رەسسامغا ئوخشاش ياخشى نىيىتىمگە يېتەلمەي قېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم.

— سىزنىڭ مەندە ئالالىغان ئۆچىڭىز بارمىدى؟

— سىز بىلەن تونۇشمىسام نېمە ئۆچۈم بولاتتى؟

— سىلەر تەشۋىقات ئورنىدىكىلەر مېنى نۇرغۇن پۇل خەجلەپ رېستوران ئېچىپ مايتاغلىقلار ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەردى دەپ ماڭا ئىلھام بەرمەي، نېمىشقا مېنىڭ رېستورانىمنى تىلغا ئېلىپ ماقالە يېزىپ سودامغا يامان تەسىر بېرىشكە ئۇرۇنىسىلەر؟

— يازغان ماقالەمدە سىزنىڭ رېستورانىڭىزنىڭ تامىقى تەمسىز تازىلىقى ناچاركەن، «b» رېستورانغا بارماڭلار دەپتىمەنمۇ، زادى نېمە دەپتىمەن؟

— مەنغۇ ماقالىڭىزنى ئوقۇمىدىم، بىراق رېستورانغا دائىم كېلىدىغان چوكانلارنى «بارماس بولۇپ كەتتىڭلارغۇ» دېسەم «رېستورانىڭىزغا بارساق گېزىتكە ماقالە يېزىلىدىكەن» دەيدۇ.

— ئاۋۋال سىز ماقالىنى ئوقۇپ كۆرۈڭ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېپىڭىز بولسا قىلىڭ!

مەن شۇنداق دەپلا رېستوران دىرېكتورىنىڭ مېنى چاقىرىپ كىرگەن سوراقخانىسىدىن بېشىمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يېنىپ چىقتىم. مەن مۇناسىۋەتسىز بىر ئادەم تەرىپىدىن بىمەنە سوراق قىلىنىپ قەلبىم ئازار يېگەن شۇ مىنۇتتا ئۆزۈمگە ئۆزۈم «كۆرمەي ئۇرسام، ئاغرىماي ئۆلۈپ كەتتى» دېگەندەك بىر ئىش بوپتۇ — دە، بەلكىم رەسسامنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا تەنقىدلىنىشكە تېگىشلىك ئادەملەر ئەسىرىمنى چۈشەنمەي، مۇناسىۋەتسىز ئادەملەر ئۆزىگە ئېلىپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ ماقالەمنى كۆرۈپ بېقىپ ئاندىن مېنى سوراق قىلسىمۇ بولاتتىغۇ؟... قەلبىم بۇ ناھەق سوراققا نىسبەتەن كۈچلۈك ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەقلىم مېنى دانالىرىمىز ئېيتقان «سۈكۈت» دېگەن سۆزنى ئېسىمگە سالدى.

كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، مەنىۋىي ئىستېمالىغا بولغان ئېھتىياجى ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرمۇش ۋە خىزمەت رىتىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، توي ـ تۆكۈن، خاتىرە كۈنلەر ۋە تۇرلۈك چوڭ ـ كىچىك زىياپەتلەرنى رېستۇراندا ئۆتكۈزىدىغان بولدى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرگە نۇرغۇن قۇلايلىقلار ئېلىپ كەلدى. بىز تەشۋىقات ئورنىدىكىلەرمۇ بىزنىڭ مەنىۋىي تۇرمۇشىمىزنى بېيىتىش يولىدا قان ـ تەرى بەدىلىگە تاپقان پۇللىرىغا رېستۇران سېلىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەي ھېيت ـ بايراملاردا تۇل خوتۇن، يېتىم باللارغا پۇل، يېمەك ـ ئىچمەك ئىئانە قىلىپ كېلىۋاتقان ساخاۋەتلىك تىجارەتچىلىرىمىزنى تەشۋىق قىلىشقا ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتىمىز. ئەمما، گۈلنىڭ تىكىنى بولغاندەك ھەرقانداق بىر ياخشى ئىشنىڭ يامان تەرەپلىرى بولىدۇ. رېستۇرانلار سېلىنىپ نۇرغۇن قۇلايلىقلار يارىتىلغان بولسىمۇ، بەش قول تەڭ بولمىغاندەك بىزنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، تۇرمۇش پەلسەپىسى، بىلىشى ئوخشاش بولمىغان ئادەملەر بولغان بۇ جەمئىيەتتە «بىر نان تاپسا بىرىنى داپ چاپتۇ» دېگەندەك بەزى ئاز ساندىكى كىشىلىرىمىز توي ـ تۆكۈن، خاتىرە كۈن ۋە باشقا رېستۇراندا ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك ئىشلاردىن سىرت «گىرىم چاي»، «خام تاۋاق»، «خرۇستال چاي»، «چاقىرغۇ چېيى»، «يانفون چېيى» دېگەندەك ئايىقى چىقماس چايلىرىمىزنى ئىجاد قىلىۋاتقان كەشپىياتچىلىرىمىز ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي، بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالى بىلەن ھېسابلاشماي رېستۇراننى ھاياتىنىڭ پەيزى دەپ بىلىۋالغاندىن سىرت يەنە رېستۇرانغا بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېشى، سالاپىتى ھەم كىملىكىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزىگە ئىنى ـ سىڭىل ھەتتا بالىسى دېمەتلىك مېھمانلارنىڭ ئالدىدا

ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە ياراشمايدىغان، ئەخلاق مىزانىمىزغىمۇ مۇخالىپ كېلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىشنى ئويلاپ قالغان سۆيۈملۈك ئانىلىرىمىز ئۆزىگە ئوخشاش نادانلارنى كۈلدۈرۈپ ئالقىشقا ئېرىشكەن بىلەن ئەتراپتىكى ئەقىللىق مېھمانلىرىمىزنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈۋاتىدۇ. باشقا كىچىك يىغىلىش ۋە ئۇچرىشىشلاردا دوستلىرىم، تونۇشلىرىم رېستۇراندا كۆرگەن ھەقسىز ئويۇنلارنى تىلغا ئېلىپ «رېستۇراندىكىلەر ئۇلارنىڭ ئۇ قىلىقلىرىغا قاراپ ياقىلىرىمىزنى تۇتۇپ، توۋا دېيىشتۇق، ئانىلىرىمىز بۇنداق بولسا ئۇلارنىڭ تەربىيىلىگەن باللىرى قانچىلىك بولار؟ سىلەر تەشۋىقات ئورنىدىكىلەر مەدھىيىلەپلا يازماي، مۇنداق تەنقىدنىمۇ يازساڭلار بولامدۇ؟ . . .» مەن شۇنداق ھاياجان بىلەن سۆزلەنگەن شىكايەتتىن غەيرەتكە كېلىپ قولۇمغا قەلەم ئالدىم، رېستۇراننى ئەمەس، رېستۇرانغا بارغانلارنى ئەمەس، رېستۇرانغا بېرىپ پۇلسىز ئويۇن قويغۇچىلارنى، قېنىغا پاتماي قېلىۋاتقانلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېسىگە سېلىش ئۈچۈن. . .

— يېقىندىن بۇيان كىتاب يازماس بولۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ (ماقالە دېمەكچى)

— ماقالە يازىدىغانغا ۋاقتىم چىقمايۋاتىدۇ.

— ھېلىقى نەزىر توغرىسىدىكى ماقالىڭىز بەك ياخشى بوپتۇ، راست ئەمەسمۇ بىر ئۆيدە بىر ئانىسى تۈگىسە بەش بالىنىڭ ئۆيىگە بەش قېتىم بېرىپ تاپقىنىمىز شۇ ئادىمىگەرچىلىك بىلەن تۈگەپ ئىشتىنىمىز تىزىمىزدىن ئاشمايۋاتىدۇ.

— ھەممە ئادەم سىزدەك توغرا قارىغان بولسىلا بەك ياخشى بولاتتى، بۇنداق نەرسىلەرنى يېزىشمۇ ھاجەتسىز ئىدى.


— ئۆتكەندە بىر يەردە شۇ ماقالىڭىزنىڭ گېپى بولۇپ ھېلىقى

«b» نىڭ نەزىرىسىنى يېزىپتۇ، پائالىيەتكە كىرىپ بىر قارىۋېتىپ چىقىپ كېتىپتىكەن، دېيىشتى. مەن ئۇنداق ئىشلار بىرسىنىڭلا نەزىرىسىدە ئەمەس، ھەممىمىزنىڭ نەزىرلىرىدە بولۇۋاتىدىغۇ؟ ئۇنى - بۇنى دېمەي ئارتۇق ئىشلارنى ئەمەلدىن قالدۇرساقلا بولدى ئەمەسمۇ؟ — دېدىم.

— بىزمۇ دادامنىڭ نەزىرىسىدە شۇنداق ئالتۇن بۇيۇملارنى ئېلىپ قارىمىزنى ئۇشتۇپتىكەنمىز، ھەتتا دوستلىرىمىزنىڭ قېيناتىلىرىنىڭ يىل نەزىرىسىدىمۇ پۇل يىغىش قىلىپ ئالتۇن بۇيۇم ئاپتۇق، ماقالىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن بىز ياشلار تۈزۈك قارىلىق تۇتالمىساق، ئېمىشقا ئارتۇقچە قائىدىلەرنى تېپىۋالغاندۇق دەپ ئويلاپ قالدىم.

مۇشۇ ماقالەم ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن سورۇنلاردا «ھېلىقى ماقالىڭىز بەك ياخشى يېزىلىپتۇ» دېگۈچىلەر كۆپ بولدى. مەن نەزىرىمدە خېلى بىر نەرسىنى چۈشىنىدۇ دېگەنلەرمۇ ماڭا تەھدىت ئاھاڭىدا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئۇنداق يازمىساڭ بوپتىكەن، باشقىلارنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قالما دېگەن مەنىلەردە سۆزلىگەنلەرمۇ بولدى. لېكىن، مۇنۇ ماقالە بىلەن كىتابلارنى تولۇق چۈشىنىپ كەتمەيدىغان ئاددىي بىر ئايال، سۆيۈملۈك ئوقۇرمەن مېنىڭ ئاشۇ ماقالىنى يازغان ۋاقتىمدىكى چارچاشلىرىمنى ھۇزۇرغا ئايلاندۇردى. ماقالەمنى ئەمەس ئەدەبىي ئەسەردىكى پېرسوناژلارنى ئۆزىگە ئوخشىتىۋېلىپ، ماڭا سىڭايان قاراشلىرىنى كۆرگەندىكى كۆڭۈل غەشلىكلىرىمنى بىر يولدىلا پاكىز يۇيۇۋەتتى. چۈنكى، ئۇ راست گەپنى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى قىلغانىدى. مەن ئۇنى - بۇنى ئەمەس، ئۆزۈمنى ھەم ئۆزىمىزنى يازدىم. چۈنكى، ئوقۇرمەنلەر دېگەن ئۇ نەزىرگە مەن قاتناشمىغان. بىراق، مەن ئۇ نەزىرگە بارمىغان بىلەن باشقا

نەزىرلەردە قارا ئۇشتۇشلاردا، خام، پىششىق تاۋاقلاردا كۆپچىلىك بىلەن تەڭ قاتناشتىم، شۇ جەرياندا ئۆز خاتالىقلىرىمىزنى بايقىدىم، ئارتۇقچە ئىشلار بىلەن ئائىلىمىزگە، بالىلىرىمىزغا ھەمراھ بولالمايۋاتقانلىقىمىزنى تاۋاق ئاپىرىپ، چاي ئىچكەن ئۆيلەردە بىرگە ئولتۇرۇپ دېيىشكەن، شۇڭا مەن دوستلىرىمنىڭ، ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ بىرەر نەرسە ئېلان قىلغاندىن كېيىنلا «a» نى يازدىڭمۇ؟ «b» نى يېزىپسەندە؟ دېگەن سوئاللىرىنى ئاڭلىسام، ئىچىمدە نېمىشقا ئۇلار «بىزنى» «ئۆزىمىز» نى يېزىپسەن، بىز بىرلىكتە مۇشۇنداق پاسسىپ قائىدىلەرنى تۇگىتىپ، بالىلىرىمىز ئۇچۇن ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن قالغان قىممەتلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى توغرا ھەم پايدىلىق تەرەپلىرىنى ساقلاپ قالايلى دېسىچۇ؟ . . . دەپ ئويلاپ قالىمەن.



# ئايەمدىكى ئىزگۈ خىياللار . . .

— ئاپا ھېيتقا قانچە كۈن قالدى؟

— ئۈچ كۈن قالدى، قىزىم.

— ماڭا ھېيتلىق نېمە ئېلىپ بېرىسىز؟

— نېمە ئېلىپ بەرسەم بولاركىن. . .

— چوڭ ئاپامغىچۇ؟

— چوڭ ئاپىڭىزغا كىيىم تىكتۈرۈپ بولدۇم.

— ئۆزىڭىزگىچۇ؟

— ئۆزۈم كىيمىسەممۇ بولار، قىزىم.

— ئاپا، ئاۋۋال بازارغا چىقىپ باقايلى، چىرايلىق كىيىم بولسا ئالايلى، بولمىسا. . .

قىزىمنىڭ كۈمۈش قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازدا ۋىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ خىيال كەپتىرىم باللىق چاغلىرىمغا ئۇچۇپ كەتتى.

ئەقلىمنى بىلسەم ئاپام ناھايىتى ئىشچان، قولى گۈل، شەرەنداز ئايال ئىدى، ھېيتقا ئون كۈنلەر قالغاندا پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ساگىزىسىنى سىلىپ بېرىش ئۆز بۆرچىدەك، ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. يەنە بەزى قوشنىلارنىڭ، يېقىنلىرىمىزنىڭ ناھايىتى تەڭقىسلىقتا ئېلىپ كىرگەن ھېيتلىق كىيىملىرىنى كېچە ـ كېچىلەپ تىكىپ بېرەتتى. ئاپامنىڭ جاپاسىغا ئىچى ئاغرىغان دادام:

— ئايىش جېنىڭلىنى ئېتىزلىقتا تېرىۋالغاندەك ئۆزۈڭلىنى ئايىمايسىلەر؟ — دەپ رەنجىپ قوياتتى. شۇنداقتىمۇ كۆڭۈلچەك

ئاپام ئۆزىمىزگە ئەڭ ئاخىرقى نەچچە كۈندە ئاران ئىشسىنالايتتى. ساڭزا سېلىپ، نەچچە تونۇر نان يېقىپ، كىر- قات يۇيۇپ، ماشىنىدا ئىش تىكىپ، ھارپا كۈنلىرى زادىلا كىرپىك قاقمايتتى، يېرىم كېچىلەردە ئانامنىڭ ئىسسىق ھەم يۇمشاق قوللىرى يۈز، بويۇنلىرىمغا تېگىشىدىن ئويغانغىنىمدا ئاپامنىڭ ھېيتلىق كىيىملىرىمنى ئۆلچەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. قىززىق، ئانام مىتىر تۇتمايتتى، غىېرىچى، كۆز مۆلچەرى بىلەنلا رەخلەرنى كېسىپ تىكىۋېرەتتى. كىيىملىرى پۈتكەنلەر كىيىپ رازى بولۇپ ئاپامغا تەشەككۈر ئېيتىشىپ چىقىپ كېتىشەتتى. ئانامنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى بىلەن غىڭشىپ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاپ يېتىپ كۆزۈم يەنە ئۇيقۇغا كېتەتتى.

ئايەم كۈنى سەھەردە كۆزۈمنى ئېچىپ، باش تەرىپىمگە تىكىپ دەزماللاپ قويغان ھېيتلىق يېڭى كىيىممنى كۆرۈپ ئالەمچە شادلىناتتىم. توۋا دەيمەن، بالىلىقنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇ بولسا كېرەك. بىرەر قۇر يېڭى كىيىم، بىرەر تال تاتلىق كەمپىت بىلەنمۇ ئالەمچە خوش بولالايدىكەن. مەن يېڭى كىيىملىرىمنى كىيىپ، تېرەمگە سىغمىغان ھالدا ئاپامنىڭ قېشىغا چىققىنىمدا، ئاپام نامازغا كەتكەن دادام، ئاكاملارغا ناشتىلىق تەييارلاۋاتقان ياكى ھېيتلىق ئۇستەللەرنى تىزىۋاتقان بولاتتى.

— ئاپا يارىشىپتۇمۇ؟ — دەيتتىم.

— ئۇسۇپ نەگە بارارسەن، سەت پۈچۈق، رەخت يەتمەي قولۇمنى كەسكىدەك بولدۇم، — دەيتتى ئانام مېنىڭ مۈرىلىرىمنى ئۇگىشغاچ ئەركىلىتىپ. رادىئو، ئۇن ئالغۇلاردىن ناغرا - سۇناي مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپ ئىش قىلىۋاتقان ئانام مىشىلداپ يىغلاشقا باشلايتتى. شۇنداق خۇشال كۈندە نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟ دەپ ئىچىم پۇشاتتى، دادام تېزرەك كەلسە بوپتىكەن، دادام ئۆيدە بولسىلا ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتەتتىم. چۈنكى دادام بەك خۇشاۋاز، ئاجايىپ مېھرىبان ئادەم ئىدى. ھېيت كۈنى نامازدىن

يېنىپ كېلىپ ھەممىمىز ئۇستەلدە چۆرىدەپ ئولتۇرغاندا ئۆيىمىز رەسمىي ئايەم شادلىقىغا چۆمەتتى. دادام كۆڭۈللۈك پاراڭلارنى سېلىپ بېرەتتى. بىزگە ھېيتلىق بېرەتتى.

ھېيت كۈنى ئاپام شۇنداق چاققان، شۇنداق خۇشال ھالدا مېھمان كۈتەتتىكى، ئۆيىمىزدە ئاپامنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى خۇشال كۈلكىسى ئۆچمەيتتى. مەن ئىچىمدە ئاپامنىڭ مۇشۇ خۇشاللىقى ئۈچۈن بولسىمۇ ھېيتنىڭ ئۇزۇنراق بولىشىنى ئۆيىمىزگە دائىم مېھمان كېلىپ تۇرۇشىنى تىلەيتتىم.

— ئايىش ھېلىقى مانتۇ چاپىنىڭلىنى ھېيتلىق تىكتۇرۇپ كېيىڭلار دېگەنتىمغۇ؟ — دېدى. كەچتە ھېيت پەتىسىگە بىر يەرگە ماڭماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئاپامنىڭ يەنە كونا سوكنا چاپىنىنى كېيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن دادام.

—ئەجەپ تولا سورىدىڭلا، راست گەپنى دېمىسەم بولمىدى. ئۆتكەندە سىلى يوق سۈيدۈگىدىن تۇرسۇن شوپۇر كەپتىكەن دادىملار ھېيتلىق خىراجەت قىلىسۇن دەپ ئازراق خالتا بىلەن شۇ چاپانغا بەرگەن پۇلۇڭلىنى، دادام ـ ئاپامغا ئېۋەرتىپ بەردىم، ئۇنداق چاپانلارنى ئۆمرۈم بولسا كىيىۋالارمەن دادىسى. — دېدى ئاپام.

— ۋاي، ئېمىشقا شۇ گەپنى بالدۇرراق دېمەيسىلەر، دادىملارغا ئەۋەتمەن دېسەڭلار يەنە ئازراق قوشۇپ ئەۋەتمەمتۇق. بوپتۇ ياخشى قىپسىلەر. . .

ئويلىسام بىز تۆت بالا ئۈچۈن ھەممىدىن كېچەلەيدىغان ئانام بىلەن مېھرىبان دادام بىزگە ئاغزاكى تەربىيىسىدىن بەك ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپتىكەن، يۇمران قەلبىمىزگە ئاجايىپ تەسىرلىك، ناھايىتى گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئۆچمىگۈدەك قىلىپ سىڭدۇرۇپتىكەن.

—ئاپا، قاراڭە، چوڭ ئاپامنىڭ كۆڭلىكى يارىشىپتىمۇ؟

خىيالىمنى يەنە قىزىمنىڭ يېقىملىق ئاۋازى بۇزدى. ئالدىمدا ھېلىقى قولى گۈل چېچەن ئانام تىككۈچىگە تىكتۇرۇپ كەلگەن يېڭى

كۆڭلەكنى كىيىپ، ئالەمچە شادلىقتا تولغان ھالدا تۇراتتى. مەن ئاپامغا سەپ سېلىپ قارىدىم. يۈزلىرى يەنە مۇشۇنداق چىرايلىق، قاشلىرى يەنە شۇنداق قارا، كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى سەل غۇۋالاشقان، چېكە چاچلىرى ئاقارغان، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى قورۇق بېسىشقا باشلىغان چىرايلىق ئاپام بىز ئۈچۈن كېچە - كېچىلەپ تىككەن كىيىملىرىنى، يۇيغان كىرلىرىنى، ياققان نانلىرىنى، چەككەن جاپالىرىنى، ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى ئۇنتۇپ ماڭا رەھمەت ئېيتىۋاتاتتى.

—رەھمەت قىزىم، سىز ماڭا بىرنى كىيدۇرسىڭىز سىزگە خۇدايىم مىڭنى بېرەر... ئاپامنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىكى مىننەتدارلىق ياشلىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ۋىژىلداپ ئېچىشتى، كۆزلىرىمگە يىغا ياماشتى. شۇھامان كۆڭۈل ئېكرانىمدا يەنە بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى.


يازلىق تەتىللەردە بىز مومام بىلەن بوۋاملارنى يوقلاپ سۈيدۈڭگە بارغاندا، ئاپام ئېلىپ بارغان سوۋغات ھەم پۇللارنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تىكىپ بارغان كىيىملەرنى كىيدۈرگەندە بوۋام بىلەن موماممۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، ئاپام داداملارغا شۇنداق دۇئالارنى قىلاتتى.

—ئاپا، ئاللا ئۆمرۈڭنى بەرسە بۇنداق كىيىمدىن يەنە كۆپ كىيدۈرىمىز، — دېدىم ئاپامنى خۇددى قىزىمنى ئەركىلەتكەندەك چېكى چاچلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ.

ئايەم كۈنلىرى يېقىنلاشقانسېرى قەلبىمدە بىر مۇڭ، خىياللىرىم ئازابلىق، ئۆزۈمنى شۇنچە خۇشال تۇتاي دېسەممۇ ھامان كۆزۈمگە يىغا يامىشىپ تۇرىدۇ. بالىلىق چاغلىرىمنى سېغىنىپ قاپتىمەن. بىلمەي قالدىم، شۇ بالىلىقلىرىمنى قاچانلاردا يوقىتىپ قويغاندىمەن؟ ھېلىقى ھەممىمىز دەرقەمدە ئولتۇرغان ھېيتلىق ئۇستەلنى، دادامنىڭ خۇشال ھالدا پاراڭ سېلىشلىرىنى ئاڭلىمىغانغا، توپتوغرا ئون يىل بوپتۇ. ئەمدى بىلدىم. دادام بىلەن

تەڭ مېنىڭ غەمسىز بالىلىقىم تۈگەپتىكەن، بۈگۈن بىر نەچچە دوستۇم بىلەن تېلېفونلاشتىم، ئۇچراشتىم، ئۇلارمۇ شۇنداق سولغۇن مىشلداپ يىغلاپ قاپتۇ. . . بىر چاغلاردا خۇشال چۇۋۇرلىشىپ كۆرۈشىدىغان دوستلىرىممۇ بىرسى ئانىسىدىن، بىرسى دادىسىدىن ئايرىلغان، يەنە بىرسىنىڭ ئانىسى ئاغرىق. . . دېگەندەك غەملەر بىلەن ھەممىمىز بالىلىقلىرىمىز بىلەن ئاللىقاچان خوشلىشىپ بوپتۇق ئەمەسمۇ؟ ئاتا ـ ئانا دەرقەمدە بولسا ئادەم قانچە ياشقا كىرسۇن ھامان بالىلىقنى يوقاتمايدىكەن، كۆڭلى پۈتۈن، كۈلكىسى ياڭراق بولىدىكەن. مەن كۆڭلۈمدىكى غەشلىكتىن يىراقلىشىش ئۈچۈن ئاپام بىلەن قىزىم چۇۋۇرلىشىپ ئويناۋاتقان ئۆيگە كىرىپ، ئاپامغا قېنىپ قارىۋالماقچى بولدۇم.

2003 ـ يىلى نويابىر مايتاغ



# ھەسرەتلىك پىچىرلاشلار . . .

كۆمۈشئاي، ياخشىمۇسەن؟

. . . بىلەمسەنكى، شۇ تاپ بەكمۇ بىئاراملىق ئىچىدە قولۇمغا قەلەم ئالدىم، ئالدىمدا تۇرغان خەتلىرىڭ خۇددى قاپقارا كۆزلىرىڭدىن ياش تۆكۈپ يۈرىكىمگە ھەسرەتلىك پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئوت بولۇپ كۆيمەكتە. . . نېمە بولدۇم؟ بۇ سوئال مېنىڭ ئادەت سۆزۈمگە ئايلىنىپ قالدى.

شۇنداق، دۇنيادا ھەرقانداق ئادەم ماڭا ئوخشاش ئۆزىنىڭ نېمە بولغىنىنى بىلمەسلىكتەك ساراڭلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالمىسۇن. . . كۆمۈش، مۇشۇ كۈنلەردە قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئېسىڭدىمۇ، بىز ئوقۇۋاتقان چاغلاردا، بىر قېتىم سەن بىر نەچچە قىز ساۋاقداشلىرىڭ بىلەن ياتاققا كېتىۋاتقىنىڭدا، مەن سىنىپقا كېتىۋاتاتتىم. بىز ئۇدۇل كەلگەندە، مەن: «نەگە ماڭدىڭلار؟» دېسەم سەن ئالدىراپلا: «سىنىپقا» دەپ جاۋاب بەردىڭ، قىزلار پاراقىدا كۈلدى، مەنمۇ كۈلۈپ كەتتىم، سەن قىزاردىڭ. قىزلاردىن بىرى: «كۆمۈش، مەكتەپنى ساق ـ سالامەت پۈتتۈرۈۋالايلى، تۆتىنچى دوختۇرخانىغا ياتاق ئىزدەپ بارمايلى يەنە» دېسە، يەنە بىرى: «بولدى، كۆمۈشنىمۇ توغرا چۈشەن، چۈنكى ئىجات تاساددىپىي ئۇچراپ ئۇنى ھودۇقتۇرۇۋەتتى» دېدى. . . سەن ئۇ قىزنى قوغلىغىنىڭچە يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدىڭ. قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشتى. . . ئاھ، شۇ قوڭغۇراقتەك خۇشال كۈلكىلەر. . . نېمە دېگەن كۆڭۈللۈك كۈنلەر ئىدى ھە!

ھازىر مەن شۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا كېتىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم. ئەنە، مەن

جىنىغا زامىن بولغان دوستۇم ئەنۋەرنىڭ ماڭا قولىدا رومكا تۇتۇپ تۇرۇپ: «دوستۇم ئىجات. . . ، بىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولدۇق، مانا بۇ نېفىت دىيارى مايتاغقىمۇ بىرگە كېلىپ ئوقۇدۇق. ئوقۇش جەريانىدا ناھايىتى ئىناق دوستلاردىن بولدۇق. بۇ جەرياندا سېنىڭ ماڭا قىلغان ياردەملىرىڭ ئاز ئەمەس. . . مەن بۇ ياخشىلىقلىرىڭنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. . . رەھمىسىز تەقدىر بۇگۈندىن ئېتىبارەن بىزنى ئايرىۋەتتى، بىراق بىز قەيەرگىلا كېتەيلى. . . يەنىلا بىزنىڭ دوستلۇق، ساۋاقداشلىق مۇھەببىتىمىزنىڭ مەڭگۈ يالقۇنجىشى ئۈچۈن قولۇمدىكى بۇ دوستلۇق شارابىنى ساڭا تۇتتۇم» دېگەن دانە ـ دانە سۆزلىرى ئۈچ يىلدىن بۇيان قۇلاق تۇۋىمدە، تولا جاراڭلاپ مېنى ساراڭ قىلىۋېتەي دەپ قالدى. بىلىمەن، كۆمۈش سەن مېنىڭ بۇ كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەرنى ئەستىن چىقىرىۋېتىشىمنى تىلەيسەن، بىراق مەن. . . بىر ياخشى دوستۇمنىڭ، بىر يارامىلىق بىلىم ئەھلىنىڭ ياش جېنىغا هاراق سەۋەبىدىن زامىن بولغان تۇرسام. . . ئاھ خۇدا! ئاشۇ كۈنى مەن دوستۇم ئەنۋەرنىڭ قولىدىكى هاراقنى ئىچمەي بولۇپلا سىرتقا چىقىپ كەتكەن بولسامچۇ؟ ياق، يەنە بولمايتتى. . . ئۇ كۈندىكى ئولتۇرۇش باشقا جايلارغا تەقسىم قىلىنغان ساۋاقداشلارنى ئۇزىتىش ئولتۇرۇشى، كۆز ياشلىرىمىزنى هاراققا قوشۇپ ئىچىدىغان كۈن تۇرسا، مەن قانداقمۇ قەدىردان ساۋاقداشلىرىمدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتەلەيتتىم؟ سورۇن باشقۇرغۇچىسى تۇرۇپ هاراقنى نېمانچىلا كۆپ ئىچكەن بولغىيتتىم؟ بۇنىڭغا نېمە ئامال؟ بىزگە تۇز بەرگەن مايتاغدىن، بىلىم بەرگەن ئىشچىلار تېخنىك مەكتىپىدىن، ئۇستازلاردىن، ساۋاقداشلاردىن ئايرىلىپ تەقسىمات بويىچە تەرەپ ـ تەرەپلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىدىغان دوستلىرىمىزنىڭ ئايرىلىش، ئۇنتۇماسلىق، ئەپۇ سوراش. . . بەخت تىلەشتەك هەر خىل تىلەكلەر بىلەن سۇنغان رومكىلىرىنى ئىچمەي قانداقمۇ ياندۇرغىلى

بولسۇن؟ . . . شۇ تاپ بىر ـ بىرىگە سوقۇلغان رومكا ئاۋازى يەنە جاراڭلىغاندەك بولۇپ، مېڭىلىرىم زىڭىلداپ كېتىۋاتىدۇ. . . بىر چاغدا كۆزلىرىمنى ئاچقىنىمدا ئۆزۈم نازارەت ئاستىدا. . . دوستۇم ئاللىقاچان بۇ دۇنيا، سەن ۋە مەن، ھەممە نەرسە بىلەن ئۈنسىز. . . ئامالسىز ۋىدالىشىپ بولغان ئىكەن. . . مەن شۇ مىنۇتتىلا خۇدادىن ئۆزۈمگە ئۆلۈم تىلىدىم، يەنە تېخى ھېچكىمنى كۆرمەيلا ئۆلسەم دەپ تىلىدىم. بىراق، خۇدا مەندەك بىر قاتىلنىڭ تىلىكىنى يەردە قويۇپ، سىلەرگە مېنى كۆرسەتتى، ئاپام ـ دادام، ئوقۇتقۇچىلىرىم، ئەنۋەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، سەن ۋە ساۋاقداشلار. . . يۈرىكىم چىدىغۇسىز ئازاب ۋە پۇشايماندا ئۆرتىنىۋاتقان بولسىمۇ، كۆزۈمدىن بىر تامچە ياش ئاققۇزمىدىم. قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ياش تۆكۈش مەن ئۈچۈن نومۇس ئىدى. بولۇپمۇ ئەنۋەرنىڭ روھى ۋە ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ياش تۆكۈش نومۇس قىلماي، شەپقەت تىلىگەندەك بىر ئىش. . . مەن مەستلىكىمگە تايىنىپ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇلارنىڭ يۈرەك پارىسىنىڭ جېنىغا زامىن بولغاندىن كېيىن، ھازىرلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىم كېرەك ئىدى. بىراق ئۇلار ماڭا يەنىلا ياخشىلىق ئارقىلىق جازالىدى. مېنى ئاتقۇزمىدى، مۇددەتسىز قاماق جازاسى بەردى، تىرىك قېلىپ ئازاپلىنىش ئۆلۈمدىنمۇ يامان ئىكەن. شۇ كۈنلەردە سەن ۋە ساۋاقداشلارنىڭ مەدەت بېرىشى بولمىغان بولسا. . . مەن قانداق قىلاتتىمكىن. . . كۆمۈش، بۇ جەرياندا سەن مەندىنمۇ كۆپ ئازاب چەكتىڭ، چارچىدىڭ، دىم ئېلىش، ھېيت ـ بايراملاردا ئۆيۈڭگە قايتماي مېنى يوقلاپ تۇردۇڭ. بىر جىنايەتچى ئۈچۈن تۈرمە بىلەن مايتاغ ئارىلىقىدىكى يوللاردا قانچىلىغان كۆز ياشلىرىڭ ۋە ئاياغ ئىزلىرىڭ قالدىكىن؟ بۇنى ھېسابلاپ چىققىلى بولمايدۇ. شۇنداق جاپا بىلەن ئۈچ يىلنى تۈگەتكەندە، مېنىڭ مۇددەتسىز قاماق جازايىم مۇددەتلىك 20 يىللىققا ئۆزگەرتىلدى. كۆمۈش، بۇ دۇنيادا ياشاشقا رايى قالمىغان

بىر جىنايەتچى ئۇچۇن لېۋىنى چىشلەپ ياخشى ئىشلەپ، تۈرمە ئىچىدە خىزمەت كۆرسىتەلىشى نېمە سەۋەبتىن بىلەمسەن؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ساڭا بولغان مۇھەببەتتىن، سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مېنى يەنە ياشاشقا ئۈندىدى، مېنى ئەپۇ قىلدى. . . كۆمۈش، ئويلىسام ئالدىمدا يەنە كۆز يەتكۈسىز 20 يىل تۇرىدۇ، ئويلىدىڭمۇ؟ بۇ بىر ئادەمنىڭ يېرىم ئۆمرى. . .



مەن شۇلارنى ئويلىسام سەن ئۈچۈن ئازابلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، ماڭا قارا كۆمۈشىم، مۇشۇ ئۈچ يىل داۋامىدا مەن ئۈچۈن قىلغان ياردىمىڭ، كۈتۈشلىرىڭ بىزنىڭ پاك مۇھەببىتىمىزنىڭ ئۆلمەس خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن. . . سەن دېگەندەك ئەخمىقانە

قاراش ياكى «كۆزدىن يىراق، كۆڭۈلدىن يىراق» ئەمەس. بىلسەڭ، ئادەم قانچە يىراق بولسا بىر ـ بىرىگە شۇنداق قەدىرلىك بىلىنىدىكەن. بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ساپ دوستلۇقتىن باشلانغان چىن مۇھەببەت ئىدى. بىز نۇرغۇن ئايدىڭ كېچىلەردە، قارلىق كېچىلەردە يامغۇردىن كېيىنكى مايتاغنىڭ پاكىز ئازادە سىمونت يوللىرىنى بىرگە ئايلانغان. شۇ جەرياندا كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزنىڭ چىرتيوژىنىمۇ سىزىپ قويغانىدۇق ... ئۇھۇي، ئۇ نىمىدىگەن غەمسىز، بەختلىك چاغلار ئىدى ـ ھە؟ شۇڭا، بىز ئوقۇش پۈتتۈرۈپ يەنىلا بىزگە بىلىم بېرىپ تەربىيىلىگەن مۇشۇ ئېغىت دىياردا يىلتىز تارتماقچى بولغانىدۇق.

ئەپسۇس، مەن شۇنداق پارلاق بەختىمىزنىڭ قاتىلى بولدۇم... شۇ قىلمىشىم ئۈچۈن ئۆز ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن. دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ كۆرۈنىدۇ. سەن يامغۇردىن كېيىنكى كوچا ئايلىنىشنى بەك ياخشى كۆرەتتىڭ، يامغۇر ياغقاندا سېنى ئاشۇ تونۇش كوچىلاردا يالغۇز ھالەتتە ئەسلەيمەن... ماڭا قارىغىنا كۆمۈش، ياق، كۆزلىرىڭدىن ياش تۆكمە! سېنى بەك ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن، سەن بىلەن ئالاقەمنى پۈتۈنلەي ئۈزمەكچى بولۇۋاتىمەن. ئاتا ـ ئاناڭ ۋە جەمئىيەت ئالدىدا بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدىڭ، سېنى بۇنداق ئازابلاشقا مېنىڭ ھەققىم يوق! مەن سەندىن كۆپ مىننەتدار... مېنىڭ سەۋەبىمدىن بەختسىز بولۇپ قېلىشىڭ مەن ئۈچۈن مىڭ باراۋەر بەختسىزلىك... كۆمۈش سەن توي قىلىۋال، بەختلىك بىر ئائىلىگە ئىگە بولۇپ... ئانا بولساڭ، مېنى يەنە شۇ كۆڭۈللۈك ۋە كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيسەن. سەن ھازىر ساددا بىر ھېسسىياتنىڭ تۇرتكىسى، كىتاب، كىنولاردىكى مۇھەببەتداشلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى كۆرۈپلا شۇنداق قېلىۋاتىسەن. بىراق، يىللار ئۇزارغانسېرى، دوستلىرىڭنىڭ ئىناق ئائىلىسى، ئوماق باللىرى بىلەن بەختىيار

ياشىغانلىقىنى كۆرگىنىڭدە، سەن غېرىبسىنىپ ، ئېغىر ئۇھ تارتىپ، مېنى كۈتكىنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ قالارسەنمىكىن؟ سەن شۇلارنى ئويلىدىڭمۇ، كۆمۈش؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دوستلارچە چىن مېھرىمىز بىلەن بىر - بىرىمىزنى ئۇنۇتايلى، بارلىق ئارمانلىرىمىز بىلەن ئەبەدىي خوشلىشايلى.

بىرگە ئېيتقان ناخشىلار، بىرگە ماڭغان كوچىلار، بىرگە كۈلگەن كۈلكىلەر، ئەلۋىدا ئاخىردىكى ئازابلىق يىغىلار. . . ھەممىسى ياشلىقنىڭ گۈزەل، ئۇنتۇلماس خاتىرىسى بولۇپ قالسۇن!

كۆمۈش، غەيرەتلىك بول، كۆزۈڭدىن ياش تۆكمەي، مەن ياخشى كۆرىدىغان ھېلىقى ياڭراق ئاۋازىڭ بىلەن كۈل! ساڭا بەخت تىلەپ يارىماس ساۋاقدىشىڭ:

ئىجاد ئىلياستىن

1993 - يىلى ئاۋغۇست، تۇرمە

ئىجات، خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئەتراپىم بايرام تەنتەنىسىگە چۆمگەندەك خوش بولغان ئىدىم. خېتىڭنى كۆرۈپ بولۇپ تەبىئەت بىلەن تەڭ ياش تۆكتۇم، ھەسرىتىمنى بېسىش ئۈچۈن يامغۇردا يالغۇز ئايلانغاچ ئۇزاق ئويلاندىم. يۈرىكىمنى قولۇم بىلەن تۇتۇپ باقتىم. . . خاتىرجەم بول! مەندىكى بۇ مۇھەببەت سەن دېگەندەك ساددا ھېسسىيات، رومانتىك قاراش ياكى باشقىلارنى دوراش ئەمەس، بەلكى يۈرىكىمدىكى تۇنجى قېتىم ئۇرغۇپ چىققان، ئۆلۈمدىمۇ، كۆرۈمدىمۇ بىرگە بولالايدىغان يىمىرىلمەس ساپ ۋە چىن مۇھەببەت: سەنمۇ مېنىڭ ھەسرەتلىك پىچىرلاشلىرىمغا قۇلاق سال ئىجات، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھەسرەتلىك پىچىرلاشلار مېنىڭ ھالىمنى قويمىدى، بۇ ئايرىلىشنىڭ ماڭا قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ مۇشۇ كۈنلەردە بارلىق ئەسلىمىلىرىم

ئىچىمدە سېنى ئەسلەشتەك كۆڭۈللۈك ئەسلىمە، خىياللىرىم ئىچىمدە كەلگۈسىمىزنى خىيال قىلىشتەك تاتلىق خىيال، ئازابلىرىم ئىچىمدە بىزنىڭ مۇشۇ رېئاللىقىمىزدەك ئېغىر ئازاب يوق، ئىجات، سەن شۇنچە چوڭ بەختسىزلىك ئالدىدا ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويمىدىڭ، يەنىلا دادىللىق بىلەن ئۆز خاتالىقىڭنى تونۇپ تىرىشىپ ئىشلىدىڭ، يەنە تېخى ئوقۇۋاتىسەن. دۇنيادا خاتالىق ئۆتكۈزمەيدىغان ئادەم يوق، مۇھىمى ئۇنى تۈزىتىشتە، ئىجات، ئادەم توي قىلىش شەرتى توشىدىغان بىرى بىلەن تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ئائىلىگە كىرسىلا، بەختلىك بولىدۇ دەپ قارامسەن، ئۇنداق قوشۇلۇش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ھايۋانلاردىمۇ بارغۇ؟ ئادەم توي دېگەننى رەسمىيەت ياكى مەجبۇرىيەت ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈلدىكى بىرسى بىلەن بىر ئۆمۈر ھاياتىنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىنى بېسىپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى بىرگە تېتىش ئۈچۈن قىلىدۇ. مەن چاچلىرىم ئاقىرىپ موماي ھالەتكە كېلىپ قالسامۇ، سېنى خۇشاللىق بىلەن كۈتىمەن. ئىشەنگىن، بىز گۈزەل كەلگۈسىدە بىر ئائىلىدە ئىناق ياشاپ، بەختلىك كۈلىمىز.

ئىجات، مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمە، مەن كۈلۈپ ياشاۋاتىمەن، مېنىڭ قىزلىق غۇرۇرۇم، ئىرادەم ۋە مەغرۇرلۇقۇم مېنى كۆز ياشلىرىمنى دەرد ـ ئەلەملىرىمنى يوشۇرۇپ كۈلۈپ ياشاشقا مەدەت بېرىۋاتىدۇ. ئىجات، سەن ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماي ئالدىڭغا قاراپ ماڭ! پارلاق كەلگۈسى بىزنى كۈتمەكتە، بىز ھامان بىر كۈنى بەختىيار سەزگۈلىرىمىز ۋە ئۇتۇقلىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىمىز. . . بىز ئۇچراشقاندا يىغلىماي كۈلىمىز. . . بەخت ئىرادىلىك ئادەمگىلا نېسىپ بولىدۇ.


ئىجات، مەن ئالدىمىزدىكى قۇربان ھېيتتا ئەنىۋەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، ھېيتتىن

كېيىن ساڭا ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بارىمەن. خەير، ساڭا ئاللاتىن ئامانلىق تىلەپ:

كۆمۈشۈك

1993 ـ يىلى سىنتەبىر مايتاغ

1999 ـ يىلى ئاۋغۇست مايتاغدا يېزىلغان



# ئۆنىڭ ئانىسىنىمۇ سۆي

دوستۇم غالىبلارچە تاقىلداپ كېتىۋاتقىنىڭدا، توختاپ ئارقاڭغا بىر ئۆرۈلۈپ قارىغان بولساڭ ئىدىڭ ـ ھە . . . !

چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، ئېگىز گەۋدىسى مۈكچەيگەن، مۆڭلۈك كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىنى مۇشەققەتنىڭ يالدامىسى بولغان قورۇقلار قورشىغان بىچارە ئانىسىنىڭ ساڭا قاراپ خۇددى كىچىك بالىلاردەك ئۆمچىيىپ، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىڭ. . . ئەپسۇس، سەن ئارقاڭغا قارىمىدىڭ، ئۇنىڭ قولىدىن بالاڭنى بولۇپ ئېلىپلا ئۇنىڭ ساڭا قىلغان سالىمىنىمۇ ئېلىك ئالماي، بالاڭنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە باققىنى ئۈچۈن قىزىل بويىۋالغان لەۋلىرىڭنى پۈرۈشتۈرۈپ چىرايلىق قارا كۆزلىرىڭنى ئالايتىش بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، غوتۇلدىغىنىڭچە تاقىلداپ كېتىپ قالدىڭ. . . شۇنداق، سەن كېتىپ قالدىڭ، سېنىڭ كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان زىلۋا قامىتىڭ بارغانچە يىراقلاشماقتا.

مەن بالكوندا تۇرۇپ بىردە ساڭا، بىردە مۇنۇ ئوغۇل چوڭ قىلغاننىڭ جازاسىنى تارتىۋاتقان بىچارە ئانىغا قاراپ خىيالغا پاتتىم.

دوستۇم بىلىسەن، ئۇلار بىر ـ بىرىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان بىر ئانا بىر بالا ئىدى، ئانا بالىسى ئۈچۈن بالا ئانىسى ئۈچۈن ياشىغاندەك ھەمنەپەس بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئائىلىگە سەن كىردىڭ، ئانا سېنىمۇ ئۆز قىزىدەك شۇنچە ئىززەتلىدى، ئۆز ئوغلىدىنمۇ بەك ياخشى كۆردى. ئەمما يىل ئۆتمەي، بۇ ئائىلىدىن

ئۇنىڭ ئوغلىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتىڭ. ئانا بۇنىڭغىمۇ لېۋىنى چىشلەپ چىدىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئانا - بالىلىق مېھرى - مۇھەببىتىنىمۇ ئۈزۈۋەتمەكچى بوپسەن، بۇ نېمىدىگەن ۋەھشىيلىك؟

دوستۇم، ھېلىمۇ ئېسىمدە، تېخى يېقىندىلا، سەن ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىۋاتقان چاغلىرىڭدا، ماڭا ئۇنىڭ ئوغلىنى ماختاپ ئۇنى ئاجايىپ ياخشى كۆرۈدىغانلىقىڭنى، ئۇ سېنىڭ غايەڭدىكى يىگىت ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدىڭ . مانا ئەمدى شۇ غايەڭدىكى يىگىتىڭنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانىسىنى نېمىشقا ياخشى كۆرمەيسەن؟ سەن ياخشى كۆرىدىغان شۇ يىگىتنى توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاقلارنى يەپ تۇغۇپ، كېچىلىرى تاتلىق ئۇيقۇلىرىدىن كېچىپ ئاپئاق سۈت بېرىپ ئېمىتىپ چوڭ قىلىپ، ساڭا يارىغۇدەك، ئەقلى - ھوشى بار، ئېسىل مىجەزلىك تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئاشۇ ئانا ئەمەسمۇ؟. . . !

دوستۇم ئۆتۈنۈپ قالاي سەن ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك كۆزلىرىڭ بىلەن ئەمەس، يىگىتىڭگە، يەنى ئۇنىڭ ئوغلىغا قارىغان ئوتلۇق، مۇھەببەتلىك كۆزلىرىڭ بىلەن سىنچىلاپ قاراپ باققىنا! . . . سەن ياخشى كۆرگەن قاپقارا بۇدرە چاچلار، يوغان ئويچان كۆزلەر، قىرلىق بۇرۇن، كېلىشكەن قىياپەتنىڭ سۇس ئىزنالىرىنى كۆرىسەن. كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ شۇلارنى ئۆز ئوغلىغا بەرگەن، يىگىتىڭنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان قان شۇ ئانىنىڭ قېنى! ئانا بالا ئۈچۈن گۈزەل ياشلىقىنى، ساپ قېنىنى، شادلىقىنى، تاتلىق ئۇيقۇسىنى، ھەتتا تاتلىق جېنىنى قۇربان قىلالايدۇ. شۇڭا، ئانا ھاياتلىقنىڭ تۈۋرۈكى، بالىلارنىڭ يۈرىكى ئەمەسمۇ؟! سەن قۇچىقىڭدىكى بالاڭنى قانچە سۆيسەڭ، ئۇ ئانىمۇ ئۆز ئوغلىنى شۇنداق سۆيىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن ئۇزاق مۇڭداشقۇسى، كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى قىلغۇسى، ھەتتا قۇلاقلىرىغا پىچىرلىغۇسى كېلىدۇ. ئوغلىنىڭمۇ ئانىسىنىڭ بۇنداق چەكسىز مۇھەببەتكە

ئۇنىڭدىنمۇ چەكسىز مۇھەببەت بىلەن بەدەل تۆلەش مەجبۇرىيىتى بار ئەمەسمۇ؟ سەن ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىنى سۆيگەن يىگىتىڭدىن رەنجىمەي پەخىرلەن، چۈنكى ئۆز ئانىسىنى سۆيمىگەن، ۋاپا قىلمىغان ئادەمدىن ساڭا قانچىلىك ۋاپا كېلەر؟ شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، ئانىسىنى سۆيگەن شۇ ۋاپادار يىگىت، سېنىمۇ مەڭگۈ سۆيۇدۇ هەم قەدىرلەيدۇ.

دوستۇم! سەن ئەقلىڭنى تېپىپ ئارقاڭغا يانغىن ـ دە، يىگىتىڭنى سۆيگەن مۇھەببىتىڭدىنمۇ ئارتۇق مېھرىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ سۆي! ئاڭلىدىڭمۇ دوستۇم سەن بەختلىك ئائىلە قۇراي، ۋاپادار ئايال بولاي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئانىسىنى سۆي!

1991 ـ يىلى ئۆكتەبىر مايتاغ



## ئۆزى گۈلدەك قىزلارنىڭ سۆزى . . . ؟

ئاشۇ كۈنى قىزىمنى ئەگەشتۈرۈپ كوچىغا چىققانىدىم غۇبارسىز كۆك ئاسمان، ئالتۇن تاۋاقتەك نۇرانە قۇياش، رەسىمدەك گۈزەل شەھەر . . .

ئۇزۇن قىش، تۇتۇق ھاۋادىن زېرىككەن كۆزلىرىم بۈگۈنكى بۇ ئوچۇق ھاۋادىن قامىشىپ، گۈزەل تۇيغۇغا چۆمۈلگەن ھالدا روھىم تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى.

قىزىمغا بىر نەرسە ئېلىش ئۈچۈن تاللا بازىرىنى ئارىلاۋېتىپ، ماگىزىنغا كىرىۋاتقان ئىككى قىزغا ئىختىيارسىز نەزىرىم چۈشۈپ قالدى.

ياھ! نېمانچە گۈزەل قىزلار ـ بۇ! 15 ـ 16 ياشلاردىكى تازا تولۇۋاتقان بۇ قىزلارغا قاراپ تەبىئەتنىڭ بۇ بىر جۈپ «نادىر ئەسىرى» گە ھەيران قالدىم.

— ئاداش قېرىلارغا لايىقراق بىر نەرسە بارمىدۇ؟ — دېدى ھېلىقى قىزلارنىڭ بىرى.

— ئاپاڭغا بىر نەرسە ئالامتىڭ؟

— ياق، ئۇنىڭ ئېرى بولغاندىكىن ئېرى ئېلىپ بەرسۇن!

— ئەمىسە كىمگە. . .

— ۋاي ـ ۋۇي قاپام دېگەن خوتۇننىڭ ئانىسى، شۇ چوڭ ئانام دېگەن قېرىغا ياغلىق، پايپاق دېگەندەك بىرەر تال نەرسە ئالاي دېگەن ئىدىم.

— بىرەر ئىش بولغانمىدى؟

— چوڭ ئانام قېرىنىڭ ئاتمىش ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى

ئىكەن. شۇ باش قېتىمچىلىقى بولمامدۇ؟

— بۇ تازا ياخشى ئىشكەنغۇ؟ بۇلتۇر مەنمۇ چوڭ ئانامنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە بىر دەستە راست ئەتىرگۈل ئېلىپ بارغانىدىم دېگىنە، قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى. كېيىن راست گۈللىكىنى بىلىپ: «نېمىشقا گۈللەرنى شېخىدىن ئۈزدىڭىز» دەپ رەنجىدى. ئاپام چوڭ ئاپامغا بۇ گۈللەرنى مۇشۇنداق ئۈزۈپ ساتىدىغانلىقىنى دېگەندىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

— سېنىڭ چوڭ ئاناڭمۇ تازا ئالجىغان قېرىكەنغۇ؟

— تۈزۈك گەپ قىلە، نېمانچە سەت گەپ قىلىسەن؟

— چوڭ ئاناڭ قېرى بولماي ياشىمىدى؟...

— شۇنداقتىمۇ چىرايلىقراق سۆز بىلەن ئىپادىلىمەمسەن؟

— ۋاي بىزنىڭ ئۆيدە ئۇنداق ياسالما گەپ قىلىپ كۆنمىگەن...

— بىز ھەق مەدەنىيەتنى بەك چۈشەنمەيمىز جۇمۇ، كىنولاردا كۆرمەيۋاتامسەن، چەت ئەللىكلەر بوۋىسى، مومىلىرىنىمۇ ئىسمىنى ئاتايدىكەنغۇ؟

— ئۇيغۇر دېگەن ئەجەب مەتۇ...

ئۆزۈمنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ ماگىزىندىن چىقىۋالمىسام، ئۇ قىزلارنىڭ سۆھبىتىگە ئارىلىشىپ، ئاۋۇ «ئۆزى چېچەكتەك، قىلىقى ئېشەكتەك» قىز بىلەن بىر نەرسە دېيىشىپ قېلىپ، خۇشال كەيپىمنى ئۇچۇرىۋېتىشقاندەك قىلاتتىم.

مەن شۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللار بىلەن كېتىۋېتىپ، بىر تونۇشۇمغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ تۆت ياشلىق قىزىنى بازارغا ئېلىپ چىققان بولۇپ، قىزى قىممەت باھالىق بىر كىيىمنى ئېلىپ بېرىسەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. تونۇشۇم مال ساتقۇچى بىلەن باھادا كېلىشەلمەي ئۇ كىيىمنى ئالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزى ماگىزىندىن چىقىپلا، خۇيلىنىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.

— ئاپپاق قىزىم، يۇرۇڭ، مەن باشقا دۇكاندىن ئۇنىڭدىنمۇ

چىرايلىق كۆينەك ئېلىپ بېرىمەن.

— ياق، سارالى خوتۇن، ئۆزىڭلا كىيىم ئېلىپ، ماڭا ئېلىپ بەرمەيدۇ، دادامغا دەپ سېنى ئۇرغۇزىمەن.

— ھەي قىزىم، قوپۇڭ!

ھېلىقى تۆت ياشلىق قىز ئاپىسىنىڭ پۇتلىرىغا تېپىپ، تىللاپ يىغلايتتى. مەن قىزچاقنىڭ ئانىسىغا قارىدىم، ئانا قىزىنىڭ بۇ قىلىقىدىن غەزەپلەنمەستىن يەنە قىزىنىڭ تەرىپىنى قىلىپ:

— بۇ قىز شۇنداق جاھىلكى، قىلىمەن دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ. دېگىنىچە قىزىنى كۆتۈرۈپ بايا يېنىپ چىققان دۇكانغا قايتا كىرىپ كەتتى.

— مۇشتۇمدەك قىزىغا گېپىنى ئۆتكۈزەلمىسە، تۆت كۈندىن كېيىن بۇ قىز ئانىسىنىڭ بوينىغا مىنمەمدۇ؟ توۋا بۇ كۈننىڭ باللىرى نېمە بولۇۋاتىدۇ...

تونۇشۇمنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ تۇرغان ياشقا چوڭ ئايال شۇنداق غۇدىرىغاچ كېتىپ قالدى.

— ئاپا، ئاۋۇ قىز بەك قىلىقسىزكەن، ماۋۇ چوڭ ئاپاشمۇ شۇ قىزدىن خاپا بولۇۋاتىدۇ، ئاپا چوڭ ئاپام ماڭا كىچىك بالا چوڭلارنى تىللىسا «تىلى كېسىلىپ كېتىدۇ» دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەسكەنغۇ؟

— قارالى قىزىم، بۇ دېگىنى «چوڭلارنى ھۆرمەتلەش كېرەك، چوڭلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش چوڭ گۇناھ» دېگەن مەنىدىكى گەپ. سىز كىچىك بولغاندىكىن، «گۇناھ» دېگەن سۆزلەرنى چۈشەنمەيسىز - دە، شۇڭا چوڭ ئانىڭىز قورقىدىغان شۇنداق سۆزلەر بىلەن سىزگە چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگەتكەن. مانا ئەمدى مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىغا چىقتىڭىز، ئۇ گەپلەرنى چۈشىنەلەيدىغانسىز؟

— چۈشىنەلمىيمەن.

— چوڭلارنى ھۆرمەتلىمىسە قانداق بولىدۇ؟

— ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ.

مەن قىزىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئۆيگە كېلىپ قالغانلىقىمنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن.

شۇ كۈنى كەچتە بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە ئۆز خىياللىرىم بىلەن كېتىۋاتاتتىم

— ھەي پاسكىنا، ياتىقىڭدا ئۇلتۇرماي نەگە بارىدىڭ؟

مەن بۇ قوپال ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقامغا قارىدىم. 40 نەچچە ياشلاردىكى بىر ئايال يانفونىنى ئېلىپ ئۆيىدە سۆزلەشكەندەك بىخىرامان سۆزلەۋاتاتتى.

— ھە، تىل ئۆگىنىش كۇرسىغا بارىدىغۇ ياكى باشقا كۇرسقىمۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ھەرھالدا غىت قىسىپ ئوقۇ، بولمىسا چېچىڭنى يۇلۇپ تۇغۇلغىنىڭغا تويغۇزۇۋېتىمەن، قانجۇق! ھە، چىرايلىق گەپ قىلىشنى بىلمەيمەن. مەنچۇ سېنى مەندەك بولۇپ قالمىسۇن دەپ مۇشۇنداق ۋاتىلداۋاتىمەن... قىزى تېلېفوننى قويۇۋەتتى بولغاي، غودۇرىغىنىچە ئىتتىك مېڭىپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

— شۇ مىنۇتتا جاپا چېكىپ بالا ئوقۇتۇۋاتقان مۇنۇ ئانىغا ئەمەس، ئاغزى يامان قوپال ئانىنىڭ قىزى بولۇپ قالغان، ئاشۇ نامەلۇم قىزغا ھېسداشلىقىم كەلدى. بىچارە قىز بەلكىم، راستىنلا تىل ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشقان بولغىيتتى. ياقا يۇرتتا ئوقۇپ، كەچلىكىمۇ يەنە ئۆگىنىشتىن چارچاپ كىرگەندە، ئانىسىنىڭ مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان چىرايلىق سۆزلىرىنى، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغان بولسا، قانداق خۇشال بولار ئىدى - ھە؟ بەلكىم بىر كۈنلۈك ھاردۇقى چىقىپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئوڭدىسىغا تاشلاپ، راھەتلىنىپ ئۇخلىماسمىدى؟ ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىشنى كۆڭلىگە پۈكمەسمىدى؟!...

بۈگۈن بىر كۈندە ئۇچراتقان ئانىلار بىلەن قىزلار

ئوتتۇرسىدىكى ئىشلار مېنى خېلىدىن بۇيان ئويلاپ يۈرگەن قىزلىرىمىزنى تەربىيىلەشكە پەقەت ئەھمىيەت بەرمەيۋاتامدۇق قانداق؟ دېگەن خىياللىرىمنى يەنە ئېسىمگە سېلىپ قويدى.

ئۆتكەندە بىر يىغىندا ئولتۇراتتىم. ئارقامدىلا ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقان بىر ياش چوكانىنىڭ ئەنسىز ئاۋازدا بوشقىنا «ۋېيەي، قورسىقىم دېگىنىنى» ئاڭلىدىم.

— نېمە بولدىڭىز ئۇكام؟ — سورىدى يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئەر كىشى.

— قورسىقىمدىكى بالام مىدىراۋاتىدۇ، قارىڭە قورسىقىمغا.

ئەر كىشى گەپ قىلمىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ پىخىلداپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى سەزدىم.

مەن شۇ دىئالوگلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپمۇ ناھايىتى ئەپسىزلىك ھېس قىلدىم. يىغىندىن قايتىپ چىقىۋېتىپ ھېلىقى ئەرنىڭ يېنىدىكى چاقچاق قىلغۇچىلارغا رەنجىگەن ھالدا:

— نېمانداق قىلىقى سەت قىز بالا ئۇ، چوڭ ئاكىسىدەك ئادەمگىمۇ قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ مىدىرلىشىنى دەپ بېرىدىغان، قورسىقىڭىزنى بېرىپ ئېرىڭىزغا كۆرسىتىڭ دەۋېتەي دەپ...

مۇشۇ كۈنىنىڭ قىزلىرىدا ھايامۇ قالمىدىمىكى، يوغان ئىش بولغاندەك بالىسى تۆت ئايلىق بولا - بولماي كېرىلىپ مېڭىپ...

— ۋاي قوشناڭ قارىغۇ بولسا بىر كۆزۈڭنى قىس دەپ بۇلارمۇ شۇ باشقىلاردىن ئۆگىنىۋاتقان گەپ...

— ھازىرقى قىزلار ئادەم بىرنى دېگۈچە ئوننى دەپ كۆزۈڭگە مولۇندەك قاراپ تۇرۇشقان...

— ئادەم گەپ قىلىپ بولغۇچە، بويۇنلىرىغىچە قىزىرىدىغان بۇرۇنقى ھايالىق، قىزلىرىمىز قالماپتۇ - دە.

— شۇنداق، قىزلارنى تەربىيىلەيدىغان ئېسىل ئانىلىرىمىز تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ «ئانا كۆرۈپ قىز ئال، ئارقاق كۆرۈپ بۆز»

دەپ ئاڭلىمىغانمۇ . . .

ئەرلەرنىڭ شۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كېتىۋېتىپ، كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بىز كىچىك چاغلاردا ئاممۇي مۇنچىلارغا بېرىپ يۇيۇنۇپ كېلەتتۇق. يەتتە ـ سەككىز ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، مەھەللىدىكى چوڭ قىزلار بىلەن مۇنچىغا چۈشۈپ ئۆيگە كىرسەم قارامايدىن تاغام كەپتۇ. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ تاغامغا ئېسىلىپ كۆرۈشۈۋاتسام تاغام مەندىن:

— نەگە بېرىپ كەلدىڭ، قىزىم؟ — دەپ سورىدى. مەن تەمتىرىمەستىنلا:

— مەھەللىدىكى قىزلار بىلەن مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردىم.

— ھە چوڭ ئىش قىپسىز، مېنىڭ ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ. ئاپام قولۇمدىن تارتىپلا مېنى يەنە بىر ئۆيگە كىرگۈزىۋەتتى. ئاپامغا نېمە بولغاندۇ؟ چۈنكى ئاپامنىڭ ئاچچىقى كەلگەندە «سىزلەپ» قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. مەن گاڭگىراپ تۇرغىنىمدا ئاپام يېنىمغا كىرىپ:

— ھەي، ھايا دېگەننى ساڭا ئۆگىتىپ بولالماپتىمەن — دە، قىزبالا دېگەن يۇيۇنغاننى ئەر كىشىلەر بار يەردە دېسە بولمايدىغانلىقىنى مەن دېمىگەنمۇ؟ — دېدى.

— ياق، سەن دېمىگەن، بۇ سەت گەپ ئەمەسقۇ؟

— دېمىگەن بولسام بۈگۈندىن باشلاپ بىلىپ قال، قىز بالا دېگەن دادىسى، ئاكىلىرى بار يەردە يۇيۇنغاننى دېمەيدۇ، ھەم چاچلىرىدىكى ھۆللىرىنىمۇ كۆرسەتمەيدۇ، — دېدى.

ئاپامنىڭ شۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىگە چوڭ بولغاندىن كېيىن يەتتىم.

ئۆز كەچۈرمىشلىرىمدىن ئېلىپ ئېيتسام مۇ، ئانامنىڭ مىڭ قىياشىنىڭ تەپتىدەك ئىللىق مېھرىلىك قوينىدا چوڭ بولدۇم، تا ھازىرغىچە ئانا بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئانامنىڭ ئېتىكىگە بېشىمنى

قويغان چاغدىكى، بەختنى ھېچقانداق بەختكە تەڭ قىلالمايمەن. ئانام ماڭا شەپقەتچىلا ئەمەس، ھەم تونجى تەلەپچان ئۇستازىم، ئانام ماڭا مېھرىبانلىقنى، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنى، كىچىكلەرنى ئىززەت قىلىشنى، ئادىمگەرچىلىكنى، مەردلىكنى، يەنە چىرايلىق سۆزلەشنى، كۆڭۈل ئاياشنى قىزلارغا خاس ئەدەپ — ئەخلاقنى... نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەتكەن، ئۆگەتكەنلا ئەمەس ئۆز ئەمەلىيتى بىلەن ماڭا ياخشى ئۈلگە بولالىغان. ئانام بىزنى ھەرگىز سەت گەپ بىلەن تىللىمايتتى. بەك ئاچچىقى كەلگەندە: «يائاللا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدەك يامان بالا بولۇپسەن» دەيدىغان، ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ، بىر قېتىم ئانام چېچىمنى تاراۋېتىپ، تالاغا چىققاندا باللار بىلەن سەت گەپ بىلەن تىللاشماسلىق توغرىسىدا تەربىيە قىلىۋاتقاندا، مەن ئانامدىن «ئانا، باشقىلار مېنى تىللىسا جىم تۇرامدىم» دەپ سورىسام «ئاقچى - كۆكچى، ئېشىكى يوق دۇمباقچى - دە!» دەپ ئۆزى كۈلۈپ كەتكەنىدى.

بىزنىڭ ئۆيدە ئانامنى پات - پات خاپا قىلىدىغان ئەڭ سەت گەپ «ساراڭ» دېگەن سۆز ئىدى. ئانام مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما دىندا ئازراق ئوقۇغان بولغاچقا، بىزنى نۇرغۇن ئەقىلگە مۇۋاپىق «يامان بولىدۇ» لار ئارقىلىق، ئەخلاقىي جەھەتتىن تەربىيىلەپتىكەن.

بەزى قىزلىرىمىزدىكى قاشاڭلىق، سوقۇشقاقلىق، ھەسەتخورلۇق، ئەخلاقسىزلىقلارنى كۆرگىنىمىزدە، كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال قىزنى ئەمەس ئۇنىڭ ئانىسىنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلىمىز، قىز بالا ئاساسەن ئانىسىنى تارتىدۇ. چوڭلارنىڭ بەزىدە ھايالىق قىزلارنى ئۇچراتقاندا «سىز كىمنىڭ قىزى؟ ھە شۇ ئانىڭىز رەھمەتلىك بەك ئېسىل ئايال ئىدى، ئانىڭىزنى دوراپسىز» دېسە يەنە «ھەي مۇنۇ ۋىتىلداق كىمنىڭ قىزى؟ ۋاي ھېلىقى پالانىنىڭ، ۋايىەي، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق دەپ، بۇ ئانىسىنى

بىسىپ چۈشىدىغان ئۇرۇشقاق بوپتۇمۇ نىمە؟» دىگەن سۆزلىرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز.

كوچا - كويلاردا، توي تۆكۈنلەردە شۇنداق چىرايلىق ياسىنىۋېلىشقان خانىم - قىزلارنىڭ ئىچىدە «هەي ساراڭ، سەن بارمۇ؟ ۋاي ماڭە پاسكىنا، سەن رەسمىي رەسۋاكەنسەنغۇ؟ مىنى شۇنداقمۇ ئالدامسەن؟ ۋىيەي ماۋۇ قانجۇقنى. . . سەن بارمۇ؟!» دىگەندەك سۆزلەر بىلەن كۆرۈشىۋاتقانلىقىنى ئۇچراتقىنىمدا، شۇلار تۇغقان، چوڭ قىلغان، تەربىيىلىگەن بالىلار ھىلىقىدەك چىرايلىق سۆزنى ياسالما سۆز دەيدىغان، كىچىك تۇرۇپ ئانىسى بىلەن كىيىمدە بەسلىشىدىغان ئەخلاقسىز بالىلار مەيدانغا كەلمەي نىمە بولماقچى؟ دەپ ئويلايمەن.

بىز ئاياللار - ھاياتلىقتا ئائىلىنى قۇرۇپ، پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەپ، جەمئىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۇزۇر - ھالاۋەت، بەرىكەت ئاتا قىلىدىغان ھەمدە ئائىلىنى مىھرى - مۇھەببەت نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرىدىغان مۇقەددەس ئانا، سۆيۈملۈك يار ۋە ھايات چىرىغى ھەم مىھرى - مۇھەببەت پىدائىيلىقىنىڭ سىمۋولى، پاك قەلب، لاتاپەت ۋە گۈزەللىك پەرىشتىسى.

بىزنىڭ نۇرغۇن ئانىلىرىمىز، ھەدىلىرىمىز، دوستلىرىمىز، سىڭىللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ زىممىسىدىكى مۇقەددەس بۇرچىنى ھەسسىلەپ ئادا قىلىۋاتىدۇ. قىسمەن ئاياللىرىمىز بولسا، خۇددى يۇقۇملۇق باكتېرىيىلەردەك، بالا تەربىيىلەش ئەمەس، ھەتتا ئۆزىدىكى يامان كېسەللەرنى ئەۋلادلىرىغا يۇقتۇرۇۋاتىدۇ.

قېنى كۆجۈم مەھەللىلەردە ئولتۇرۇپ، ھال - مۇڭ قىلىشىدىغان قولۇم - قوشنىلار، بويىغا يەتكەن قىزلارغا كېلىن بولۇشنىڭ، ئايال بولۇشنىڭ، ئانا بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدىغان ھەم ھايات گۈزەللىكىنى تونۇتىدىغان يۇلتۇزلۇق كېچىلەردىكى ئاپئاق چاچ مومىلىرىمىزنىڭ نەسىھەت مەنىسىنى ئالغان چۆچەك، داستانلىرى. . .

زامانىۋى ئاڭ بىلەن ئەنئەنە ۋارىسلىقىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، تۈتەك ئىچىدە قېلىۋاتقان قىزلىرىمىز، كىيىم - كېچەك، يۈرۈش - تۇرۇش ۋە گەپ - سۆزلەردىكى ئەخلاق مىزانلىرىمىزنى تەلۋىلەرچە بۇزۇپ تاشلاشلىرىنى ئۆزلىرىچە قانداقتۇ يېڭىلىق، مەدەنىيەت ۋە ئاياللار ئەركىنلىكى ھېسابلاۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈگىمەس قاتار چايلار، توي - تۆكۈن ھەشەمەتچىلىكى، كېچە - كېچىلەپ قانال يۆتكەپ كۆرىدىغان تېلېۋىزور مەستانىلىقى، ئىككى مېتىر ئارىلىقتىكى قوشنىلارنىڭ ھال - ئەھۋالىدىن ئايلاپ، يىللاپ خەۋەرسىز قويۇۋاتقان قەۋەتلىك بىنالار غېرىبچىلىقى، قولۇم - قوشنا ۋە ئائىلە مۇھەببىتىنى يىمىرىپ تاشلاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىز ئايال ئوقۇتقۇچىلار قىز ئوقۇغۇچىلىرىمىز بىلەن، ئانىلار قىزلىرىمىز بىلەن ھال - مۇڭ بولۇشىمىز، بۇرۇن يۇلتۇزلۇق ئاسمانلارغا قاراپ، ئاڭلىغان ھېكايە - چۆچەكلىرىمىزنى قىزلىرىمىزغا سۆزلەپ بېرىشىمىز، ئۇلارنى ۋاپادار، ھايالىق، ئىمان ھەم ئىنساپلىق، ئۆزىنى ئۆزى قەدىرلەيدىغان ۋىجدانلىق، مەرد بولۇشقا يېتەكلىشىمىز، گۈزەل تىلىمىز، توغرا ئەخلاق - مىزانلىرىمىز بىلەن ئۇلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز كېرەك. شۇندىلا باللىرىمىز ۋە بىز ئىنتىلىۋاتقان، تەلپۈنۈۋاتقان مەدەنىيەت چوقۇم ئۆز خاسلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۆز زېمىنىدا يىلتىز تارتىپ، ئۆز زېمىنىدا ۋايىغا يەتكەندىلا، ئاندىن ئۇ مەدەنىيەت بىزگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولالايدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايدۇ.

2004 - يىلى ماي مايتاغ

## خام تاۋاق

ئىشتىن چۈشۈپ چۈشلۈك تاماققا ئالدىراش تۇتۇش قىلىۋاتقان غۇنچەم تېلېفوننىڭ تەكرار جىرىڭلىشىدىن كېيىن ئاشخانىدىن چىقىپ تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى:

— ھە، مەن.

— ياخشىمۇسەن غۇنچەم؟

— خۇدايا شۈكرى، رەنامۇ سەن؟

— ئاداش مەن رەنا، مۇنداق ئىشتى، ئۆتكەندە ئاپاڭنىڭ نەزىرىسىگە بارالمىغان قىزلار بۈگۈن كەچتە سېنىڭ ئۆيۈڭگە خام تاۋاق قىلىپ بارايلى دېگەندۇق. سېنى ئۆيدە بولماي قالمىسۇن دەپ ئالدىن تېلېفون قىلغانتىم.

—رەنا، قىزلارنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت، ئاۋارە بولمىسۇن، — دېدى غۇنچەم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، «بار تاۋىقىم، يان تاۋىقىم، يانمىساڭ ئۇتتۇرىدىن سۇن تاۋىقىم» دەپتىكەن، سەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا تاۋاقنى تازا كۆتۈرگەنتىڭ، ئەمدى ئۇلارمۇ كەلسۇن!

— جېنىم ئاداش، راست گەپنى قىلسام مۇشۇ كۈنلەردە مېھمان كۈتكۈدەك ھالىممۇ يوق.

— ۋاي، بۇلارغا كايىپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ، كۆڭلۈك پەقەت ئۇنىمىسا، بىر نەچچە خىل قورۇم تەييارلاپ، ئازراق گۈرۈچ دۈملەپ قويساڭلا بولىدى، قالغىنىنى بىز بارغاندا قىلىشىپ بېرىمىز، ئەمىسە شۇنداق بولسۇن! كەچتە كۆرۈشەيلى، — قارشى تەرەپ سۆزىنى تۈگىتىپلا تېلېفوننى قويۇۋەتتى.

غۇنچەم ئامالسىز تېلېفون تۇرۇبكىسىنى قويۇپ، ئاشخانىغا چىقىپ ئىشىنى داۋاملاشتۇرغاچ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىدى: «كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلار خام تاۋاق قىلىپ كەلمىسىمۇ خاپا بولمايتتىم. ئاپامنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيۋاتقاندا، مېھمان كۈتۈشكە قانداق قولۇم بارسۇن.»

راخمان ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى ۋە ئايالىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— غۇنچەم، كىمگە گەپ قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆزۈمگە! — دېدى ئايالى جاۋابەن.

— ئادەمنى قورقۇتۇپ، ئەمدى يالغۇز قالساڭ سۆزلەيدىغان بولۇپ قالمىغانسەن ـ ھە؟ — دېدى ئايالىنىڭ ئانىسى تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن يالغۇز قالسا يىغلايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ھېلى رەنا كەچتە قىزلار ئۆيۈڭگە بارماقچى تەييارلىق قىلىپ قوي، دەپ تېلېفون قىپتۇ.

— ئۇلار بىزنىڭ ئۆيگە نېمىشقا كېلىدىكەن، — سورىدى راخمان ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— دوستلىرىم خام تاۋاق قىلىپ كەلمەكچىكەن.

— ھە چۈشەندىم، ھېلىقى قاقشاپ، تىللاپ تۇرۇپ پۇل يەتمىدى دەپ ھازىدارلارنىڭ ئۆيىگە كۆلۈپ كېلىدىغان چىيىڭلار بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە بولىدىكەندە! بوپتۇ، بىردەم بولسىمۇ كۆڭلۈك ئېچىلىپ قالار.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، راخمان؟ — دېدى غۇنچەم ئازاب بىلەن.

— بۇنداق دېسەم كۆڭلۈڭگە ئالما، تۈنۈگۈن بىزنىڭ سېختىكى نۇردۇن ئاچچىقى بىلەن ئىشقا كېلىپلا قايناپ كەتتى. نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، نۇردۇننىڭ دادىسىنى تۈگەپ كەتتى دەپ، ئايالىنىڭ دوستلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە خام تاۋاق قىلىپ كېلىپ، كۈلكە

چاقچاق بىلەن ئۆيىنى كۆتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن نۇردۇننىڭ ئاچچىقى كېلىپ مېھمانلارغا «مەن توي قىلمىدىم. دادامنى كۆمۈپ قويدۇم! بەك كۆلگۈڭلار كېلىپ ئولتۇرالمىساڭلار بۇ يەرگە ئەكەلگەن پۇلۇڭلارنى ئېلىپ رېستورانغا بېرىپ شۇ يەردە ئويناپ كۆلۈڭلار» دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چوكانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ قايتىپتۇ. نۇردۇننىڭ ئايالى رەنجىگەندەك قىپتىكەن «مالىڭ سەنمۇ چىقىپ كەت، سىنىڭ داداڭ مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ» دەپ ئايالىنىمۇ ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. بىز ھەممىمىز نۇردۇننى توغرا قىپسەن دەپ قوللىدۇق، — دېدى راخمان ئايالىغا قاراپ.

— ئادەمنىڭ بېشىغا كەلمەستە راستتىنلا بىلمەي قالىدىكەن مەنمۇ بۇرۇن باشقىلارنىڭكىگە بېرىپ كۆلگەن بولغىتتىم. مانا بۈگۈن بەك ئېغىر كېلىۋاتىدۇ، ئامال قانچە، چىشىمنى چىشلەپ ئۆزاتمىساق بولمايدۇ، راخمان. بۈگۈن سىز ئىشتىن يېرىم سائەت بالدۇر چۈشۈپ بازاردىن توخۇ، بېلىق، كۆكتات، مېۋە - چىۋىلەردىن ئەكىلىپ بېرىڭ.

— سەندىن كىم رەنجىيدۇ؟ ئۇلار ئۆيۈڭگە تاۋاق قىلىپ كېلىدىغان بولغاندىكىن، تاماقتىن كېيىن پوشكالغا خىمىر يۇغۇرۇپ قويۇپ كەچتە ياغ پۇراتقاچ سۈيۈق - سەلەڭ بىر نەرسە قىلمامسەن؟

— راخمان سىز بىلمەيسىز، ئايالار داستىخاندىن قۇسۇر تېپىشقا ئۇستا، ئۇنىڭ ئۇستىگە تەييارلىق قىلسۇن دەپ مەقسەتلىك تېلېفون قىلسا، پوشكال سېلىپ ئولتۇرسام تۈگىمەس بىر غەيۋەتنىڭ تېمىسىغا ئايلىنىپ قالارمەن؟ . . .

راخمان يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولدى - يۇ، يەنىلا مۇسىبەتتىكى ئايالىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ:

— بولدى، كۆكتاتنى قوي، توڭلاتقۇدا يېڭى قوينىڭ گۆشى بولغاندىكىن پولۇ ئەتكىن.

— پولۇ بىلەنلا بولدى قىلغىلى بولمايدۇ، راخمان يەنە بىر

نەچچە خىل قورۇما تەييارلىمىسام بولمايدۇ. پولۇ ئەتكەندىن كۆرە بىر نەچچە خىل قورۇما بىلەن گاڭپەن ئېتەي.

— ھەي، قورۇما قورۇمىساڭ بولمايدىغانغا ئۆيگە هاراقكەشلەر كېلەمتى — يا؟! — دېدى راخمان تېرىكىپ.

— يائاللا، نېمانچە تولا سۆزلەيدىغانسىز! ئەر كىشى دېگەن يوقنى بار قىلىپ بېرىشنىلا بىلىدىغان! — دېدى غۇنچەم.

كەچتە بىر سائەت بۇرۇن ئىــــشتىـــن چۈشكەن غۇنچەم تەييارلىقلارنى قىلىپ مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. بىر چاغدا ئىشىك چېكىلىپ، گۈلدەك ياسانغان رەنا كىرىپ كەلدى.

— ئەسسالام، ياخشىمۇسىلەر؟

— خۇدايا شۈكرى، قېنى يۇقىرىغا ئۆتكىن.

— ياق، مەن ساڭا قارىشىپ بېرەي.

— هاجىتى يوق، ئىشلار تۈگىدى.

— چاققان جۇمۇ سەن!

رەنا ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەزۈك بىــلەن بېزەلگەن ئاپئاق ئالىقانلىرى بىلەن غۇنچەمنىڭ جۇدالىق دەردىدە ئورۇقلاپ قالغان قانسىز مەڭزىنى ئەركىلەتكەندەك نوقۇپ:

— مېھمان كۈتكۈدەك هالىڭ بولسا قانچە قىلاتتىڭ! — دېدى.

— نېمە ئامال، «باشقا كەلسە باتۇر» دەپتىكەن، — دېدى غۇنچەم بېشىدىكى ئاق داكا ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ.

ئىشىك چېكىلىپ چىرايلىق كىيىنگەن بەش - ئالتە چوكان ئۈچ - تۆت بالىنى ئەگەشتۈرۈپ، كۈلكە - چاقچاق بىلەن كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار غۇنچەم بىلەن هال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. مېھمانلارغا چاي قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن غۇنچەم قولىدىكى چاي چەينىكىنى رەناغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. مېھمانلار چاي ئىچكەچ بىر - بىرىگە گەپ بەرمەستىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— دىلنۇر، ئىشىڭلار بەك ئالدىراشمۇ نېمە؟ ئۇزۇن بولدى بىر يەرلەردىمۇ كۆرمىدىم، — دېدى چاچلىرىنى قىزىل بويىۋالغان ئېگىز بويلۇق چوكان قولىدىكى نەشپۈتنى ئاقلىغاچ، يېنىدا ئولتۇرغان ئاق، پور ـ سېمىز، پاكىنەك چوكانغا قاراپ.

— ۋاي گۈزەل، ئۇنى بىر دېمە، « شاگاڭ» دېگەن گەپ چىققاندىن بۇيان ماشىنا ئادەم بولۇپ كەتتىم. گۈلنۇرنىڭ گېپىگە ھەممىسى كۈلۈشتى، شۇنىڭ بىلەن تۇشمۇ تۇشتىن دەت تۆكۈلۈشكە باشلاندى.

— ھەي، سىلەرغۇ ئۇسكۇنىلەر بىلەن ھەپىلىشىسىلەر، كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىسەڭلەرلا ئۇنۇمىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىز ئوقۇتقۇچىلارچۇ، بالىلارنىڭ مېڭىسىنى يېرىپ كىتابنى سېلىپ قويغىلى بولمىسا. ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قالسىلا بىزنىڭ ئىشىمىز بىر تىيىنغە تەڭ. ئاتا ـ ئانىلارمۇ بالىلىرىنىڭ نەتىجىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى بالىسىدىن كۆرمەي، مۇئەللىم دەرسنى بالىلارغا بىلدۈرەلمىدى دەپ بىزنى تىللايدۇ، — قاقشىدى ئاددىي ياسانغان ۋىجىككىنە چوكان.

— پەرىدە، شۇڭا بىز ئوقۇتقۇچىلىق جاپالىق ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە دەيمىز ئەمەسمۇ؟! ئۇنچىلىك جاپا تارتمىساڭلار شەرەپ نەدىن كېلىدۇ؟ — دېدى دىلنۇر ھەييارلىق بىلەن چوكانلارغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ.

—ئاداش، ساڭا ئوخشاش «بالام ئويناپ چوڭ بولىدۇ، قاپاق ساڭگىلاپ» دەيدىغانلارنىڭ باققان بالىسىنى ھەرقانچە جاپا تارتىپ ئوقۇتساڭمۇ يەنە نەتىجىسى بولمىغاندىكىن شەرەپ بىزگە نېسىپ بولمايدىكەن، شۇڭا گەپنى ئازراق قىلىپ بالاڭلارغا كۆڭۈل بۆلۈڭلار، — دېدى پەرىدە گۈلنۇرغا كىنايە ئارىلاش كۈلۈپ.

— رەنا، بالاڭنىڭ خەتمە تويىغىمۇ ئاز قالدى، تەييارلىقىڭ پۈتۈپ قالغاندۇ؟ — دېدى دىلنۇر گەپنى بۇراپ.

— رېستوراندىكى تويىنىڭ قانچىلىك تەييارلىقى بولاتتى، مۇشۇ

ھەپتە ئۇرۇمچىگە بېرىپ تويدا كىيىدىغان كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى ئەكەلسەملا بولار، — دېدى رەنا.

— سەن نېمانچە غەم يېمەس ، ھازىرچۇ رېستوراندا توي قىلغانلارمۇ زۇكتۇك بىلەن بوغالتىردىن باشقا يېنىدا تۇرۇشۇپ بېرىدىغانلارغا بىر نەرسە ئالىدىكەن جۇمۇ، بۇنى بىلمەي ئۆزۈڭگە خاپىلىق تېپىۋالما يەنە، — دېدى دىلنۇر بىلەرمەنلىك بىلەن.

— ئاداش بۇ ئىش چىققىپتۇ ئەمدى، ئۇلارغا نېمە ئالىدىكەنمىز ؟

— كۆكۈل پادىشاھ ئاداش، يېنىڭدا تۇرغانلارمۇ يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ يېقىن دوستلىرىڭ، تۇرسۇنئاي قىزنىڭ ياش تويىدا زۇكتۇك، بوغالتىرلىرىغا بەش گىرامدىن ئۈزۈك، يېنىدا تۇرغانلارغا ئىككى مېتىردىن قىزىل سارجا ئاپتۇ. نادىرە بالىسىنىڭ خەتمە تويىدا بىردىن خۇرۇم سومكا ئاپتۇ، خەلچەم بىردىن ئەتىرە ئاپتۇ، ھېچنىمە ئالمىغانلارمۇ بار، ئوخشاش ئەمەس!

دىلنۇر خۇددى ھېچكىم بىلمەيدىغان بىرەر يېڭىلىق سۆزلەۋاتقاندەك، سورۇندىكى ھەممىسىگە تەكشى قاراپ قوللىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ ئەزۋەيلەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. يېنىدا ئولتۇرغان پەرىدە ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپلا:

— ئاداش، مەن ساڭا دېسەم بۇ قائىدىنى يوغان قىلساڭ يوغىناپ، كىچىك قىلساڭ كىچىكلەپ، قىلمىساڭ يوقاپ ماڭىدىغان بىر ئىش. ئىلگىرى پائالىيەتتە قارىشىپ بېرىدۇ دەپ بېكىتكەن سەككىز ساھىپخان ئاستا ـ ئاستا ئۇن بەختكە چىقتى، ئەڭ ئاخىرى يۈزگە يەتتى. خەقلەر ساھىپخانغا بىر نەرسە ئېلىپ تۇشۇتۇپ بولالماي كۆڭۈل ئاغرىقى بولىدىكەن، رېستوراندا كۆتكۈچىلەر بار، ساھىپخانغا ئالىدىغان نەرسە ئىقتىساد بولۇپ قالىدىكەن، دەپ رېستورانغا يۈزلىنىۋاتسا، ئەمدى يەنە شۇ بىزنىڭ غەيرى رەسمىي كەشپىياتچىلىرىمىز «توي ئىگىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشۇپ بېرىدىغانلار» دەپ ئىش تېپىپتۇ، ئەگەر مۇشۇنداقلا

يوغىناپ كەتسە نەگە بېرىپ توختارمىزكىن، تاڭ. رەنا مېنىڭچە سەن زۆڭتۈك بىلەن بوغالتىردىن باشقىسىغا ھېچ نەرسە ئالمىغىن، شۇنىڭ بىلەن بۇ قائىدىلەر ئازايسۇن! — دېدى پەرىدە كەسكىن قىلىپ.

—ئاداش، دەرسنى مەكتەپتە سۆزلە، رەنا ئۇنى قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟ بىزغۇ مەيلى دەيمىز، باشقىلارچۇ؟ چىدىماپتۇ، ئۇنداق ئادەم توي قىلمىسىچۇ دەيدۇ، — دېدى دىلنۇر باتناپ.

—ئاڭلىدىڭلارمىكىن، تۇرسۇنئاي تويىنى بولىشىچە قەرز ئېلىپ قىپتىكەن، تويدا ئەللىك مىڭ يۈەن چۈشۈپتۇ، يىگىرمە مىڭ يۈەننى قەرزگە بېرىپ ئانچە ھاردۇقى چىقماپتۇ، — دېدى گۈزەل.

— ئەلۋەتتە تويدا قانچىلىك خەجلىسە شۇنچىلىك كېتىۋېرىدۇ، قۇرۇق ئابرۇينىڭ نېمە پايدىسى؟ — دېدى پەرىدە.

— ئىشقىلىپ مەن ئوغلۇمنىڭ خەتمە تويىنى قىلسام ئەل جامائەت ئالدىدا توي قىلدىڭمۇ؟ قىلدىم دېگۈدەك قىلىمەنغۇ، — دېدى دىلنۇر تەخسىدىكى قۇرۇمىلاردىن گۆشنى ئىلغاپ ئاغزىغا سالغاچ.

— ئاداش، سەنچۇ بىر تال ئوغلۇڭنىڭ تويى بولغاندىكىن زۆڭتۈك بىلەن بوغالتىرىڭگە يىگىرمە گراملىق ئۈيۈل بىلەزۈك، يېنىڭدا تۇرغانلارغا بىر تالدىن ئۈزۈك قىلغىن، — دېدى پەرىدە. چوكانلار كۈلۈشتى.

— قىلساق قىلدۇق، چوڭ ئىش ئەمەسقۇ ئۇ، — دېدى دىلنۇر كۆپۈشۈپ تۇرۇپ.

— دىلنۇر، پۇللىرىڭ بىقىنىڭغا ئۇسۇپ كەتكەن بولسا يېزىدىكى تۇل قالغان قېيناڭغا ئەۋەتىپ بەرگىن، ئوقۇشسىز قېلىۋاتقان نەۋرە تۇغقانلىرىڭغا ئەۋەتىپ بەرگىن. بالاڭ مەكتەپكە كىرسە كېرەك بولىدۇ، كومپيۇتېر ئېلىپ بەرگىن، پۇلنى ئۇنداق بولمىغۇر قائىدە ـ يوسۇنلارغا بۇزمىغىن، سەن يازدا بالاڭنى ئېلىپ يولدىشىڭنىڭ يۇرتىغا بېرىپ بىرەر ئاي تۇرۇپ كېلە، ئاندىن

كېيىن سەن مۇشۇ ھەشەمەتچىلىك كېسىلىدىن قۇتۇلىسەن، سەن بىلەن بىز مايتاغدا تۇغۇلۇپ ئۆسكىنىمىز ئۈچۈن، ھېچنېمىنىڭ خىجالىتىنى تارتىپ باقمىغاچقا، مۇشۇنداق يوغانچى بەتخەجلەردىن بولۇپ قالدۇق، مەن ھەر يىلى يېزىلارغا بېرىپ تۇرغاچقا سەندىن كۆپ نەرسىلەرنى بىلىمەن، — دېدى پەرىدە.

— بۈگۈن مەكتەپتە دەرس ئۆتمەي كەلگەنمىدىڭ؟ ئەجەب تولا سۆزلىدىڭ، — دېدى دىلنۇر ھە دەپ بېلىقنىڭ قىلتىرىقلىرىنى ئىلغىغاچ.

— ئادەم بىر بولسا ئوقۇمىسا ياخشىكەن، ئوقۇدۇڭمۇ تولا ئىشلارغا چېچىلىپ خەقنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالىدىغان ئىشكەن، — دېدى پەرىدە.

— پەرىدە بۇ نېمە دېگىنىڭ، سۆزلىرىڭ ھەق بولغاچقا بىزمۇ ئاڭلاپ ئولتۇردۇققۇ، — دېدى رەنا كۈلۈپ.

چوكانلار ئۇنى ـ بۇنى دەپ تاماقلارمۇ يېيىلىپ بولدى. غۇنچەم ھالسىز قەدەملىرى بىلەن تەخسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىزىپ قويدى.

چوكانلار بىر ـ بىرىگە كۆز ئىشارىتى قىلىپ قەغەز ـ قەلەم ئىزدىشىۋاتاتتى.

— رەنا، مېنى ئازابلىماي دېسەڭلار قەغەز ـ قەلەم ئىزدىمەي مۇشۇنداقلا قايتىپ كېتىڭلار، — دېدى غۇنچەم مىسكىن ئاۋازدا.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئاداش؟


ھەممىسى ھەيران بولۇپ غۇنچەمگە قاراشتى.

— غۇنچەم، سەن بۇنداق دېسەڭ بىزنى خىجالەت قىلىپ قويىسەن، بۇ ئومۇملىشىپ قالغان قائىدە تۇرسا، ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىز، — رەنا شۇنداق دېگەچ ئىبھتىيات بىلەن ئىسىملار بىلەن پۇل سانى يېزىلغان بىر ۋاراق قەغەز بىلەن پۇلنى ئۈستەلگە ئاستا قويدى.

مېھمانلار:

— ئاداش سېنى تازا ئاۋارە قىلىۋەتتۇق، — دېيىشكىنىچە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

مېھمانلارنى ئىشىكتىلا ئۇزۇتۇپ قويغان غۇنچەم ئۇستەلدىكى قەغەز بىلەن پۇلغا قاراپ، بىر ھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك «ئۇلار نېمىگە كەلدى، ئاپامنىڭ ئۆلۈمىنى مۇبارەكلەپ كەلدىمۇ؟ بۇ پۇلغا ئاپام تىرىلەمتى... مېنىڭ مۇسىبەتتىكى ئازابلىق ھالىتىمگە ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى كۆز - كۆز قىلغىلى كەلگەنمىدۇ يا؟...» دەپلا ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇپ يىغلاپ كەتتى.



# قەلبىمدىكى ئابىدە

كىتاب ـ ماتېرىياللىرىمنى رەتلەۋاتاتتىم، چىرايلىق قاتلانغان خەت قولۇمغا چىقىپ قالدى، خەتنى قىزىقىش نەزىرىم بىلەن ئالدىراپ ئاچتىم.
دانە ـ دانە قىلىپ يېزىلغان تونۇش قول يازمىنىڭ پەش چېكىتىنىمۇ كۆزۈمدىن ساقىت قىلغۇم يوق...
شۇ تاپتا قەغەزدىكى تونۇش سۆزلەر بىلەن تەڭ مەن ئۇچۇن تۇتىيا بولغان، چەكسىز مېھرىبانلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، يېقىملىق ئاۋاز قۇلىقىم تۈۋىدە ئاڭلانغاندەك بولىۋاتىدۇ.
— توۋا، دادامنىڭ روھى كېلىپ خېتىنى ئوقۇپ بېرىۋاتامدىغاندۇ؟! ياكى سەزگۈلىرىم مېنى ئالداۋاتامدىغاندۇ؟!...
«قەدىرلىك قىزىم بوستان، قانداق ئەھۋالىڭ؟ ئۇرۇمچىگە سالامەت يېتىپ بېرىپ، ياتىقىڭغا جايلىشىۋالدىڭمۇ؟ ھېلىقى جاراھىتىڭ ساقىيىپ قالدىمۇ؟ سەن كەتكەندىن كېيىن ئەنسىرەپ قالدۇق. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن جاراھىتىڭ ياخشى بولغاندا ماڭساڭمۇ بوپتىكەن ـ ھە؟
قىزىم، مەقسەتكە كەلسەك 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چوڭ يەڭگەڭ ساق ـ سالامەت قىز يەڭگىۋالدى، سىبنىڭ يالغۇز قىزلىقىڭغا، ئاللاھ بىزنى ئىككى قىز نەۋرىلىك قىلدى، چوڭ بولغاندا ساڭا ھەمراھ بولامدىكىن دەپ بەك خۇش بولدۇم... گۈل، خۇشال بولدۇڭمۇ ، بالام، سەن چوقۇم خۇشال بولىسەن. بوۋاقنىڭ ئىسمىنى مەلىكە قويدۇق. بوۋاق تېتىك ئويناپ ياتىدۇ. ئاپاڭ

يەڭگەڭنىڭ تامىقىنى ئېتىپ بېقىۋاتىدۇ، مەن ئەتىگەندە سۈتنى توشۇپ بېرىۋاتىمەن. ئاكاڭ غۇلجىغا يولغا چىقىپ كەتتى.

قىزىم بوستان، بۇ ئايدا يۇرتتىن كەلگەن تۇغقانلارنى يولغا سېلىپ، ساڭا ئاز بولسىمۇ 60 سوم ئەۋەتتۇق. ئارىلىقتا ئاكاڭ بارسا يەنە ئەۋەتىمىز. ئەگەر ئاكاڭ بارالمىسا مەن ئۆزۈم سېنى كۆرگىلى بارىمەن. سالامەتلىكىڭگە كۆپرەك دىققەت قىل، سەن باشقىلارغا ئوخشىمايسەن. تاماققا دىققەت قىل، قۇۋۋەتلىكرەك تاماق يېگىن ، ئۆزۈڭنى، كۆپ ئاسرا جۇمۇ، قىزىم! قالغان ئىشلار تىنچلىق، ۋاقتىدا خەت يېزىپ تۇرغىن.

خەير - خوش، خۇدا ئامان قىلسا كۆرۈشەرمىز ، دەپ داداڭ سىدىق ئابباس.

1998 - يىلى مارت مايتاغ»

مەرھۇم دادامنىڭ بۇ خېتى مەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا يېزىلغانىكەن. خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن قەلبىمنى خۇشاللىق بىلەن ئازاب چىرمىۋالدى، خەتنى يېنىشلاپ ئوقۇدۇم. كۆزلىرىمنىڭ ئەتراپى ھەسرەتلىك ئېچىشتى. ئاخىر يۈرىكىمدىكى ئازاب كۆزلىرىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ، مەڭزىمنى بويلاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئىشخانامغا قايتىپ كېلىپمۇ، قەلبىمدىكى ئازاب پەسەيمىدى. شۇ چاغدا بۇ خەتنىڭ جاۋابىنى يازغاندىم، بىراق دادامغا رەھمەت ئېيتىممۇ ياكى يەنە ھالىمنى تۆكتۈممۇ، بۇ ئېسىمدە يوق. ئويلىسام، بەش يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىنى غەمسىز ئۆتكۈزۈپتىمەن.

ئەمدى مۇشۇ خەت قولۇمغا قايتا چۈشكەندە، دادام بولغان بولسا، قاداق باسقان قوللىرىغا ئۆز ئەجرىمدىن تاپقان پۇللىرىمنى تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ: «دادا، رەھمەت» ، دەپ قورۇق باسقان

پېشانىسگە، ئاق سانجىغان ساقاللىرىغا سۆيۈپ يىغلار ئىدىم!

جېنىم دادا، سەن دەردىنى جىق تارتقان بوستانىڭ، بىر تال قىزىڭ ئەقلىنى تېپىپ ساڭا تەشەككۈر دېگۈچە، سېنىڭ ھاردۇقۇڭنى چىقارغۇچە سەن بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپ كەتتىڭ... شۇنداق بالدۇر، شۇنداق تۇيۇقسىز كەتتىڭ... بىزگە خوشمۇ دېيەلمەي، ۋەسىيەت، نەسىھەتمۇ قىلالماي كەتتىڭ!...

دادا، كۆزلىرىمنى يۇمۇپ سېنى ئەسلىسەملا ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم، مەن دەرستىن چۈشۈپ قىزلار بىناسى ئالدىغا كەلسەم، يوغان يەشمىكنى تۇتۇپ سوغۇقتا مېنى ساقلاپ تۇرغان ھالىتىڭ، بەزىدە سىرتلارغا چىقىپ كېتىپ ياتاققا كىرسەم، سېنىڭ ياتىقىمدا ياتاقداشلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان چاغلىرىڭ. ئاھ دادا، مەن خۇددى يەسلى بالىسىدەك يۈگۈرۈپ كېلىپ سېنىڭ بوينۇڭغا ئېسىلاتتىم، ساقاللىق يۈزلىرىڭنى سىلاپ ساڭا ئەركىلەيتتىم، «قىزىم، ماۋۇ مايلىق توقاچ، سەن ياخشى كۆرىدىغان پېچىنە - پىرەنىكلەر، مۇنۇ قورىغان گۆش، دوستلىرىڭ بىلەن يېگىن...»، «شۇنداق يوغان يەشمىكنى نەچچە قەۋەتكە قانداقمۇ كۆتۈرۈپ چىققانسەن؟» دېسەم، سەن تەرلىرىڭنى ئېيتقاچ كۈلۈپ: «ھەي، بوستان، سەن ئۈچۈن قانداق ئېغىر كۈنلەرنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزمىدۇق؟! سېنى بىزگە قايتا بەرگەن ئاللاھقا رەھمەت! سەت پۇچۇق، بۇ دېگەن قانچىلىك ئىشتى؟...» دەپ ئەركىلىتىشلىرىڭ... شۇ كۆرۈنۈشلەر بىرمۇبىر كۆز ئالدىمدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتىدۇ. دادا، شۇتاپتا كۆزلىرىمدىكى تۇزلۇق ياشلار بۇ كۆرۈنۈشلەرنى بارغانسېرى غۇۋۇلاشتۇرۇۋاتىدۇ.

جېنىم دادا! مۇشۇلارنى ئەسلىسەم، قەلبىمنى ئىللىق بىر مۇھەببەت ھەم ھەسرەتلىك پىغان بېسىۋالىدۇ. شۇنداق چاغلاردا

ئاۋازىمنى قويۇپ بېرىپ: «تاغلىرىم دادا، باغلىرىم دادا، بەختىم دادا، تەختىم دادا… !» دەپ ھازا ئاچقۇم كېلىدۇ … نېمە ئامال، يۈرىكىم ئۈنسىز يىغلايدۇ.

دادا يەرلىكىڭدە تىنچ يات، مەن ئاللاھتىن ساڭا جەننەت ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

1998 ـ يىلى يانۋار، مايتاغ



# ئانام ئېيتقان ناخشا

مەن بالامنى بۆلەيمەن،
تاغدىن ـ تاغقا يۆلەيمەن.
شۇل بالامنىڭ بەختىنى،
خۇدايىمدىن تىلەيمەن.

ئانامنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىملىق ئاھاڭ، مۇڭلۇق كۈي، چەكسىز مۇھەببەت ۋە ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئېيتىۋاتقان ئەللەي ناخشىسى بالامنى شېرىن ئۇيقۇغا، مېنى گۈزەل ئەسلىمىلەر قوينىغا باشلاپ كەتتى...

ئانا قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ ناخشا — بوۋامنى، مومامنى، دادامنى، ئانامنى، مېنى ھەم بالامنى، دۇنيادىكى جىمى ئىنساننى يېقىملىق سادالىرى، مۇھەببەتلىك كۈيلىرى بىلەن ئۇخلىتىپ، ئويغىتىپ، كۈلدۈرۈپ، يېتىلەپ، پەپىلەپ، تەربىيىلەپ ... چوڭ قىلغان!

ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمنى ئەسلىسەم، تۈن كېچىلەردە ئۇكامنىڭ يىغىسىدىن ئويغىنىپ كەتكەنلىرىمدە، ئانامنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ، ئۇكامنى ئېمىتىپ، بۆشۈكنى قۇچاغلىغىنىچە ئەللەي قىلىۋاتقان مۇڭلۇق كۈيلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ، كۆزلىرىم ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كېتەتتى. ياز كۈنلىرى ئاپام ئۇكامنى پەپىلەپ ئۇخلاتسا، دادام ماڭا «چىن تۆمۈر باتۇر»، «ئالتۇن كەش» دېگەندەك قىزىقارلىق چۆچەكلىرىنى ئېيتىپ ئۇخلىتاتتى. بەزىدە دادامنىڭ ھېكايىلىرى تۈگىمەيلا ئۇخلاپ قالاتتىم، بەزىدە دادامنىڭ

ئىشقا بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇشىغىلا ئويغىنىپ كېتىپ، پۇتۇمنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ سىرتقا ئوينىغىلى قاچاتتىم. ئويۇندىن زېرىكىپ ھويلىغا كىرگىنىمدە بولسا، ئانامنى كىر يۇيىۋاتقان ياكى نان يېقىۋاتقان ھالەتتە كۆرەتتىم. ئانام: «ئۇ چاغلاردا نەدىمۇ كىر ئالغۇ، نەدىمۇ تەييار نان يېقىپ بېرىدىغان ناۋايخانىلار بولسۇن؟ !» دەپلا يەنە ئەللەي ناخشىسىنى باشلىدى. بالامنىڭ يىغىسى توختىدى.

مەن ئانامنىڭ بۇ چەكسىز مېھرىگە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەستىن ئولتۇرغىنىمچە، ئانامغا سىنچى كۆزلىرىم بىلەن قارىدىم. ئانامنىڭ يۈزلىرىدە ھايات مۇساپىلىرىنىڭ يالدامىسى بولغان قورۇقلارنىڭ، چېكىسىدە جەۋرى - جاپانىڭ سوۋغىسى بولغان ئاق چاچلارنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكىنى، ھەم كۆزلىرىدىكى ھارغىنلىقنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، يۈرىكىم ھەسرەتلىك ئېچىشتى. شۇئان، ئانامنىڭ ياش، چىرايلىق، ساغلام ھەم جۇشقۇن يۈزلىرىنى، نۇرلۇق مەڭزىلىرىنى، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان تۇم قارا چاچلىرىنى، ئوتقاشتەك جۇلالىق ئەتلەس كۆينەك كىيىپ يۇرۇيدىغان گۈزەل چاغلىرىنى ئەسلەپ قالدىم. ئاھ خۇدا، يىللار ئانامنى نېمانچە تېز ئۆزگەرتىۋەتكەندۇ؟ بىر ئۆمۈر ئۆي ئىشلىرى، بالا غەملىرى بىلەن ئاۋارە بولغان ئانام، دادام بىلەن جاپا ھەم ھالاۋەتتە بىرگە بولۇپ، بىزنى ئىللىق ئائىلە مېھرىدىن بەھرىمەن قىلىپ ئۆستۈردى، ئوقۇتتى ھەم ئۆي - ئوچاقلىق قىلدى. ئۇ يەنە مېنى پەپىلىگەن ئەللەي ناخشىسى بىلەن مېنىڭ بالامنى پەپىلەۋاتىدۇ...

جېنىم ئانا! ھاياتنىڭ جاپالىق مۇساپىلىرىنى بېسىپ ھالسىزلىنىپ، بىزنىڭ كۈتۈشىمىزگە، مېھرى - شەپقەت يەتكۈزۈشىمىزگە موھتاج بولۇۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە دادامدىن ئايرىلىپ قەلبىڭ ھەسرەتكە تولدى، ۋاقىتسىز كەلگەن بۇ جۇدالىق بىزنىڭ غەمسىز بەختىيار روھىمىزنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. ئانا، يەنىلا

سەن غەيرەتلىك ئىكەنسەن، سەن مۇسىبەتلىك بېشىڭنى ئاۋۋال كۆتۈرۈپ، بىزنىڭ كۆز ياشلىرىمىزنى سۈرتتۈڭ، تەسەللىي بەردىڭ، تەقدىرىگە تەن بېرىشكە ئۈندىدىڭ… يۈرىكىڭ تىنىماي ئۇنسىز ئۆكسۈۋاتسىمۇ، كۆزلىرىڭ ياشتىن قۇرۇمىسىمۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا كۈلۈپ چىقتىڭ، ئاشۇ مۇقەددەس ئۆيىمىزدە دادامنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ، جەينامار ئۈستىدە بىزگە ئىنساپ، ئىمان ۋە ئامانلىق تىلەپ، يۇم - يۇم يىغلىغىنىڭنى كۆرگىنىمدە، يۈرەكلىرىم پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ.

ئېھ ئانا، سەن بىز ئۈچۈن شامدەك كۆيۈۋاتىسەن، بىزگە ئاتا ھەم ئانا بولۇۋاتىسەن. ئاھ يايلايدىغان يايلىقىم ئانام… بالامنى ماڭا بەرگىن، مەن ئۆزۈم پەپىلەپ، ئۇيقۇسىز كېچىلەرنى تاڭغا ئۇلاپ، ئانا بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىي، شۇندىلا سېنىڭ قەدرىڭگە تېخىمۇ يېتىمەن. سەن ئەمدى يۇمشاق كۆرپىنىڭ ئۈستىدە، ماموق ياستۇققا بېشىڭنى قويۇپ ئارام ئالغىن، نەۋرىلىرىڭنىڭ يىغىسىنى ئەمەس، كۈلكىسىنى ئاڭلاپ شادلانغىن، ئۇماق نەۋرىلىرىڭ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن پۇت - قوللىرىڭنى تۇتۇپ قويسۇن…

ئېھ ئانا، ئەكەل بىز ئۈچۈن كىر يۇيۇپ، نان يېقىپ، ئاش ئەتكەن قوللىرىڭغا سۆيۈپ قوياي يۈرىكىم بىلەن!

1996 - يىلى مارت، مايتاغ



# جەننەت ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا

ئانا، شۇنداق يەرگە كېتىپسىز،
ئانا دېسەم «ھە» دېمەيدىغان.
مەن قالدىمغۇ ئېغىر ئازابتا،
ئەسلەپ تولغۇنۇپ ھەسرەت يەيدىغان ...

شائىر تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرى دۇتار بىلەن تەمبۇرنىڭ يۈرەكنى تىترىتىدىغان مۇڭلۇق پەدىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئېيتىلىۋاتقاندا، كۆزلىرىمنىڭ ئەتراپى ھەسرەتلىك ئېچىشىپ يۈرىكىم ئۇنسىز ئېسەدەيدۇ. شۇ ھامان كۆز ئالدىمغا رەھمەتلىك دادامنىڭمۇ مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ياش تۆككەن ھالىتى كېلىدۇ.

— دادا نېمىشقا يىغلايسەن؟

— رەھمەتلىك ئانام ئېسىمگە كېلىپ قالدى. دېگەن ئىدى دادام كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ.

— دادا، ساڭا ئوخشاش نەۋرە كۆرگەن ئادەملەرمۇ ئانىسىنى سېغىنامدۇ؟! — دېدىم دادامنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ.

— بالام شۇ تاپتا بىرى ماڭا «ئاناڭ بېيجىڭدىكەن» دېسە، بېيجىڭغا يالىڭاياغ يۈگۈرۈپ باراتتىم . . . — دادامنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىققانىدى.

ھازىر ئويلىسام شۇ چاغلاردا مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بولساممۇ، يەنىلا ئاتا ـ ئانام ماڭا مەڭگۈ تۈۋرۈك بولىدىغاندەك،

ئاتا ـ ئانىدىن ئايرىلىشنىڭ دەردىنى بىلمىگەچكە، دادامدىن ناھايىتى ئەخمىقانە سوئالنى سوراپتىكەنمەن. يەنە نەچچە يىلدىن كېيىن ماڭىمۇ شۇنداق ئېغىر كۈنلەر كېلىپ، قىسمەتنىڭ قارا بورانلىرى مېنىڭ دادامنىمۇ نەچچە دەقىقە ئىچىدە ئانىسىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېتەرىنى ئويلىغان بولسام، دادامغا قىلغان ساناپ تۈگەتكۈسىز ئەخمىقانە بالىلىقلىرىمنى قىلارمىدىم؟ مەن شۇنداق كۆپ ئەپسۇسلار ئىچىدە يۇرۇۋاتقىنىمدا، ئاتا ـ ئانا بولۇپ قېلىپمۇ، بالىلىق قىلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ياپىلىقىدا ئۆزىلا ئەمەس بالىلىرى بىلەن بىرگە يايلاۋاتقانلارنىمۇ ئۇچراتقىنىمدا كۆپ ئەپسۇسلىنىمەن. ئۇلارنىڭمۇ بىر كۈنلەردە ئاتا ـ ئانىلىرىغا قىلغان بالىلىقلىرىنىڭ ئېغىر زۇلۇم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە يۈرەكلىرى ھەسرەتكە تولىدۇ، ئەمما ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— سىزنىڭ دادىڭىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆيىڭىزگە كېلىپ بالىڭىزنى يەسلىگە توشۇمدۇ، يا مەن خاتا كۆرۈپ قالدىممۇ؟

— توغرا، بالامنى دادام يەسلىگە توشۇيدۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— مېنى يالغۇز جاپا تارتىپ قالمىسۇن دەپچۇ؟ ھەتتا بەزىدە ئۆيۈمگە كېلىپ ناشتىلىقلىرىمنىمۇ تەييارلاپ بېرىدۇ.

ھېلىقى چوكان بۇ گەپلەرنى ناھايىتى بىر بەخت تۇيغۇسىدا دەۋاتقاندا، ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئىچلىرىم ئېلىشىپ كەتتى.

— ۋەي، ئاپاما، بۈگۈن بىزنىڭ كەچلىك چېيىمىز بار ئىدى. شۇڭا بالىلارنى سىلەرنىڭ ئۆيگە ئەۋەتىۋەتتۇق، بىز ئەتە چۈشلۈك تاماققا بارىمىز، نېمە تاماق ئەتسەڭ بولار؟ ئەخمەت چۆچۈرىگە ئامراق، مەن ئېتىپ بولالمايدىكەنمەن، ئەتە چۆچۈرە ئېتىپ قويامسەن؟!

— ئەسلى ئەتە دەم ئېلىش كۈنى ئۆزۈڭ ئۆيۈڭدە تاماق ئېتىپ ئاپاڭ ـ داداڭنى تاماققا چاقىرماي، تاماق بۇيرۇۋاتۇۋاتامسەنغۇ؟

— مەن مىنەندىن باشقا تاماقنى ياخشى ئېتەلمەيمەن، شۇڭا

ھەپتىدە ئۈچ - تۆت كۈن ئىككى چوڭ ئۆيدە قورساق باقىمىز.
ناھايىتى مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزلەۋاتقان چوكانغا قاراپ ھېچنەرسە ئويلىيالمىدىم.
— ئاپا، بۈگۈن ئايىغىزنىڭ مىجەزى يوق، دوختۇر ئۇنى قولۇڭنى سۇغا تىقما دەپتىكەن، شۇڭا باللار بىلەن چوڭ ئۆيگە تاماققا بارىمىز. ئايىغىز ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئېتىپ قويە؟!
خوتۇنىنىڭ جېنى جان بولسا، ئانىسىنىڭ جېنى تۆمۈرمىكەنە، خوتۇن ئۆزىنىڭ بولغاندىكىن نېمە قىلسا ئۆزى قىلىپ بەرسە بولمامدۇ؟
ئاپتوبۇستا يېنىمدا كېتىۋاتقان ئەللىك ياشلاردىكى بىر ئانا ئالدىمىزدا ئولتۇرۇپ، ئاپىسىغا تېلېفوندا ئىش بۇيرىغان قىرىق ياشلاردىكى ئەرگە قاراپ شۇنداق دېدى:
— باللىرىڭىزنى يەسلىگە بەرگەنسىز؟
— ياق، ئاپام بېقىۋاتىدۇ، قېيىنانام دىگەن خوتۇن بەك قۇۋ، يالغان ئاغرىۋېلىپ بىرسىنىمۇ بېقىپ بەرمىدى.
— بىز ياش تۇرۇپ ساق يېرىمىز يوقتەك ۋايسايمىز، بەش - ئالتىنى تۇققان خوتۇنلار ئاغرىسىمۇ ئاغرىغاندۇ؟
— ۋىييەي، ئاغرىق بولسىمۇ ئەجەب قىزىنىڭ باللىسىنى بېقىپ بېرىپ ئوغلىغا كەلگەندە...
— ھازىرقى باللارنىڭ پەقەت كۆيىمى قالمىدى. نەۋرە بېقىپ جۇلقىمىز چىقىپ كېتىمدىغان ئوخشايدۇ قوشنام. شۇ تاپتا ئىككى نەۋرەم بىر بولۇۋېلىپ، ئاسمانغا پىچاق ئېتىپ قۇلاق مېڭەمنى يەپ كەتتى.
— مېنىڭمۇ ئاۋۇ كىچىك نەۋرەمنىڭ ئايىغى چىقىپتىكەن، ئارقىدىن تەڭ يۈگۈرۈپ بەللىرىم ئۈزۈلۈپ كېتەي دېدى. تېخى بۇنىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى چۈشتە كېلىپ ئېسىپ كېلىدۇ. شۇڭا نەۋرىنى بوۋايغا تاپشۇرۇپ، ئۆزۈم كۆكتاتقا ماڭدىم.
— بۇ باللارنىڭ باللىرىنى بېقىپ قاتارغا قوشۇپ ئارام

ئالغۇچە ئېگىزكىمىز قوشۇلۇپ بولىدىغان ئوخشايدۇ. باقمايلى دېسە باللارغا ئىچى ئاغرىغان، ئىش تۈزۈمىنىڭ چىڭلىقى.
— ۋاي ئىش ۋاقتىدا بېقىپ بەرگەننى ئاز دەپ، كەچلىرى بۇلارنىڭ چايلىرىنىڭ كۆپلىكىچۇ؟ «كۇچۇكۇم، كۇچۇكۇم دېسە...» ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ...
— شۇڭا ئۆلۈپ كەتسەك بۇ باللار ياپلايدىغان يايلىقىم ئانام، دومۇلايدىغان قۇملۇقۇم ئاتام دەپ قوشاق قېتىپ يىغلايدۇ ئەمەسمۇ؟ بوپتۇ ھاياتلىقىمىزدا يايلىۋالسۇن، دومىلىۋالسۇن، بىزنىڭ شۇ باللاردىن باشقا نېمىمىز بار؟!...
رېستورانلاردا، توي - تۆكۈن ۋە چايلاردا، كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا، كۆكتات بازارلىرىدا يۈرۈپ شۇنداق ھەرخىل پاراڭلارنى ئاڭلاپ، ئىنساپسىز باللارغا غەزەپلەنسەم، ھېلىقى ۋايساپ يۈرۈپ، نەۋرە بېقىۋاتقان ئانىلارنىڭ ئالەمچە ۋاپادارلىقىدىن مەمنۇن بولىمەن ھەم ئۇلارغا ھېسداشلىقىم كېلىدۇ.
بىز چەت ئەل كىنولىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭدىكى ئاتمىش - يەتمىش ياشلىق مومايلارنىڭ ناھايىتى ياش ھەم جۇشقۇن ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ھەۋەس قىلىپ، ئۆزلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىمىزنى «بەك روھسىز، ئۆزىنى بالدۇر تاشلىۋېتىدۇ، شۇڭا بالدۇر قېرىپ كېتىدۇ» دەپ يەكۈن چىقىرىمىز. بىز چەت ئەللىكلەرنىڭ باللىرى ئون سەككىز ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ زىممىسىدە باللىرىنى ئوقۇتۇپ، توينى قىلىپ، ئۆي ئېلىپ بېرىپ ئاخىرىدا نەۋرىلىرىنى باقىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مەجبۇرىيەتنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، تاپقان پۇللىرىنى ساياھەتكە، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىشقا، كۆڭلى خالىغان ئىشنى قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار ساغلام تەن، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ياشاۋاتقاچقا، بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىزدىن ياش ھەم جۇشقۇن تۇرالايدۇ دېگەننى نېمىشقا ئويلاپ باقمايمىز؟...
بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىزچۇ؟ بىر ئۆمۈر بالا بېقىپ،

ئوقۇتۇپ، خىزمەتكە چىقىرىپ، تويىنى قىلىپ، ئۆيىمۇ ئېلىپ بېرىپ، ئاخىرىدا نەۋرە باقىدۇ. مانا مۇشۇنداق قاتمۇقات مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداپ بولغىچە ئۇلار قېرىپ ھالىدىن كېتىدۇ. ئۇلار بىر ئۆمۈر شۇنداق غەم ـ ئەندىشە، سىلىقلار ئىچىدە ياشىسا، نەدىمۇ ساياھەت قىلىش، قۇۋۋەتلىك ئوزۇقلىنىش، ئېسىل كىيىنىشكە قۇربى يەتسۇن؟

كىتاب كۆرۈۋېتىپ مۇنداق ھادىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بىر يىگىت مۇھەممەت پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ «مەن جىھاد قىلىپ ساۋاب تاپاي دېگەنىدىم. يول كۆرسىتىڭ» دەپتۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن: «ئاتا ـ ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. يىگىت: «ھايات» دەپتۇ. پەيغەمبىرىمىز: «سەن ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن رازى بولغىچە باق، ئاللا ساڭا جىھاتنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ» دەپتۇ. يەنە بىر يىگىت پەيغەمبىرىمىزدىن: «مەن ھەج قىلىپ ساۋاب تاپاي دېگەن، بارسام بولامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ئاتا ـ ئاناڭدىن سورىدىڭمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «ياق سورىمىدىم» دەپتۇ يىگىت. «ئۇنداقتا سەن يۇرتۇڭغا قايتىپ ئاتا ـ ئاناڭنى رازى بولغىچە باق، ئاللا ساڭا ھەج ساۋابىنى بېرىدۇ». پەيغەمبىرىمىز شۇ يەردە ئەتراپىدىكى ساھابىلەرگە: «شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى، ساۋابنىڭ ئەڭ چوڭى ئاتا ـ ئانىسىنى رازى قىلىشتا، جەننەت ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا...» دەپتۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەرگە ئارتۇق سۆزلەش ھاجەتسىز، مەن ئويلايمەن، پەيغەمبىرىمىز ئېيتقان «جەننەت ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئايىغى ئاستىدا...» دېگەن بۇ سۆز بىزگە نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېسىمىزگە سالدى.

2004 ـ يىلى فېۋرال، مايتاغ.

# ئۇ نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندۇ؟

ئىشتىن چۈشۈپ مەھەللىگە كېلىشىمگە، ئوغلىنى يېتىلەپ بىنادىن چىقىۋاتقان ئىنىم دېمەتلىك قوشنام بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ئۇ مەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن:

— ھەدە، يەنە يېزىۋاتامسىز؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئانچە ـ مۇنچە، — دېدىم ئۆيگە ئالدىراپ.

— ئاخشام كەچلىك بازاردا بىر چوكان دوستلىرى بىلەن غەرق مەست ھالدا كاۋابدانىنىڭ ئالدىدا مىڭ نەچچە يۈەنلىك يانفونىنى يوقىتىپ قويۇپتىكەن. كاۋابچىلارنى ئوغرىلىۋالدى، دەپ جېدەللىشىپ بەك سەتلىشىپ كەتتى، — دېدى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ تۇرۇپ.

— كىمكەن ئۇ؟ — سورىدىم ئالدىراپ.

— ئۇنىڭ كىملىكىنى دېگۈم يوق، ئەمما ئوتتۇز تۆت ياشلار ئەتراپىدىكى، ئېرى بار ئايال. ئىككى ئوغلى بار، ئۆزى خېلى مەلۇماتلىق ئانا. ئىككى قولتۇقىدىن دوستلىرى يۆلەپ تۇرمىسا، تۇرالمىغۇدەك ھالەتتە مەست بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ھەممە ئادەم ئۇلارغا لەنەت ئوقۇماي قالمىدى. مېنىڭچە، ئۇ ئاخشام مىڭ نەچچە يۈەنلىك يانفونىنى ئەمەس، باشقا بىر نېمىسىنى يوقىتىپ قويدى، — قوشنام شۇنداق ئەپسۇسلانغان ھالدا مەن بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. قوشنامنىڭ سۆزلىرىدىكى ئەپسۇسلۇق، كۆزلىرىدىكى نەپرەتنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا، دەماللىققا نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي، ھارغىنلىق بىلەن ئۆيگە تارتتىم.

سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ رىتىملىق چىكىلداشلىرىنى ئاڭلاپ

ياتقىلى نەۋاخ، تەڭ كېچە بولدى. كۆزۈمدە ئۇيقۇ يوق. قوشنامنىڭ «سىزنىڭچە ئۇ قىز نېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندۇ؟» دېگەن سوئالى مېنى ئۇخلاتمايۋاتاتتى.

— شۇنداق ئۇكام، ئۇ چوكان ئاخشام مىڭ نەچچە يۈەنلىك يانفونىنىلا ئەمەس، پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان قەدىر - قىممىتىنى، يىمىرىلمەس ئېتىقادىنى، ئاياللىق لاتاپىتىنى، ئانىلىق ھۆرمىتىنى، ھەممە، ھەممە نەرسىسىنى يوقىتىۋېتىپتۇ! — دەپ جاۋاب بەردىم كۆڭلۈمدە.

«ئاياللارنىڭ بۆشۈك تەۋرەتكەن قوللىرىدا دۇنيا تەۋرەيدۇ»، «ئاياللارنىڭ قەلبى كىرلەشسە، بىر مىللەت كىرلىشىدۇ» قايسى بىر كىتابتىن كۆرۈپ خاتىرەمگە يېزىۋالغان بۇ سۆزلەر مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ، يېزىق ئۈستىلىمگە كېلىپ، قولۇمغا قەلەم ئېلىشىمغا تۈرتكە بولدى.

— ئىچىم بەكلا سىقىلىپ تۇرىدۇ، يىراقلارغا كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ...

— مېنىڭ بۈگۈن راست مەست بولغۇم بار...

— راست دەپسەن ئاداش، ئادەم مەست بولسا ھەممە خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇيدىكەن...

يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلىشقا ئاياللارنىڭ بىر ئوبدان ئائىلىسى، بىر - ئىككىدىن ئوماق پەرزەنتى بار، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلسەڭ، تۇرمۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلمايدۇ، ياكى ئەرلىرىدىن رازى ئەمەس ياكى كۆڭلى تالادا.

— نېمە ئۈچۈن؟

مېنىڭچە ئۇلار ماددىي ئېھتىياج بىلەن مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، باشقىلارنىڭ تۇرمۇش شەكلى قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق چۈشەنچىسىنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالدى. ئەمما تاللىمايلا قوبۇل قىلغان بۇ «مەدەنىيەت»لەر ساپ مىللىي مۇھىتىمىزغا سىڭىپ كىرىپ،

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېتىقادىمىزنى، ئەنئەنىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرىمىزدىكى سەھەر تۇرۇپ هويلا ـ ئارامىلارنى تازىلاپ، ئېرىنىڭ تەرتىمىگە سۇ بېرىپ، بالىلىرىغا ناشتىلىق تەييارلاپ ئۈستى ـ باشلىرىغا پۈتۈن، پاكىزە كىيىم كىيىپ، جەيناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئائىلىسىگە بەرىكەت، ئېرىگە ئىنساپ، بالىلىرىغا ئامانلىق تىلەيدىغان ئىنساپلىق مەرىپەتلىك، ئېتىقادلىق، پەزىلەتلىك ئانىلىرىمىزنىڭ قىزلىرى ئىدى. ئەمدى نەۋرە ـ چەۋرىلىرى بولسا يېرىم يالىڭاچ كىيىملەر بىلەن ئىس ـ تۈتەكلەر ئىچىدە رومكىدىكى قىزىل سۈيۈقلۇقنى هوزۇر بىلەن سۈمۈرۈپ مەست ـ ئەلەس هالدا رەستىلەردە، كوچا ـ كويلاردا جاڭجاللىشىپ، ئېتىقادىمىزنى سۆسلاشتۇرۇپ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن هەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى ئۇ ئايالدىنلا ئەمەس، ئاۋۋال شۇ ئايال تۇغۇپ تەربىيىلەيدىغان شور پېشانە بالىنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالمايدۇ. بالىنىڭ تەقدىرى دېمەك بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ تەقدىرى بىز ئانىلارنىڭ قولىدا. شۇڭا ئاياللارنىڭ ساپاسى ئاياللارنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىكى ئەڭ مۇهىم زۆرۈرىيەت. ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى رولى ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭكىدىن زور بولىدۇ.

ئەمما، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ۋاقىت، زېهىن ئىسراپچىلىقىنىڭ ئەڭ تىپىك نامايەندىسى بولغان تۈگىمەس چاي، ئولتۇرۇشلاردا هاراق بوتۇلكىلىرىنى تىكلەپ قويۇپ ئىچىۋاتقان ئايالدىن ئېتىقاد ۋە غايە، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت كۈتۈش مۇمكىنمۇ؟ ئەۋلادلىرىمىز هاراق بوتۇلكىلىرى بىلەن يالىڭاچ بەدەنلەردىن قانچىلىك شەرمى ـ هايا ئۆگىنەر؟ مەن بۇ يەردە رەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر پاكىتنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىگە سالىمەنكى، قىزلىرىمىزنىڭ، ئاياللىرىمىزنىڭ هېيىقماستىن هاراق ئىچىپ،

ۋىجدانى، ئادىمىيلىكىنى نومۇس ۋە مۇھەببەتنى ئۇنتۇغان هالدا مەست يۈرۈشىدە، بەزى يارىماس يىگىتلىرىمىزنىڭ، ئەرلىرىمىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار.

— بىزنىڭ خوتۇن بۇگۇن چىلاشقۇدەك ئىچىپتۇ ـ دە؟!

— ئىچىۋېتىمگە، ئۇسسۇزلۇققو ئۇ! قاراڭ، گىرادۇسى بەكلا تۆۋەن...

— سىڭلىم، مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ بولسىمۇ مۇشۇ قەدەھنى...

— ھەي سىزنىڭ سورۇنچىلىقىڭىز پەقەت يوقكەن، بۇ مەكتەپ ئەمەس، جەمئىيەت. جەمئىيەتتە بىزدەك ئاكىلىرىڭىزنىڭ كۆڭلىنى دەپ بولسىمۇ، بىرنى كۆتۈرۈپ قويىسىز ـ دە!


ئاشۇنداق رەت قىلغىلى بولمايدىغان زورلاشلار بىزنىڭ ئەمدىلا جەمئىيەتكە چىققان ساددا قىزلىرىمىزنى هاراق سورۇنلىرىغا ئاكىسىدەك ھەتتا دادىسىدەك ئەرلىرىمىز باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، قىزلىرىمىزنى هاراققا كۆندۈرۈپ تاپتىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولۇۋاتقان «ئاكاش»لار ئاساسەن ئوقۇغان زىيالىي، ھوقۇقدار ئەپەندىلەر، پۇلى بار بايۋەچچىلەر. يۇ ۋىجدانىنى، ئادىمىيلىكىنى، نومۇس ۋە مۇھەببەتنى ئۇنتۇغان بىر تۈركۈم ئەركەك تۈكى يوق ئەرلەر پۇللىرىغا، ھوقۇقىغا، ئاغزىدىكى گېپىگە، سۆلىتىگە تايىنىپ، سىڭلىسىدەك، ھەتتا قىزىدەك پاكىز غۇبارسىز قىزلىرىمىزنى، كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ بىردەملىك خۇشاللىقى ئۈچۈن ئۆگىتىۋاتىدۇ. بىزگە ئاتا بولىدىغان، بىزگە باش پاناھ بولىدىغان، بىزگە يار ـ يۆلەك ئەر بولىدىغان ئەرلەر ئۆز قولى بىلەن ئۆز قوۋۇرغىسىدىن يارالغان ئايالالرنى قوغداپ، توغرا يولغا باشلىماستىن، ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىۋاتسا، قىزلىرىمىزدىن ئۆز قىممىتىنى ئەمەس، ئۆزى ئارقىلىق پۈتۈن ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ھەتتا پۈتۈن بىر مىللەتنى

بۇلغايدىغان ئايالىرىمىزمۇ چىقىشى مۇمكىن، ئەلبەتتە.

ئاياللارنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە ئەخلاقى بىر مىللەتنى يېڭىدىن يارىتالايدۇ. ئاياللارنىڭ بۇزۇلۇشى بىر مىللەتنى ھالاكەتلىك يوقىلىش گىردابىغا باشلاپ بارالايدۇ. مەرىپەتلىك ئانىلاردىن بۈيۈك زاتلار تۇغۇلىدۇ.

ھاياتىمىزنىڭ داۋامى بولغان ئەۋلادلىرىمىزنى جاپالىق ئەجىر بىلەن ئانا زېمىنىنىڭ خوجىلىرىغا ئايلاندۇرۇشتا، بىز ئايالــلار كىيىم ـ كېچەككە بولغان شەيدالىقىنىڭ ئورنىغا ئىلىمگە، كىتابقا شەيدا بولايلى، تۈگىمەس چايلارغا بولغان خۇمارنىــڭ ئورنىنى يۈرەك پارىلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن تەر تۆكۈش بىلەن تولدۇرايلى، غايىمىز ناخشىچى ئۇسسۇلچىلا ئەمەس، دوكتۇر، ئالىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزىمىزنى تەربىيىلەيلى، ئۆزىمىزنى پاكىزلايلى، ئېتىقادىمىزنى مۇستەھكەملەيلى.

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ئەرلەرگە، ئاكا ـ ئىنىلەرگە شۇنداق دېگۈم كېلىدۇ، سىلەر ئۆز ھوقۇقلىرىڭلارنى، غۇرۇرۇڭلارنى، ئابرويۇڭلارنى ساقلاش ئۈچۈن ئاۋۋال قىزلىرىڭلارنى، سىڭىللىرىڭلارنى، ئاياللىرىڭلارنى ئاسراڭلار، قوغداڭلار، ئۇلارنى پەرۋىش قىلىڭلار!



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAyMTAxMjQuemlw",
"filename_decoded": "40210124.zip",
"filesize": 36668916,
"md5": "92ab0b74d655855ffea1fe4b6658f94f",
"header_md5": "dc8642c47d9eb96afd8d9b579024cdde",
"sha1": "6b6ee7f37c97e12151558bd7221acd3ae7d425df",
"sha256": "720340df2d54e3ba6332de83a8a1558e359414130370cdfeeb8a18faa935d66d",
"crc32": 1245168715,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 37866318,
"pdg_dir_name": "\u256b\u03b5\u2551\u2264\u2569\u2592\u2510\u2560\u2561\u2500\u2555\u255b\u253c\u00ab\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40210124",
"pdg_main_pages_found": 398,
"pdg_main_pages_max": 398,
"total_pages": 408,
"total_pixels": 1607769736,
"pdf_generation_missing_pages": false
}